ياسىنجان سادىق چوغلان



# جاللات خېنىم

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جاللات خېنىم

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

رەسسام : ئابدۇشۈكۈر كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ



جاللات خېنىم

ISBN 7-228-08354-7

9 787228 083541 >

ISBN 7 - 228 - 08354 - 7
(民文) 上下集总价 : 52.00 元

ياسىنجان سادىق چوغلان

# جاللات خېنىم

(تارىخىي رومان)

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# سەككىزىنچى باب

# ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست

## 1

بۇ يىل كۆز تولىمۇ سېخىيلىق بىلەن كەلدى. يەكەن دەرياسى بىلەن قاراشەھەر دەرياسىغا كەلگەن ئوتتۇراھال كەلكۈننى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا دەريا - ئېقىنلاردا ئانچە تاشقىن بولمىدى. ياز پەسلىدىكى ئەلۋەك سۇ ۋە زىيادە يامغۇر - يېشىندىن خالىي ھاۋا، سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى زېمىنلارنىڭ دېھقانچىلىقىدىن مول ھوسۇل ئېلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇغداي - قوناق خامانلىرىدا، قوغۇن - تاۋۇزلۇقلاردا، باغ باراڭلاردا بىر يىللىق ئەمگەكنىڭ مېغىزىنى چاققان دېھقانلار: «بۇ يىل ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى ياغدى. سۇلتان ئىسمائىلخان زامانى ئاسايىشلىق، ياخشىلىق، توقچىلىق، مەمۇرچىلىق بىلەن باشلاندى» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ بۈيۈك تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىن ئىبارەت ئىككى بوستانلىقنى ئەلمىساقتىن تارتىپ ماكان تۇتۇپ ياشاپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچان، مەرد، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى يېقىنقى سەككىز - ئون يىل ئىچىدە بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەنىدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقتىكى خەلق قىش - ئەتىيازدا

قۇرغاقچىلىق ۋە بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ بىر تامچە سۇغا زار
بولسا، ياز ۋە كۈزدە دەھشەتلىك كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ ھاياتى
ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. تەڭرىتېغىنىڭ شىما-
لىدىكى بوستانلىقتا بولسا قىشتا قار ئاپىتى، ئەتىيازدا كەلكۈن،
ياز پەسلىدە چېكەتكە، كۈزدە مۆلدۈر ئاپىتى بولۇپ تۇراتتى.
سەئىدىيە سەلتەنىتىدە ئولتۇرغان خان ـ سۇلتانلار ھەر يىلى
خەزىنىدىن نۇرغۇن پۇل ـ خىراجەت ئاجرىتىپ، سۇ ئىنشائاتى
قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. كەلكۈن پەسلىــدىــن بــۇرۇن
دەريا ـ ئېقىنلارنى پۇختىلاپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى قايتىدىن
چېپىپ، توما ـ توسمىلارنى يېڭىلايتتى، ئامبار ـ كۆللەرنىڭ
دامبىلىرىنى پۇختىلايتتى. شۇڭلاشقىمۇ، سەئىدىيە سەلتەنىتىدە
كۆكۈشلىق مەرتىۋىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ ھېسابلىنات-
تى ۋە بۇ مەرتىۋىگە خان جەمەتىدىكىلەر ياكى خاننىڭ ئەڭ ئى-
شەنچلىك ئەمىرلىرى تەيىنلىنەتتى. ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى
كەشىپ قىلىنغان سۇ تۈگمىنى پۈتۈنلەي ئومۇملاشقان بولۇپ،
ئەڭ چەت، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىكى كەنت ـ قىشلاقلاردىمۇ
تۈگمەن تېپىلاتتى. مەخسۇس تۈگمەنچىلىكنى تىرىكچىلىك كەس-
پى قىلىپ، ئېقىن بويلىرىغا بىرەر يۈز تاش تۈگمەن چۆرۈپ،
كىشىلەرنىڭ ئۇننى تارتىپ بېرىپ بېيىپ كەتكەن بايلارمۇ خېلى-
لا بار ئىدى. كۈز پەسلىدە، دېھقانلار زىرائەتلىرىنى
خامانلىرىغا چەشلىگەن مەزگىللەردە تۈگمەنلەر باشقىچە ئاۋاتلى-
شىپ كېتەتتى. كۈز ۋە قىش پەسلىدە تۈگمەنلەرنىڭ ئاۋاتلاشقان-
لىقى ياكى چۆلدەرەپ قالغانلىقىغا قاراپ، دېھقانلارنىڭ شۇ يىل-
لىق ھوسۇلىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولاتتى.
ساخاۋەتلىك كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، ئىككى ـ ئۈچ يۈزگە
يېقىن سوپى ـ دەرۋىشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سۇلتان ئىسمائىل-
خاننىڭ ھۇزۇرىغا زىيارەتكە ماڭغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
تازغۇن، يوپۇرغا، تىرىم قاتارلىق چوڭراق يۇرتلاردا بىرەر ـ



ئىككى كۈندىن تۇرۇپ، بۇ يۇرتلاردىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى
بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇپ، ھەلقە ـ سۆھبەت، جەررە ـ
ساما سورۇنى تۈزۈپ، سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ بارغاچ يولغا
چىققانىدى. مانا بۈگۈن ئىشان پىرىنىڭ مۇبارەك پايە ـ قەدەملى-
رى يېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شېھىتدۆڭ خەلقى، تۈگمەنچى
ئابدۇكېرىم باينىڭ يەكەن دەرياسى بويىدىكى تاش تۈگمىنى جاي-
لاشقان تۆپىلىكتىكى سەيناغا داستىخان سېلىپ، يولغا تەلمۈرۈپ
تۇرۇشاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ[1]قېيناغىسى ئابدۇغوپۇر بەگ
ئىككى موزاي، يىگىرمە قوي سويۇپ، ئون قازاندا داش قاينىتى-
ۋاتاتتى. ئىشان پىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، بۇ سەيناغا يىغىل-
غان ئۈچ مىڭغا يېقىن شېھىتدۆڭلۈك سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلى-
رى غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇشقىنىچە داق يەردىلا ئولتۇرۇپ
«ھۆم ـ ھۆم» دېيىشكىنىچە زىكرى ئېيتىشىۋاتاتتى. سەيناننىڭ
تۆر تەرىپىگە سېلىنغان كىگىز ـ كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە موللاق
ئېتىپ ئويناۋاتقان كەپسىز باللارنى چوڭلار پات ـ پات ۋارقى-
راپ، ھەيۋە قىلىپ قوغلىۋېتەتتى. كەپسىز باللار پارتلا قىلىپ
قاچاتتى ـ دە، يەنە بىردەمدىلا كۆرپە ـ كىگىز ئۈستىدە موللاق
ئېتىشاتتى. ئابدۇغوپۇر بەگ، ئابدۇكېرىم باي، پالتا خەلپە،
مۇسا سوپى قاتارلىق بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى جىگدە،
سۆگەت، توغراق، سۇۋادان تېرەكلىرى ئارىسىدىكى يولغا پات ـ
پات بويۇنداپ قارىشاتتى. «كېلىدىغان قەرەلى بولدى، ھېلى
كېلىپ قالار» دېيىشىپ كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇشاتتى. يېكەن،
قومۇش ۋە ئاللىقانداق سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدىن شىلدىرلاپ
ئېقىپ، تۆۋەن تەرەپتىكى يىگىرمە تاش تۈگمەننىڭ چاقپەلىكىنى
گۈلدۈرلىتىپ ئايلاندۇرۇپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى

[1] ھىدايىتۇللا ئىشان 1650 ـ يىلى شېھىتدۆڭگە سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن كېلىپ، شېھىت-
دۆڭلۈك ئوبۇلھادىبەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى. ئوبۇلھادىبەگ بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى،
چارۋىلىرىنى، شېھىتدۆڭ زېمىنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئاتا مىراس زېمىنىنى
ھىدايىتۇللا ئىشانغا تەقدىم قىلىپ، ئىشقىيە سۇلۇكى ئۈچۈن ۋەخپە قىلىۋەتكەنىدى.

سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدە تـاغار ـ تاغارلاپ قوغۇن ـ تاۋۇز، سېـ
ۋەت ـ سېۋەتلەپ ئالما، ئامۇت، نەشپۈت، ئانار، شاپتۇللار
دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئاچىققان چىنە ـ قاچا،
لېگەن ـ تاۋاق، ھىجىر ـ ئاياقلارنى ئايالىلار ئۆستەڭ سۈيىدە
پاكىز يۇيۇپ تەقلەپ قويغـانىدى. قـول سۈيى ئېلىش ئۈچۈن
ھازىرلاپ قويۇلغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلارمۇ بىرەر يۈز يۇرۇشتىن
ئاشقانىدى. ئىشقىلىپ، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۈتۈۋېلىش
ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ سورۇن خېلىلا كاتتا ھەشەم بىلەن تۈزۈل-
گەنىدى. كۈن پېشىندىن قايرىلغان مەھەلدە يىراقتىن «ھۇئاللاھ
ھۇ ـ ھۇ!» دېگەن جەررە ساداسى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ
دەل ـ دەرەخلىك يولدىن ئاسمانغا قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈل-
دى. «ھۇ ـ ھۇ» سادالىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ شېھىتدۆڭ
ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەيتتى. چاڭ ـ توزانلار ئاسمانغا
خۇددى بۇلۇتتەك كۆتۈرۈلەتتى. شۇنداقلا قارىغان كىشىگە بۇ
كۆرۈنۈش شېھىتدۆڭ زېمىنىغا خۇددى بىر توپ بۆرە ـ قاۋان،
جىن ـ شاياتۇنلار باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.
— كەلدى، كەلدى، ھەزرىتى سەئىدىل ئەزەم خوجا ھىدايە-
تۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكىمىز يېتىپ كەلدى، ئەمىنا، — دېدى
ئابدۇغوپۇربەگ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.
يىراقتىن دەۋرەپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئالامانىڭ قارىسى
كۆرۈندى.
ئابدۇغوپۇربەگ، ئابدۇكېرىم باي، پالتا خەلپە، مۇسا سو-
پىلار ئالامان تەرەپكە قاراپ باشلىرىدىكى دوپپىلىرىنىڭ چۇشۇپ
قالغىنىغا قارىماي يۈگۈرۈشتى. غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ ئول-
تۇرۇشقان شېھىتدۆڭلۈكلەر دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ
ئۇلارغا ئەگەشتى. شېھىتدۆڭگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئالامانىڭ
ئالدىدا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئاق ئارغىماق ئۈستىدە مەغرۇر
ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان خەلپە، سوپى ـ



دەرۋىشلىرىنىڭ يىگىرمە نەچچىسى ئاتلىق، قالغانلىرىنىڭ يېرى-
مى ئېشەكلىك، يېرىمى پىيادە ئىدى. يول ئازابى ۋە ئاچلىق
ئۇلارنى خېلىلا چارچىتىۋەتكەن بولۇپ تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەت-
تى. ئۇلار ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان شېھىتدۆڭلۈكلەرنى
كۆرۈپ، ھارغىنلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، جېنىنىڭ بارىچە جەررە تارتىشقا
باشلىدى. شورلۇق يەردە گۈلۈپ ـ گۈلۈپ دەسسەپ بىردە ئوڭ
يانغا، بىردە سول يانغا چۆرگىلەپ، ھەرە تارتىشماق ئۇسسۇلىنى
ئويناپ ساما سېلىشتى. ئاياغلىرى ئاستىدىن ئاچچىق شور توپىلار
پۇر ـ پۇر توزۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى ۋە دىماغلارنى ئېچىشتۇرات-
تى. بۇ سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ئۈستىۋېشى، يۈز ـ كۆزى، چاچ-
ساقاللىرى، ھەتتا بويۇن ـ قۇلاقلىرىغىمۇ بىر ئىلىك توپا قونغا-
نىدى. ئاۋازى پۈتۈپ كاركىراپ قالغان ھاپىزلار جېنىنىڭ بارىچە
ھۆكمەت ئوقۇيتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا ماسلىشىپ جەررە تارتاتتى:

بەندە نەچچە ياش ياشىسا ئۆلمەكى بار،
گەۋھەر كۆزىگە بىر كۈن تۇپراق تولماقى بار،
بۇ دۇنيادا سەپەر قىلغان كەلمەكى بار،
ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان كەلمەس ئەرمىش①.
ھۆم ئاللا ھۆم ـ ھۆم!
ھۇۋى ئاللا، ھۆم!
......

ئابدۇغوپۇربەگ، ئابدۇكېرىم باي، پالتا خەلپە، موسا سو-
پىلار ھۆركىرەپ ـ يىغلاشقىنىچە ئاق ئارغىماق ئۈستىدىكى ھىدا-
يىتۇللا ئىشاننىڭ ئۈزەڭگە دەسسەپ تۇرغان ئۆتۈكىنى، تونىنىڭ
پەشلىرىنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ تۇرۇپ سۆيۈشتى. ئۇلار-

---

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

نىڭ ئارقىسىدىن دەۋرەپ كەلگەن كىشىلەر بىر - بىرىنى قىستى-
شىپ، ئىتتىرىشىپ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئايىغىنى، تونىنىڭ
پېشىنى سۆيۈشكە، كۆزلىرىگە سۈرتۈشكە ئىنتىلەتتى. قورشاۋدا
قالغان ئاق ئارغىماق بۇ قىستا - قىستاڭچىلىقتا ئىزىدا تۇرالماي
ئالدى - كەينىگە، ئوڭ - سولغا مۆدۈرەيتتى. كىشىلەر تۇپى
تەلۋىلەرچە چۇقان سالاتتى، ھىدايىتۇللا ئىشانغا بەس -
بەستە مەدھىيە - تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى.

— ھارمىغايلا، پىرۇلھەق!

— قۇتبىل ئەقتابىمىزنىڭ پايە - قەدەملىرىگە مۇبارەك!

— ماڭا يول بېرىڭلار، يارانلار، ئىشان پىرىمنىڭ ئۈزەڭگى-
سىنى كۆزۈمگە سۈرتۈۋالاي.

— سۇلتانۇل مۇھەققىقىنىنىڭ جامالىغا قېنىۋالاي.

— ئاھ، ۋەلىيۇللا خوجام...

— ئاھ، جانابىي پىرى بۇزرۇكۇم...

— ئى ئاللا، بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ ئاپتاپتەك جامالىنى كۆ-
رۈشكە نېسىپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن مىڭ قەتلە شۈكرى!

— ئاھ، ئىشان خوجام، مەنكىم پېقىر مىسكىنلىرىگە بىر
دۇئا قىلىپ قويسىلا.

ئاق ئارغىماق ئۈستىدە ھىدايىتۇللا ئىشان ئەتراپىنى ئورى-
ۋالغان مۇرىتلىرىغا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېھتىرام
بىلدۈرەتتى. كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئارىدەك سوزۇلغان قوللارغا قو-
لىنى چالا - بۇلا تەگكۈزەتتى. شۇ تاپتا ئاتلىق ئۇزاق يول
يۈرۈپ، تېقىملىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن ھەم قورسىقى ئېچىپ كور-
كىراپ كەتكەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاتتىن چۈشۈپ، يۇمشاق
كۆرپە ئۈستىدە تازا بىر ئېغىناپ يېتىۋالغۇسى بولسىمۇ، ئەمما
ئەتراپىدىكى شۇنچىۋالا مۇرىتلىرىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان زىيادە
ھۆرمەت، ئېتىقادىدىن ئۇيىلىپ، چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈر-
تۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ئۇ بىرەر ئامال قىلمىسا ئات-



تىن چۈشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئوڭ تەرىپىدە
ئىككى قەدەم يىراقلىقتا تۇرغان خەلىپىسى موللا ساقىغا قاراپ
كۆز ئىشارىسى قىلدى. خوجىسىنىڭ ھەربىر چىراي ئىپادىسىدىن
ئوي - خىيالىنى بىلىشكە ئادەتلەنگەن موللا ساقى ئىشاننىڭ
مەقسىتىنى دەرھال چۈشەندى - دە، ئۈزەڭگىگە دەسسەپ ئات
ئۈستىدە ئۆرە بولدى ۋە دەۋرەپ تۇرغان ئالامانغا ۋارقىراپ تۇرۇپ
سۆزلىدى:

— ئى شېھىتدۆڭلۈك يارانلار، سەبرى قىلغايسىزلەر، ئۇ-
زاق يول يۈرۈپ ئىشان پىرىمىزغا ھاردۇق يەتتى. قۇتبىل ئەقتا-
بىمىزنى ئارامگاھقا باشلىغايسىزلەر. ئارام ئالغاچ دىدارى مۇلا-
قەت بولغايمىز...

موللا ساقى خەلىپىنىڭ سۆزلىرى ئابدۇغوپۇر بەگ قاتارلىق
شېھىتدۆڭ مۆتىۋەرلىرىگە تەسىر قىلدى. ئۇلار ئىشان خوجىسى-
نى تېخىچىلا ئەتىگەندىن بېرى تەييارلىغان سورۇنغا باشلى-
مىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىشتى - دە، ئەتراپتىكىلەرنى ۋارقىراپ
جىمىقتۇردى.

— پوش - پوش، ئىشان بۇزرۇكۋارىمىزغا يول بېرىڭ-
لار، — ئابدۇغوپۇربەگ ئاق ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا
سېلىپ تۇرۇپ، ئادەملەر توپىدىن يول ئاچتى. ئابدۇكېرىم باي،
پالتا خەلىپە، مۇسا سوپىلار ئاق ئارغىماقنىڭ يايلىغا، ھىدايە-
تۇللا ئىشاننىڭ ئايىغىغا ئېسىلىپ ماڭدى.

تۆگمەن بويىدىكى سەيناغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھىدايە-
تۇللا ئىشانئى يۆلەشتۈرۈپ دېگۈدەك ئاتتىن چۈشۈردى - دە،
تۆر تەرەپتىكى قوشلاپ سېلىنغان كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى. ئى-
شاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن شېھىتدۆڭنىڭ مۆتىۋەرلىرى، سول تە-
رىپىدىن موللا ساقى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلىپىلىرى
ۋە سۇلۇك تەرغىباتچىلىرى ئورۇن ئالدى. باشقا سوپى - دەرۋىش-
لەر ۋە شېھىتدۆڭلۈك مۇرىتلارمۇ كىگىز يېتىشكەنلىرى كىگىز-

ده، كىگىز يېتىشمىگەنلىرى داق يەردىلا يۇمىلاق سورۇن تۈزۈپ
ئورۇن ئېلىشتى. ھەممەيلەن جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەممە
ئادەم ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈشتى. ئىشان ئاۋازىنى
ئۈنلۈك چىقىرىپ تۇرۇپ شېھىتدۆڭدىكى بارلىق مۇرتلىرىغا
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ
ئەكبەر» دەپ ئالىقىنىنى يۈزىگە سىيپىدى ۋە قايتىدىن ئېسەنلىك
سورىدى.

دۇئادىن كېيىن يۈزلىگەن ئاپتۇۋا - چىلاپچىلار ھەرىكەتكە
كېلىپ قول سۇيى ئېلىنىپ، داستىخان سېلىندى. يۈزلىگەن
ئادەملەر لېگەن - لېگەنلەردە قوغۇن - تاۋۇزلارنى، ئالما، ئا-
مۇت، شاپتۇل ... قاتارلىق يەل - يېمىشلارنى داستىخانغا توشۇش-
تى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەربىر لېگەنگە توققۇزدىن تىزىلغان نانلار
داستىخانغا قويۇلدى - دە، چاشگاھ ۋاقتىدىن بېرى قايناپ، راسا
پىشىپ تىترەپ تۇرغان ئىككى موزاينىڭ گۆشى تارتىلدى. پۈتۈن
پىشۇرۇلغان يىگىرمە قوينىڭ ئۈچى يوغان كاساڭلارغا سېلىنىپ،
ھىدايىتۇللا ئىشاندىن باشلاپ مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ، داستى-
خانغا كەلتۈرۈلدى. شېھىتدۆڭلۈكلەر پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي-
نىڭ گۆشىنى «ئۈچ تارتتۇق» دېيىشەتتى. ئەڭ ھۆرمەتلىك
مېھمانلاردىن بىرى قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاپ، نانىنىڭ ئۈستىگە
ئېلىپ تەقسىملەپ بېرەتتى. پارچىلانغان گۆشنىڭ چوڭ - كى-
چىكلىكى داستىخاندا ئولتۇرغان مېھماننىڭ نوپۇز - ئابرۇيىغا
قاراپ بەلگىلىنەتتى، ئەڭ ئاخىرىدىكىلەرگىمۇ قۇيرۇق مايدىن
بىرەر توغرام تەقسىم بولاتتى.

داستىخاندا بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت جىمجىت-
لىق ھۆكۈم سۈردى. پەقەت ئادەملەرنىڭ گۆش يەۋاتقان ۋاقتىد-
كى «شالاپ - شۇلۇپ»، «مالاچ - مالاچ» لىرىلا ئاڭلىناتتى.
مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان بىرەر يۈزگە يېقىن شېھىتدۆڭ-



لۈك مۇرىتلار داستىخاندىكى شاپاق - شۆپۈك، سۆڭەكلەرنى
ئېلىۋېتىپ، يېڭىدىن پىچىلغان قوغۇن - تاۋۇزلارنى، پاكىز
يۇيۇلغان ئالما، ئامۇت، شاپتۇللارنى تولۇقلاپ تۇراتتى. ئارىدىن
ئۇزاق ئۆتمەي ئىشاننىڭ ئالدىغا دورا - دەرمەكلەر سېلىپ،
سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلغان زىخ كاۋىپى كەلتۈرۈلدى. ئىشان تەكەل-
لۇپسىزلا كاۋاپتىن يەتتە - سەككىز زىخنى سىيرىۋەتتى - دە،
كار - كار قىلىپ كېكىردى. مايلاشقان قوللىرىنى ئابدۇغوپۇر-
بەگ ئۇزاتقان يىپەك رومالغا ئالدىرىماي سۈرتتى. دېمەك، ئىشان
تويغانىدى. باشقا سوپى - دەرۋىشلەر تىرناقلىرى ۋە بەكىلىرىنىڭ
ئۈچى بىلەن چىشلىرىنى كولىغاچ «بىزگىمۇ بىرەر - ئىككى
زىختىن كاۋاپ ئىلتىپات قىلسا ئىكەن» دېگەن تەمەدە كۆزلىرىنى
ئوچاق بېشىغا تىكىشەتتى. كاۋاپتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىرى قول-
لىرىدىكى ماي يۇقۇندىلىرىنى ئاۋۋال ساقال - بۇرۇتلىرىغا،
ئاندىن يۈزلىرىگە ۋە توڭرا بېسىپ قارىداپ كەتكەن بەلۋاغلىرىغا
سۈرتۈشەتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆزىگە بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن تىكىلىپ
تۇرغان شېھىتدۆڭلۈك مۇرىتلىرىغا، تولا سۆزلەپ يادقا بولۇپ
كەتكەن نۇتقىنى باشلىدى:

— شېھىتدۆڭ — ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ نەزىرى چۈشكەن مۇ-
قەددەس يۇرتتۇر. شۇڭا، بۇ يەردە ئەۋلىيا - ماشايىخلار غايىبتىن
پات - پات پەيدا بولۇپ، ئەھلى سۇلۇكتىكى مۇرىت - يارانلارنىڭ
ئىش - ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇبارەك نەزەرلىرىنى
تاشلاپ دۇئالاردا بولۇپ تۇرىدۇ. ئاستانە ھىجرىتىگە نىيەت قى-
لىشتىن ئاز كەم بىر ھەپتە ئىلگىرى ھەزرەتتىكى پەدەرۇ بۇزرۇك
مازار پادىشاھىمىنىڭ مەقبەرىسىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ شۇنداقلا
بىر كەشپۇ كارامەت قىلىۋىدىم، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزۈم-

نى ئالەمي مەلەكۇتتا① كۆردۇم. ئېرىقلىرىدا ئابىزەمزەملەر ئېقىپ
تۇرغان باغۇ ئېرەمنى شۇنداق ئايلىنىپ كېتىپ بارسام، بابائى
بۇزرۇك مەخدۇم ئەزەم سەججادە نىشىن ۋەلىيۇللا ھەزرەتلىرى
پەرىشتە - مالائىكىلەر بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ ئولتۇرغانىكەن،
بېرىپ ئۇلارغا سالام بەردىم. بىر پەس مۇلاقەتتە بولغاندىن كې-
يىن تۇيۇقسىز بابائى بۇزرۇك ھەزرەتلىرى سوراپ قالدى:
«ئى پەرزەنت، شېھىتدۆڭدىكى ئەھلى سۇلۇك يارانلار بىلەن
كۆرۈشتىڭىزمۇ؟»
«ياق» دەپ جاۋاب بەردىم مەن.
جاۋابىمنى ئاڭلاپ بابائى بۇزرۇك ۋەلىيۇللانىڭ مۇبارەك جا-
مالىنى نارازىلىق بۇلۇتلىرى قاپلىدى.
«بىلىڭكى، ئى پەرزەنت، شېھىتدۆڭدە ئاللانىڭ ئىنايىتىگە
مۇيەسسەر بولغان بىسيار يارانلىرىڭىز باردۇر. ئول يارانلىرىڭىز
كېچەيۇ كۈندۈز سىز قۇتبىل ئەقتاب بۇزرۇكۋارنىڭ جامالىغا
تەشنا بولۇپ، يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇلار پانىي دۇنيا-
نىڭ پۇچەك پۇلىغا ئەرزىمەيدىغان مەئىشەتلىرىدىن كېچىپ، سائا-
دەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيە يولىنى يۈرەكلىرىگە جا قىلىپ، سىز-
نىڭ پېشىڭىزنى تۇتقاندۇر. بېرىڭ، ئۇلار بىلەن دىدار - مۇلاقەت-
تە بولۇپ، تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلىڭ.»
بابائى بۇزرۇكنىڭ بېشارىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال
تەييارلىق قىلدىم - دە، شېھىتدۆڭگە قاراپ يول ئالدىم.
ئىنشائاللا مانا ھازىر سىز مۇرىتلىرىم بىلەن دىدارلىشىپ ئول-
تۇرۇپتىمەن.
ھىدايىتۇللا ئىشان نۇتقىغا بارلىق سەزگۈلىرىنى ئىشقا سې-
لىپ، ئاڭلاپ ئولتۇرغان مۇرىتلىرىغا قاراپ داۋام قىلدى:
— ئىنسانغا بارلىق بالايىئاپەتلەر نەپسىدىن كېلۇر.

① ئالەمي مەلەكۇت — پەرىشتىلەر ئالىمى.



مال - دۇنيا يىغماقلىق، ئىش - ئوقەت قىلماقلىق، بۇ دۇنيانىڭ
رەڭۋاز مەئىشەتلىرىگە بېرىلىش، راھەت - پاراغەت قوغلىشىش،
سۆلەتلىك ئېگىن كىيىش، ياسىنىش - تارىنىش…نىڭ ھەممىسى
ئىنساننى نەپسى بالاسىغا باشلاپ بارۇر. ئىنسان نەپسىنى ئۆز
ئەركىگە قويۇۋەتسە گۇمراھلىققا قالۇر. ئۆشىنىسىگە ھېسابسىز
گۇناھىكەبىرلەرنى ئارتىۋالۇر. نەپسى شەيتان ئىنساننى ئىككى
تۆشۈك ئارقىلىق ئازدۇرۇر. ئول ئىككى تۆشۈك ئىنسان بەدىنى-
نىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى تۆشۈك بىلەن ئاستىنقى تەرىپىدىكى
تۆشۈكتىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىقى تەرەپتىكى تەمەگەر تۆشۈك بو-
لۇپ، ئىگىسىنى يېيىش، ئىچىش، تېتىشقا ھەرقاچان ۋەسۋەسىگە
سالۇر. بۈگۈن بۇنى يېدىم، ئەتە ئۇنى يېسەم، ئۆگۈنى بۇنى
يېسەم دېگەن ناشۈكۈر خىياللارغا ئەسىر قىلۇر. پىرى بۇزرۇك-
نى، سۇلۇك ئىرادەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇر. ئاستىنقى تەرەپتىكى
**بالاگەر تۆشۈك بولۇپ، ئىگىسىنى ئايال زاتىغا ساقال تاشلاشقا،**
**جوتۇن ئېلىشقا، جىما لەززەتلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشقا قىزىقتۇ-**
**رۇپ، مۇسىقى - مۇغەننى، ئويۇن - تاماشا، بەزمە - مەشرەپ-**
**لەرگە ئەسىر قىلۇر.** مانا بۇ سۇرەتەن① جۇلالىق، باتىنەن②تولى-
مۇ پۇچەك مەئىشەتلەرگە بالاگەر تۆشۈكنىڭ كەينىگە كىرىپ،
بىقارار بولغان ئىنسانلارنىڭ ئىمانى سۇسلىشار، سۇلۇكى تەرىقەت-
تىن چەتلەشۇر. شۇڭا، بالاگەر تۆشۈك تەلەپ قىلغان جىما
لەززەتلىرىگە چەك قويماقلىقى، پەقەت ئىت يېمى بىلەن ئوزۇقلان-
دۇرۇشقا مۇناسىپ تەننى ھۇزۇرلاندۇرماسلىقى، لەززەتلەندۇر-
مەسلىكى، بەلكى جازالىمىقى، ئازابلىمىقى ۋاجىپتۇر. ئەگەر
كىمەرسىكى ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ تەمەگەر تۆشۈك بىلەن بالاگەر
تۆشۈك تەلەپ قىلغان لەززەتلەردىن كېچىپ، پانىي ئالەمنىڭ
مەئىشەتلىرىگە كۆز قىرىنى سالماي، ئىت ئۇۋۇلىرى مىسالى

① سۇرەتەن — شەكلى.
② باتىنەن — ماھىيىتى.

غارلارنى، كونا تاملىقلارنى، مازارلارنى، تاشلاندۇق گۆرلەرنى، گۆلەخلەرنى ۋەتەن تۇتۇپ، سائادەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيە يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلسا، ھەلقە - سۆھبەت، جەررە - سامالارغا مەشغۇل بولسا، ھەققە يېتىپ سەككىز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغاي. بۇ ۋاپاسىز ئالەمدە تەمەگەر تۆشۈكنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن باقىي ئالەمدە بىر لوقمىسى بۇ ئالەمنىڭ مىڭ لوقمىسىغا باراۋەر كېلىدىغان مەئىشەتلىك غىزالارغا ئېغىز تەگكەي ۋە بىر بېلىدە بىر بۇقىنىڭ، بىر پۇتىدا ئىككى تۆگىنىڭ كۈچىگە باراۋەر كۈچ - قۇۋۋەت زاھىر بولغاي. پانىي ئالەمدە بالاگەر تۆشۈكنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن باقىي ئالەمدە سەككىز جەننەتتىكى ھەر تاڭلا سەھەردە بىر قېتىم قىزلىقىغا يېنىپ تۇرىدىغان ھۆر - پەرىلەر بىلەن جىما لەززەتلىرىدىن ھۇزۇرلانغاي، خۇلاسە كالام، ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى نەپسىدىن كېچىپ، ھەققە يېتىپ، ئەبەدىيلىككە ئېرىشىشنى ئىستىمەكتۇر. بۇل مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەننى جازالىماق، جاھاننىڭ بارلىق ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن تەننى مەھرۇم قىلماق لازىمدۇر…

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۆزىدىن ئۆزىگە سوزۇلغان مەسىلە - مەرۇپى، سۇلۇك تەرغىباتى نامازدىگەر ۋاقتىغىچە داۋاملاشتى. شېھىتدۆڭلۈكلەر بۇ تەرغىباتنى ئاڭلاپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، جاھان مەئىشەتلىرىگە بېرىلگەن گۇناھكەبىرلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ، جەننەت يۈزى كۆرەلمەسلىكىدىن ۋەھىمە يەپ، پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئېقىپ كېتىشكەندى.

ھەممەيلەن ئۆستەڭ سۈيىدە تەرەت ئېلىشقاندىن كېيىن، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىمامەتچىلىكىدە مۇشۇ سەينادىلا دىگەر نامىزىنى ئوقۇشتى. نامازدىن كېيىن موللا ساقى خەلىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەلقە - سۆھبەت سورۇنى تۈزۈپ، جەررە - ساماغا چۈشۈپ كەتتى.

ھاپىزلارنىڭ جاراڭلىق، ئەمما تولىمۇ مۇڭلۇق ھۆكمەتلىرى



ئەتراپقا تەكشى تارقىلاتتى. سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ «ھۆم - ھۆم، ھۇ - ھۇ» لىرى شېھىتدۆڭ ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەيتتى. تامامىي دىگۈدەك سورۇنغا چۈشۈپ، ساما سېلىشىپ، ھەرە تارتىشماق ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان مۇرىتلار، سوپى-دەرۋىشلەرنىڭ ئەڭ قوپال ھەم ئەڭ نازۇك بەدەن ھەرىكەتلىرىنى سۈپسۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدە ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرى بىلەن تولۇق يورۇتۇپ تۇراتتى.

نەپسى يولىغا كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئېزىپ، تېيىپ، توزۇپ گۇمراھ بولۇر،
ياتسا - قوپسا شەيتان بىلەن ھەمراھ بولۇر،
نەپسىڭ يىغقىل، نەپسىڭ يىغقىل ئەي بەدكىردار[①].
ھۆم ئاللاھ ھۆم - ھۆم!
ھۇۋى ئاللا ھۆم!
يامەنھۇ يائاللا،
ھەق دوست، يائاللا!
……

تولۇن ئاي پارقىرايتتى. ھۆكمەتلەر مۇڭلۇق جاراڭلايتتى. جەررە - سامالار پەلەكنى قۇچاتتى. مىڭلىغان سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ يەرگە گۈلۈپ - گۈلۈپ دەسسەشلىرىدىن توزۇغان ئاچچىق توپا - چاڭلار قويۇق تۇتەك پەيدا قىلغانىدى. بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن جەررە - ساماغا چۈشۈپ كەتكەن بۇ كىشىلەر شۇ تاپتا ئۆزىنىمۇ، ھەتتا ئىشان پىرى بۇزرۇكىنىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى.

شۇ تاپتا ھىدايىتۇللا ئىشان قېيىناغىسى ئابدۇغوپۇربەگنىڭ

---

① بەدكىردار — يامانلىق قىلغۇچى.
بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

كاتتا قورۇسىدىكى ھەشەمەتلىك مېھمانسارىيىدا، قوشلاپ سېلىنغان تەتىللا كۆرپىنىڭ ئۈستىدە پەي ياستۇقتا يۆلەنگىنىچە ئابدۇغوپۇربەگ، ئابدۇكېرىم باي، پالتا خەلپە، مۇسا سوپى… قاتارلىق يېقىنلىرى بىلەن نەشە چېكىشىۋاتاتتى.

داستىخان ياغلىق توقاچ، دۈملەپ پىشۇرۇلغان قوزا گۆشى، ئوغلاق، باچكا كاۋىپى، ئۆپكە - ھېسىپ، قوغۇن - تاۋۇز ۋە ھەر خىل ھۆل - قۇرۇق يەل - يېمىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بولدى دېگۈچە يەپ تويغان مېھمانلارنىڭ داستىخانغا قاراشقا ھەپىسىلىسى يوق ئىدى.

چىلىم ئىككى ئايلىنىپ بولغاندا ئابدۇغوپۇربەگ سەل تارتىنىپراق ھىدايىتۇللا ئىشاندىن سورىدى:

— ئۇزۇندىن بېرى ئىچىشكە كۆزۈم قىيماي ساقلاپ قويغان بىرنەچچە كوزا شاراب بار ئىدى. بىلمىدىم پىر بۇزرۇكۇمنىڭ تاۋى بارمىكىن؟

شارابنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ گېلى قىمىلدىدى.

— ئىلتىپاتنىڭ چوڭ - كىچىكى يوقتۇر. ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش مېھمان ئۈچۈن ئەدەپسىزلىك بولۇر، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان.

ئابدۇغوپۇربەگ مالايلىرىغا بۇيرۇپ داستىخانغا ئۈچ كوزا شاراب كەلتۈردى.

— شارابقا ئازراقتىن ئەپيۇن سېلىۋەتكەنىدىم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېچىپ تازا كۈچلىنىپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئابدۇغوپۇر بەگ كوزىدىكى شارابنى ئاپپاق پىيالىگە تۆكۈپ ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

ئىشان شاراب پىيالىسىنى قولىغا ئالدى - دە، تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا لېۋىگە تەگكۈزۈپ سۈمۈرۈپ - سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى.



— راستىنلا ئېسىل شاراب ئىكەن، — دېدى ئىشان بوشىغان پىيالىنى قېيناغىسىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — ئادەم مەست بولغان چاغدا روھىي ئىلاھتىن بىخەۋەر بولىدۇ. ھەر كېچە بىدار بولۇپ، ئاللانىڭ جامالىنى سېغىنىدۇ. ۋۇجۇدى ئىشقىنىڭ ھىجرانىدا ئۆرتىنىدۇ ۋە ھەر لەھزىدە ھەققە يەتمەكنى خىيال قىلىدۇ، كەيپ قىلماق بىزلەردەك ئاللانىڭ ئىشقىدا، ھىجران باياۋانىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، بارخانلاردا ئۇسساپ يۈرەك - باغرى چاك - چاك بولغان ئارىفلارغا دۇرۇستۇر. شۇڭا، ئاللانىڭ ئىشقىدا نەشە چېكىپ ئىبادەت قىلسا، تىلىكى ئاسان ئىجابەت بولىدۇ. مەست - مۇستەغرەق بولۇپ يۈرگەندە ئاندىن ھۆسنى مۇتلەققە① يېقىنلىشالايدۇ.

— بۇ نۆۋەت ئاستانىدە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالۇرلىمۇ، پىرىم؟ — سورىدى پالتا خەلپە بولدۇقلاپ شاراب تۆكۈلۈۋاتقان پىيالىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ.

**— دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ نىيەت - ئىقبالىغا قارايمەن.**

— ئاڭلىشىمچە، مەخدۇمزادە دېگەن مۇرتەت دوزىخى ئۆلگەندىن كېيىن سۇلتان ئىسمائىلخان ئۇل توڭگۇزنىڭ كۈچۈكلىرى بولمىش ئىككى مەخدۇمزادىنى پىر تۇتقانىمىش ھەم قاتىلىنى تېپىپ جازالاشقا ۋەدە بەرگەنىمىش، — دېدى ئابدۇكېرىم باي لىق شاراب تولدۇرۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ،

— بۇ ئىشلاردىن ئاللىقاچان خەۋەردارمىز، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان خاتىرجەملىك بىلەن، — ھەر ھالدا ئۆز قولىمىز بىلەن بولمىسىمۇ باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق پەدەرۇ بۇزرۇك مازار پادىشاھىمىزنىڭ قان - قىساسىنى ئالغان بولدۇق. دەھرىي ئىسمائىلخاننىڭ قاتىلنى تېپىپ بېرىش ۋەدىسى ئىككى مەخدۇم-

① ھۆسنى مۇتلەق — ئاللاھ.

زادىنى گوللاپ بەرگەن تەسەللىسىدۇر. قاتىلنى ئىلمىي غەيبتە[1] مەقامىغا يەتكەن ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ تاپالمايدۇ. ئىككى مەخدۇمزادە بولسا تولىمۇ گۆدەكتۇر. ئۇلار پىرى بۇزرۇكلۇكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. خان ئول مەخدۇمزادىلەرگە قول بەرگىنى بىلەن سۇلۇكى ئىسھاقىيەگە ئىرادەت قىلمىقى ناتايىن.

— قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكۇم بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە ئۇممەتلىرىنىڭ سۇلتانۇل مۇھەققىقىندۇر، — دەپ مەدھىيە سۆزلىرىنى باشلىۋەتتى موسا سوپى، — ئىشان پىر دەستىگاھىمىزنىڭ مۇبارەك پايە - قەدەملىرى يەتكەن جايدىن تاڭلا مەھشەرگىچە بەرىكەت كەتمىگەي. تۇتۇپ قويغان ياغىچى چىنار بولۇپ كۆكلىگەي. غەزەپ قىلغاندا يەر - زېمىن تىترەپ، دۇئايىبەت قىلىۋەتكەنلەر گاس - گاچا، ئەما - مەجرۇھ بولۇپ قالغاي. قارغىشىغا يولۇققانلار جەھەننەمگە سەپەر قىلغاي. پىرىم شۇنداقلا بىر كەشپۇ كارامەت قىلىدىغان بولسا، ئول دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ مۇلھىد سۇلۇكى ئىسھاقىيە ئەقىدىسىدىن قايتىپ، سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىمىزگە ئىرادەت قىلمىقى، ئىشان پىرىمغا قول بېرىپ ئاياغلىرىغا يىقىلمىقى ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

مۇسا سوپىنىڭ ماختاشلىرىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھىدايىتۇللا ئىشان ھاياجان ئىلكىدە كېرىلدى.

— ئەينى مۇددىئا، — پالتا خەلىپە، مۇسا سوپىنىڭ ئىشان پىرىنىڭ نەزىرىگە بەكرەك ئىلىنىپ قېلىشىدىن قىزغىنىپ دەرھال گۇپپاڭچىلىق قىلىشقا باشلىدى، — قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكىمىز ئاستانىگە قەدەم باسسىلا، سۇلتان ئىسمائىلخان ئائىلىلىرىنىڭ ئەھلى تەرىقەتنىڭ نۇرلۇق يولىنى كۆرسەتكۈچى سا-

① ئىلمىي غەيب — غايىبلىق ئىلمى.



ئادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىمىزگە ئىرادەت قىلمىقى خۇددى مۇنۇ ئاياقتىكى ئاشتەكلا بىزگە ئاللىقاچان ئايان. خان ئائىلىلىرى پىرىمغا قول بەردىمۇ بولدى، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتىنى ئېلىپ بارمىقىمىز توسقۇنسىز ھەم بىمالالدۇر. ئول چاغدا سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى خەر قىلىپ مىنگەيمىز. لالما سەگلەرنى قوغلىغاندەك سۈر - توقاي قىلغايمىز.

ئارقىمۇ ئارقا ئىچىلگەن ئەپيۇن سېلىنغان كۈچلۈك شاراب ئىشاننى ئوبدانلا مەست قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇرىتلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يېقىندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن، مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان مەقسىتىنى يوشۇرماي دەۋەتتى.

— خان - سۇلتانلارغا پىرى بۇزرۇك بولۇش ئارقىلىق سۇلۇك تەۋرىتىش نىيىتىمىزدىن ياندۇق. ئاللا تائالا ئول دەھرىيلەرگە سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خان - سۇلتان بولۇشنى پېشانىسىگە پۈتمىگەن. ئەمدى بىزلەرنىڭمۇ بىر نۆۋىتىمىز باردۇر. سەئىدىيە تەختىگە بىزلەرنىڭمۇ بېزەك بولغۇچىلىكىمىز باردۇر.

— ئىنشائاللا، ئېيتقانلىرى كەلگەي، پىرىم، — دېدى ئابدۇغوپۇربەگ ھاياجانلىنىپ.

— ئەلھەق، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەيلا، قۇتبىل ئەقتابىم، — دېدى ئابدۇكېرىم باي.

— جانابلىرى يالغۇزلا ئەھلى سۇلۇكتىكى يارانلارنىڭ سۇلتانۇل مۇھەققىقىنى بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى بارلىق رەئىيەتنىڭ خان - سۇلتانى بولۇشقا مۇناسىپ، — دېدى مۇسا سوپى ياغلىما تىلىنى ئىشقا سېلىپ.

— ئەگەر پىرى بۇزرۇكىمىز مۇشۇ مەقسەتتە قولىغا ئادالەت شەمشىرىنى ئالىدىغان بولسا، بىزلەركىم خەلىپە مەسئۇللىرى بۇ يولدا جېنىمىزنى تەسەددۇق قىلغايمىز، — دېدى پالتا خەلىپە.

بۈيۈك سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بىر شۇم نىيەت قەدىمىي يۇرت شېھىتدۆڭدە ئاشكارىلانغانىدى.

سىرتتا ھەلقە ـ سۆھبەت، جەررە ـ ساما بارغانسېرى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۆي ئىچىدە بولسا كەلگۈسى شۇم پىلان ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلار ئەۋجىگە چىققانىدى. ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق پاراڭلار بىلەن ئۈچ كوزا شارابنى پاك ـ پاكىز ئىچىپ بولدى. مەست ـ مۇستەغرەق بولغان بۇ ئىشان ـ سوپىلارنىڭ پاسىق ۋۇجۇدى ئاللاغا يېتىش ئارمانلىرى بىلەن ئەمەس، سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش ئارزۇلىرى بىلەن ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

— ھە، قانداق بولدى؟

بوسۇغىدىن تارتىنىپ ئاتلاپ، تاپسىدىلا قول باغلاپ تۇرغان قېرى خىزمەتكاردىن سورىدى ئابدۇغوپۇربەگ.

— ھويلىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قېرى خىزمەتكار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

خىزمەتكارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئابدۇغوپۇربەگ ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ، قول باغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بارات سوپى ئىسىملىك بىر مۇرىتلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئىشان پىرىمنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. بۈگۈن ـ ئىشان پىرىمنىڭ ئۇلۇغلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن شېھىتدۆڭ زېمىنىدا خۇدايى قوناق بولۇش نىيىتىنى بىلىپ، بۇ يىل ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ئاجىزەسىنى قىزلىق ئىپپىتى بىلەن خىزمەتلىرىگە تاپشۇرۇپ دۇئا قىلدۇرۇش نىيىتىنى پېقىرگە بىلدۈرگەنىدى. ئەگەر پىرىم مەقبۇل كۆرسە نىكاھلاپ قويساق.

— مۇرىتلىرىنىڭ تەلەپ ـ ھاجەتلىرىنى رەت قىلىش، خۇدايى نېسىۋىنى قوبۇل قىلماسلىق بىزلەرگىمۇ ئىشان پىرى بۇزرۇكلارغا جايىز ئەمەستۇر، قېنى مەرھەمەت قىلغاي، — دېدى شاراب تەسىرىدە ھايۋانىي شەھۋىتى قۇتراپ تۇرغان ھىدايىتۇللا



ئىشان كۈتمىگەن بۇ ئامەتتىن خۇشال بولۇپ.

بارات سوپى ئىسىملىك ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، تولا ئەمگەك قىلغانلىقتىن مۈكچىيىپ قالغان دېھقان ئۆيگە كىرىپلا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— پېقىر مۇرىتلىرىنىڭ ئەرزىمەس كۆڭلىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت، — دەيتتى ئۇ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلىرىنى تۆكۈپ.

ئىشان ئالقىنىنى جۈپلەپ بارات سوپىغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. دۇئاسىدا ئىككى ئالەملىك تاغدەك ساۋابلارنى، سەككىز جەننەتنى، ئەرشى مۇئەللەقنى، ھەۋزىكەۋسەرنى ۋەدە قىلدى.

دۇئادىن كېيىن پالتا خەلىپە ئىشان بىلەن بارات سوپىنىڭ قىزىنىڭ نىكاھ ـ پاتىھەسىنى ئوقۇدى. ئابدۇغوپۇربەگ، ئابدۇكېرىم باي، موسا سوپى ۋە بارات سوپىلار گۇۋاھ بولدى.

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەلدە بىر قېتىملىق دۇئانىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن، ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن نارەسىدە قىز قىزلىق ئىپپىتىنىڭ بۇزۇلۇش ئازابىغا چىدىماي بار ئاۋازى بىلەن چىرقىرىۋەتتى. بۇ ئېچىنىشلىق چىرقىراش ھۇجرىدىن ئابدۇغوپۇر بەگنىڭ كاتتا قورۇسىغا، قورۇدىن پۈتكۈل شېھىتدۆڭ ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، تېخىچىلا تۈگمەن ئالدىدىكى سەينادا ھەلقە ـ سۆھبەت قىزىتىۋاتقان سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ جەررە ـ ساما سادالىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالدى.

## 2

خان يارلىقىغا بىنائەن تۇتۇلغان قىرىق كۈنلۈك مەخدۇمزادە مۇسىبىتىنى تاماملىغان ئاستانە رەستىلىرى يەنە قايتىدىن ئاۋات-

لىشىپ قىزىپ كەتكەنىدى.

جۇمە ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ نەچچە يۈزلىگەن سوپى - دەرۋىشلە-
رىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاستانىگە يېتىپ كەلگەن خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشان ئالتۇن دەرۋازىسى ئىارقىلىق ئىاستانىگە ھەيۋەتلىك جەر-
رە - سامالىرى بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل ئالتۇن
مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشان پىرىمنىڭ كېلىدى-
غانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئاستانىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە
مۇرىتلىرى ئالتۇن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ساقلاپ تۇرۇش-
قانىدى. ئۇلار ئىشان پىرىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئالدىغا يۈگۈ-
رۈشتى، ئۈزەڭگىسىنى، ئاياغلىرىنى، تونىنىڭ پەشلىرىنى سۆ-
يۈشتى، كۆزلىرىگە سۈرتۈشتى. ئىشان پىرىنىڭ جامالىنى قايتا
كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىق خۇشاللىقىدا كۆزلىرىنى ياشلاش-
تى. ھاپىزلار ھۆكمەتلىرىنى ئوقۇشۇپ، سوپى - دەرۋىشلەر
جەررە - ساماغا چۈشۈپ كەتتى. ئالتۇن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى
بۇ سەينا ھىدايىتۇللا ئىشان ئاستانىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەندىن
بۇيان تۇنجى قېتىم جەررە - ساما سادالىرى بىلەن يەنە قايتىدىن
قىزىپ كەتكەنىدى.

بۈگۈنكى جۇمە نامىزىغا ئۇلگۇرۇپ ئاستانىگە كىرىشنى ۋە
ئالتۇن مەسچىت ئالدىدىكى بۇ كاتتا سەينادا جەررە - ساما سورۇ-
نىنى قىزىتىشنى ھىدايىتۇللا ئىشان ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ پىلان-
لىغانىدى. چۈنكى، ئاستانىدىكى ئەڭ چوڭ قەبرىستانلىق چىل-
تەنلىرىم ۋە ئۇنىڭغا يانداش بىنا قىلىنغان خان جەمەتىنىڭ قەب-
رىستانلىقى ئالتۇنلۇقۇمنىڭ قېشىدىكى چوڭ جامەلەرنىڭ بىرى
ئالتۇن مەسچىتتە ھەر جۇمە كۈنى سۇلتان ئىسمائىلخاندىن تار-
تىپ بارلىق ئۇلۇغ - ئۇششاق ئوردا ئەركانلىرى، كاتتا باي -
زەردارلار ۋە ئاددىي شەھەر پۇقرالىرىغىچە جۇمە نامىزى ئوقۇيت-
تى. نامازدىن يېنىپ ئالتۇنلۇقۇم ۋە چىلتەنلىرىمدىكى خان -
سۇلتانلاردىن تارتىپ ئاددىي ئاۋامنىڭ تۇپراق بېشىدا دۇئا -



تىلاۋەت قىلىشاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان مانا مۇشۇ ئەپلىك پۇر-
سەتنى تاللاپ ئاستانىگە قەدەم بېسىپ ئالتۇن مەسچىتنىڭ ئالدىدى-
كى بۇ سەينادا مۇرىت - مۇخلىسلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزى-
نىڭ سۈر - ھەيۋىسىنى، نام - شۆھرىتىنى نامايىش قىلماقچى ئىدى.
تى. شۇڭا، ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش جەررە - ساما سورۇنىنى
خەلىپە - سۇلۇك مەسئۇللىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاشلاپ قويماي،
شەخسەن ئۆزى باشقۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. نەچچە ئونلىغان ھا-
پىزلار، خەلىپىلەر، سۇلۇك مەسئۇللىرى ھىدايىتۇللا ئىشاننى
ئارىغا ئېلىۋېلىشقان بولۇپ، ئىشانغا ئەگىشىپ ھۆكمەت ئوقۇشقا
كىرىشكەنىدى:

چىقسام تاغلار باشىگە چىلتەن بولسام بولغايمۇ،
نۇشىرۋان ئادىلدەك سۇلتان بولسام بولغايمۇ،
ئاغ بۇلۇتلار ئاغدۇرسام، سانسىز يامغۇر ياغدۇرسام،
سىر دەرەخلەر ئۈندۈرۈپ بوستان قىلسام بولغايمۇ؟①
ھۆم ئاللا، ھۆم - ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللا ھۆم!

پولات ھالقىلىق يۈزلىگەن ساپايىلەر ھەيۋەت بىلەن جالداق-
لايتتى، ساپايە ھالقىلىرىدىن قۇياش نۇرىنىڭ ۋال - ۋۇل ئۇچ-
قۇنلىرى چاچرايتتى. جەررە سادالىرى ئاستانە ئاسمىنىنى لەرزى-
گە سېلىپ گۈرۈلدەيتتى. نەچچە ئونلىغان ھاپىزنىڭ ئارىسىدا
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ھەم مۇڭلۇق، ھەم جاراڭلىق ئاۋازى ئالا-
ھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

تەۋرات ئىلمىن ئوقۇسام، تۇرى سىناغا چىقسام،

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

ھەق بىلەن راز ئېيتىشىپ مۇسا بولسام بولغايمۇ[1].
ھۆم ئاللا، ھۆم - ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللا ھۆم!
يامەنھۇ يائاللا،
ھەق دوست يائاللا!
......

جۇمە ۋاقتى قىستاپ قالغانىدى. ساماغا چۈشۈپ قىزىپ قالغان سوپىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ھەلقە ئەكەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ھۆم! ھۆم! ھۆم!» دەپ ئاغىزلىرىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ توۋلاشقىنىچە بىر ئىزىدا توختىماي پىرقىرىشاتتى. تولا چۆرگىلەپ بېشى قېيىپ كەتكەنلىرى يەرگە پوك - پوك يىقىلىشاتتى.

شۇ ئەسنادا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ باشچىلىقىدىكى ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ، ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ قاتارلىق بىر توپ ئوردا ئەركانلىرى ئالتۇن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا يېقىنلاپ كېلىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ھىدايىتۇللا ئىشان «ئەۋۋۇ...» دەپ بار ئاۋازى بىلەن نەرە تارتتى. بۇ ئىشاننىڭ جەررە - سامانى توختىتىشقا بەرگەن پەرمانى ئىدى. بىر ئىزىدا توختىماي پىرقىراپ باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن، پۈتكۈل ئاستانە خۇددى پىرقىراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ قۇلىقىغا ئىشاننىڭ بۇيرۇقى كىرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. موللا ساقى قاتارلىق خەلپىلەر سورۇنغا چۈشۈپ، تېخىچىلا جەررە سېلىپ پىرقىراۋاتقان سوپىلارنى تۈرتۈپ ئىتتىرىپ يۈرۈپ توختىتىۋالدى.

سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرغاندىن بېرى بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.



ئىشتىراك قىلغان ھەيۋەتلىك جەررە - ساما سورۇننى كۆرۈپ باقمىغان سۇلتان ئىسمائىلخانغا بۇ سورۇن ھەم تاسادىپىي، ھەم تولىمۇ دەبدەبىلىك تەسىرات قالدۇردى ۋە سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدىكى بېشىغا يوغان ئاق سەللە ئورىۋالغان، ئۈچىسىدىكى ئاق شايى يەكتەك ئۈستىدىن ناۋات رەڭ رومال چىگىۋالغان، بولۇشىغا قويۇۋەتكەن قاپقارا ساقاللىرىنى چىرايلىق تاراپ ياسىتىۋالغان، ئىككى مەڭزى چىلاندەك قىزىل، تەمبەل، سۆلەتلىك كىشىگە قىزىقىپ نەزەر تاشلىدى. شۇ تاپتا ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن ھازىرغىچە دىدار - مۇلاقەتتە بولۇپ باقمىغان سۇلتان ئىسمائىلخان بۇ يوچۇن كىشىگە ھەم قىزىقىش، ھەم گۇمانىي نەزەردە قاراپ قالغانىدى.

— خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئاشۇ كىشى شۇ، — دېدى خاننىڭ قېشىدا تۇرغان مىرزا باباقبەگ.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاستانىگە زىيارەتكە كېلىشىدىن قەشقەر ئەمىرى مىرا ھەيدەر دوغلاتنىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشان بىلەن بۇ يەردە، بۇنداق يوسۇندا ئۇچرىشىپ قېلىشنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك روياپقا چىقىۋاتقانلىقىدىن ئىچىدە تەنتەنە قىلىۋاتقان ھىدايىتۇللا ئىشان مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا ئەيمەندۈرۈپ قاراپ ئادەتلەنگەن ئۆتكۈر نەزىرىنى سۇلتان ئىسمائىلخان، مىرزا باباقبەگ ۋە مىرزا ئەۋەزبەگكە بىرنەچچە دەقىقە تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سالماق قەدەملەر بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

ئىشاننىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشاننىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئانەزرىتىم!

ئىشان قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئالغىنىچە خانغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشاننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى - دە، كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى.

سەئىدىيە خانلىقىدىكى بۇ ئىككى مەشھۇر كىشىنىڭ كۆرۈشۈشىگە ئەتراپتىكى مىڭلىغان خەلق گۇۋاھ بولدى، ئۇلار ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى.

— سۇھەيل يۇلتۇزىمىز① ئادالەتپاناھ خانۇخاقان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىنى ھەر نەپەستە سېغىنىپ كەلگەنىدىم. ماشائاللا بۈگۈن دىدار - مۇلاقەتتە بولۇشقا نېسىپ قىلىپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە مۇخلىسلىرىنىڭ سۇلتانۇل مۇھەققىقىينى بولمىش پىرى بۇزرۇكنى ئادالەت قىلىچلىرىنىڭ سايىسىدە ئامان - ئېسەن ساقلاپ، ئەغيارلىرىمىزنىڭ زۇلۇم - تىغلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەنلىكلىرىگە يىراقتىن دۇئا - تەسەننالاردا بولۇپ كەلگەنىدىم. مانا بۈگۈن ئۆز زابانىم بىلەن رەھمەت ھەشقاللامنى بىلدۈرۈشكە ھەقتائالا ئىگەم بۇيرۇپتۇ. كەمىنىلىرىنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان.

— ئۇزاق يول ماڭدۇرۇپ، كۆپ ھەرەج تارتقۇزۇپ قويۇپتۇق. ئەسلىدە ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئۆزىمىزنىڭ زىيارەتكە بېرىپ مۇلاقەتتە بولۇش نىيىتىمىز بار ئىدى. سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن خويمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان.

— ئۇنداق دېمىگەيلا، قىبلىگاھىم، ئەسلىدە ئاللىبۇرۇن

① سۇھەيل يۇلتۇزى — ئۆمۈر يۇلتۇزى، قۇتۇپ يۇلتۇزى.



كېلىپ ئالىيلىرىغا سالام بېرىش يولىمىز بار ئىدى. ئەمما مەرھۇم جەننەتماكان جىيەنىم مەخدۇمزادە ھەزرەتلىرى بىلەن ئارىمىزدا ئىختىلاپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاستانىگە قەدەم بېسىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىپ كەلدۇق. ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ساقلاش جايىز ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممەتلىرىگە ئاداۋەتنى بىر كۆڭلەكنى يۇيۇپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقۇچىلىكتىن ئارتۇق ۋاقىت ساقلاش ھارام دېگەن. ئەمماكى بۇ ئىشلاردىن قىبلىگاھىمىنىڭمۇ خەۋىرى بار. ھالا بۈگۈنكى كۈندە مەخدۇمزادىمىز يارىتقان ئىگىسىگە بەندىچىلىك قىلىپ بىزلەركىم تاغائى بۇزرۇكنىڭ يۈرەك باغرىنى داغلاپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن كېتىپ قالدى، — ھىدايىتۇللا ئىشان ھەسرەتلەنگەن ھالدا شۇنداق دېدى - دە، ساقاللىرىنى يۇڭداپ ھازا ئېچىشقا باشلىدى، — ۋادەرىخا، نۆۋەت مېنىڭكى ئەمەسمىدى، قېرىندىشىم، سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن بىر پىيالە چاي تۇتۇپ ئوتتۇرىمىزدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئەمەسمىدىم، قېرىندىشىم. سۇلتان ئىسمائىلخاندەك باھادىر خانلارنى تاشلاپ كەتتىڭىزغۇ، قېرىندىشىم، بۇ دەردىمنى ئەمدى كىمگە ئېيتىمەن، قېرىندىشىم...

ھىدايىتۇللا ئىشان ئەنە شۇنداق ھازا ئاچقىنىچە سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ قولىغا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئەتراپتىن باشتا مىشىلدىغان، خىرتىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. كېيىن پۈتكۈل سەينانى يىغا كەلكۈنى باستى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن سۇلتان ئىسمائىلخانمۇ كۆزىگەن مۆللىدە ياش ئالدى.

— سەۋرى قىلسىلا، ھەزرىتىم، بالاغا سەۋرى، قازاغا رىزا دەپتىكەن، — دېدى ئىسمائىلخان ئىشانغا تەسەللى بېرىپ، — خۇدا ئول مەرھۇم زاتى مۇبارەكنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلار.

— ئول جەننەتماكان بۇزرۇكنىڭ پۇشتىپاناھى بولمىش ئىك-

كى مەخدۇمزادىمىز قېنى؟ مەن ئول ئەزىز پەرزەنتلەرنى باغرىمغا باساي. جۇدالىق ھىجرانىدا داغلانغان يۈرەك ـ باغرىمنى ئازراقمۇ بولسا ئارام تاپقۇزاي، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆپكىدەپ تۇرۇپ.

— ئىككى مەخدۇمزادىمىز تېخىچىلا جەننەتماكان پىرى بۇزرۇكمىزنىڭ مۇبارەك خۇتبىخانىسىدىن چىقماي ماتەمدە تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان.

— ئۇ پەرزەنتلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىمكانىيەت بولارمۇ، قىبلىگاھىم؟ — دەپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈندى ئىشان.

— ئىنشائاللا، جۇمە نامىزىدىن يېنىپ مەرھۇم بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ قەسرىگە بىرلىكتە پاتىھەگە بارغايمىز.

ئۇلار مۇڭداشقاچ تولىمۇ ھەيۋەتلىك سېلىنىپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئالتۇن مەسچىتكە كىردى. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان جۇمە پېشىن نامىزىغا ئىمامەتچىلىك قىلدى.

نامازدىن يېنىپ ئاۋۋال ئالتۇنلۇقۇم قەبرىستانلىقىدىكى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاتارلىق خان ـ سۇلتانلارنىڭ مەقبەرىسىنى، كېيىن چىلتەنلىرىم قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، مەرھۇم مەخدۇمزادىلەردىن خوجا شادى، خوجا ئابدۇللا ئىشان قاتارلىق سۇلۇكى ئىسهاقىيە پېشۋالىرىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلدى. بۇ يەردىمۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇردى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ھىدايىتۇللا ئىشانغا بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشان ئورنىدىن قوزغالمىغۇچە ھەرگىز قوزغالمىدى، ئىشان قولىنى دۇئاغا كۆتۈرمىگۈچە زىنھار قول كۆتۈرمىدى.

سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى باشلاپ پاتىھەگە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان رەجەپ دەرۋىش خۇتبىخا-



نىدا ئىككى مەخدۇمزادىگە — شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجىغا سۇلتان ئىسمائىلخان ئۈستىدىن دادخورلۇق قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

— جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلىرىنىڭ مۇبارەك كىرپىكىگە تېخى توپا قونا ـ قونمايلا دەھرىي ئىسمائىلخاننىڭ ئاسىيلىق يولىنى تۇتۇپ، مۇرتەت ھىدايىتۇللا ئىشانغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكى شەك ـ شۈبھىسىزكى جانابىي ئىككى مەخدۇمزادىمىزگە يۈزسىزلىك قىلماقلىقىدىن، سۇلۇكى ئىسهاقىيە ئىرادىتىدىن يۈز ئۆرۈمەكلىكىدىن بېشارەتتۇر.

— يارانلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خان ئالىيلىرى جۇمە نامىزىدىن يېنىپ، مۇرتەت ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن قەسرى مۇبارەككە پاتىھەگە كېلىۋېتىپتىمىش، — دېدى شۇئەيب خوجا، — ئېيتسىلىچۇ، ئى خەلىپەم، ئەمدى قانداق قىلماقلىق كېرەك؟

— سۇلتان بىلەن بۈگۈن كۆرۈشمىسۇنلار، — دېدى رەجەپ دەرۋىش ئاپئاق ساقاللىق بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ.

— بۇنداق قىلساق خانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولماسمۇ؟ — يەنە سورىدى شۇئەيب خوجا ئويلانغان ھالدا.

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. گەرچە ئىككى مەخدۇمزادەم ياش جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، ئىسمائىلخان ئىككىلىرىگە قول بېرىپ، جانابلىرىنى پىرى ئەزەم تۇتقان. مۇرىت ـ مۇخلىسنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق پىرنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئىش. بۇنى ھۆرمەتسىزلىك دېگىلى بولماس. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم جەننەتماكان پىرى بۇزرۇك ئەۋلىيا ئەزەم پەدەرلىرىمۇ ئىسمائىلخاننىڭ زىيارىتىنى بىرنەچچە قېتىم قوبۇل قىلمىغان. مانا ھازىر ئەشەددىي ئەغيارلىرىمىز مۇلھىد ھىدايىتۇللا ئىشان سۇلتان بىلەن بىللە كېلىۋېتىپتۇمىش. ئېسىلىرىدىن ھەرگىز كۆتۈرۈلۈپ قالمىسۇنكى، مەخدۇمزادىلىرىم، جەننەتما-

كان پەدەرلىرىنىڭ ۋاقىتسىز زەھەرلىنىپ ئەجەل شارابىنى ئىچى-
شىدا ئاشۇ ھىدايىتۇللا دېگەن توڭگۇز مۇرتەتنىڭ ئىبلىس قولى
باردۇر.

— ئۇل لەنتى دوزىخىي ئىچى تەپ تارتماستىن بوسۇغىمىز
تۇۋىگە قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلغانىكەن، يەنە نېمىگە قاراپ
تۇرىمىز، ئاكا، — دېدى دانىيال خوجا غەزەپتىن بويۇنلىرىغىچە
قىزىرىپ، — مانا مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۇل مۇرتەتنىڭ ئىت
كاللىسىنى پاسىق تېنىدىن جۇدا قىلىپ، مەرھۇم پەدەرىمنىڭ
قان قىساسىنى ئالىمەن.

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، مەخدۇمزادەم ،— دېدى
رەجەپ دەرۋىش چاچراپ تۇرغان دانىيال خوجىنى تۇسۇپ
تۇرۇپ، — بۇنداق يەڭگىللىك قىلىشقا زىنهار بولماس.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئېيتىسىلىچۇ، ئى خەلى-
پەم، — دېدى دانىيال خوجا كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا
بوغۇلۇپ.

— ئىككى مەخدۇمزادەم خاتىرجەم بولسۇنكى، ئۇل لەنتى
ھىدايىتۇللادىن جەننەتماكان پىرى بۇزرۇكىمىزنىڭ قىساسىنى
چوقۇم ئالىمىز. ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.
ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئۇل مۇلھىدنىڭ ئۆلۈم مۇسىبىتىدىن بىر
ھېيىت ئوينايمىز.

شۇ ئەسنادا خۇتبىخانىغا پايپاسلاپ كىرگەن سوپى خىزمەتكار
بوسۇغا تۇۋىدە تۇرۇپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— مەخدۇمزادىلىرىمىزگە مەلۇم بولغاي، سۇلتان ئىسما-
ئىلخان ئالىيلىرى بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى
قەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ قالدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىككى مەخدۇمزادە «قانداق قىلىمىز»
دېگەندەك قىلىپ رەجەپ دەرۋىشكە قارىدى.

— مەخدۇمزادىلىرىم خاتىرجەم ئارام ئالغاي. خان ئالىيلى-



رىغا جاۋابىنى ئۆزۈم بەرگەيمەن.

رەجەپ دەرۋىش شۇنداق دېدى - دە، خۇتبىخانىدىن چىقىپ
قەسىرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

قەسىرنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى سەينادا سۇلتان ئىسمائىلخان،
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، مىرزا باباقبەگ، مىرزا ئەۋەزبەگ قا-
تارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەر بىلەن دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈ-
تۈپ ساقلاپ تۇراتتى. گەرچە سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ بېشىغا
مەھرەملىرى سايىۋەن تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تىنچىق ھاۋادا
چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى.

رەجەپ دەرۋىش دەرۋازىدىن چىقىپ كەلدى - دە، سۇل-
تان ئىسمائىلخانغا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ
سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيھەزرىتىم، قۇتلۇق قەدەملىرىگە
ھەسەنات.

ئۆزىنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاتقانلىقىدىن خاپا بولغان ئىسما-
ئىلخان رەجەپ دەرۋىشنىڭ سالىمىنى سوغۇققىلا ئىلىك ئالدى ۋە
مەخدۇمزادىلەرنىڭ چىقمىغىنىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ سورى-
دى:

— مەخدۇمزادە پىرى بۇزرۇكىمىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئالىيھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى رەجەپ دەرۋىش
يەنە ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ئىككى مەخدۇمزادە پىرى بۇزرۇكىمىز
بابا جۈمە نامىزىدىن پارىغ بولۇپلا مېھمان - زىيارەتچىلەرنى
قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خۇتبىخانىغا كىرىپ كەت-
كەن. شۇڭا، خەۋەر قىلىشقا ئىلاجسىز قالدۇق.

— مەخدۇمزادىلەرگە مەلۇم قىلسۇنلار، قەشقەردىن تاغائى
بۇزرۇكى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى مەرھۇم جەننەتما-
كان پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ مۇسىبەت پاتىھەسىگە ئاتايىتەن كەلدى.

— ئالىيھەزرىتىم زىنهار رەنجىمىگەي. باشقىلار بولسىغۇ بىر

نۆرى ئىدى. ئەمما ئول مۇرتەت ھىدايىتۇللا ئىشانغا، ئەئۇزۇبىللاھ، زىنھار دەرۋازا ئاچمىغايمىز.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلمىسىلا، ئى خەلىپەم، — دېدى مىرزا باباقبەگ دەرۋىشكە ۋارقىراپ.

شۇ تاپتا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا زىيادە كۆرسىتىۋاتقان ھۆرمەت - ئېھتىرامىدىن ئىچى پۇشۇپ تۇرغان مىرزا باباقبەگ رەجەپ دەرۋىشنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا بولغان ئاداۋىتىنى پەش قىلىپ، سۇلتان ئىسمائىلخاننى رەنجىتىپ قويۇشىدىن ھەم شۇ سەۋەبلىك خاننىڭ ھىدايىتۇللا ئىشان تەرەپكە تېخىمۇ ئېغىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭمۇ كۈتكىنى شۇ ئىدى. بىر قېتىملىق كۆزيېشى ئارقىلىق سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ھېسداشلىقىغا ئاسانلا ئېرىشىۋالغان ئىشان ئۆزى بىلەن مەخدۇمزادىلەرنىڭ مەڭگۈ چىرايلىق كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سۇلتان ئىسمائىلخانغا مەخدۇمزادە قەسرىگە پاتىھەگە بېرىش تەلىپىنى ئېيتقان، ئىسمائىلخان بولسا نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا ماقۇل بولغانىدى. مانا ھازىر مىرزا باباقبەگ ۋايىم يېگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. مەخدۇمزادىلەرنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغان رەجەپ دەرۋىش كەلگۈسىنى ئويلىماي، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا قىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ يۈزىنى قىلماي دىلىنى رەنجىتىۋاتاتتى.

— ئاچچىقلانمىغايلا، ئەمىرى كەبىر جانابلىرى، ئانھەزرىتىمگە ئەدەپسىزلىك قىلىشقا ھەددىم ئەمەس. ئانھەزرىتىممۇ مەخدۇمزادىلىرىمىزگە قول بېرىپ مۇرىت بولغان. سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىزگە ئىرادەت قىلغان. مەن پەقەت پىرى بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلالايمەن. چۈنكى، پىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، پىرنىڭ بۇيرۇقىغا پەرمانبەردار بولۇش بىزلەركىم مۇرىت - مۇخلىسلار ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. ئەگەر



بۇ ئىشىم ئەدەپسىزلىك بولسا، ئانھەزرىتىمنىڭ ئادالەت قىلىچى ئاستىدا جان تەسەددۇق قىلىشقا مەن رازى.

— ئى خەلىپە، رەجەپ دەرۋىش، جانابلىرىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئول جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكتىن يېتىم قالغان پەرزەنتنى بىزلەر كىم تاغائى بۇزرۇك قېرىندىشى بىلەن كۆرۈشتۇرگەيلا. ئاشۇ ئەزىز پەرزەنتلەرنىڭ دىدارىغا قېنىۋېلىشتىن ئۆزگە مۇددىئايىم يوقتۇر. بۇ ئاددىي تەلىپىمىزنى ناۋادا جانابىي جەننەتماكان مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان بۇزرۇكۋارىمىز ھايات بولسىمۇ راۋا كۆرەردى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان يەنە كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ.

تەھقىقكى ھىدايىتۇللا ئىشان شۇ تاپتا ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ چاندۇرماي ئويناۋاتقان ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ مەخدۇمزادىلەردىن پۈتۈنلەي رايى قايتتى. ئۇ رەجەپ دەرۋىشنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، غەزەپ بىلەن بىرنى ئالايدى - دە، قايتىشقا ئەمر قىلدى. ھىدايىتۇللا ئىشان بولسا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ غەزىپىنى ئۆرلىتىش ئۈچۈن، ئوردىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە مىشىلداپ يىغلاپ ماڭدى.

— قېنى ئوردىغا مەرھەمەت قىلغايلا، ھەزرىتىم، — دېدى ئىسمائىلخان ئىشانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

— ئانھەزرىتىمنىڭ ھىممىتىگە مىڭ - مىڭ تەسەننا، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆزرە قويۇپ، — قىبلىگاھىم باياتىن بېرى يول يۈرۈپ كۆپ چارچىدى. مېنىڭچە بولسا جانابلىرىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولغۇم يوق. ئەمما، مۇبارەك تەنلىرىنى ھاردۇق ئالدۇرماقلىرى زۆرۈر. خۇدا خالىسا ئەتە مۇلاقەتتە بولغايمىز.

ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئاستانىگە كەلگۈچە يول جاپاسى تارتىپ

چارچاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان ئىسمائىلخان ئارتۇقچە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالمىدى.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈنچە ھەزرىتىمنىڭ ئىختىيارىچە بولسۇن. ئوبدان ئارام ئېلىپ سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاي، خۇدا خالىسا ئەتە ناشتىنى بىللە قىلغايمىز، — سۇلتان ئىسمائىلخان بىكاۋۇلبەگكە قاراپ ئەمىر قىلدى، — ھەزرىتىمنى ئوردا تەكىيخانىسىغا[①]باشلاپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسۇنلار.

— قىبلىگاھىمنىڭ بۇنچىۋالا ھۆرمەت كۆرسىتىشىگە زىنھار ئەرزىمەيمىز. بىكاۋۇلبېگىم ئارتۇقچە جوۋۇمىغاي، — دېدى ھەدايىتۇللا ئىشان يەنە ئۆزرە قويۇپ، — مەن ئاستانىگە ئىككى-ئۈچ يۈز مۇرىت - يارانلىرىم بىلەن بىللە كەلگەن. يېتىش - قوپۇشۇم ئاشۇ ئەزىز يارانلىرىم بىلەن بىللە بولغاي.

— ئۇنداق بولسا ئۇل يارانلەرمۇ ئوردا تەكىيخانىسىغا مەرھەمەت قىلغاي، — دېدى ئىسمائىلخان تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئاشۇ يارانلارمۇ خۇددى جانابىي ھەزرىتىمگە ئوخشاش سەلتەنىتىمىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىدۇر.

— ياخشى كۆڭۈللىرى، ھاتەمچە ساخاۋەتلىرى، نوشىرۋان ئادىلدەك كەڭ قورساقلىق، مېھماندوستلۇقلىرى بىزلەرگە تېگىل بولدى، قىبلىگاھىم، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — گەرچە ئالىيلىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىش زىيادە ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، يەنىلا رەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئۇل ياران - مۇرىتلىرىمىز بۇ رەڭۋاز ئالەمنىڭ پۇچۇق تەڭگىگە ئەرزىمەيدىغان راھەت - پاراغەتلىك مەئىشەتلىرىدىن پارىغ بولغاندۇر. پەقەت يامغۇر - يېشىن، شامال - بوراندىن دالدا بولغۇدەك جاي بولسىلا، ئاشۇنداق دەرگاھلارنى خۇدايى قوناق قىلغايمىز. ئارتۇقچە جوۋۇش بىھاجەت. ئەتە كۆرۈشكىچە ئامان بولغايلا.

① ئوردا تەكىيخانىسى — ئوردا مېھمانسارىيى.



سۇلتان ئىسمائىلخان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆرسەتكەن باھانە - سەۋەبلىرى ئالدىدا يەنە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدى - دە، خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدى.

## 3

بۈگۈن شاھىنشىندىكى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن سۇلتان ئىسمائىلخان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئوردىغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بىكاۋۇلبەگنى ئېگەر - جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن بېزەلگەن بىر ئاق ئارغىماق بىلەن ئالاھىدە ئەۋەتتى - دە، ئۆزى بىر قىسىم مۇھىم ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا بېغىدىكى ھۇزۇرى ساباھ ناملىق كۆزلۈك سارىيىدا شاھانە داستىخان ھازىرلاپ ساقلاپ تۇردى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان موللا ساقى قاتارلىق بەش - ئالتە خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىكاۋۇلبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى - دە، ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىھەزرىتىمنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشاننىڭ سالىمىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىلىك ئالدى.

خاننىڭ ئىشانغا كۆرسەتكەن بۇ زىيادە ھۆرمەت - ئېھتىرامى ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ، مىرزا ئەۋەزبەگ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرىغا ياقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار خانغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشاننى قارشى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— قېنى، ھەزرىتىم، بۇياققا مەرھەمەت قىلغايلا، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشاننى ئۇڭ تەرىپىدىكى زەر كۆرپىنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپ.

ئىشان ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئىسمائىلخاننىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى ـ دە، ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ قول كۆتۈردى:

— ئامىن، قەدەم يەتتى بالا يەتمىگەي، خانۇ خاقان ئالىيلىرىنىڭ بۈيۈك دۆلەتلىرى تېخىمۇ زىيادە، ئەغيارلىرى پىيادە بولغاي...

پاتىھەدىن كېيىن ئىشان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قولىغا ئالتۇن ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىدا سۇ بېرىلدى. ئارقىدىنلا داستىخان تۈرلۈك شاھانە نازۇنېمەتلەر بىلەن كۆمۈۋېتىلدى.

—قېنى، ھەزرىتىم، داستىخانغا مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى ئىسمائىلخان ئىشاننى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ.

— ئاۋۋال ئانھەزرىتىمدىن كەلگەي، — دېدى ئىشان تەكەللۇپ قىلىپ.

— ھەزرىتىم داستىخىنىمىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىدۇر. شۇڭا، ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمىغاي، — دېدى ئىسمائىلخان يەنە زورلاپ.

ھىدايىتۇللا ئىشان مىرزا باباقبەگ قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىق ئالامەتلىرىنى بىر قاراپلا سېزىۋالدى ـ دە، سۇلتان ئىسمائىلخاندىن ئاۋۋال داستىخانغا قول ئۇزىتىشقا پېتىنالمىدى.

— گەرچە بىزلەركىم قىبلىگاھىمىنىڭ ئىززەتلىشىگە مۇيەسسەر بولغان مېھمان بولساقمۇ، ئالىيلىرىدىن ئاۋۋال داستىخانغا قول ئۇزىتىشقا ھەددىمىز ئەمەستۇر.

— ھەزرىتىم مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا، بوپتۇ ئەمسە، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان داستىخانغا قول ئۇزىتىپ تۇرۇپ، —



قېنى بۇزرۇكۋار ئەزىز داستىخانغا قول كەلتۈرگەي.

ئىشان سۇلتان ئىسمائىلخاندىن كېيىن داستىخانغا قول ئۇزاتتى. شۇنداق قىلىپ ناشتا باشلاندى. بىر چۆگۈن چاي قايناتمىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە «ئالسىلا، باقسىلا» دېگەن تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن باشقا ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز بولۇنمىدى.

— ھەزرىتىم، بۇ نۆۋەت ئاستانىدە ئۇزۇنراق تۇرغايلا، — دېدى مىرزا باباقبەگ تۇنۇگۇن كۆرۈشكەندىن بېرى ئۆزىدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ.

ئىشان داستىخاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مىرزا باباقبەگكە قارىدى. ئىشاننىڭ كۆزلىرى بىلەن مىرزا باباقبەگ، مىرزا ئەۋەزبەگنىڭ كۆزلىرى توقۇنۇشتى. كونا رەقىبلەر بىر ـ بىرىگە بىرنەچچە دەقىقە تىكىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك چاقناپ كەتتى.

«... ھۇ ئاسىي مۇرتەتلەر، بىلىمەن. سەنلەر سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان بۇ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىدىن قىزغىنىشىۋاتىسەن. مېنى ئاستانىدىن تېزرەك ھەيدىۋېتىشكە ئالدىرىشىۋاتىسەن. ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان يولۋاسخانغا دەپ كاللاڭنى ئالدۇرۇۋەتمىگىنىمنىڭ تارتقۇلۇقىغۇ بۇ ماڭا. ئالدىرىماي تۇرۇش، ھېلىھەم ئۇلگۇرىمەن، ۋاقتانىۋاق كەلگەندە تىرىك تۇرغۇزۇپلا تېرەڭنى تەتۈر سويىمىسام، پوستۇڭغا سامان تىقمىسام، پاسىق تەنلىرىڭنى بۇردا ـ بۇردا قىلىپ پارچىلاپ تاشلىمىسام، سۇلتانۇل مۇھەققىقنىلىقىم ھارام بولغاي...»

«ئەي لاماكان مۇناپىق، ئەجەب ھىيلىگەرسەن ـ ھە! ھەرقاچان جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىشنى، خان ـ سۇلتانلارنى ئالداشنى بىلىسەن. قانچىلىغان بىگۇناھ ئاۋامنى بالا ـ قازالارغا دۇچار قىلمىدىڭ؟! ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىپ، خانىۋەيران قىلمىدىڭ؟! تېخى سېھرىي ئەپسۇنلىرىڭ بىلەن سۇلتان ئىسمائىلخاننىمۇ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا، ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشكە مۇيەس-

سەر بولدۇق. سەندىن سەلتەنىتىمىزگە يەنە قانچىلىك بالا ـ
قازالار كېلەر؟ مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشانىنى ئۆلتۈرۈپمۇ
قانۇن ـ جاساققا تارتىلمىدىڭ، يېتەر ئەمدى. سېھرىي ئەپسۇنلى-
رىڭنى يىغىشتۇر ـ دە، ئوردىدىن تېز يوقال، ئىككىنچى ئاياغ
باسما. قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرىڭ بىلەن جىنايەتلىرىڭنى بىر مەز-
گىل يوشۇرالىغىنىڭ بىلەن، مەڭگۈ يوشۇرۇپ قالالمايسەن. ها-
مان بىر كۈنى خەلقئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولماي قالماي-
سەن...»

— جانابىي ئەمرىكەبىرنىڭ ھىممىتىگە كۆپ رەھمەت، —
دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان چىرايىغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، —
بۇ دۆرەم ئاستانىگە كېلىشىمىزدە پەقەت ئادالەتپاناھىمىزنىڭ سا-
ئادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىمىزگە كۆرسەتكەن ئالەمچە ھىممىتىگە
تەشەككۈر بىلدۈرۈشتىن ئۆزگە مۇددىئايىمىز يوقتۇر. ئەلھەق،
مانا بۇگۈن مۇددىئايىمىزغا يېتىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئىنشائاللا،
يەنە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ، ھەپتە مۇھەممەدان① چىلتەن
بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ تۇغ ـ شەددىلىرىنى قېقىپ، تاۋاپ ـ تىلاۋەت-
تە بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتقايمىز.

— زىنھار ئالدىرىمىغايلا، ھەزرىتىم، — دېدى سۇلتان
ئىسمائىلخان ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ، — بابائى ئەجدادلىرى-
مىز كېلىش ئىرادەت، كېتىش ئىجازەت دەپتىكەن. ئاران بىر
دىدار ـ مۇلاقەتتە بولغان ۋاقتىمىزدا ئۇنچە ئاسان ئىجازەت بەر-
مەسمىز. ئاستانىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر يېرى ھەزرىتىم ئۈچۈن
خۇدايى قوناقتۇر. بىمالال تاۋاپ ـ تىلاۋەتتە بولسۇنلار، يەنە بىر
نەچچە ۋاخ دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇپ ئۆتكەيمىز.

— ئانھەزرىتىمنىڭ شەپقىتىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا. ئالىي-
لىرىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ قەدەر ھىممىتىدىن كۆپ خىجالەتمەن.

① ھەپتە مۇھەممەدان — يەتتە مۇھەممەد دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مەقبەرىسى چىلتەنلىرىمدە، كاتتا
تاۋاپگاھلارنىڭ بىرى.



قىبلىگاھىم شۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا، پېقىرلىرى بۈيۈك سەئى-
دىيە سەلتەنىتىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا رەھنەما بولالمىساق-
مۇ، دۇئاگۇيلۇق قىلىپ ئۆتۈشكە ھەرقاچان جان ـ ئىمانىمىزنى
تەسەددۇق ئەيلىگەيمىز.

— بىلىشىمىزچە ئىشان ھەزرەتلىرى ئۆز ۋاقتىدا شاھزادە
يولۋاسخان ئالىيلىرىغىمۇ رەھنەما بولۇپ ئۆتكەنىكەن، — دېدى
باياتىن بېرى مىرزا باباقبەگ بىلەن مىرزا ئەۋزبەگنىڭ چىرايىغا
قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ ئولتۇرغان مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ تەپ تارتماستىن سۇلتان ئىسما-
ئىلخان ئالدىدا قېلىنلىق بىلەن ئاتقان پولىرىغا چىداپ تۇرال-
ماي، — ئاخىرىدا مەرھۇم خان ئاتام سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىي-
لىرى بىلەن پەرزەنتى ھەم ۋەلىئەھدى بولمىش شاھزادە يولۋاس-
خان ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۇرگۈسىز نىزا ـ ئاداۋەتلەر، قانلىق
ياغىلار بولدى. سەئىدىيە سەلتەنىتى جەڭگى ـ جېدەل توپانىدا،
ئەل ـ رەئىيەت خۇن ـ غوۋغا ئازابىدا قالدى. شۇ چاغلاردا
جانابىي ئىشان ھەزرىتىمنىڭ ئول شاھزادىگە قانداق رەھنەما
بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى تولىمۇ بىلگۈم بار.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۈتمىگەن بۇ سوئالى ھىدايە-
تۇللا ئىشانىنى بىردىنلا تەمتىرىتىۋەتتى، تىلى كالۋالىشىپ، ۋۇ-
جۇدىنى ۋەھىمە باستى، بۇرنىنىڭ ئۇستىدە چېكىم ـ چېكىم تەر
پەيدا بولدى. ئۇ تۈنۈگۈن سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ زىيادە ھۆر-
مەت ـ ئېھتىرامىدىن كۆڭلى خېلىلا جايىغا چۈشكەنىدى. ھازىر-
قى بۇ شاھانە زىياپەتتە خاننىڭ ئوڭ بىقىنىدا ئولتۇرۇش شەرىپىگە
ئېرىشىپ تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ باشقا ئوردا
ئەركانلىرىنى كونا خامانىنى سورۇيدۇ دەپ زىنھار خىيالىغا كەل-
تۈرمىگەنىدى. مانا ئەمدى كۈتمىگەندە مۇنۇ سېرىق تۈك، ئەسكى
تۈگمەنگە سۇ باشلاۋاتاتتى.

ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا يەر تېگىدىن سىنچىلاپ

قارىدى ـ دە، ئاقسۇدىكى تۇنجى جەڭدە بىر پاي يا ئوقى بىلەن
بىر سەركەردىنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزۇپ لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋى-
سىنى يەرگە ئۇرغان، شاھزادە يولۋاسخان ئاغزىدىن جەڭبازلىق
ماھارىتى، باھادىرلىقى ھەققىدە ئاجايىپ تەرىپىنى ئاڭلىغان مە-
لىكىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«شۇ، ئاشۇ دەججالنىڭ دەل ئۆزى شۇ، ياپىرىم، مەزلۇم
كىشى تۇرۇپ، ھەرەمدە تاشتەرمەك ئوينىماي سىپاھلارچە كىيى-
نىپ مۇشۇنداق كاتتا سورۇنلاردىمۇ زۇۋاندارلىق قىلىپ يۈرگى-
نىنى قارىمامدىغان بۇ ئازازۇلنىڭ. ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئىسما-
ئىلخانىمۇ خېلىلا تەمتىرەتكەنىمىش. بۈيۈك سەركەردە ھىندى-
قۇش مىرزا ئالىيلىرىمۇ ئۇنىڭ لەشكىرىي ماھارىتىگە قايىل
بولغان ئىكەنمىش. ئېھتىيات قىلماق كېرەك. بۇ دەججالنى تازى-
مۇ بىر ئەركەكزەدەك تومپاي بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن،
بىر پىيالە چايغا قوشۇپ ئوتلىۋەتكۈدەك ئۆز پەرى ئىكەنغۇ كاسا-
پەت. ئايال زاتىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن دېسە...»

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەن
موللا ساقى خوجىسىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، قەستەنگە گېلىنى قى-
رىپ قويدى. بۇ شەپىدىن ھىدايىتۇللا ئىشان دەرھال ئېسىنى
يىغدى ـ دە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ تۆۋەنچىلىك بىلەن
جاۋاب بەردى:

— ئازماس ئاللا، ئۆز ۋاقتىدا ئىستىبداتسىز شاھزادىگە پىرى
بۇزرۇك بولۇپ خويمۇ خاتا قىلغانىكەنمىز. بىز پىرى ئەزەم
بولساقمۇ پەقەتلا دۇئاگويلۇق قىلىپلا ئۆتكەنىدۇق. يۇرتدارچىلىق
تىزگىنى شاھزادىنىڭ قولىدا بولغىنى ئۈچۈن، شۇنچىۋالا ئاراز-
لىقلارنى توسۇشقا ئامالسىز قالغانىمىز. بولمىسا ئول شاھزادىنى
كۆپ ئاگاھلاندۇرغانىدۇق. ھېلىمۇھەم بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنى-
تىنىڭ تەلەي ـ ئامەتلىرى بار ئىكەن. ئاخىر جانابىي ئانھەزرى-
تىمدەك باھادىر، ئادالەتپەرۋەر، كەڭ قورساق ھەم ئىستىبداتلىق



خانۇخاقانغا نائىل بولدى. بۇنىڭدىن بىزمۇ كۆپ سۆيۈندۇق ۋە
ھەرقاچان ئىبادەتلىرىمىزدە خانلىقىمىزنىڭ ئامانلىقى، ئەل ـ
رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇردۇق، —
ھىدايىتۇللا ئىشان گەپنىڭ تېمىسىنى ئۇستىلىق بىلەن يۆتكى-
دى ـ دە، ھەدەپ سۇلتان ئىسمائىلخاننى كۆككە كۆتۈرۈشكە
باشلىدى، — ئانھەزرىتىم سەلتەنەت سۇرى بىلەن سۇلۇك نىزالى-
رىنى چەكلەپ تۇرغاچقا، بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە مۆمىنلى-
رى، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئامان ـ ئې-
سەن قۇتۇلۇپ قالدۇق. قىبلىگاھىمىزنىڭ بۇ شاپائىتىنى ھەرقا-
چان ئېسىمىزگە ئالساق كۆز ياشلىرىمىز دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.
ياراتقان ئاللا ئىگەم خان ئالىيلىرىنى ئادالەت زۇلپىقارىنى ھەرقا-
چان قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشقا نېسىپ قىلغاي.

ئىشان گېپىنى تۈگىتىپ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— سەۋرى قىلسىلا، ھەزرىتىم، — دېدى سۇلتان ئىسما-
ئىلخان ئىشانغا تەسەللى بەرگەچ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا
ئالىيىپ قاراپ.

ئىشان تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۆپكىدەشكە باشلىدى:

— بۇ دەردۇ ئەلەملىرىمنى، ئەرزۇ ھالىمنى جانابىي قىبلى-
گاھىمغا تۆكمەي كىمگە تۆكەي ئەمدى...

سورۇننى بىردىنلا تىمتاسلىق باستى.

— كۆڭۈللىرىدە قانداق مۇددىئالىرى بولسا يوشۇرماي بايان
قىلغايلا، ھەزرىتىم، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشاننى
بەزلەپ.

قىلتىقىغا ھېچقانچە كۈچىمەيلا سۇلتان ئىسمائىلخاننى دەس-
سىتىۋالغان ئىشان ئەسلىي مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاشقا كىرىشتى:

— ئانھەزرىتىمنىڭ شەپقىتى زىيادىدۇر. ئادالىتى ۋە ساخا-
ۋىتى ئاشۇ مۇئەللەقتىكى قۇياش كەبى ھەممە يەرگە تەكشى چۈش-
كەندۇر. مەيلى باي، مەيلى گاداي، مەيلى پېقىر، مەيلى مىس-

كىن رەئىيەتنىڭ دىلىنى تەكشى ئىللىتقاندۇر. پەقىر ئاجىز
مۆمىنلىرىنىڭ ئانھەزرىتىمگە كىچىككىنە تەلىپىم بولسىمۇ ئېيە-
تىشقا تىلىم بارمايۋاتىدۇ.
— ئىشان ھەزرىتىم، زىنھار ئىككىلەنمىگەيلا، قولىمىزدىن
كەلسىلا ھەرقانداق تەلەپلىرىنى ئىجابەت قىلغايمىز، — دېدى
سۇلتان ئىسمائىلخان ۋەدە بېرىپ.
ئىشاننىڭ يەنە قانداق ئويۇن ئوينىماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا
قىزىققان مىرزا باباقبەگ قاتارلىق ئەمىرلەر قۇلاقلىرىنى دىڭ
تۇتۇپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.
— ئادالەتپاناھ سۇلتانىمغا ئانچە ئايدىڭ بولمىسا كېرەك.
قىبلىگاھىم سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئالتۇن تەختىگە بەرقارار
بولغاندىن كېيىن، بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە مۆمىنلىرى،
سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ كۆپ زۇلمىغا ئۇچرىدۇق. پىر
بۇزرۇك ئەزىزگە قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقلىرىنى باھانە قى-
لىپ، خانلىق پەرمان، قانۇن - جاساقلارنى كۆزگە ئىلماي،
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى كۆيدۈردى،
مال - دۇنيالىرىنى بۇلىدى، ئەرلەرنى ئۆلتۈردى ياكى جازالاپ
پېيىنى قىرقىۋەتتى، پىچىپ ئاختا قىلىپ تاشلىدى. مەزلۇملار
تۇل، نارەسىدىلەر يېتىم بولۇپ قالدى. ھازىر سۇلۇكى ئىشقىيە
مۇرىتلىرىنىڭ ھال - كۈنى ناھايىتىمۇ خاراب، بۇردا نانغا زار،
ئەۋرىتىنى ياپقۇدەك ماتاغا چىقىنالىغۇچىلىكى يوق. شۇنداقتىمۇ
ئۇلار سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى بىلەن ئوخشاش ھالەتتە
خانلىقنىڭ تۈرلۈك ئالۋان - ياساق، سېلىقلىرىنى تاپشۇرۇشقا
مەجبۇرلانماقتا. بىزلەركىم سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ
قۇتبىل ئەقتابى بولمىش بۇزرۇكۋارنىڭ ئاشۇ پېقىر مۇخلىسلىرى-
نىڭ ھال - ئەھۋالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ياقا يىرتىپ قۇياشتەك
ساخاۋەت ۋە ھىممىتىنى سېغىنىپ شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، سۇ-
لۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن پادىشاھلىق ئالۋان - سېلىق ئېلىن-



مىسا، ئۇلارنى يۇرتدارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشكە قىستى-
مىسا، ھاشار، لەشكەر، مەدىكار، كارۋان تۇتمىسا، تۈرلۈك
ئىش - ھەرىكەتلىرى تەقىب قىلىنمىسا، سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغى-
باتلىرىغا دەخلى - تەرۇز بولىدىغان بارلىق تەقىبلەر سەلتەنەت
سۇرى بىلەن قاتتىق چەكلەنسە، ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاشۇ مۇ-
مىن بىچارىلەر ھال - ئەھۋالىنى ئازراق ئوڭشىۋالسا ئىكەن.
ئەسلىدە سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا
زىيادە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈشىدە سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەر-
دىن پايدىلىنىپ سەئىدىيە دۆلىتىدە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ
كېتىپ بارغان سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەرنى چەكلەپ تۇرۇش مۇد-
دىئاسى بار ئىدى. چۈنكى، ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكىلەر سۇلتان
ئىسمائىلخاننىڭ سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرۇشىغا ھەمدەم بولغان
تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، ھە دېگەندە خانلىق پەرمان، قانۇن -
جاساقلارنى كۆزگە ئىلماي، سەلتەنەت بىلەن قارشىلىشىپ كېلى-
ۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى سەلتەنەت سۇرى بىلەن
باستۇرۇشقا، چەكلەشكە ئامالسىز قالغان ئىسمائىلخان زەھەرنى
زەھەر بىلەن قايتۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، سۇلۇكى ئىشقىيە-
چىلەرگە ئالاھىدە شەپقەت كۆرسىتىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن مانا
ھازىر ئۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بۇ ئورۇنسىز تەلىپىنى
نېرى - بېرىسىنى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قوبۇل قىلدى:
— ھەزرىتىم خاتىرجەم بولغايكى، ئۇشبۇ ئارزۇ - تەلەپلى-
رى پۈتۈنلەي ئىجابەت بولغاي. سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى
خانلىق پەرمان - يارلىقلارغا، قانۇن - جاساقلارغا ياۋاشلىق بىلەن
ئىتائەت قىلىپ، سەلتەنىتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن كۈچ
چىقارسىلا تۈرلۈك پادىشاھلىق ئالۋان - ياساق، سېلىق، مەجبۇ-
رىيەتلىرىدىن ئازاد بولغاي.
— قىبلىگاھىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — دېدى ھىدايە-
تۇللا ئىشان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە

ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — سۈلۈكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى
ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئالەمچە شەپقىتىگە ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا تەشەك-
كۈر ئېيتقاي. بۇ بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئاسايىشلىقى
روناق تېپىشى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تەلەپلەردە بولۇپ
تۇرغاي.

ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ بۇ يولسىز تەلىپىگە سۇلتان ئىسما-
ئىلخانىنىڭ ئويلانمايلا ماقۇل بولغانلىقىدىن نارازى بولغان مىرزا
باباقبەگ قاتارلىق بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرى بىر ـ بىرىگە
يەر تېگىدىن مەنىلىك قاراشتى، ئەمما دەماللىققا بىر نەرسە دې-
يىشكە ھېچكىم پېتىنالمىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر نەر-
سە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئۇنى مىرزا باباقبەگ
شەرەتلەپ توختىتىۋالدى.

ناشتا ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ زىياپەت پېشىن ۋاقتى بىلەن
ئاخىرلاشتى. پېشىن نامىزىنى سۇلتان ئىسمائىلخان ھىدايىتۇللا
ئىشان بىلەن بىللە ئوردا ئالدىدىكى ئازنا مەسچىتتە ئۆتىدى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن بۇ كاتتا خۇش خەۋەرنى مۇرد ـ
مۇخلىسلىرىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىغان ئىشان سۇلتان ئىسمائىل-
خان بىلەن ۋاقىتلىق خوشلاشتى.

## 4

بۈگۈن شاھنشىندىكى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن، تۈنۈ-
گۈن ھۇزۇرى سابا قەسرىدىكى زىياپەتتە خوجا ھىدايىتۇللا ئى-
شانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالغان سۇلتان ئىسمائىلخان
مىرزا دىۋانبېگىگە ئەمىر قىلدى:

— سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى بارلىق سۈلۈكى ئىشقىيە مۇ-
رىتلىرىنى پادىشاھلىق ئالۋان ـ سېلىق، مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد



قىلىنغانلىق خۇسۇسىدا يارلىق تەييارلانغاي.

— ئانھەزرىتىم يارلىق چۈشۈرۈشكە زىنھار ئالدىرىمى-
غاي، — دېدى مىرزا باباقبەگ قول باغلاپ ئېھتىرام بىلەن.

— قېنى خوش، سەۋەبى نېمىكىن، جانابىي ئەمىر، —
دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئانچە ياقتۇرمىغان ھالدا.

— قىبلىگاھىم، — دېدى مىرزا باباقبەگ مەقسىتىنى
شەرھلەشكە كىرىشىپ، — يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان
ئانھەزرىتىمنىڭ ئادالەتلىك سىياستىنىڭ سايىسىدە ئەلدە تىنچ-
لىق، ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈردى. خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن
ئاۋام تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا. ئۆتكەن يىلى يۈز
بەرگەن سۈلۈك ـ مەزھەپ ماجىرالىرىنى تىنچىتىش، نامرات
ئاۋامنى قىش ۋە ئەتىيازدىن ئامان ـ ئېسەن چىقىرىش ئۈچۈن
خەزىنىدىن نۇرغۇن خىراجەت چىقىم قىلىنىپ، ئالىيلىرىنىڭ
مېھىر ـ شەپقىتى ئەل ـ يۇرتقا تولۇق يەتكۈزۈلدى. ئەلھەق،
بۇ يىل قىسمەن قۇرغاقچىلىق ۋە كەلكۈن ئاپىتىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا تەسەررۇپىمىزدا ئانچە چوڭ ئاپەتلەر يۈز بەرمىدى. زەر ـ
زىرائەتلەر ئوخشاپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ بۇ يىل قىش ۋە كېلەر
يىلى ئەتىيازلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل
بولدى. دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق ۋە تۈرلۈك ھۈنەر ـ
كەسپلەردىن ئېلىنىدىغان بىر قىسىم سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىن-
غانلىقى سەۋەبلىك، شەھەر ـ بازارلار ئاۋاتلىشىپ، گۈللىنىش
ۋەزىيىتى روياپقا چىقتى. ئەمما، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ
ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشىغا كۆپلەپ خىرا-
جەت سەرپ قىلىنغانلىقى، باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى،
ياغى، جەڭگى ـ جېدەللەرگە كۆپلەپ خىراجەت سەرپ قىلىنغانلى-
قى سەۋەبلىك ئەسلىدىنلا قۇرۇقدىلىپ قالغان خەزىنىگە كىرىدى-
غان كىرىم بارغانسېرى ئازلاپ كېتىپ باردۇ. ئالىيلىرىنىڭ
خەزىنىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ ئەل ـ رەئىيەتنىڭ تۇرمۇشى-

نى ياخشلاش يارلىقى تېخىچىلا ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن
ھەرقايسى يۇرت - ئايىماقلاردىن ئۇوردا خەزىنىسىگە يوللىنىد-
غان پۇل - پۈچەكلەر بار - يوقىنىڭ ئارىلىقىدىلا بولۇپ تۇرۇۋاتى-
دۇ. شۇل سەۋەبلىك يېقىنقى ئۈچ ئايدىن بېرى خان لەشكەر-
لىرىنىڭ خەج - خىراجىتىنىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسىپ
كېلىۋاتىمىز. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خان ئالىيلىرى يەنە
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن ئېلىنىدىغان تۇرلۇك ئالۋان -
ياساق، سېلىق - مەجبۇرىيەتلەرنى كەچۈرۈم قىلىش خۇسۇسىدا
يارلىق چۈشۈرىدىغان بولسا، يالغۇز سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلى-
رىنىڭلا ئەمەس، بەلكىم سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاددىي ئاۋامنىڭمۇ
نارازىلىقى قوزغاپ قويۇلۇشى چوقۇم. ئول چاغدا ئاۋام ئالۋان-
ياساقلاردىن قېچىشى، سېلىق تاپشۇرۇشتىن باش تارتىشى، ھەتتا
ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلىش يولى بىلەن ئالۋان - سېلىق
تاپشۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن. بۇ ئىش سەلتەنىتىمىز
ئۈچۈن ئىنتايىن يوشۇرۇن خەۋپتۇر. شۇڭلاشقا، قىبلىگاھىمىز-
نىڭ ئويلىنىپراق بىر قارارغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
— يېقىلمىغان ئاسماننى يۆلەش بىھاجەت، — دېدى سۇلتان
ئىسمائىلخان ئۆز قارارىدا چىڭ تۇرۇپ، — ئەمىرى كەبىر جاناب-
لىرىنىڭ سۇلۇكى ئىشقىيە پىرى ئەزەمى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
ھەزرەتلىرى بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئايان.
جانابلىرى سەلتەنىتىمىزنىڭ پېشىۋا ئەمىرلىرىدىن بىرى. يۇرت-
دارچىلىق ئىشلىرىنى مۇھىم دەپ بىلىپ، نىزا - ئاداۋەتلەرنى
ئۇنتۇپ كەتكەي.
مىرزا باباقبەگ سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭ-
لاپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. مىرزا باباقبەگنى ياقىلاپ گەپ قى-
لىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ خاننىڭ
خاپا بولغىنىنى كۆرۈپ، بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋې-
تىشكە مەجبۇر بولدى.


— خان ئاتا، بۇنداق دېسىلە ئەمىرى كەبىر جانابلىرىغا
ئۇۋال قىلغان بولىدىلا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
سۆز ئېلىپ، — مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنىڭ بايامقى سۆزلىرد-
دە سەلتەنىتىمىزنىڭ غېمىنى يېيىشتىن ئۆزگە مۇددىئا يوقتۇر.
پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ
سانى زادى قانچىلىك، بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ. ئەمما پەمىمچە،
قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق يۇرتلاردىكى
رەئىيەتنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت
قىلىدۇ. ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى خان يارلىقىدىن پايدىلى-
نىپ سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ بارسا، يەنە نۇرغۇن رەئىيەتنى
سۇلۇككە جەلپ قىلىۋېلىشى، ئىشاننىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئىناۋد-
تى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۆل-
چەرلىگۈسىز يوشۇرۇن خەۋپ. ئەنە ئاشۇ ساناقسىز ئىشقىيە
مۇرىتلىرىدىن ئېلىنغان سېلىق - مەجبۇرىيەتلەر كەچۈرۈم قىلىد-
نىدىغان بولسا، خەزىنىگە كىرىدىغان كىرىم تەبىئىي كېمىيىپ
كېتىدۇ. ئالىمادىس ئاپەت ياكى يېغىلىق بولۇپ قالسا، قۇرۇق
خەزىنە بىلەن قانداق تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ئېھتى-
ماللىقلارغا زىنھار سەل قارالمىغاي.
سۇلتان ئىسمائىلخان نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەل-
مەي بىرئاز ئويلىنىپ قالدى.
— ئانىھەزرىتىمنىڭ سەلتەنىتىمىزگە يوشۇرۇن خەۋپ بولۇ-
ۋاتقان سۇلۇك - مەزھەپ ماجىرالىرىنى مادارا يولى بىلەن ھەل
قىلىش ئۈچۈن ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلىشى ھەمدە
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىغا ساخاۋەت ئالىقانلىرىنى كەڭرى
ئېچىپ مېھىر - شەپقەت كۆرسەتمەكلىكى، سەلتەنىتىمىزنىڭ
ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاسايىشلىقىنى كۆزلەپ قوللانغان ئاقىلانە تەد-
بىرىدۇر، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق پىر ئەمىر سۇلتان ئىسمائىل-
خاننى قوللاپ، — سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە

مۇرىتلىرىنى ئالۋان - ياساق، سېلىق - مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلماقلىق بىلەن خەزىنىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىمۇ پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئاۋامدىن ئۇدا ئون يىل ئالۋان - سېلىقنى كەچۈرۈم قىلغانىكەن. شۇ چاغدىمۇ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ كەتمىگەن بولغىيتتى.

— سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — ئۇ چاغ بىلەن ھازىر ئوخشاشمايدۇ.

— جانابىي ئوردا ياساۋۇللار ئەمىرى خانۇخاقانىمىزنىڭ ئىستىبداتىنى جەننەتماكان سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ دەپ قارىمايدىغاندۇر ھەرقاچان؟

— مەن كاللا دېسەم، ئۆزلىرى پاچاق دەۋاتامىلا نېمە، جانابلىرى؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇ ئەمىرنىڭ قەستەنگە قىلغان ئىغۋاگەرچىلىكىدىن غەزەپلىنىپ، — جەننەتماكان بابائى بۇزرۇك سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرى زامانىسىدا سەلتەنەت ئىچكى تەپرىقىچىلىك بىلەن تاشقى باسقىنچىلىقلاردىن خېلىلا خالىي ئىدى. ھازىر بولسا سەلتەنىتىمىزدە سۇلۇك - مەزھەپ نىزالىرى ھېلىلا يار ئېلىش ئالدىدا تۇرغان كەلكۈندەك تۇرماقتا. ئىلى ۋادىسىدىكى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھەرقاچان خىرس قىلىچىنى بىلىمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئەلۋەتتە خەزىنىنى تولۇقلاپ تۇرۇش كېرەككى، زىنھار قۇرۇقداپ قويمىغاي. ئەگەر سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرنى باشقا ئاددىي ئاۋام - رەئىيەت ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئەقەللىي پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىدىغان بولساق، ئەل - يۇرت ئارىسىدا تەييارغا ھەييار، يالقاۋ، نانقېپى، ھارام تاماق، كۆكەرمە - ئۇششۇقلار كۆپىيىپ كېتىشى، ئاددىي رەئىيەتنىڭمۇ سەلتەنەتتىن كۆڭلى سوۋۇپ كې-



تىشى، پۇقراچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن باش تارتىشى تۇرغانلا گەپ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئەلگە ئاسايىشلىق ئەمەس، بەلكى تىنچسىزلىق، پىتنە - پاسات، غەلۋە - غوۋغا ئەكېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ شاھنىشىندا بىر مەيدان قىزغىن بەس - مۇنازىرە باشلاندى.

— جانابىي ئەمىرلىرىم، — دېدى قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى خېلىلا ئورۇنلۇق دەپ ھېس قىلغان سۇلتان ئىسمائىلخان بارلىق ئوردا ئەركانلىرىغا تەكشى نەزەر تاشلاپ، — بەس - مۇنازىرەڭلارنى توختاتقايسىزلەر. بىز ئاقسۇدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قولىمىزغا ئالغاندىن بېرى، نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى باشچىلىقىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى سەلتەنىتىمىزگە زىممىلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، پەرمان - يارلىقلىرىمىزغا، قانۇن - جاساقلارغا ئىزچىل بويسۇنۇپ سەلتەنىتىمىز بىلەن قارشىلىشىش ھەرىكىتىدە بولمىدى. بىز سەلتەنەتنى سۇلۇكتىن مۇستەسنا تۇتۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ھەرقايسى سۇلۇك - مەزھەپلەرگە باباراۋەر مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن بولساقمۇ، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ھەرقاچان تەقىبىگە، زۇلمىغا ئۇچراپ كەلگىنى دەرھەقىقەت. پەقەت بىرلا سۇلۇك مەزھەپتىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئۆزگە سۇلۇكتىكىلەرنى تەقىب قىلىش، ئاخىرقى ھېسابتا سەلتەنىتىمىزنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ. جەننەتماكان ئاكام سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەرگە ھامىيلىق قىلىشى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرگە ھامىيلىق قىلىشى ئاخىرى پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغۇسىز نىزا - ئاداۋەت، ياغىغا مۇپتىلا قىلدى. ئەل - رەئىيەت بۇ بالا - قازادىن ئازابلىق ئىڭرىدى، خانىۋەيران بولدى، ئاچ - يالىڭاچ قالدى.

شۇڭلاشقا، ئەل ـ رەئىيەتنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك يولىغا
باشلاش ئۈچۈن سەئىدىيە تەسەررۇپىدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇر-
غان، ئەمما ئوت بىلەن سۇدەك زىنهار سىغىشالمايۋاتقان، نىزا-
ئاداۋەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بۇ سۇلۇك-
مەزھەپلەرگە بابباراۋەر مۇئامىلە قىلىش، تولىمۇ ئاقىلانە تەدبىر-
دۇر. دەرھەقىقەت، خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىنىپ قېلىشى، سەلتە-
نىتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ يوشۇرۇن خەۋپتۇر. ئەمما، خوجا ھىدا-
يىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىگە قىلغان لەۋزىمىزدىن يېنىۋالساق
سەلتەنىتىمىزنىڭ ئابرۇيىغىمۇ ھەم مۇسۇلماندارچىلىق ئەھكاملى-
رىغىمۇ لايىق كەلمەيدۇ. بەلكىم تېخىمۇ كۆپ ئاداۋەت ئۇرۇقلى-
رىنى بىخلاندۇرۇۋېلىشىمىز، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ
سەلتەنىتىمىزگە بولغان ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇم-
كىن.
— ئۇنداقتا يارلىقنىڭ مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈ-
زەيلى، — دېدى خاننى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم.
— مەسىلەن، قانداقسىگە؟ — سورىدى ئىسمائىل-
خان دەرھاللا.
— مەسىلەن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىرئاز
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — يارلىقتىكى سەئىدىيە تەسەررۇپىدى-
كى بارلىق سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى پۇقرادارچىلىق مەجبۇ-
رىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن ئازاد قىلىنىدى، دېگەن سۆزنى خوجا ھىدا-
يىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ خاس مۇرىتلىرىنىڭ① پۇقرادارچى-
لىق مەجبۇرىيەتلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدى، ۋاستىلىك مۇرىت ـ
مۇرشىدلىرى② بۇ كەچۈرۈمدىن مۇستەسنادۇر دەپ ئۆزگەرتسەك،

① خاس مۇرىت — ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆز قولى بىلەن بىۋاستە قوبۇل قىلغان مۇرىتلارنى كۆرسىتىدۇ.
② ۋاستىلىك مۇرىت ـ مۇرشىدلىرى — خەلىپە ـ سۇلۇك مەسئۇللىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان مۇرىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.



ئول چاغدا كۆپ ساندىكى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ پۇقرا-
دارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن ۋاز كېچىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا ھەمدە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يارلىقنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بولىدۇ. بۇ ئۆزگە سۇلۇك-
تىكىلەرنىڭ ھەمدە سۇلۇك ـ مەزھەپتىن مۇستەسنا ئاۋامنىڭ
نارازىلىقىنىمۇ قوزغىمايدۇ.
— ئارى، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تولىمۇ ئاقىلانە تەدبىر
كۆرسەتتى، — دېدى مىرزا باباقبەگ دەرھال چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈرتۈپ.
— بۇ كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان تەدبىر
ئىكەن، — دېدى مىرزا ئەۋەزبەگ، — يارلىق مۇشۇنداق پۈتۈلسە
ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ خان ئالىيلىرىدىن رەنجىشىگە
ئورۇنمۇ قالمىغۇدەك.
— مەيلى ئەمىسە، يارلىق شۇ يوسۇندا پۈتۈلگەي، — دېدى
سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردا مىرزىسىغا قاراپ.

## 5

سۇلتان ئىسمائىلخان بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئوردىغا
كىرگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ
قايتا ـ قايتا تەشەككۇر بىلدۈردى ـ دە، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ
ئاستانىدە يەنە بىرنەچچە ۋاخ تۇرۇپ بېرىش تەكلىپىگە ئۆزرە
قويۇپ خوشلاشتى.
ئىشان خوجىسىنىڭ خان ھۇزۇرىدىن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇ-
رىتلىرىدىن پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش
توغرىسىدىكى يارلىقنى ئەكېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئاستانى-
دىكى بىر قىسىم خەلىپە ـ سۇلۇك مەسئۇللىرى ئوردىدىن قاي-

تىپ كەلگەن ھىدايىتۇللا ئىشاننى چوڭ داغدۇغا بىلەن
كۈتۈۋالدى.
— قېنى، خەلىپەم، ئوقۇپ بەرسۇنلار، خان يارلىقىدىن
ئاستانىدىكى جانابىي ئەھلى سۇلۇك يارانلىرىمىز خەۋەردار
بولغاي، — دېدى تۆردىكى مەخمەل كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇ-
ۋالغان ھىدايىتۇللا ئىشان قوينىدىن شاھانە تېرە قاپچۇقنى
چىقىرىپ خەت - چەك ئىشلىرىغا مەسئۇل باش خەلىپىگە تەڭلەپ
تۇرۇپ.
مىرزا خەلىپە يارلىقنى تېرە قاپچۇقتىن ئاۋايلاپ ئالدى -
دە، ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى...
— خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇك ئەزىزىنىڭ خاس
مۇرىتىنىڭلا پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى كەچۈرۈم قىلىندى
دېگىنى نېمىسى، قىممەتلىك پىرىم! — دېدى يارلىقنى تولۇق
ئاڭلاپ بولغان موللا ساقى خەلىپە ئانچە رازى بولماي، —
ۋاستىلىك مۇرىت - مۇرشىدلار مەزكۇر يارلىقتىن مۇستەسنا-
دۇر دەپ يېزىپتۇ تېخى.
— دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ بىزگە دەسلەپتە بەرگەن
لەۋزى بۇنداق ئەمەس ئىدى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان قوشۇ-
مىلىرىنى تۈرۈپ، — بۇ ھەرقاچان مىرزا باباقبەگ قاتارلىق
دوزىخىي مۇرتەتلەرنىڭ ئويۇنىدۇر ئېھتىمالىم.
— خان ئالىيلىرىنى يارلىقنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قى-
لىپ، قايتا يارلىق چۈشۈرۈشكە دەۋەت قىلماقلىق كېرەك، قۇت-
بىل ئەقتابىم. ئول مۇرتەتلەرنىڭ خان لەۋزىنى خالىغانچە ئۆز-
گەرتىشكە نېمە ھەددى؟ — دېدى ۋاستىلىك مۇرىتلىرىدىن بىرى
تېرىكىپ.
— شۇنداق قىلسىلا، ۋەلىيۇللا پىرىم، خان ئالىيلىرىغا
ئول مۇرتەتلەرنىڭ سىر - ئەسرارىنى پاش قىلسىلا! — دېيىشتى
بۇ يارلىقتىن ئۆزلىرىگە قىلچىلىك پايدا - مەنپەئەت تەگمەيدىغاذ-



لىقىنى ھېس قىلىشقان كۆپ ساندىكى ۋاستىلىك مۇرىتلار چۇ-
قان كۆتۈرۈشۈپ.
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان مۇرىتلىرىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئو-
سال ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇ تېخى ئالدىنقى كۈنىلا سۇلتان ئىس-
مائىلخاننىڭ ۋەدىسىنى مۇرىتلىرىغا يەتكۈزگەن، بۇنى قانداقتۇر
ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالارچە كەشپۇ كارامەتلىرىگە باغلاپ راسا پو ئاتقا-
نىدى. تېخى ئارىدىن بىر كېچە ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىشاننىڭ شۇنچە
كەشپۇ كارامەتلىرى، سېھرىي ئەپسۇنلىرى كۈچىدىن قالغان بول-
سا - ھە! قارار - پەرمانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە خاننى كۆندۈرە-
لىگۇدەك مىرزا باباقبەگ قاتارلىق مۇرتەتلەرنىڭ قانچىلىك
سېھىر - كارامەتلىرى بار ئىكەنتاڭ ياكى بۇ ئىشقا ئىسھاقىيە
سۇلۇكىدىكى توڭگۇزلار قول تىققانمىدۇر؟...
— ئول دەھرىي سۇلتاننىڭ ئالدىغا يەنە بىر نۆۋەت بېرىش
ھاجەتسىز، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئەلەملىك پۇشۇل-
داپ، — مەزمۇنىنىڭ قانداق يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر بىزگە
مۇشۇ يارلىقلا كۇپايە قىلىدۇ. خاس مۇرىت، ۋاستىلىك مۇرىت
دېگەن نېمە ئۇ؟! بىزلەركىم ئەھلى ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ قۇتبىل
ئەقتابى ئۇچۇن بارلىق مۇرىت - مۇرشىدلار ئوپئوخشاشتۇر. ئول
مۇرتەت ئەمىرلەر كىمنىڭ خاس، كىمنىڭ ۋاستىلىك مۇرىت
ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ — دېدى ئىشان ئەمدى ھېلىقى
مىرزا خەلىپىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — دەرھال ھەرقايسى
يۇرتلاردىكى خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرىغا، مۇرىت - مۇرشىد
ئەھلى يارانلارغا، مۆمىن ئۇممەتلەرگە ئۇشبۇ يارلىق يەتكۈزۈل-
گەي. بۈگۈندىن باشلاپ ھەرقانداق سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى
پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن پۈتۈنلەي ئازاد-
تۇر، ئۇشبۇ سائەتتىن باشلاپ خاس ھەم ۋاستىلىك مۇرىت
دەپ ئايرىلماستۇر.
— نېمەتلىك پىرىمنىڭ ھىممىتىگە مىڭ - مىڭ تەسەننا.

— ئادالەتىنىڭ، ساخاۋەتىنىڭ، شاپائەتىنىڭ گۈلتاجى پىرىم.

— ئەسلىي سۇلۇك ئۈممەتلىرىنىڭ يېڭىلمەس ھامىيسى پىرىم.

مۇرىتلار ھىدايىتۇللا ئىشانىنى ماختاش سادالىرىغا كۆمۈۋەتتى.

— ئۇشبۇ سائەتتىن باشلاپ ئەل - رەئىيەت ئارىسىدا سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ بېرىلغاي. يالغۇز خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرىنىڭلا ئەمەس، بارلىق ئەھلى سۇلۇكتىكى مۇرىت - مۇرشىدلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇرىت قوبۇل قىلىش ئىمتىيازى باردۇر. قېنى، ئى يارانلار، شۇنداق بىر ھىممەت - جاسارەت كۆرسەتكەيسىزلەركى، خوتەندىن قۇمۇل دىيارىغىچە، كەشمىردىن پەرغانە ۋادىسىغىچە بولغان پۈتكۈل يەكەن سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى بارلىق ئاۋام - رەئىيەت سائادەتمەن مۇرىت ھىدايەتچىلەر سېپىمىزگە قېتىلغاي. سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى پۈتكۈل يەر يۈزىنى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كەبى قاپلىغاي. بۇ يولدا شۇنداق جان پىدالىق كۆرسەتسىڭىزلار، تاڭلا كۈندە سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئالتۇن تەختىدە بىزلەركىم سۇلتانۇل مۇھەققىقىن بۇزرۇكۋارىڭلار بەرقارار بولۇپ، بارلىق ئەھلى سۇلۇك يارانلىرىغا شاپائەت يامغۇرىنى ياغدۇرغايمىز.

ئىشانىنىڭ بۇ دەبدەبىلىك چاقىرىقىدىن تەسىرلەنگەن ۋە غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇغان بارلىق مۇرىتلار «ئىنشائاللا!» «ئامىن! ئامىن!» دېيىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

## 6

مىلادىيە 1671 - يىلىنىڭ باھار ئايلىرى ئەشەددىي سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتچىلىرىنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى بىلەن باشلاندى. خان يارلىقى ئارقىلىق سەلتەنەت تەقىبىدىن قۇتۇلغان ئىشقىيەچى سوپى - دەرۋىشلەر يارلىقنى دەستەك قىلىۋېلىپ، شەھەرلەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە، خالتا كوچا، ئارقا رەستىلەردىن تارتىپ خىلۋەت كەنت - قىشلاقلارغىچە قاتراپ، ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ، سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ باردى. ئاددىي خەلققە خان يارلىقىنىڭ مەزمۇنىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ھەرقانداق بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن، تۆت ئادەم بىر يەرگە يىغىلغانلىكى سورۇن بولسا مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرنىڭ ئاۋامنى ئەھلى سۇلۇككە دەۋەت قىلىپ سۆزلىگەن نۇتۇق - ۋەزلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى:

— ئى مۆمىنلەر، ئى مۇسۇلمان يارانلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار. ئاللا خاسلىقى خوجىلارغا، يەنى نېمەتلىك پىرىمىز قۇتبىل ئەقتاب ۋەلىيۇللا ھىدايىتۇللا ئىشان خوجامغا خاستۇر. خوجا دېمەك، پىر دېمەكلىكتۇر، پىر دېمەك، شاپائەت تەختىنىڭ يېگانە سۇلتانىدۇر. مۇرىت دېمەك، ئۈممەت دېمەكتۇر. ئاللا بىلەن خوجا ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر مەخلۇقات زىنھار بولماس. ئاللادىن مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمگە قانداق ۋەھيي كەلگەن بولسا، خوجىمىز ھىدايىتۇللا سەللەللاھۇ پىر ئەزەمگىمۇ شۇنداق ۋەھيي كەلگەندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا جانابىي ئاللا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا، قۇتبىل ئەقتاب پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ روھىناتلىرىمۇ بۇ سۆھبەتلەرنى ھەم ئىشىتكەندۇر. پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋە ئىقباللىرى بىلەن ئەۋلىيا پىرىمىزنىڭ مەرتىۋە - ئىقباللىرى ئوخشاشتۇر. شۇڭا، پىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار، پىرىمىزغا قول بېرىپ ئەگەشمىگۈچىلەر، ئەسلىي سۇلۇككە كىرمىگۈچىلەر مۇنكىر - مۇناپىقلاردۇر.

— ھەق! ھەق! ھەق! — دەپ گۈپپاڭچىلىق قىلاتتى يەنە بىر دەرۋىش، — ھەزرىتى سەئىدىل ئەزەم ھىدايىتۇللا خوجىمىزنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرىدىن تەسىرلەنگەن سۇلتان ئىسمائىلخان

ئالىيلىرى پىرى بۇزرۇكىمىزنىڭ مۇبارەك قوللىرىغا ئېسىلىپ، تون - سەرپايلىرىنىڭ پېشىدىكى مۇقەددەس خاك - چاڭلارنى تاۋاپ قىلىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ، گۇناھكەبىرلىرىگە توۋا قىلىپ، سۇلۇكى ئىشقىيەنى ئەۋجى ئالدۇرۇش، مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر سېپىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپلەپ ۋەدە - لەۋزىلەرنى قىلىپ، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن يەتتە ئەۋلادقىچە پادىشاھلىق ئالۋان - سېلىق ئالماسلىق، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ دەستەك ئىنئام قىلدىلەر. ھەزرىتى پىرى ئەزەم ھىدايىتۇللا ئىشان ۋەلىيۇللانىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ، ئول زاتى مۇبارەكىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر سېپىگە قېتىلغانلارنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ مەغپىرەت بولغاي. پادىشاھلىق ئالۋان - سېلىقلاردىن، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىدىن خالاس بولغاي. سۇلتان ئىسمائىلخان سەلتەنىتىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەي. پىرى بۇزرۇكىمىز سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ بۈيۈك رەھنەماسىدۇر، نۇرلۇق سۇھەيل يۇلتۇزىدۇر. پىر بۇزرۇكىمىزغا ئىرادەت كەلتۈرمىگەن خان - سۇلتانلارنىڭ، ئەمىر - بەگلەرنىڭ تەخت - بەختى بىتەھقىق گۇم بولغۇسىدۇر.

— پىرىمىز سۇلتانۇل مۇھەققىقىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەھلى تەرىقەتنىڭ بىناسىنى قۇرغۇچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇچى، جاھالەتنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقۇچى، ئەدلۇ ئادالەتنىڭ خالىس شەمشىرى، ئازغۇن بەندىلەرنىڭ يولباشچىسى ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ شاھ تاجى، جىمىكى خان - سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى…

— ھەق! ھەق! بۇ دۇنيادىكى تەڭداشسىز ساخاۋەت ۋە شاپائەت جانابىي ھەزرىتى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ۋەلىيۇللا پىر بۇزرۇكىمىزگە خاستۇر. ھەرقانداق خان - سۇلتانلارمۇ ئول



زاتى مۇبارەكتەك ساخاۋەتلىك، نېمەتلىك ئەمەستۇر.

— ئول قۇتبىل ئەقتاب پىرى ئەزەمنىڭ ھىدايەت ئاپتىپى جىمىكى رەئىيەتنىڭ بېشىغا باراۋەر چۈشكۈسىدۇر. ئول زاتتەك دانا، شەپقەتلىك، ساخاۋەتلىك ئادالەتلىك يەنە بىر ئىنسان بۇ ئىقلىمدىن تېپىلماستۇر.

— ئەھلى سۇلۇك ئۇممەتلىرىنىڭ زېمىنىدىكى پادىشاھلىق ئالۋان - سېلىقلارنى پۇقرادارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى دەپئى - خالاس قىلىش پەقەت پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ قولىدىنلا كېلىدىغان كاتتا شاپائەتتۇر. كېلىڭلار، ئى يارانلار، ئەھلى سۇلۇككە ئىرادەت قىلىپ، مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر سېپىگە قېتىلىپ ئىككى ئالەملىك ساۋاب تېپىڭلار. ئىشان خوجام دەرگاھىغا سېغىنىڭلار. شۇنداق شاپائەتلىك بىر زاتنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاللا - تائالاغا شۈكرى قىلىپ ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار، سەلتەنەتكە سۇلتان، پېقىر - مىسكىنلەرگە پاسىبان بولۇشىنى تىلەڭلار…

بۇرمىلانغان خان يارلىقى، ئىغۋاگەر تەرغىباتلار، گۇمراھ سادالار، سەلتەنەتكە ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنغان خىرىسلار، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۆككە كۆتۈرۈش سادالىرى كوچا - رەستىلەردە توختىماي جاراڭلايتتى. ئۇرغۇنلىغان نادان خەلق پادىشاھلىق ئالۋان - سېلىق، پۇقرادارلىق مەجبۇرىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ۋەسۋەسىسىدە سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەر سېپىگە بەس - بەستە قېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدانغان ساددا تۇيغۇسىدا سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئالتۇن تەختىدە سۇلتان ئىسمائىلخان ئەمەس، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئولتۇرۇۋاتقاندەك خىياللار زاھىر بولاتتى.

ئۇلار سۇلۇكنى سەلتەنەتتىن، سۇلۇك ئەھكاملىرىنى خانلىق قانۇن - جاساقلاردىن، ئىشان پەرمانىنى خان يارلىقىدىن ئۈستۈن قويۇشاتتى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى مەركەز قىلىپ سەئىدىيە سەلتەنىتىگە، سۇلتان ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە خىرىس قىلد-

ۋاقتىدا بۇ كۈچ كۈندىن - كۈنگە زورىيىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۇلتان ئىسمائىلخان سەلتەنىتى نامىدىن چۈشۈرۈلگەن تۇرلۇك يارلىق - پەرمانلاردىن، قانۇن - جاساقلارنىڭ، ئالۋان - سېلىق، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ئىجراسىنى سۈيلەپ كەلگەن ئەمىر - بەگلەرنىڭ، سىپاھلارنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ، قازى، مۇپتى، پاششاپ - دورغا، يايلارنىڭ بۇيرۇقلىرى ئۆتمەيتتى. خان يارلىقىدىكى ئاتالمىش كەچۈرۈمنى دەستەك قىلىپ زاكونلىشاتتى. ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىلىك مۇرىت ئەمەس، خاس مۇرىت ئىكەنلىكىنى داۋراڭ قىلىشاتتى. پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلغان بىرمۇ ۋاستىلىك مۇرىت قالمىغانىدى. «بىزنى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتاب ھىدايىتۇللا ئىشان ئەلەيھى ۋەسسەللەم خوجىمىز ئۆز قولى بىلەن مۇرىتلىققا قوبۇل قىلغان. ئىشەنمىسەڭلار، جانابىي ئىشان پىرىمىزدىن سوراپ بىلىۋالغايسىزلەر» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى ئۇلار كۆكەرمىلىك بىلەن. خاس مۇرىت بىلەن ۋاستىلىك مۇرىتنى ئايرىيدىغان دەستەك، بەلگە - نىشان بولمىغانلىقى ئۈچۈن باج - سېلىق، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى سۈيلەپ كەلگەن بەگ - سىپاھلار ئامالسىز قالاتتى. ئويلانمايلا چۈشۈرۈلگەن بىر يارلىق سەۋەبىدىن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا تۈگىمەس غوۋغا، جەڭگى - جېدەل، پىتنە - پاسات ئۇرۇقى تېرىلغانىدى. خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەر خانلىق قانۇن - جاساقلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، بەگ - سىپاھلار بىلەن قارشىلىشاتتى.

بۇگۈن شاھىنشىندىكى ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن ھۆدەيچىبەگ ئالدىغا ئىككى قەدەم چىقىپ، سۇلتان ئىسمائىلخانغا سالام بەردى - دە، خەت - چەك تەللىسىدىن بىر تۇتام خەتچەكنى ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلاردىن كەلگەن ئەرز - مەلۇ-



ماتلار بار ئىدى. ئالىھەزرىتىمنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋاقتى يېتەمدىكىن؟

— ئەرز - مەلۇماتلار تەپسىلىي ئوقۇلمىغاي، مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغايمىز، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان.

— ئەرز - مەلۇماتلار جەمئىي بىر يۈز سەكسەن ئىككى پارچە، — دېدى ھۆدەيچىبەگ، — بۇلاردىن بىر پارچىسى قاراقاشلىق مەتسايىمباينىڭ ئون تانابلىق باغلىق يېرىنى قاراقاش بېگى مەتسېلىمبەگنىڭ ئورۇنسىز تارتىۋالغانلىقى، قارشىلاشسا ھەپسىگە ئالدۇرۇپ، قىيناپ پۇت - قولىنى چېقىۋەتكەنلىكى ۋە بىر تۇغقىنىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى خۇسۇسىدىكى زېمىن ۋە خۇن دەۋا - شىكايىتىدۇر. قالغانلىرى ھەرقايسى ئايماق، يۇرت - بەگلىكلەردىن يوللانغان ئۆز تەۋەسىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ خان يارلىقىنى دەستەك قىلىۋېلىپ ئالۋان - سېلىقلارنى تاپشۇرۇشقا، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشكە قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكى خۇسۇسىدىكى مەلۇماتلاردۇر...

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان تەئەججۈپلىنىپ، — بىز خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئەزىزنىڭ پەقەت خاس مۇرىتلىرىنىڭ ئالۋان - سېلىق پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش، باشقا بارلىق ۋاستىلىك مۇرىتلارنىڭ بۇ يارلىقتىن مۇستەسنا ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرگەن ئەمەسمىدۇق. ئول ئىشان بۇزرۇكۋارنىڭ خاس مۇرىتلىرى شۇنچىۋالا كۆپمىدۇر؟

— مەلۇماتتا يېزىلىشىچە، — دېدى ھۆدەيچىبەگ چۈشەندۈرۈپ، — بارلىق سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى خاس مۇرىتلار ئىمىش، ئىشان پىرى بۇزرۇكنىڭ بىرمۇ ۋاستىلىك مۇرىتى يوق ئىمىش.

— مۇمكىن ئەمەس. ئوپئوچۇق خاننىڭ كۆزىنى بويىغانلىق بۇ! — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان غەزەپلىنىپ، —

ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى قانداقسىغا شۇنچىۋالا مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى خاس ئۆز قولى بىلەن قوبۇل قىلالىسۇن. ھەرقايسى يۇرتلاردىكى خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرىنىڭ سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇرىت قوبۇل قىلىدىغىنى ھەممىگە ئايان ئىشقۇ. كۆكەرمىلىك، يالغانچىلىق قىلىپتۇ ئۇلار.

— يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئانھەزرىتىم، — دېدى مىرزا باباقبەگ سۆز ئېلىپ، — سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتلىرىنى سەلتەنەت سۇرى بىلەن چەكلىمەسلىك، تەقىب قىلماسلىق يارلىقى چۈشۈرۈلگەندىن بېرى، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئەھلى سۇلۇك تەرغىباتى ناھايىتىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار رەئىيەتكە خان يارلىقىنىڭ مەزمۇنىنى قەستەن بۇرمىلاپ تەرغىبات ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن رەئىيەت ئالۋان ـ سېلىق، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن قېچىپ بەس ـ بەستە مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر توپىغا قېتىلماقتا.

— ئاشۇ مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر سېپىگە قېتىلغان سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەر بۇنى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ شاپائىتى دەپ چۈشىنىپ، سەلتەنەتكە بولغان ئېتىقادى سۇسلىشىپ بارماقتا، — دېدى مىرزا ئەۋەزبەگمۇ سۆز ئېلىپ، — ئىشقىلىپ، ئاۋام ئارىسىدىكى پىتنە ـ پاساتتىن ئادەم چۆچۈيدۇ.

بۇ مەلۇمات سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ بىردىنلا دىققىتىنى تارتتى.

— قانداق پىتنە ـ پاسات ئىكەن ئۇ؟

— گۇناھىمدىن كەچكەيلا، ئانھەزرىتىم، سورىغانىكەنلا جاۋاب بەرمەسلىككە ئىلاجىم يوقتۇر، — دېدى مىرزا ئەۋەزبەگ، — ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى جانابىي قىبلىگاھىمدىن ئۈستۈن قويۇش مەسلىكى تولىمۇ ئېغىردۇر. ئۇلار ھىدايىتۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكىمىز پات يېقىندا بۈيۈك سەلتەنەتكە سۇلتان، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە پاسىبان بولغۇدەك.



سۇلتان ئىسمائىلخان تەختىنى ئۆتۈنۈپ بەرگۇدەك. سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن ئالۋان ـ سېلىق ئالماسلىق، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش خۇسۇسىدىكى يارلىق بۇ ئىشنىڭ پات ـ يېقىندا روياپقا چىقىشىنىڭ بېشارىتى ئىمىش دېيىشمەكتە.

— يا ھەزرەت، ئوپئوچۇق رىياكارلىققۇ بۇ، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان غەزەپتىن تىترەپ.

— خان ئاتامنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىرى بۇ پىتنە ـ پاساتلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدۇر، خالاس، — دېدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم سۆز ئېلىپ، — ئەمەلىيەتتە سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاشۇ سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان بولسىلا ھەيران قالىلا. قايسى كۈنى ئەنجان رەستىسىدە دۇكان ئارىلاۋېتىپ، سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ سۇلۇك تەرغىباتىغا قۇلاق سېلىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئاللادىن مۇھەممەت سەللەللاھۇ ۋەسسەلەمگە قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پىر ھەزرىتىمگىمۇ شۇنداق ۋەھىي كەلگەنىمىش. پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئول ئىشانىنىڭ مەرتىۋە ـ ئىقباللىرى ئوخشاش ئىمىش. خان ئاتام ئول ئىشانىنىڭ بىرلا كۆرسەتكەن كارامەتلىرى بىلەن سۇلۇكى ئىشقىيەگە ئىرادەت قىلىپ، ئىشانىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلغانىمىشلەر ۋە ئۇ شۇ يارلىقنى چۈشۈرگەنىمىشلەر. ئول ئىشان پىرى بۇزرۇك شاپائەت تەختىنىڭ، جىمىكى خان ـ سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى ئىمىش...

— بولدى بەس! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ئىسمائىلخان. شۇ تاپتا ئۇ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىرەر كىمنى جاللاتقا بۇيرۇشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران بېسىپ ئولتۇراتتى.

سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ بۇنچىۋالا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان بارلىق ئوردا ئەركانلىرى ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ پېتىنالماي، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بۇ پىتنە - پاساتلارغا ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلمىسا ئاقىۋەتنى يىغىشتۇرماق بەسى مۇشكۇلدۇر، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تەختتە غەزەپتىن پۈشۈلداپ ئولتۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخانغا قاراپ.

— ئېيتىڭلارچۇ، ئى جانابىي ئەمىرلىرىم، — دېدى ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغان سۇلتان ئىسمائىلخان ۋەھىمە ئىلكىدە تۇرۇشقان بارلىق ئەمىرلەرگە قاراپ، — سىزلەر مۇشۇنداق پىتنە - پاساتلارنى ئاڭلىدىڭىزلارمۇ؟

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ئاستانە رەستىلىرى ئەنە ئاشۇنداق گۇمراھ پىتنىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، — دېيىشتى باشقا ئەمىرلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان سۇلتان ئىسمائىلخان لاسىدە بولۇپ قالدى.

ئۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەردىن بۇنداق رىياكارلىقنى زىنھار كۈتمىگەنىدى. راستىنلا ئۇلار ياخشىلىقىقا يامانلىق قىلىۋاتامدىغاندۇر، خاننىڭ ھىممىتىگە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىماقتا يوق، بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ھاكىمىيەت، مالىيە، ئەمنىيەت قاتارلىق ھوقۇق دائىرىسىگە كۆز تىكىۋاتامدىغاندۇر، خانلىق قانۇن - جاساقلار بىلەن قارشىلىشىپ ئەلنىڭ ئامانلىقىغا، دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتامدىغاندۇر، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە قىزىقمايدىغاندەك، مەنسەپ - مەرتىۋە، مال - دۇنياغا زىنھار كۆز قىرىنى سالمايدىغاندەك، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن خۇدايى ئىشانلىقىقا بېرىلگەندەك قىلاتتىغۇ ئول ئىشان. مانا ئەمدى ئۆزىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغانلىقى نېمىسىدۇر؟ تېخى ئۆزىنى مەندەك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ پاسىبانى بولمىش خان - سۇلتاندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، تەرغىبات



ئېلىپ بېرىشىدا قانداق مۇددىئالىرى باردۇر؟...

سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ خىياللىرى تولىمۇ چىگىش ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرىدا ئۆكۈنۈشمۇ، پۇشايمانمۇ، ھەسرەتمۇ بار ئىدى.

شاھىنشىنىڭ ئىچى ئىمتاسلىقىقا چۆمگەنىدى. سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان فونتاندىكى بېلىجانلار سۈپسۈزۈك سۇدا غەمسىز پىلتىڭلايتتى. سىرتتا توپا - قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ چىقىۋاتقان باھار شامىلى يېقىمسىز ئۇشقىرتاتتى.

شۇ ئەسنادا شاھىنشىنغا كىرىپ كەلگەن رەجەپ دەرۋىش، مەخدۇمزادە شۇئەيب خوجا، دانىيال خوجىلارنىڭ ئەنسىز ئاياغ تاۋۇشى شاھىنشىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. بارلىق ئوردا ئەركانلىرى تەكلىپسىزلا كىرىپ كەلگەن بۇ مېھمانلارغا ئەجەبلىنىپ قاراشتى.

شۇ دەقىقىدە باش - ئاخىرى يوق خىياللارغا ئەسىر بولغان سۇلتان ئىسمائىلخان سالام - سەھەتسىزلا گۆشىيىپ تۇرغان پىر بۇزرۇكى بولمىش ئىككى مەخدۇمزادىگە يا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى يا يېنىغا تەكلىپ قىلىپ ھىممەت كۆرسىتىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالغانىدى:

— داد، ئادالەتپاناھىم! — دەپ زارلاندى رەجەپ دەرۋىش تۇرغان جايىدىلا موكلا تىزلىنىپ.

— ئى خەلىپەم، جانابلىرىغا قانداق دىشۋارچىلىق يەتتى؟ ئەرز - دادلىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلىسۇنلار، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن مەخدۇمزادىلەرنىڭ مۇددىئالىرىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— ئى ئادالەتپاناھىم، — دېدى رەجەپ دەرۋىش تىزلانغان پېتى سۆزلەپ، — جەننەتماكان پىرى بۇزرۇكىمىز مۇلھىد ئەغيارلىرىمىزنىڭ قەستىگە ئۇچراپ ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئول زاتى مۇبارەكتىن تەۋەررۈك قالغان ئىككى مەخدۇمزادىمىزگە

قول بېرىپ، سۇنۇق دىللىرىمىزنى تەسەللى تاپقۇزغان، قاتىلنى
تېپىپ خۇن - قىساسىمىزنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدىلە.
ئالىيلىرىنىڭ ھىممەت - شەپقىتىدىن ئالەمچە سۆيۈنگەنىدۇق،
ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئاستانىمىزگە ئىپلاس ئاياغ-
لىرىنى بېسىشقا پېتىنغان قىيامەتلىك ئەغيارىمىز بولمىش مۇل-
ھىد، نامۇسۇلمان خوجا ھىدايىتۇللاغا دوستلۇق قۇچاقلىرىنى
ئاچتىلا. گەرچە يۈرەك - باغرىمىز خۇن - زەرداب بولۇپ تۇرسى-
مۇ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئەلا بىلىپ بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدۇق.
كېيىن ئاڭلىدۇقكى، جەننەتماكان پىرىمىزنىڭ قاتىلى بولمىش
ئول كاززاپ، ناكەسكە بىسيار ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۇرۇپ،
مۇرىت - مۇرشىدلىرى بولمىش ئىشقىيەچى مۇرتەتلەرنىڭ زىمى-
مىسىدىكى پادىشاھلىق ئالۋان - سېلىقلارنى، ئۆتەشكە تېگىشلىك
پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى يەتتە ئەۋلادىغىچە كەچۈرۈم قى-
لىش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ كۆپ شەپقەت كۆرسىتىپلا.
بۇل ئادالەتسىزلىكتىن زار - زار قاقشىغان بولساقمۇ يەنىلا مەيلى
دېدۇق، ھەقتائالاغا، جەننەتماكان پىرى بۇزرۇك مەخدۇمزادى-
مىزگە سېغىنىپ سۈكۈت قىلدۇق. مانا ئەمدى يەنە ئاڭلىدۇق-
كى، ئادالەتپاناھىمىز ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىن يېنىپ، ئىشقىيە
سۇلۇكىگە ئىرادەت قىلۇرمىش، ئاشۇ مۇلھىد ھىدايىتۇللا ئىشان
دېگەن دوزىخنى پىرى بۇزرۇك تۇتارمىشلەر. ھەيرانۇھەس، بى-
ھوش - نىمجان بولۇپ، ياقىمىزنى تۇتتۇق. ھەقتائالادىن،
جەننەتماكان مەخدۇمزادىمىزدىن ئادالەتپاناھىمىنىڭ پىرىدىن يۈز
ئۆرۈگەنلىك گۇناھىنى تىلىدۇق. يەنە ئاڭلىدۇقكى، ئادالەتپاناھ
يېقىندا بۈيۈك سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ ئالتۇن تەختىنى ئول
ھەججاج مۇناپىق ھىدايىتۇللاغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، يۇرتدارچىلىق
تىزگىنىنى تۇتقۇزارئىمىش. ئول مۇرتەت خان ئىشان بولۇپ
ھۆكۈمرانلىق قىلارئىمىش. قىبلىگاھىم سەلتەنەتتىن كەچمەك-
لىك بولغانلىقىنىڭ بائىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويمىسا زىنھار ئور-



ئومدىن تۇرماسمەن، بەلكىم بۇل مۇقەددەس ھۇزۇرى مۇبارەكتە
ئەجەل شارابىنى ئىچىپ، ئول مەلئۇننىڭ خان ئىشان بولغانلىقى-
نى زىنھار كۆرمەسمەن.
رەجەپ دەرۋىش شۇنداق دېدى - دە، ھۆركىرەپ يىغلىۋەت-
تى، كۆز ياشلىرى يېپەكتەك ئاپئاق ساقاللىرىنى يۇدى. ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ ئىككى مەخدۇمزادىمۇ مىشىلداشقا باشلىدى. سۇلتان
ئىسمائىلخان بولسا نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي
قېتىپلا قالغانىدى. باياتىن بېرى مىرزا باباقبەگ قاتارلىق ئەمىر-
لەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي ئىككى
تايىن بولۇپ تۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخان مانا ئامدى قەتئىي بىر
قارارغا كەلگەنىدى.
— ئى خەلىپەم، كوچا - كويلاردىكى رىياكار سوپى -
دەرۋىشلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئىشەنمىسۇنلار. بىزنىڭ پىر
بۇزرۇكىمىز مەخدۇمزادىلەردىن يۈز ئۆرۈپ باشقا پىرغا ئىرادەت
قىلغانىمىز يوقتۇر، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ۋەزمىن ئا-
ھاڭدا سۆزلەپ، — بابائى ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان بۇل
ئالتۇن تەختنى ئۆزگىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەم خىيالىمىز يوق-
تۇر. پەقەت ئەمىرلىرىمىزنىڭ گېپىگە كىرمەي ئول ئىشان
ئەزىزلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئىجابەت قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەن سە-
ۋەنلىكىمىز باردۇر. ئەمدى بىلدۇقكى، مۇقەددەس يارلىق بۇزمى-
لىنىپ، رەئىيەتكە خاتا تەرغىبات ئېلىپ بېرىلىپتۇ. شۇ بائىس-
تىن تۈگىمەس پىتنە - پاسات ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ، سەلتەنە-
تىمىز خىرىستا قاپتۇ. مۆھتەرەم پىرى بۇزرۇك مەخدۇمزادىلە-
رىمىز زىنھار تەشۋىشلەنمىگەي.
سۇلتان ئىسمائىلخان ئىككى مەخدۇمزادىنىڭ قېشىغا
كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ شاھ سۇپىدىكى تەختكە
يېقىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەزىز، ھۆرمەتلىك مېھمانلار ئۈچۈن
قويۇلغان كۇرسىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— خان ئاتا، تېزدىن بىر تەدبىر قوللىنىپ، بۇ پىتنە - پاساتلارنى چەكلىگەيلا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يەنە مۇراجىئەت قىلىپ.

— ئى جانابىي ئەمىرلىرىم، بىرەر ياخشى تەدبىر كۆرسەتكەيسىزلەر.

ئەمىرلەر دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ كۇسۇرلىششقا باشلىدى.

مىرزا باباقبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز ئالدى:

— خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا بېرىلگەن يارلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاي. ئانھەزرىتىم بۇ خۇسۇستا زىنھار ئىككىلەنمىگەي.

— ئەمىرى كەبىر جانابلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بەرھەق، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — سىلى رەھىم قىلىش، شەپقەت ۋە ساخاۋەت كۆرسىتىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ لەۋزىدىن يانماسلىق ئەلۋەتتە خان - سۇلتانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدۇر. ئەمماكى يامانلارغا كۆرسەتكەن لۇتقى كەرەم سەۋەبلىك ئەل - رەئىيەت، سەلتەنەت مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، شۇل سەۋەبلىك ئەل - يۇرت ئارىسىدا پىتنە - پاسات ئۇرۇقى چېچىلىپ، سەلتەنەتكە خەۋپ - دىشۋارچىلىق يەتسە، لەۋزە - ۋەدىلىرىدىن يېنىۋالماق ئەلۋەتتە دانالىق بولۇر. جانابىي ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» ناملىق كىتابىدىكى ئەغيارلار ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە، پىتنە - پاسات تېرىپ ئەلگە تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقى چاچقۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بايانلىرى ئىچىدىكى يامانلارغا شەپقەت، سىلى - رەھىم قىلماسلىق خۇسۇسىدا يازغان نەسىھەتلىرى خان ئاتامنىڭ ئېسىدە باردۇر، — مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نەۋائى ھەزرەتلىرى شۇنداق دەپتۇلەركى: «يامانلارغا ياخشىلىق يەتكۈزمەك ياخشىلارغا زىيان ۋە ئەلەم كەلتۈرمەكتۇر. مۈشۈككە يول قويماق كەپتەرنى ئاپەتكە يولۇقتۇرماقتۇر. تۈلكىنىڭ تەرىپىنى ئالماق توخۇنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتماقتۇر. بۆرىنى قوزا بىلەن بېقىپ سېمىز قىلماق ئاخىرى كېيىكلەر تۇپىغا رەھىمسىزلىك ئەكېلىدۇ...»

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۆزلىرى سۇلتان ئىسمائىلخانغا تېزلا تەسىر قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپلا «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» دىكى تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا نەزمىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

دەۋر بىۋاپالىرى جەۋرىدىن داد،
دەھرىبىھايالىرى بىدادىدىن فىغانۇ - فەرياد![1]

شۇ ھامان شاھنىشىن ئىچىدە ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى:

— ئانھەزرىتىم دانادۇر.

— قىبلىگاھىم تەدبىرلىكتۇر.

— دۆلەتپاناھىمنىڭ ئادالىتىدىن ئەل - رەئىيەت بېشىدىكى ئەمىنلىك قۇياشى ئۆچۈپ قالمىغاي.

— يارلىق! — دەپ جاكارلىدى بىر قارارغا كەلگەن سۇلتان ئىسمائىلخان روھلۇق ھالدا، — خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئەزىزلەرگە چۈشۈرۈلگەن يارلىق بۈگۈندىن باشلاپ ئەمەلدىن قالغاي. سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكىگە خاس ياكى ۋاسىتىلىك ئىرادەت قىلغان بارلىق مۇرىتىل ھىدايەتچىلەردىن ئوخشاشلا ئالۋان - سېلىق ئېلىنغاي. پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشكە بۇيرۇلغاي. تۈرلۈك سۇلۇك تەرغىباتلىرى سەلتەنەت سۇرى بىلەن قاتتىق چەكلەنگەي. قارشىلاشقۇچىلار، يارلىققا خى-

[1] زامان ۋاپاسىزلىرىنىڭ جەبرىدىن داد،
جاھان ھاياسىزلىرى زۇلمىدىن پىغانۇ پەرياد.

لاپلىق قىلغۇچىلار خانلىق قانۇن ـ جاساقلار بىلەن قاتتىق جازالانغاي. پىتنە ـ پاسات تېرىپ ئەل ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغاي.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ يېڭى پەرمانى بىلەن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا جانلىنىپ كەتكەن مۇرىتلىك ھىدايەتچىلەرنىڭ سۇلۇك تەرغىباتى خېلىلا بېسىقىپ قالدى. بىر مەزگىل تېرىسىگە سىغماي، خالىغان يەردە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، قۇتراتقۇلۇق قىلغان سوپى ـ دەرۋىشلەر قايتىدىن مازارلارغا، قەلەندەرخانىلارغا، خۇپىيەخانىلارغا كۆچتى. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ يارلىقىدىن يېنىۋېلىشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بولسا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە ئاي ئىچىدە مۇرىتلىك ھىدايەتچىلەر بايرىقى ئاستىغا نەچچە ئون مىڭ مۇرىت توپلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئەمما، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىگە كۆز تىككەن ئىشاننىڭ ۋۇجۇدى شۈكرى ـ قانائەتتىن تولىمۇ يىراق ئىدى. شۇڭا، ئەجەل خەنجىرىنى غىلاپتىن چىقارغان ھىدايىتۇللا ئىشان ھەرقايسى يۇرت ـ بەگلىكلەردىكى ئۆزىگە ئەڭ سادىق، ئەڭ ئىشەنچلىك ئەشەددىي قانخور، كاللا كېسەر مۇرىتلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھىجابۇل غەيبىلىرىگە سۇلتان ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ يېقىن، مۇھىم ئەمىرلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

## 7

بۇ يىل باھار پەسلىدىكى ئانچە ـ مۇنچە بورانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاستانە ۋە ئاستانە ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ياز پەسلى تولىمۇ ياخشى باشلاندى. يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ



يىللاردىكىدىن خېلىلا مول كەلگەن بولۇپ، گەجگە سۈيىگە قاندۇرۇپ سۇغىرىلغان ياپپېشىل بۇغداي مايسىلىرى قىر يېپىپ تاختا بولغانىدى. بۇدرۇقىنا ئۆسۈۋاتقان كېۋەز مايسىلىرى بىر غېرىچ بوي تارتىپ قالغان، دېھقانلار قوناق مايسىلىرىنى تاقلاپ، ئۇلاشقا چۈشكەنىدى. قاراڭغۇلاشقان باغلاردىن قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى ئۈزۈلمەيتتى. ئالا بولۇپ سارغىيىشقا باشلىغان ئۆرۈكلەر تارتىنچاق قىزلاردەك يوپۇرماق ئارىسىدىن مارايتتى.

مىرزا باباقبەگ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق يېقىن ئەمىر ـ مەھرەملىرى بىلەن چاربازارچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، خۇپىيانە ئەل ئارىلاشقا چىققان سۇلتان ئىسمائىلخان ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى ئەڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ئارىلاپ، نامرات پۇقرالار بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇپ بۈگۈن كەچ پېشىن بىلەن يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەنىدى.

— قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا خەۋەر بېرىۋېتەمدۇق، خان ئاتا؟! — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، غىزاغا تازا كۆڭلى تارتماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخانغا قاراپ.

— ھازىرچە خەۋەر بەرمەي تۇرايلى، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان، — يېڭىسار، ياپچانلارنى ئارىلاشقىمۇ يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز.

— ئارى، — دېدى مىرزا باباقبەگ، — ئەل ـ ئاۋامنىڭ دەردۇ ئەھۋالىنى ھەقىقىي بىلىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ نۆۋەتتىكى زىيارىتىمىز ھەرقايسى يۇرت ـ بەگلىكلەردىكى ئەمىر بەگلەردىن خۇپىيانە تۇتۇلغىنى ياخشى.

ئۇلار بۇ قېتىمقى خۇپىيانە زىيارىتىنى ئوردىكى خېلى كۆپ ئەمىرلەردىن سىر تۇتقانىدى. ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەۋەزبەگ قاتارلىق ئاز بىر قىسىم ئەمىرلەردىن باشقىلىرى سۇلتان ئىسما-

ئىلخاننى ياز پەسىللىك شىكارغا چىقىپ كەتتى دەپ بىلەتتى. بۇ قېتىمقى خۇپىيانە ئەل ئارىلاشنى تولىمۇ مەخپىي تۇتقان سۇلتان ئىسمائىلخان باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىككى نەپەر خاس قورۇقچى يىگىتتىن باشقا ئارتۇقچە مۇھاپىزەتچى ئېلىۋالمىغانىدى.

سۇلتان ئىسمائىلخانلار ئاستانىدىن ئايرىلىپ ئىككىنچى كۈنى كەچتە، ئوردا شىغاۋۇل ئەمىرى[1] مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ خانىقا دەرۋازىسىغا جايلاشقان قەسىرىگە بىر يوچۇن كىشى ئەتراپقا قاراپ - قاراپ قويۇپ كىرىپ كەلدى - دە، ھويلىدىكى ئەتىرگۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان ياش خىزمەتكاردىن سورىدى:

— شىغاۋۇل ئەمىر جانابلىرى نەدىكىن؟

— ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دېدى خىزمەتكار.

— ئۆزلىرى كىم بولىدىكىن؟

— شىغاۋۇل ئەمىرگە خەۋەر قىلىپ قويسىلا، كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، — دېدى يوچۇن كىشى ئەزمىلىك قىلىپ تۇرغان خىزمەتكارغا تەرىنى تۇرۇپ.

خىزمەتكار ئىچكىرى قورۇغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى.

— ئەمىر خوجام ئۆزلىرىنى تەكيىخانىدا ساقلاۋاتىدۇ.

يوچۇن ئادەمگە شىغاۋۇل ئەمىر قەسىرى ئانچە ناتونۇش بولمىسا كېرەك. خىزمەتكارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپلا ئىچكىرى قورۇغا قاراپ ماڭدى - دە، تەمتىرىمەيلا قوش قاناتلىق ئىشىكى بار بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى.

ئوتتاشتەك گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان مىرزا ئىدرىسبەگ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ بەرگەن سالامنى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگىنىچە

[1] شىغاۋۇل ئەمىرى — چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈشكە مەسئۇل ئەمىر.



ئىلىك ئالدى - دە، مېھماننى تۆرگە باشلىدى.

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، مەخسۇم.

مېھمان بىلەن ساھىبخانا قىسقىلا تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن قايتىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

— ھە، قانداق بولدى؟ — ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى مىرزا ئىدرىسبەگ.

— گۇمانلىرى توغرا ئىكەن، بېگىم، — دېدى مېھمان.

— خان ئالىيلىرى راستتىنلا شىكارغا چىقماپتۇ. كىيىنىشلىرىمۇ غەلىتە، ئاددىي ئېگىنلەرنى كىيىۋاپتۇ. بەئەينى ئۇششاق چاربازارچىلاردەك.

— نەگە مېڭىشتى ئۇلار؟

— ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قىزىلغىچە[1]قارا كۆرۈنۈش ئەگەشىپ بېرىپ قايتىپ كەلدىم. ئۇلار يول بويى نامرات رەئىيەت بىلەن دىدار - مۇلاقەتتە بولۇپ، ھال - ئەھۋاللىرىنى ئاڭلاپ، ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل - پۇچەك تارقىتىپ مېڭىشتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئېلىۋالغان پۇل - پۇچەكلىرى ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ئۇلار يېڭىسار تەۋەسىگە ئۆتكەن بولسا، قەشقەرگە بېردشى ئېنىق، — دېدى مىرزا ئىدرىسبەگ ئويلانغان ھالدا، — ئۇلار جەمئىي نەچچە ئادەم ئىكەن؟

— يەتتە ئادەم.

«سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرى بۇ نۆۋەت راستتىنلا قاراملىق قىلىپتۇ. خۇدا بىزنى نىيەت - مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزدىغان ئوخشايدۇ» دېدى شىغاۋۇل ئەمىر ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ.

— ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ھەمراھلىرى يوقتۇر - ھە؟

پەقەتلا يوق، بېگىم.

[1] قىزىل — يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسى.

مېھماننىڭ جاۋابىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغان شىغاۋۇل ئەمىر قويىنىدىكى ھەميانىدىن بىر سەرلىك سەئىدىيە كۈمۈش ئاقچىسىدىن ئون تالنى ئايرىپ ئالدى ـ دە، مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاز بولسىمۇ بۇ پۇلنى خىراجەت قىلغاچ تۇرسىلا.

— لازىم ئەمەستى، بېگىم، — دېدى كۈمۈش ئاقچىنى كۆرۈپ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن مېھمان يالغاندىن تەكەللۇپ قىلىپ.

— ئېلىۋېرىسىلە، مەخسۇم، — دېدى مىرزا ئىدرىسبەگ، — بۇ ئىشلارنى قەتئىي سىر تۇتقايلا، ئىش ـ پىشلەر بولسا يەنە خەۋەر بېرۇرمەن. پۇل ـ پۇچەكتىن قىسىلىپ قالسىلا دەرگاھىمىزغا بىمالال كېلىۋېرىسىلە. ئوغۇلچاق پەرزەنتلىرى ئەتە سەھەردە شىغاۋۇل مەھكىمىسىگە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەي، مۇۋاپىق خىزمەت، ئىش ھەققى بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەيمەن.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، بېگىم.

مېھمان يەتتە پۈكلىنىپ تەزىم قىلغىنىچە تەكيىخانىدىن يېنىپ چىقتى.

— ياناملا، ئۇزاتمىدىم ئەمىسە، — دېدى مىرزا ئىدرىسبەگ تەكەللۇپسىزلا.

تاڭ سەھەر، بامداتتىن يانغان مىرزا ئىدرىسبەگ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ جۇزدانىدىن[1] سۇتتەك ئاق پاتلىق خوتەن قەغىزىنى ئالدى ـ دە، ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتا يىرتىۋېلىپ نەپىس ئىشلەنگەن ياغاچ قەلەمنى سىياھدانغا مىلەپ تۇرۇپ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

① جۇزدان — قەغەز ـ قەلەم ساقلايدىغان قاپچۇق.



«تۇنۇگۇن ئاستانىدىن يەتتە نەپەر چاربازارچى ئەزىز
مېھمان قەشقەر تامان يۈرۈپ كەتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە
يېڭىسار ياكى ياپچاندا كۈتۈۋالغايلا.
ساداقەتمەن مۇرىتلىرى غايىب يۇلتۇزدىن»

مىرزا ئىدرىسبەگ خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن خەتنىڭ سىياھى قۇرۇغىچە بىرئاز ساقلاپ تۇردى. ئاندىن خەتنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ تاشقىرىقى ھويلىسىنىڭ باغقا تۇتاش تېمىغا سېلىنغان ئاتخانىسىنىڭ ئۈستىگە شوتا ئارقىلىق چىقتى. ئۈستى كەپتەرخانا ئىدى. ئۇ ئۆيدەك يوغانلىقتىكى قوما ئارقىلىق كەپتەرخانىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى ـ دە، ئۇ يەردە ئايرىم بېقىلىۋاتقان ئىككى جۈپ كەپتەر ئارىسىدىن بوي ـ بەستى خېلىلا يوغان، پاقا كۆزلۈك كەپتەرنى تۇتۇپ سىرتقا ئاچىقتى ۋە قوينىدىكى ھېلىقى خەتنى تۈجۈپلەپ يۆگەپ بۇيا غولىچىلىك تېرە قاپچۇققا ئاۋايلاپ سالدى ـ دە، قاپچۇقنى كەپتەرنىڭ پۇتىغا بىر تال مەشۈت يىپ بىلەن مەھكەم چىگدى.

«ئۇچ كەپتىرىم، ئىلدام بېرىپ ئىشان پىرىمغا خەۋەر يەتكۈز» دەپ پىچىرلىدى ئىدرىسبەگ كۆك قەرىدە بارا ـ بارا كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقان كۆك كەپتەرگە قاراپ.

قەشقەر، ھىدايىتۇللا ئىشان قەسرى.

دىگەر نامىزىغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن تەمشىلىپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان، خۇتبىخانىسىنىڭ پەنجىرىسى ئالدىغا ئۆگزە بويى ئېگىزلىكتە ئورنىتىپ قويغان پەغەزگە كېلىپ قونغان كەپتەرنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن لىق سۇ تولدۇرۇلغان ئىۋرىقنى تاشلىۋەتتى ـ دە، يېشىپ بولغان ئىشتان بېغىنى چىگىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، بىر قولىدا ئىشتىنىنى قولتۇقلىغىنىچە خۇتبىخانىسى تەرەپكە يۈگۈردى.

— ھاي، قايسىڭ بار؟
ئىشاننىڭ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ سۇپا ئۈستىدە ئېزىلىپ ياتقان موللا نەقى خەلىپە يۈگۈرۈپ چىقتى.
— لەببەي، ئېمەتلىك پىرىمنىڭ قانداق تاپشۇرۇقى بار ئىدىكىن؟
— قارىسىلا، خەلىپەم، «پاقا كۆز» قايتىپ كەلدى، — دېدى ئىشان پەغەزدىكى كۆك كەپتەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — دەرھال ئەچۇشسىلە.
— خوش.
موللا نەقى نەگىدۇر يوقىلىپ بىردەمدىلا ئوڭ قولىغا قاپاقنى، سول قولىغا بىر سىقىم تېرىقنى ئېلىپ پەيدا بولدى - دە، قاپاقنى شاقىلداتقاچ، تېرىقنى يەرگە چېچىپ تۇرۇپ كۆك كەپتەرنى قىچقاردى.
«يەھ ...، يەھ ...، يەھ ...»
كۆك كەپتەر بىرنەچچە دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن پەغەزدىن يەرگە چۈشتى - دە، ئاۋۋال يەردىكى چېچىلغان تېرىقنى يېدى. ئاندىن ئۈركۈمەيلا موللا نەقىنىڭ بىلىكىگە قونۇپ ئالىقانلىرىدىكى تېرىقنى چوقۇپ يېيىشكە باشلىدى.
موللا نەقى قولىدىكى تېرىق تۈگىگۈچە كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن كەپتەرنى ئوڭ قولىدا ئاۋايلاپ تۇتتى - دە، پۇتىدىكى مەشۈت يىپ بىلەن مەھكەم چىگىلگەن تېرە قاپچۇقنى يېشىۋېلىپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئۇزاتتى.
ئىشان تېرە قاپچۇق ئىچىدىكى خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.
— مېنى بابائى بۇزرۇكلىرىمىزنىڭ پاك روھىناتلىرى قوللاۋاتقان ئوخشايدۇ. ئىنشائاللا، مەقسەتلىرىمىز ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە روياپقا چىققۇدەك، — ئىشان خەتكە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان موللا نەقىگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، —



«پاقا كۆز»گە دان - سۇنى كۆپرەك بېرىپ ياخشىراق باققايلا، خەلىپەم.
ئىشان پېشىن نامىزىنى ئۆتەشنىمۇ ئۇنتۇپ خۇتبىخانىغا كىردى - دە، ئالدىراش خەت يېزىشقا كىرىشتى.

«زاتىل ئەقتاب مۇرىتىم بولمىش غايىب يۇلتۇز جانابلىرى:
چاربازارچى مېھماننى مۇۋاپىق مەنزىلدە ئوبدان كۈتۈۋالغايمىز. ئاستانە ۋە ئوردا ئۆزلىرىگە ئامانەت، ئىنشائاللا، پات يېقىندا غەلىبە - نۇسرەتلىرىمىزنى تەبرىكلەپ تەخت ئۆزرە بەرقارار بولغايمىز. ئاستانىدىكى بارلىق مۇرىتىل ھىدايەتچى يارانلار تەق بولۇپ تۇرغاي.
سۇلتانۇل مۇھەققىقىندىن»

ئىشان بىرىنچى پارچە خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئىككىنچى پارچە خەتنى يېزىشقا كىرىشتى.

«يېڭىسار دىيارىدىكى ھىجابۇل غەيىب بولمىش باھادىر غازىلىرىم، ئاستانىدىن كەلگەن يەتتە نەپەر چاربازارچى مېھماننى ياپچاندىن ئۆتكۈزمەي ھەلقۇم[1] تىغ ياكى زوقۇمجان[2] قىلىپ كۈتۈۋالغايسىزلەر. پەرمان بىتەخىر ۋە قەتئىي ئورۇندالغاي.
نۇسبەت خەۋرىڭلارنى كۈتۈپ سۇلتانۇل مۇھەققىقىنىڭلاردىن».

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئىككى پارچە خەتنى يېزىپ بولغان-

① ھەلقۇم تىغ — بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش.
② زوقۇمجان — زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش.

دىن كېيىن ئىنچىكە يۆگەپ تېرە خالتىغا قاچىلىدى.
تاڭ سەھەر.
ھىدايىتۇللا ئىشان قەسىرىدىن ئۇچقان ئىككى كەپتەر ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ ھايت - ھۇيت دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.
كەپتەر ئارقىلىق خەت - خەۋەر يەتكۈزۈش يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خېلىلا ئومۇملاشقان ئىش ئىدى. كەپتەرلەردىن يالغۇز خان - سۇلتان، ئەمىر - بەگلەرلا پايدىلىنىپ، جىددىي مەلۇمات - خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ قالماستىن، ئاددىي خەلقمۇ يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا كەپتەرلەر ئارقىلىق خەت - خەۋەر قىلىشاتتى. بوي - بەستى چوڭ، ئۇچۇشقا، ئۇسسۇزلۇققا، ئاچلىققا چىداشلىق، لاچىن، بۈركۈت، سار قاتارلىق كۈشەندىلىرىگە ئاسانلىقچە بوي بەرمەيدىغان بۇنداق خەۋەرچى كەپتەرلەرنىڭ ياخشى ئۆگىتىلگەنلىرى ئادەمدەكلا ئەقىللىق، سۈرئىتى تېز ئىدى.
ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ ھەرقايسى يۇرت - بەگلىكلەردىكى خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرى ۋە مىجابۇل غەيبلىرى بىلەن كەپتەرلەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. جىددىي بۇيرۇق، سۈيىقەستلىك پىلانلىرىنى كەپتەرلەر ئارقىلىق يەتكۈزەتتى. مانا بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئىشان قەسرىدىن ئۇچقان كەپتەرلەرنىڭ بىرى ئاستانىگە، مىرزا ئىدرىسبەگ قەسرىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. يەنە بىرى قوزىچۇش مەھەل بىلەن يېڭىسار قەلئەسىدىكى سىرتىدىن ئانچە ھەشەمەتلىك كۆرۈنمەيدىغان بىر قورۇغا چۈشتى - دە، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان، ئۇڭ مەڭزىدە روشەن تارتۇقى بار، كەكە ساقاللىق ئادەمنىڭ مەيدىسىگە قونۇپ بىرنەچچىنى ئۇنلىدى.
تارتۇق چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى - دە، كەپتەرنى ئاۋۋايلاپ تۇتتى، پۇتىدىكى تېرە قاپچۇقنى يېشىۋېلىپ، كەپتەرنى ئۆگزىدىكى قۇمىغا سولاپ ئالدىغا بىر چاڭگال تېرىق چېچىپ بەردى. ئاندىن ئۆگزىدە تۇرۇپلا خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى، خەت بىلەن تېرە قاپچۇقنى قوينىغا سېلىپ، ھويلىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ سىرتقا ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.



## 8

يېڭىساردىكى ئاۋامنىڭ ئاھۇ زارى بۇ يۇرتنى خۇپىيانە ئاردىلىغان سۇلتان ئىسمائىلخاننى خېلىلا بىئارام قىلدى. سۇلۇكى ئىشقىيە يولىنى تۇتقان يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى بۇ يۇرتتىكى مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن جازالاپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ، خانۇۋەيران قىلغىنىدىن باشقا، سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاددىي ئاۋاممۇ قاڭغىر قاقشاتقانىدى. ئەسلىدىنلا سۈيى قىس، تۇپرىقى شورلۇق ۋە ئۈنۈمسىز يۇرتتا سۇنىڭ بېشى، يەرنىڭ ياخشىلىرى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. گەرچە سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن ئالۋان - سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىساردا تېخىچىلا ئىجرا قىلىنىۋاتاتتى. ھاكىمبەگنىڭ كۈچلۈك ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن يېڭىساردىكى مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر تۈرلۈك زورلۇق ۋاستىلەر بىلەن يەرنىڭ مۇنبەتلىرىنى، باغ باراڭنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈكىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بولسىمۇ، خانلىق ئالۋان - سېلىقلارنى تاپشۇرمايتتى، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا ئىدى، ئەمما سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ۋە سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاۋام كاسىپلار، تىجارەتچىلەر، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەن-

لەر، دېھقانلار ئىلگىرىكىدىن نەچچە باراۋەر ئېغىر ئالۋان -
سېلىق تاپشۇرۇشقا، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى ئۆتەشكە
مەجبۇر ئىدى. بۇ تەڭسىزلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن
سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردىدىكى چېغىدا مۇشۇ خۇسۇستا كەلگەن
ئەرز- شىكايەتلەر، مەلۇماتلارغا ئانچە ئېتىبار قىلمىغانلىقىدىن
تولىمۇ ئۆكۈندى. سەلتەنەتكە ساداقەتسىز، نەپسانىيەتچى بىر رى-
ياكارنى بۇ يۇرتقا ھاكىملىققا قويغانلىقىدىن كۆپ پۇشايمان يې-
دى. غەزىپىگە پايلىماي مەھكىمىگە بېسىپ كىرىپ ھاكىمبەگنىڭ
مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئەمىرىكەبىر مىرزا باباقبەگ ئۇنى توسۇپ قويدى.
— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، ئانھەزرىتىم، — دېدى مىرزا
باباقبەگ، — سىلى ھازىر سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ خانى - سۇل-
تانى ئەمەس، بەلكىم بىر ئاددىي چاربازارچى، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ئەتراپىمىزدا تۇزۇك قورۇقچى - لەشكەرلەرمۇ يوق، ئالىمادىس
يېڭىسار ھاكىمىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ بەش مىڭدىن
ئارتۇق لەشكىرىگە بىز يەتتىمىز ھەرگىزمۇ تەڭ تۇرالمايمىز.
يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى تولىمۇ قارانىيەت ئاددەمدەك قىلىدۇ. ئۇ
ئالىيلىرىنىڭ ئاددىي بىر چاربازارچى قىياپىتىدە يېڭىساردا پەيدا
بولغانلىقىنى ئاڭلىسا نىيىتى بۇزۇلۇپ قەست قىلىشى مۇمكىن.
شۇڭا، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېھتىيات قىلمىقىمىز، سالاھىيە-
تىمىزنى خۇپىيانە تۇتۇشىمىز لازىم. قەشقەرگە ساق - سالامەت
بېرىۋالغاندىن كېيىن، قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى
جانابلىرى ئارقىلىق قەشقەرگە چاقىرتىپ ئەكېلىپ، مەنسەپ -
كۇلاسىنى ئېلىپ تاشلاپ جاساققا تارتسىلىمۇ كېچىكمەيدىلا.
— ئارى، ئەمىرى كەبىر جانابلىرىنىڭ سۆزلىرى يول-
لۇق، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ نەسىھەت قىلىپ، —
ئۆزلىرىنى بېسىۋالغايلا، خان ئاتا. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن
مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ قول ئاستىدىكى قەشقەر لەشكەرلىرى-



دىن مىڭنى ئارىيەت ئېلىپ بەرسىلە، ئۆزۈم يېڭىسارغا لەشكەر
باشلاپ كېلىپ بۇ مۇناپىق ئەمىرنى ئۆز قولۇم بىلەن باغلاپ
ئالدىلىرىغا ئەكەلگەيمەن.
— ئۇنداق بولسا بۇگۇنلا قەشقەرگە بارايلى، — دېدى سۇلتان
ئىسمائىلخان ئۇلارنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، — مەن تېخى
ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلاردىكى ئەمىر - بەگلىرىمنى سەلتەنەتكە
سادىق، پاك - دىيانەتلىك دەپ ئويلاپ خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتى-
مەن. كىم بىلىدۇ. بۇنداق رىياكار ئەمىرلەردىن يەنە نەچچىسى
بارلىقىنى، ئاستانىگە قايتقاندىن كېيىن ھەرقايسى يۇرت - بەگ-
لەرگە بىر تۈركۈم ئەمىرلەرنى خۇپىيانە ئەۋەتىپ، ئەمىر -
بەگلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيمەن، رەئىيەتنى قاڭغىر قاقشاتقان،
سەلتەنەتكە ساداقەتسىزلىك قىلغان نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارغا
قىلچىلىك يۈز - خاتىر قىلمايمەن.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار قوزىچۇش بىلەن يېڭىساردىن ئايرىلىپ
قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ كەي-
پىياتى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يول بويى ئارتۇقچە گەپ -
سۆز قىلىشمىدى.
— يېڭىساردىن چىققاندىن بېرى بىزنى بىراۋ ئارقىمىزدىن
خۇپىيانە كۆزىتىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى سىپ-
يىتلە قىشلىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
ئەتراپىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ.
— بەلكىم زىيادە گۇماندا بولۇپ قالغانسىز، مەلىكەم، —
دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان بىپەرۋالىق بىلەن، — بىزنى يېڭى-
ساردا ھېچكىم تونۇمايدىغان تۇرسا، نېمە سەۋەبتىن ئارقىمىزغا
ئاددەم چۈشەر؟
— ئالدىمىزدىكى يول ياپچانغا بارغۇچە يۇرت - مەھەللىلەر-
دىن خالىي جاڭگاللىق، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلمىقىمىز
زۆرۈر، — دېدى مىرزا باباقبەگ ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشاش چاربازار-

چى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان تۆت نەپەر قورۇقچى يىگىتكە ئەمىر قىلدى، — قورال - ياراغلىرىڭلارنى تەقلەپ، ئەتراپنى پۇختا كۆزىتىپ ماڭغايسىزلەر.

تۆت نەپەر قورۇقچى يىگىت هارۋىدىكى ماللارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان قىلىچ - نەيزىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىۋالدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىممۇ نەيزىسىنى قارا تۇلپارنىڭ ئېگىرىگە غانجۇغىلاپ، ئوقياسىنى بوينىغا ئېسىۋالدى.

— ئوچۇق - ئاشكارا قورال كۆتۈرۈپ ماڭساق، يولۇچىلارنى چۆچۈتۈپ قويارمىزمىكىن، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئانچە ياقتۇرماي.

— هېچ ۋەقەسى يوق، خان ئاتام خاتىرجەم بولغاي، يولۇچى-لار قورال - ياراغلىرىمىزنى كۆرسە بەلكىم بۇ جاڭگالدا ئوۋ ئوۋلاۋاتقانلار ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن. لايىق كۆرسە خان ئاتاممۇ ئوقياسىنى ئېسىۋالغاي.

— بولدىلا، مەن قورال كۆتۈرۈپ يۈرمەي.

توغراق، يۇلغۇن قاپلىغان جاڭگال يولى تۈگەپ ئەمدى پاكار - پاكار قۇم دۆڭلىرىگە دۇچ كەلگەنىدى.

— ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ ئېگىز دۆڭلۈكتە بىر ئادەم بىزنى كۆزىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئېگىزرەك بىر دۆڭلۈكنى كۆرسىتىپ. سۇلتان ئىسمائىلخان شۇنداقلا قارىدى - دە، ئېرەنسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئارتۇقچە ۋەھىمە پەيدا قىلماڭ، مەلىكەم، ئۇ بەلكىم مال بېقىۋاتقان چوپاندۇر.

— چوپانغا مال - چارۋىلىرىنى بۆرە - قاۋاندىن مۇھاپىزەت قىلماي شۇنچە ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە نېمە بار، خان ئاتا، هەر هالدا بىخۇد تۇرۇپ قالمايلى. سىلەر، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — قولۇڭلارغا ئوقيا ئېلىڭلار، ئوقنى كۆپرەك ئېلىۋې-لىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ



كۆپرەك ئادەمگە يولۇقۇپ قالساق، يىراقتىن ئوقيا ئېتىپ تاقا-بىل تۇرغىنىمىز ياخشى. ياۋغا يىراقتىن تاقابىل تۇرۇشتا ئوقيا بەك ئەسقاتىدۇ.

ئۇلار يەنە ئىككى دۆڭدىن ئېشىپ بىر ئويمانلىققا يېتىپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن يىگىرمىگە يېقىن بىر توپ ئادەم سۈرەن - چۇقان سېلىشقىنىچە چىقىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل ئۇلارغا قاراپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ هەممىسى قوللىرىغا قىلىچ ئېلىۋالغان بولۇپ، قارا رەڭلىك ماتا بىلەن كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ، باش قىسمىنى ئورىۋېلىشقانىدى.

— هىجابۇل غەيىبلەر، — دېدى مىرزا باباقبەگ شۇنداقلا قاراپ ۋەھىمە بىلەن، — بىز سۈيىقەستچىلەرنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپتۇق.

— تەمتىرىمەڭلار، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۆزد-نى بېسىۋالغان هالدا ئوقنى يانىڭ كىرىچىغا بېسىپ تارتىپ تۇرۇپ، — هەممىڭلار ئوقيايىڭلارنى بەتلەپ تەق بولۇپ تۇرۇڭ-لار، ئۇلار ئالدىغا يەنە ئەللىك قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يا ئوقى بىلەن تاقابىل تۇرىمىز.

سۇلتان ئىسمائىلخان بىلەن مىرزا باباقبەگمۇ مەلىكە مۆھتە-رەم خېنىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ دەرهال هارۋىدىن ئوق-يالىرىنى ئېلىشتى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى جىددىي پەيتتە ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەمدىلا ئون بەش - ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر قىزنىڭ قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى زىنهار ئەسكە ئېلىشمىغانىدى.

— ئېتىڭلار! — دېدى مەلىكە بىرىنچى پاي باشاقنى يادىن ئۈزۈپ تۇرۇپ.

شۇ هامان قالغان ئالتە ئوقيادىنمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزۈلدى. سۈر - هەيۋە بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ياۋنىڭ ئۈچى ئوقيا زەربىسىدىن ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى. لېكىن،

قالغانلىرى يەنىلا ئالدىغا قاراپ ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەستلىك بىرى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

— تارقىلىپ قورشاڭلار بۇ مۇرتەتلەرنى، ئۆلسەك شېھىت بولىمىز، هايات قالساق غازى!

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئوقداندىن چاققانلىق بىلەن باشاق سۇغۇرۇۋالاتتى - دە، چاقماق تېزلىكىدە كىرىچ تارتىپ ئاتاتتى، ئاتقان هەربىر ئوقى زايە كەتمەيتتى. هايت - هۇيت دېگۈچە هجابۇل غەيىبلارنىڭ تۆتلا ئادىمى قالدى. ئەمما، شۇ پەيتتە ئۇلار بىلەن بولغان ئارىلىق يىگىرمە نەچچە قەدەملا قالغان بولۇپ ئوقيا بىلەن تاقابىل تۇرۇش بىئەپ بولۇپ قالغانىدى.

— بىرىڭلار خان ئالىيلىرىنى قوغداڭلار، قالغانلىرىڭلار ئاتلىنىڭلار.

مەلىكە شۇنداق دېدى - دە، ئوقياسىنى چاققانلىق بىلەن ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا ئېسىپ، نەيزىسىنى قولىغا ئالدى - دە، دۈشمەننىڭ يولباشچىسىغا قاراپ ئات سالدى. تۆت نەپەر قورۇقچى بىرى يۈز نەپەر لەشكەرگە تېتىغۇچىلىكى بار جەڭبازلىق ماهارىتى يۇقىرى باهادىرلاردىن ئىدى. بۇ ئاتلىق باهادىرلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن هجابۇل - غەيىبلەر دەرهال جېنىنى ياقىغا ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاتنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغان بىرىنىڭ گېلىغا شىددەت بىلەن نەيزە سانجىدى - دە، شاققىدە ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە قېچىۋاتقان يولباشچىنىڭ پۇتىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزدى. ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن ئوق ئۇنىڭ پۇتىنىڭ دەل بولجۇڭ گۆشىگە سانجىلدى - دە، ئالدىغا دومىلاپ چۈشتى. يەنە تېپىرلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچماقچى بولۇۋىدى، چاقماق تېزلىكىدە ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلگەن مەلىكە ئۇنىڭ دولىسىنى نىشانلاپ نەيزە ئۇردى. تىغ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن



دۈشمەن سەركەردىسى ئېچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە ياۋنى تولۇق قىرىپ تاشلىغان قورۇقچى يىگىتلەر ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

— مۇنۇ دۈيۈزنى خان ئاتامنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، — دېدى مەلىكە ئۇلارغا قاراپ.

يىگىتلەر ئاتتىن چۈشۈپ يارىلانغان ئادەمنى. سۆرىگىنىچە سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلىدى.

— يۈزىنى ئورىۋالغان لاتىنى ئېلىۋېتىڭلار.

يىگىتلەر ئۇنىڭ يۈزىدىكى لاتىنى ئېلىۋېتىۋىدى، ئوڭ مەڭزىدىكى تارتۇقى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى.

— سەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى قەستلىمەكچى بولدىسەن؟ — دېدى مىرزا باباقبەگ سوراق قىلىپ.

— بىز يول توسۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قاراقچىلار، — دېدى «تارتۇق» مۇددىئاسىنى يوشۇرۇپ.

— يالغان سۆزلىمە، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

— قاراقچى دېگەن ئالدىراپ جانغا زامىن بولمايدۇ. قاراقچى بولساڭ ئەجەب بىزدىن مال - دۇنيا سورىمايلا قىلىچ يالىڭاچلاپ كەلدىڭغۇ؟

— تېخى هەمراهلىرىڭنى ئۆلسەك شېھىت، تىرىك قالساق غازى بولىمىز دەپ كۈشكۈرتتۈڭ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — ئېيتە، سەن مال - دۇنيا قەستلىمەي جان قەستلەيدىغان قانداق قاراقچى زادى؟

«تارتۇق» چاققانلىق بىلەن سول قولىنى بويىنىغا سېلىپ كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمىچىلىك بىر ناسۋال قاپاقنى ئالدى - دە، قاپاقنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئېچىپ، قاپاقنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى ئاغزىغا قۇيدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى توسۇشقا هېچكىم ئۈلگۈرەلمىدى.

— قاپاقنى تارتىۋېلىڭلار، — دېدى مىرزا باباقبەگ

ئالدىراپ ـ تېنەپ.

يىگىتلەردىن بىرى «تارتۇق» نىڭ قولىدىكى قاپاقنى تارتىۋېلىپ بولغۇچە، ئۇ قاپاقتىكى سۇيۇقلۇقنى ئاغزىغا قۇيۇپ ئۈلگۈرگەندى، دەقىقە ئۆتمەيلا تارتۇق جان تالىشىپ تېپىچەكلىدى. ئاغزىدىن ئاۋۋال بۇژۇلداپ كۆپۈك ياندى، كېيىن قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىدىن قان كەتتى، كۆزلىرى سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىپ قالدى. ئۆتكۈر زەھەر ئۇنىڭ جېنىنى تېزلا ئالغانىدى.

— ئاپلا، ئەجەب بىخۇدلۇق قىلىپتۇق ـ ھە، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئەپسۇسلانغان ھالدا.

— ئاغزىدىن ئىككى ئېغىز گەپ ئالالمىغىنىمىز يامان بولدى بۇ دۆيۈزنىڭ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — بىزنى قانداق سېزىپ قالغاندۇر بۇلار، كىمنىڭ ئادەملىرى بولغىيتتى؟ كىمدۇر بىزنى قەستلەشكە بۇيرۇغان؟

— ئامان قالغىنىمىزغا شۈكرى، — دېدى تاتىرىپ كەتكەن سۇلتان ئىسمائىلخان، — بۇلارنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويۇپ كەتسەك مۇسۇلماندارچىلىققا توغرا كەلمەس، ھەر ھالدا كۆمۈپ قويۇپ ئاندىن يولغا چىقايلى.

— ئۇنىڭ قويىنىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار، — دېدى مىرزا باباقبەگ نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، — بەلكىم بىرەر بەلگە ـ نىشان تېپىلىپ قالار.

يىگىتلەر ئۇنىڭ قويىنىدىن كىچىككىنە بىر تېرە قاپچۇقنى تاپتى ـ دە، مىرزا باباقبەگكە تەڭلىدى.

— كەپتەرنىڭ پۇتىغا تاڭىدىغان قاپچۇق ئىكەن، — دېدى مىرزا باباقبەگ قاپچۇقنى قولىغا ئېلىپ، — ئىچىدە بىرنېمە باردەك قىلامدۇ، نېمە؟

مىرزا باباقبەگ قاپچۇقنىڭ ئىچىدىن ئىنچىكە يۆگەلگەن بىر تال قەغەزنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ چۆچۈپ كەتتى.



— يا ھەزرەت، بىزنىڭ ئاستانىدىن يوشۇرۇن چىققانلىقىمىزنى، چاربازارچى سىياقىدا ياسىنىۋالغانلىقىمىزنى قانداق بىلىۋالغان بولغىيتتى بۇ مۇرتەت ئىشان.

— نېمە دېدىلە، ئەمرى كەبىر ئاتا؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مىرزا باباقبەگنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي.

— خەتنى ئوقۇسىڭىز بىلۇرسىز، مەلىكەم.

— توۋا، بۇ قانداق ئىش ئەمدى؟ — دېدى خەتكە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتكەن مەلىكىمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — سىلىمۇ كۆرۈپ باقسىلا، خان ئاتا.

سۇلتان ئىسمائىلخان خەتكە كۆز يۈگۈرتتى ـ دە، تەئەججۈپ ئىلكىدە سورىدى:

— سۇلتانۇل مۇھەققىقىن دېگەن كىم ئۆزى؟

— بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئالىيھەزرىتىم، — دېدى مىرزا باباقبەگ، — سەئىدىيە تەسەررۇپىمىزدا ئۆزىنى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن دەپ ئاتىۋالغان ئادەمدىن پەقەت بىرىلا بار، ئۇ بولسىمۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندۇر.

سۇلتان ئىسمائىلخان چۆچۈپ كەتتى.

— خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان؟

— شۇنداق، قىبلىگاھىم. سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرگە چۈشۈرگەن كەچۈرۈم نامىنى بىكار قىلغانلىقلىرى ھەمدە سۇلۇك تەرغىباتىنى قاتتىق چەكلىگەنلىكلىرى سەۋەبلىك ئۇل رىياكار ئىشان مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قىساس ئالماقچى بولغان. خۇدا ساقلاپ بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمىدى.

— ئەسلىدە، ئاستانە رەستىلىرىدە تەرغىبات ئېلىپ بارغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۆككە كۆتۈرۈپ، خان ئاتامدىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇشى، تېخى خان ئاتامنى ئىشانغا سەلتەنىتىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى دەپ پىتنە تارقىتىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غەزەپلەن-

گەن ھالدا.

— خەپ مۇناپىق، رىياكار ئىشاننى قەشقەرگە بېرىپلا ئۆز قولۇم بىلەن ھەلقۇم تىغ قىلمايدىغان بولسام.

## 9

قەشقەر، ئەمىر مەھكىمىسى.

ناشتىدىن كېيىن قەشقەر ئەمىرى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ۋە مىرزا باباقبەگ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەمىر دىۋانغا كىرىپ كەلگەن سۇلتان ئىسمائىلخاننى، بامداتتىن يېنىپلا مەھكىمىگە كېلىپ ساقلاپ تۇرغان قەشقەرنىڭ قەلەمدار ۋە ئەلەمدار ئەمىرلىرى دەررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قارشى ئالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قىبلىگاھىم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئىسمائىلخان ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

سۇلتان ئىسمائىلخان سارايىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ئۈچ پايىلىك شاھ سۇپىدىكى ئۇستىگە قاپلان تېرىسى سېلىنغان كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمىرلەر يەنە قايتىدىن ئەھۋال سوراشتى.

بۈگۈن ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ كاتتا سارىيىغا جەم بولغان قەشقەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇنچە سەھەردە چىللاپ كېلىنگەنلىكىنى بىلمەي تەئەججۇپلەنگەن، شۇنداقلا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تۈنۈگۈن كەچ قەشقەرگە تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرگۇماندا قېلىشقانىدى. ئۇلار سارايغا كىرىپ كەلگەن سۇلتان ئىسمائىلخاننى كۆرگەندە بولسا ھەم ھەيران قېلىشتى، ھەم ھودۇقتى. خۇددى تۈنۈگۈن دىگەر ۋاقتى



بىلەن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان سۇلتان ئىسمائىلخاننى كۆرگەن مىرزا ھەيدەر دوغلاتىدەك چوڭ بەگلەرمۇ ھەيران بولدى، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ھەشەم ـ داغدۇغىسىز قەشقەردە پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۇلارنى نەچچە ھەسسە گۇمان ۋە ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. قەشقەر ئەمىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇلتان ئىسمائىلخان بىلەن تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەن بولغاچقا، خاننىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى قانداق تۇتۇشنى بىلەلمەي پۇت ـ قوللىرى كالۋالاشقان، ھېس ـ تۇيغۇلىرى قالايمىقانلاشقانىدى. خاننىڭ چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي بېشىنى تۆۋەن سېلىشقانىدى. شاھزادە يولۋاسخان زامانىسىدا، خان ئوردىسىدىكى شاھنىشىندىن قېلىشمىغۇدەك كاتتا ياسىلىپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بۇ سارايىنى سۈر باسقانىدى. تۈنۈگۈنكى سۈيىقەستتىن ئامان قالغان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تېخىچىلا قاپىقى ئېچىلمىغان بولۇپ، چىرايى تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئەركىن ـ ئازادە نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي قول باغلىغان پېتى تېخىچىلا ئۆرە تۇرۇشقان ئەمىر ـ بەگلەرگە سۇلتان ئىسمائىلخان ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.

— جانابىي ئەمىر ـ بەگلەرگە ئىجازەت.

— قىبلىگاھىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقالىلا!

ئەمىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى تېپىشىپ ئەيمىنىپراق ئولتۇرۇشتى.

— ئول سۇلتانۇل مۇھەققىقىن بولمىش خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان دەرگاھىغا چاپارمەن ماڭدۇردىڭىزمۇ، ئەمىر؟ — سورىدى سۇلتان ئىسمائىلخان تېخىچىلا ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي ئۆرە تۇرغان مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا قاراپ.

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ، — ياتىشبەگ بامداتتىن يېنىپلا پەرمان تاپشۇرۇۋالغان، كېلەر مۆھلىتى بولدى.

سۇلتان ئىسمائىلخان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە يەنە
جىمجىت ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن كاللىسىنىڭ تولىمۇ چىگىش،
زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالماق
ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىسمىنى
ئاڭلىغان قەشقەرنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ
قەشقەرگە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاذ-
نى ياتسىبەگ ئارقىلىق چاقىرتىشنىڭ بىرەر مۇناسىۋىتى بارلىقى-
نى پەرەز قىلىشىپ بىر ـ بىرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىشىۋال-
دى. ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى بول-
سا بىرەر بالا ـ قازانىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك يۈرەكلىرى ئەن-
سىز سوقۇشقا باشلىدى.

شۇ ئەسنادا سارايىنىڭ قوش قاناتلىق نەقىشلىك ئىشىكى
تۇۋىدە بېشىغا ئاپئاق سەللە، ئۇچىسىغا تېگى ئاق، چىغ يوللۇق
شايى يەكتەك كىيىۋالغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ گەۋدىسى كۆرۈن-
دى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياتسىبېگى كېلىۋاتاتتى.

ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، چىرايى-
دىن كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرغان ھىدايىتۇللا
ئىشان تۆردىكى ھەشەمەتلىك كۇرسىدا سۇر ـ ھەيۋەت بىلەن
ئولتۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخاننى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەت-
تى. يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك سىرقىراپ ۋۇجۇدىنى خۇددى
كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن بىر ۋەھىمە پۈت ـ قوللىرىدا جان
دىدارىنى قويمىدى، پالاققىدە يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئۆزىنى ئاران-
ئاران تۇتۇپ تۇردى. ئىشان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تېخىچىلا
ھايات تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چوڭ بىر بالا ـ قازاغا
دۇچ كەلگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

«خەۋەرچى كەپتەر شۇڭا تونۇگۇن قايتىپ كەلمەپتىكەن ـ
دە، قانداقسىغا ئامان قالغاندۇر بۇ دەھريي ياكى ھىجابۇل غەيىب-
لەر قول سېلىپ بولغۇچە قۇيرۇق تۇتقۇزماي ياپچاندىن ئۆتۈۋال-



غانمىدۇر؟...»

ئىشان كۆزلىرىنى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ سوغۇق نۇر
چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەپقېچىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانۇخاقان ئالىيلىرى.

ئىسمائىلخان ئىشاننىڭ سالىمىغا سوغۇق بىر نەزەر تاشلاش
بىلەن كۇپايىلەندى.

سالىمى ئىلىك ئېلىنمىغان ئىشاننىڭ ۋۇجۇدىغا يەنە بىر
ھەسسە ۋەھىمە ئولاشتى.

«ھە... ھىجابۇل غەيىبلەر بىلەن تۇتۇشۇپتۇ، بۇلارنى ئارانلا
يەتتە ئادەم دېگەن ئەمەسمىدى. قانداقسىغا ئامان قالغاندۇر ـ ھە!
ئەھۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ قالمىغاندۇر؟ مۇمكىن ئە-
مەس. ھىجابۇل غەيىبلىرىم ھەرگىز ئىقرار قىلمايدۇ، بەلكىم
مەندىن گۇمانلانغاندۇر، مىرزا باباقبەگ دېگەن مۇرتەتنىڭ كۆزد-
دىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاشۇ ئاسي مۇناپىق خاننىڭ
گۇمانىنى ماڭا بۇرىغان گەپ، ياپىرىم، ئاۋۇ دەججال مەلىكىنىڭ
ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرى نېمانچە ئاداۋەتلىك، مەيلىلا ئانچىكىم
گۇمان بىلەن نېمە قىلالايتتى. تېنىۋالىمەن. ئاللانى، مۇھەممەد
مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، چاھارىيارنى، كالامۇللا-
نى، قۇتبىل ئەقتابلىقىمنى، پىرى بۇزرۇكلۇكۇمنى شېپى كەلتۈ-
رۈپ قەسەم ئىچىمەن. تېخى قاملىشىپ قالسا بۇ ئىشنى قارا
مۇسۇلمان ئىسھاقىيەچى مۇرتەت مەخدۇمزادىلەرگە دۆڭگەپ قو-
يۇپ قۇتۇلۇپ كېتىشىممۇ مۇمكىن. ئى كەرامەتۇللا كاتىبىن
بابائى بۇزرۇكۇم، مازار پادىشاھى پەدەرىم ماڭا مەدەت قىلغاي-
سىزلەر...»

— قىبلىگاھىمىزنىڭ مۇبارەك پايە ـ قەدەملىرىنىڭ ئەزىزانە
قەشقەر دىيارىغا يەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر قاپتۇق، — دېدى بىر ئاز
ئېسىنى يىغقان ھىدايىتۇللا ئىشان ياغلىما تىلىنى ئىشقا
سېلىپ، — ئەمىر مىرزا ھەيدەر دوغلاتى جانابلىرى خەۋەر بېرد-

ۋەتكەن بولسا، ئالدىلىرىغا ئىستىقبالغا چىقار ئىكەنمىز...

— سۇلتانۇل مۇھەققىقىن بولمىش ھەزرىتىمنىڭ كەشپۇكارامەتلىرى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قالغىنىغا ھەيرانمەن، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

خاننىڭ ئىككى بىسلىق سۆزلىرىدىن دەماللىققا بىرەر مەنىنى ھېس قىلالمىغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، خاننىڭ ئۆزىنى «سۇلتانۇل مۇھەققىقىن» دەپ ئاتىغانلىقىدىن بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز گەرچە سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ۋەلىيۇللا بولساقمۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ سىر - ئەسرارىنى تامامىي بىلىپ تۇرۇشقا يەنىلا ئاجىزمىز. شۇ تاپتا ئانھەزرىتىمنىڭ ئاپتاپتەك جامالىنى كۆرۈپ تۇرغانلىقىمىزدىن چەكسىز بەختىيارلىق ھېس قىلساقمۇ، ئەمما ئالدىلىرىغا چىقىپ ئىستىقبال بەجا كەلتۈرەلمىگەنلىكىمىزدىن كۆپ ئەپسۇسلانماقتىمىز.

ئىشاننىڭ ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە كىرىشىلىپ، ھەدەپ سۆز ئويىنىتىشىدىن بىزار بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غەزىپىنى بېسىۋالالماي چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ نېمىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقى شۇ تاپتا ئۆزىگە ئايان. ئالدىمىزغا ئەۋەتكەن ھىجابۇل غەيبلىرى ناھايىتىمۇ ياخشى ئىستىقبال بەجا كەلتۈردى، ئەمما پاختىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلاپ تۇرۇشقا قادىر قۇدرىتى چەكسىز ئىگەم بۇيرۇمىغانىكەن، ئامان قالدۇق.

ئىشاننى يەنە بىر قېتىم سۇر باستى. ھە، ئەتىگەندىلا ئەمىر مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ياتىشبېگىنى كۆرۈپ تونۇگوندىن بېرى قايتىپ كەلمىگەن خەۋەرچى كەپتەرنىڭ يولغا تەلمۈرۈپ ھەر خىل خىياللار بىلەن تۈزۈك ئارام ئالالمىغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچقانىدى. ئادەتتە



ئەمىر مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىنسا مەھكىمە بىكاۋۇلبېگى ياكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، ھېچبولمىغاندا ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ چاپارمەنلىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەكلىپنامە ئېلىپ چىقاتتى. بۇگۇنكى بۇ تەكلىپ تولىمۇ غەلىتە ئىدى. خاس ئوغرى - قاراقچىلار بىلەن ھەپىلشىدىغان، قەشقەرنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ياتىشبېگى ھېچقانداق ھۆرمەت - ئېھتىرامسىزلا ئىشاننى ئەمىر مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ، ھازىرلا يولغا چىقىشنى تەلەپ قىلىپ مىختەك قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تولۇق قوراللانغان يۈز نەپەر نۆكىرى ئىشان قەسرىنىڭ ئالدىدا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى. «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەندەك ئەسلىدىنلا كۆڭلىدە جىن بار ئىشان ياتىشبېگىنى كۆرۈپلا ساراسىمىگە چۈشكەن، سۇلتان ئىسمائىلخاننى قەستلەش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى سەزگەنىدى.

مانا ئەمدى، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۈيىقەستىنى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تولۇق بىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ھېيلىگەرلىك بىلەن تىركەشتى.

— مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى مۇددىئاسى نېمىكىن؟

— مۇددىئا ئوپئوچۇق، — دېدى ئىشاننىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزىتىپ تۇرغان مىرزا باباقبەگ سۆز ئېلىپ، — تونۇگون سىبىيتلە بىلەن ياپچان ئارىلىقىدىكى چۆلدە قاتىللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولساقمۇ ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئامان قالدۇق. بۇ ئىشلار ھەزرىتىمگە ئانچە سىر بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

— تۆھمەتخورنى ئاللامۇ كەچۈرمەيدۇ، — دېدى ئىشان كۆكەرمىلىك بىلەن چىچاڭشىپ ۋە سۇلتان ئىسمائىلخانغا قاراپ زارلىدى، — داد! ئى ئادالەتپاناھىم، بىراۋ كونا نىزا - ئاداۋەت-

لەرنى باھانە قىلىپ تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ. بۇ ئىش ئادالەت تەختىنىڭ سۇلتانى بولمىش ئانھەزرىتىمنىڭ شان - شۆھرىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

— ھەزرىتىم ئارتۇقچە ئىزتىراپتا بولمىغاي، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئىشانغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ، — شۇنى بىلگۇم كېلىدۇكى، بۇيۇك سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئەھلى سۇلۇك پېشۋالىدىن جانابلىرىدىن بۆلەك يەنە بىر سۇلتانۇل مۇھەققىقىن بارمىدۇر؟

— ئەلۋەتتە يوقتۇر، سۇلتانۇل مۇھەققىقىنلىق ماقامىغا يېتىش پەقەت بىزلەركىم سائادەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيە پىرى ئەزەمىگە نېسىپ بولغاندۇر، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ پو ئېتىپ.

— ئۇنداقتا يېڭىساردىكى ھىجابۇل غەيىبلەرگە ئەۋەتكەن مۇنۇ پەرماننى جانابىي سۇلتانۇل مۇھەققىقىننىڭ يازغانلىقىدىن زىنھار گۇمانلانمىساق بولغۇدەك.

سۇلتان ئىسمائىلخان شۇنداق دېدى - دە، «تارتۇق»نىڭ قوينىدىن تېپىۋالغان تېرە قاپچۇقنى ئىشانغا كۆرسەتتى.

تېرە قاپچۇقنى كۆرگەن ئىشان ياغاچتەك قېتىپلا قالدى.

— ئۇشبۇ پەرماننى جانابىي سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باققاي، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھۆدەيچىگە تېرە قاپچۇقنى تەڭلەپ، ھۆدەيچى تېرە قاپچۇقنى خاننىڭ قولىدىن ئېھتىرام بىلەن ئالدى - دە، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— قېنى ئېچىپ كۆرۈپ باقسىلا، ھەزرىتىم.

ئىشان تېرە قاپچۇقنىڭ ئىچىدىكى خەتنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تەستە ئالدى - دە، كۆزلىرىنى چىمىلداتقىنىچە نەزەر تاشلىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنىدىن يامغۇر-



دەك قارا تەر تۆكۈلەتتى.

— ئى ئادالەتپاناھىم، مېنىڭ نامىمدا يېزىلغان بۇ پەرمان، بىراۋلارنىڭ ئالدىن پىلانلىغان سۇيىقەستىدۇر، — دېدى ئىشان زارلىنىپ، — ئالىيلىرى بۇ ئىشنى سەۋرچانلىق بىلەن تەھقىقلاپ كۆرگەيلا.

بۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە ئاغزىنى ئۆمەللىگەن مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنى سۇلتان ئىسمائىلخان شەرەت قىلىپ توختىتىۋالدى - دە، ئىشاندىن سورىدى:

— ئۇنداقتا ئېيتسىلا، ھەزرىتىم، بۇ كىملەرنىڭ پىلانلىغان سۇيىقەستىدۇر؟

— بىلگۈچى ئاللا، — دېدى ئىشان تېخىمۇ بەك ئۇششۇقلۇق قىلىپ، — ئەمما سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەردىن گۇمانىم باردۇر. چۈنكى، ئۇلار مەنكىم سۇلۇكى ئىشقىيە پېشۋاسىنى ھەرقاچان قەستلەپ كەلدى.

سۇلتان ئىسمائىلخان خاتىرجەملىك بىلەن يەنە سورىدى:

— ئىشان ھەزرەتلىرى ئۇنتۇپ قالمىسۇنكى، تۈنۈگۈن شۇم ئەجەل قوينىدىن مىڭ بىر جاپادا قۇتۇلۇپ قالغىنى سۇلۇكى ئىشقىيە پېشۋاسى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن جانابلىرى بولماستىن، بەلكى مەن ۋە مېنىڭ ھەمراھلىرىمدۇر.

— ئانھەزرىتىم سۇلۇكى ئىسھاقىيەگە ئىرادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز يارانلىرىدىن زىنھار گۇمانلانمايدىغانلىقى بىزگە ئايان، — ئىشان ئەمدى سۇلتان ئىسمائىلخانغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، — ئەگەر بۇ سۇيىقەستنى بىزنى قىلدى دەپ گۇمانلىنىپ ئۇۋال قىلمەن دېسىلە بىرەر دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىشلىرى كېرەك. بولمىسا زىنھار قايىل بولمايمەن. ناۋادا زۇلۇم قىلىمەن دېسىلە مانا مەن تەييار. شۇل سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەن گۇناھكەبىرلىرىنى ياراتقان ئاللا ئىگەم ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

سۇلتان ئىسمائىلخان «ئەمدى سۆزلىسىلە» دېگەننى قىلىپ

مىرزا ھەيدە دوغلاتىغا قاراپ قويدى.

— ھەزرىتىمگە دەلىل - ئىسپات كېرەك بولسا ئۇمۇ بار، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى قوينىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ، — مانا بۇ ئىشان ھەزرىتىمنىڭ ماڭا يازغان مەكتۇپى، مەكتۇپتىكى خەت بىلەن تېرە قاپچۇقتىكى پەرماننىڭ خېتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باققايلا.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتى خەتنى ئەكېلىپ ئىشانغا تەڭلىدى.

ئىشاننىڭ بۇرنى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى، مەدەت تىلەپ ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىدى. ئىشانغا قول بېرىپ سۇلۇكى ئىشقىيە يولىنى تۇتقان بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ قورقۇنچتىن جان - ئىمانى چىقىپ كەتكەنىدى. ئىشاننىڭ جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدىدا قولىنى ئۇزىتىپ خەتنى ئالغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

ھەرقانچە ھىيلە ئىشلىتىپمۇ بۇ جىنايەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئىشان، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە شۇنداقلا قارىدى - دە، يەرگە موكلا تىزلاندى.

— ئازماس ئاللا، قىبلىگاھىم شاپائەتلىكتۇر.

ئىشان ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. جان قايغۇسىدا قالغان ئىشاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئىلگىرىكى تەكەببۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— ھەزرىتىمنى ئوبدانراق جايلاشتۇرۇپ قويۇڭلار، — دېدى نېمىندۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلتان ئىسمائىلخان.

ياتىشبېگى ئىككى نۆكەرگە بۇيرۇپ توختىماي يىغلاۋاتقان ئىشاننى ئاچىقىپ كەتتى.

سۇلتان ئىسمائىلخان پېشانىسىنى تۇتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغانىدى، ئەمىرلەر نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇشاتتى.



— ئەمىرلەرگە ئىجازەت، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان بىردىنلا خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ.

— ئانھەزرىتىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

مىرزا باباقبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ۋە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدىن باشقا ئەمىرلەر سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.

— بۇ رىياكار ئىشاننىڭ كاللىسىنى دەرھال ئېلىشلىرى كېرەك ئىدى، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — رەھىمدىللىكىڭىزمۇ چېكى بار. ئول مۇناپىقنى دەماللىققا ئۆلۈمگە بۇيرۇمىغانلىقلىرىنىڭ بائىسى نېمە ئىكىن؟

سۇلتان ئىسمائىلخان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا جاۋاب بەرمەي مىرزا باباقبەگ بىلەن مىرزا ھەيدەر دوغلاتىغا قارىدى.

— بۇ ھەقتە جانابىي ئەمىرلىرىمنىڭمۇ مۇددىئاسىنى بىلگۈم بار.

— سۇلۇك ماجىرالىرى سەۋەبلىك بۇيۇك سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ سەلتەنىتى ھەرقاچان تەۋرەپلا كەلدى، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئويلانغان ھالدا، — نەچچە يىلدىن بېرى ئەل - رەئىيەت بۇ جەڭگى - جېدەللەرنىڭ ئازابىنى ئاز تارتمىدى. مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرى قازا قىلغاندىن كېيىن سۇلۇك ماجىرالىرى بىر مەھەل جىمىققانىدى. مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئانھەزرىتىمنى قەستلەپ كۆزىنى سەلتەنەتكە تىكتى. بۇنىڭدىن ئايانكى، بىر كۇشەندىدىن قۇتۇلغان سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەر ئەمدى نەزىرىنى تەختكە ئاغدۇرماقتا. ئەلھەمدۇلىللا، چوڭ بىر سۇيىقەستتىن ئامان قېلىپ، سۇيىقەستچىنىمۇ تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. مېنىڭچە بولغاندا، خان ئالىيلىرى رەقىبىنى بىلىۋالغانىكەن، زىنھار سىلە - رەھىم قىلماسلىقى كېرەك.

— خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىككى يۈزلىمچى قارا نى-

يەت، رىياكار ئادەم ئىكەنلىكىنى شاھزادە يولۋاسخان زامانىسىدىلا بىلگەن بولسامۇ، ئانھەزرىتىمنىڭ ھىممەت ـ شاپائىتىگە ئېرىشىپ قەشقەرنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغىنىمدىن بېرى ئول ئىشاننىڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللىغىنىمدىن كۆپ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى، — ئەمدى بىلدىمكى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سەلتەنەتكە قىلچە ساداقىتى يوق ئىكەن. يېقىنقى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ھېلىقى يارلىق سەۋەبلىك قەشقەردە كۆپ ماجىرالار يۈز بەردى. مۇرىتىل ـ ھىدايەتچىلەر يارلىقنى دەستەك قىلىپ خانلىق قانۇن ـ جاساقلار بىلەن قارشىلاشتى. ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشكەن بولسامۇ نەسىھەتىمگە زادىلا قۇلاق سالمىدى. سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنى ئوردا بىلەن قارشىلىششقا ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق قۇتراتتى. بۇ ھەقتە ئوردىغا بىرنەچچە قېتىم مەلۇمات يوللىغانىدىم. مانا ئەمدى ئىشاننىڭ ھەقىقىي نىيەت ـ ئىقبالى ئاشكارا بولدى. ئاخشام دېيىشكىنىمىزدەك ئوردا ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئىشاننىڭ يېقىنلىرى بار. ئۇلار سۇيىقەستنى بىللە پىلانلاشقان ۋە خان ئالىيلىرىنىڭ ئاۋامچە كىيىنىپ خۇپىيانە ئەل ئارىلاۋاتقانلىقىنى ئىشانغا ئالدىن خەۋەر بېرىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى سەلتەنەتنى چاڭگىلىغا ئېلىش. مېنىڭچە، چاياننى تېپىۋالغانىكەنمىز ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىنىمىز ئەۋزەل. بۆرە بىلەن دوست بولسا ھامان قويغا زىيان.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ھاياجانلانغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەي دېلىغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا نەزمىنى ئوقۇدى:



كۆرۈنسە كىمنىڭ كۆزىگە دۈشمەن،
ئۆلتۈرمەيدىكەن ئۆزىگە دۈشمەن[1].

شېئىرنى ئاڭلاپ مىرزا باباقبەگ مەلىكىگە قاراپ قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتى...

— جانابىي ئەمىرلىرىمنىڭ مەقسىتىنى پۈتۈنلەي چۈشەندىم، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان خىيالچانلىق بىلەن، — ئەلۋەتتە بۇ رىياكار ئىشاننىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇنلاركى، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى رەئىيەتنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئول رىياكار ئىشانغا ئىرادە قىلىدۇ. ئول تاپتا بىز ئۈچۈن ئىشاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇماق تولىمۇ ئاسان، ئەمما تۈمەنمىڭلىغان مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرگە نېمە دەيمىز. ناۋادا ئۇلار پىر بۇزرۇكىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ سەلتەنەتكە قارشى قوزغالسا قانداق قىلىمىز، بىر ئاسىي مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى بىلەن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا تۈگىمەس جەڭگى ـ جېدەل باشلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مېنىڭ شۇ تاپتا كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئەمىنلىكى، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

— ئانھەزرىتىم ھەقىقەتەن دانالىق بىلەن يىراقنى كۆزلەپتىلا، — دېدى خاننىڭ مۇلاھىزىسىگە قايىل بولغان مىرزا باباقبەگ، — ئەلۋەتتە سەلتەنەتنىڭ مۇقىملىقى، ئەل ـ رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقى ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك ئەل ـ رەئىيەت ئارىسىدا تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتنىڭ پەيدا بولۇشى، سۇلۇكى ئىشقىيە قىساسچىلىرىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ، ئەمما بۇنى دەپ ئول رىياكار ئىشاننى ئاسانلىقچە بوش قويۇۋېتىشكە زىنھار بولماس. ئېھتىمالىم، ئانھەزرىتىمنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرى باردۇر.

---

[1] بۇ سەئدى شىرازىنىڭ شېئىرى.

— مەن ئەتىگەندىن بېرى كۆپ ئويلاندىم، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان، — خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى تەسەررۇپىمىزدىن بالا - چاقا، جەددى - جەمەتى بىلەن قوغلاپ چىقىرىش، بۇ زېمىنغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماسلىق ھەققىدە يارلىق چۈشۈرمەكچىمەن.

— ئۆلتۈرگىلى بولمىغاندىن كېيىن، قوغلىۋەتمەكتىن ئۆزگە تەدبىرمۇ يوق ئوخشايدۇ، — دېدى مىرزا باباقبەگ ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

قولۇڭدا تاش بولسا، تاش ئۆزرە يىلان،
جىنايەت بولىدۇ ئۇرمىساڭ شۇئان①.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئۇستىدىن چىقارغان ھۆكمىگە بولغان نارازىلىقىنى يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇش ئارقىلىق بىلدۈردى. سۇلتان ئىسمائىلخان بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى - دە، لام - جىم دېمىدى. خاننىڭ ئالىلىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلگەن مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بېشىنى تۆۋەن سالدى.

شۇنداق قىلىپ مىلادىيە 1672 - يىل يازدا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن سەئىدىيە زېمىنىغا مەڭگۈ ئاياغ باسماسلىق شەرتى بىلەن قوغلاپ چىقىرىلدى. يالاپ ماڭغان بەش يۈز نەپەر نۆكەر ئۇنى ئەركەشتام يولى ئارقىلىق تام مولۇن، تاشقى ئالاي چوققىسىدىكى قىزىل ئارات ئېغىزى، قوشقۇدۇق قاتارلىق تاغ يوللىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بەدەخشان چېگراسى ئىچىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

① بۇسەئىدى شىرازىنىڭ شېئىرى.



# توققۇزىنچى باب

## داغ

### 1

مىلادىيە 1677 - يىل كەچ كۈز.

بەدەخشاندىن يولغا چىققان ئالتە نەپەر ئاتلىق يولۇچى يۈك - تاقلىرى ئارتىلغان ئىككى تۆگە، ئۈچ قوتازنى ئەگەشتۈرۈپ، بۈيۈك بابۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تاغ - دالىلىرى ئىنتايىن گۈزەل، باي - باياشات ئۆلكىسى كەشمىرگە① قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۈستى ئاپئاق قار، ئاستى ياپيېشىل چىمەن، قارىغايلار بىلەن ئورالغان تاغ يولىنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ سوغۇق ئىدى. يولۇچىلار يوغان جۇۋىلارغا قىمدالغىنىچە ئات ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان ئىسسىق ھوردا ساقال - بۇرۇتلىرى قىروداپ كەتكەنىدى.

— يا ھاۋا ئېچىلىپ كۈن چىقمىدى، يا تايىنلىق قار ياغمىد-

① كەشمىر — سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە سەئىدىيە خانلىقىغا قارام بولغان زېمىن ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ سۇلتان ئەھمەدخان، سۇلتان مەھمۇدخانلار دەۋرىدە ئاكا - ئۇكا شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىدە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىغا بايقۇت قىلىپ بابۇرىيلەر سۇلالىسىگە قېتىلغانىدى. سۇلتان ئابدۇللاخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ كەشمىرنى تەسەررۇپىغا ئالالمىدى.

ـدى، — دېدى مـوللا سـاقى خەلـپە سوغۇقتا قولاشمىغان لەۋلىـ
ـرىنى تەستە مىدىرلىتىپ، غۇدۇرىغىنىچە.
باشقا ئاتلىقلار خۇددى مۇزلاپ قالغاندەك ئولتۇرۇشاتتى.
ھېچقايسىسى موللا ساقىنىڭ غۇدۇراشلىرىغا ئاۋاز قاتمىدى.
— قايسى ۋاخ بولغاندۇر؟ — دېدى موللا ساقى تۇتۇق كۆل
رەڭ ئاسمانغا قاراپ، — دىگەر ۋاقتىغىچە بىرەر قونالغۇغا ئۇلىـ
ـشىۋالساق ياخشى بولاتتى، ئۈچ كۈندىن بېرى سۆيۈق - سەلەڭ
بىرنېمە ئىچمەي ئادەمنىڭ ئىچى قۇرۇپ كەتتى.
— شۇنى دېسىلە، خەلپەم، — دېدى يولۇچىلارنىڭ بىرى
زوۋانغا كېلىپ، — شۇ تاپتا قەشقەرنىڭ ئاشكۆكى سېلىنىپ
چاچتەك كېسىپ ئېتىلگەن مەززىلىك قىيما ئۈگرىسى كۆزۈمگە
كۆرۈنۈپ كېتىپ بارىدۇ.
— سەۋر قىلسىلا، بۇرادەر، — دېدى موللا ساقى ئۈگرىنىڭ
ئىسمىنى ئاڭلاپ ئاغزىغا جۈغلاشقان سېرىقسۇنى غۇرتتىدە يۇتۇۋې-
تىپ، — خۇدا خالىسا پات يېقىندا قەشقەرنىڭ ئۈگرىسىگىلا
ئەمەس، تارىدەك سوزۇپ ئەتكەن لەڭمىنىگە، جىلتىسىنى قەغەز-
دەك ئېچىپ تۈگكەن پېتىر مانتىسىغا، يەنە تېخى دورا - دەرمەك-
لىرىنى تېتىتىپ پىشۇرغان زىخ - تونۇر كاۋاپلىرىغا ئېغىز
تېگىمىز، ئۇ كۈنلەرمۇ ئاز قالدى.
— ئىنشائاللا ئېيتقانلىرى كەلگەي، خەلپەم، — دېدى يەنە
بىر يولۇچى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.
ئات ئۈستىدە ھەمراھلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭمۇ كۆز ئالدىدىن قەشقەردىكى ئىشان قەسرىدە ھەر كۈنى
ئۈچ ۋاخ داستىخىنىدىن كـەم بـولمايدىـغان پولۇ - لەڭمەن،
مانتا - چۆچۈرە، ئۈگرە - شورپا، زىخقا تارتىپ ياكى تونۇرغا
سېلىپ پىشۇرغان قوزا، ئـوغلاق، بـاچكا، ئـولاي، بۇغا،
كېيىك... كاۋاپلىرى، تۈرلۈك شەربەت - شارابلار، خۇش پۇ-



راق، چۈچۈمەل چايلار بىرمۇ بىر ئۆتمەكتە ئىدى. موللا ساقىـ
ـنىڭ «ئۇ كۈنلەرمۇ ئاز قالدى» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە
توختىماي جاراڭلايتتى.
قەشقەرگە، يۈزلىگەن مۇرىتلار ئايىغىغا باش قويۇپ، تـوۋىـ
ـلىرىنىڭ پېشىنـى تـاۋاپ قىلىـپ، چاڭ - توزانلارنى كۆزلىـ
ـرىگە سۈرتۈپ، خىزمىتىگە «لەببەي» دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان
شانۇ شەۋكەتلىك سەلتەنەتـكە يەنە قايـتىشقا ئىمكانىيـەت بولار-
مۇ - ھە، ئۇ ئاشۇ چاغدا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە
بۇيرۇمىغانلىقىدىن ئاللاغا شۈكۈر - سانا ئېيتقانىدى. كۆز ياش-
لىرىم بىلەن ئەخمەق خاننى ئالدىدىم دەپ ئىچىدە كۈلگەن،
سەئىدىيە تەسەررۇپىغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماقلىق ھەققىدىكى
پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغىنىدا قەلبىدە ئۆچەي - ئۆچەيلا دەپ قالغان
ئۈمىد شامى ئاجىز پىلىلدىغانىدى. شۇنچە قەدرىنى قىلغان،
ئەتىۋارلاپ بېشىدا كۆتۈرگەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا بىر ئاز
تارتىشقاندەك قىلسىمۇ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقىدىن
قوغلىنىش، ئايرىلىش ئازابىنى قىلچىلىك ھېس قىلمىغانىدى.
شۇنداق، ئىشاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئانا يۇرت مېھرىنىڭ زەررىسىمۇ
يوق ئىدى. ئەمما، ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك چىقمىدى، سەئىدىيە
چېگرىسىدىن ئۆتۈپ بەدەخشان تەۋەسىگە خۇددى ئەزىز، ئەتىۋار-
لىق، كاتتا مېھماندەك دەبدەبىلىك جەررە - ساماللىرى بىلەن
كىرىپ كەلگەن ئاتالمىش «قۇتبىل ئەقتاب»، «سۇلتانۇل مۇ-
ھەققىقىن» نى بەدەخشاننىڭ ئەھلى سۇلۇك پېشىۋالىرى بولمىش
كور ئىشان - خوجىلار بەئەينى بىر پارچە سۆڭەكتىن قىزغانغان
لالما ئىتتەك خىرىس بىلەن سوغۇقلا كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ سۇلۇك
تەرغىباتلىرى، ئەمرىمەرۇپلىرىنى، ۋەزلىرىنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم
چىقمىدى. ئۆز خوجا - پىرلىرىغا تولىمۇ سادىقەتمەن بەدەخشان
خەلقى بۇ نام - ئەمەلى نامەلۇم لاماكان خوجىغا ئانچە ئېتىبار
قىلمىدى. ئالتە ئايغا يېقىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ مەسلەك-

داشلىرى ئارىسىدا يەكلەنگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئۇممىدىنى بەدەخشان ئەمىرلىرىگە باغلىدى. مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن ئىككى توپ خوتەن ئەتلىسىنى ئەمىر بىلەن كۆرۈشۈش ئىلتىماسىغا قوشۇپ ئوردىغا كىرگۈزدى. ھەپتە ئۆتكەندە ئوردا شىغاۋۇل ئەمىرىگە يەنە بىرمۇنچە سوۋغا - سالام سۇڭگۇتۇپ يۈرۈپ ئەمىرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن بولدى.

بەدەخشان ئەمىرىنىڭ قوبۇل قىلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھىدايىتۇللا ئىشان، مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىپ سۆلەتلىك ياساندى - دە، موللا ساقى قاتارلىق خەلىپە - سوپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا يۈگۈردى.

— ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئەزىزىدىن ئۆزگىلەر سىرتتا ساقلاپ تۇرغاي، — دېدى ئوردا دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللار باشلىقى ئىشاننىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

بەدەخشان ئەمىرىنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىدە ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان كاتتا مۇراسىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، زور ئىشەنچ بىلەن ئوردىغا كىرگەن ھىدايىتۇللا ئىشان بەدەخشان ئەمىرىنىڭ ھېچقانچە ھەشەمەتسىزلا كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ تەئەججۈپلەندى. سارايىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا بەجا كەلتۈرگەن ھۆرمەت - ئېھتىرامىغا بەدەخشان ئەمىرىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇش تۇگۇل قىمىرلاپمۇ قويمىغىنىنى، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سۆزنى خۇشياقمىغان ھالدا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغىنىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلدى.

— قېنى مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرغايلا، ئىشان ھەزرەت، — دېدى زەر تونىغا ئورنىپ، ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغان بەدەخشان ئەمىرى ئىشاننى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەرنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇلغان بوش كۇرسىغا تەكلىپ قىلىپ، — بەدەخشان



ھىجرىتىگە كۆڭۈللىرى تارتىپ قېلىشلىرىنىڭ، شۇنداقلا دەرگاھىمىزغا زىيارەت قىلماقنى ئىستەپ قېلىشلىرىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟

ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا سورالغان بۇ سوئال ئىشاننىڭ يەنە بىر قېتىم غەزىپىنى كەلتۈردى. خورلۇق - كەمسىتىش، ھۆرمەتسىزلىك يۈرەك - باغرىنى ئۆتكۈر پىچاقتەك تىلغاپ تاشلىدى.

— بۈيۈك بەدەخشان تەسەررۇپىغا ھىجرەت قىلمىقىمىزدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ خانۇخاقانى ئانھەزرىتىمىنىڭ ئاپتاپتەك جامالىغا قېنىۋېلىش ھەم مۇلاقەتتە بولۇپ ئىستىبدات دۇردانىلىرىدىن تەلىم ئېلىشتىن ئۆزگە مۇددىئا يوقتۇر.

— يوقسۇ، ئىشان ھەزرەت، كۆپ مۇبالىغە قىلىۋەتتىلە، — دېدى ئەمىر ئىشاننىڭ زىيادە ماختاشلىرىدىن بىزار بولغان ھالدا، — پەقەت بۈيۈك بابۇرىيلەر تەسەررۇپىنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئەۋرەڭزىپ[1] ئالىيلىرىلا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ خانۇخاقانى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. بىزلەر بولساق ئۇل قىبلىگاھىمىزنىڭ ھامىيلىقىدىكى كىچىككىنە بىر يۇرتنىڭ ئەمىرىدۇرمىز، خالاس.

خۇشامەت سۆزلىرىنىڭ كارغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ھىدايىتۇللا ئىشان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

— ئەمىر جانابلىرى ھەقىقەتەن ۋاپا - ساداقەت ئەھلى ئىكەن، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسىنى يۈگۈرتۈپ، — بۇ دۇنيادا ئالىيلىرىدەك ۋاپا ئەھلىدىن يەنە قانچىسى بار دەيلا، مانا بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتاب، سۇلتانۇل مۇھەققىقىن بولمىش ئەھلى سۇلۇك پېشۋاسى سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ سەلتەنەتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىسيار كۈچ، زېمىن

① ئەۋرەڭزىپ — شۇ دەۋردىكى بابۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، بەدەخشان ئۇنىڭغا قاراشلىق بىر كىچىك خانلىق ئىدى.

سەرپ ئەتكەنىدىم. هالا يېقىنقى يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان سۇل-
تان ئىسمائىلخان جىيەن ئوغلى — ھەقىقىي تەخت ۋارىسى شاھ-
زادە يولۋاسخاننى قەتلە قىلىپ تەختنى تارتىۋالدى. ئۇنىمۇ ئاز
دەپ، ئەھلى سۇلۇك تەرغىباتىنى چەكلەپ، سۇلۇك ئەھلىگە
سەلتەنەت سۇرى بىلەن زۇلۇم سالدى، ئەل - رەئىيەتنىڭ نارازى-
لىقىغا پەرۋا قىلماي تەختنى ئوڭچە ئىگىلىۋالدى. ئىككى ئېغىز
لىللا گەپ قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن، مېنى سەئىدىيە تەسەررۇپى-
دىن قوغلاپ چىقاردى. ئول نائىنساپ خان ھازىر ھەدەپ لەشكەر
توپلاپ بۇيۇك بابۇرىيلەر تەسەررۇپى بىلەن ئاستىراخانلار[1]تەسەر-
رۇپىنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ. ناۋادا
ئەمىر ئائىلىرى ئىسمائىلخان بىتۇيۇق تۇرغان مۇشۇنداق پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، سەئىدىيە تەسەررۇپىغا لەشكەر تارتسىلا،
ئول زېمىننى ئاسانلا ئىتائەتلىرىگە ئالغان بولاتتىلە، باھادىرلارچە
شانۇشەۋكەتلىرى جاھانغا تارقىلاتتى. خانۇخاقان ئەۋرەڭزىپ ئا-
لىيلىرىمۇ كۆرسەتكەن بۇ ئەجىر - تۆھپىلىرى ئۈچۈن جانابلىرى-
نى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلىغان بولاتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان بەدەخشان ئەمىرىنىڭ كۆزىنى يېرىم يۇ-
مۇپ جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، سۆزۈم تەسىر قىلىۋاتقان ئوخ-
شايدۇ دەپ ئويلىدى، پەسكەش مۇددىئاسىنى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ
سۆزلەشكە باشلىدى:

— ناۋادا باھادىر ئەمىر جانابلىرى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇنسى-
لا، مەنكىم قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇك سەئىدىيە تەسەررۇپى-
دىكى نەچچە تۈمەنلىگەن مۇرىت - مۇرشىدلىرىم بىلەن ھەزرەتلى-
رىگە ھەمدەمدە بولۇپ، ئاتقان ئوقلىرى، چاپقان قىلىچلىرى
بولۇشقا تەييارمەن. ھەر يىلى ھەزرەتلىرىگە تۈمەن سەر ئالتۇن-
كۇمۇش ئولپان تاپشۇرۇشقا كېپىللىك قىلىمەن.

[1] ئاستىراخانلار — 1599 - يىلى شەيبانىخانلار سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاستىرا-
خاندا قۇرۇلغان خانلىقنى كۆرسىتىدۇ.



— ئىشان ھەزرەتنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس
تۇپراق بولمىش ئانا ۋەتىنىنى ھاتەملەرچە سېخىيلىق بىلەن ئىك-
كى قوللاپ تۇتقانلىقلىرىغا كۆپ تەسەننا، — دېدى بەدەخشان
ئەمىرى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا كۈلۈپ، — ئەمما بۇيۇك سەئى-
دىيە تەسەررۇپىغا لەشكەر تارتىشتەك كاتتا ئىش زىنھار قولۇمدىن
كەلمەيدۇ. ھەزرىتىم ئانچە بىلمىسە كېرەك، بۇيۇك بابۇرىيلەر
خانلىقىنىڭ پېشىۋا خانۇ خاقانى زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇر ھەز-
رەتلىرى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پېشىۋا خاقانى سۇلتان سە-
ئىدخان ھەزرەتلىرى يىلتىزداش، جەمەت - ئۇرۇقى بىر قېرىن-
داشلاردۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنىڭ تەسەررۇپىغا
تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، ئۆزئارا ياردەم - ھەمدەمدە بولۇش
خۇسۇسىدا ئەھدۇ پەيمانلار باردۇر. قىبلىگاھىمىز ئەۋرەڭزىپ
خاقان ئائىلىرى بابائى بۇزرۇكلىرى قىلىشقان ئەھدۇ پەيماننى
يىرتىپ تاشلاپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ زېمىنىغا لەشكەر تارتماق-
لىقنى ئەسلا راۋا كۆرمەس، نەسىھەتىمىز شۇلكى، ئىشان ھەز-
رەتنىڭ مۇددىئاسى شۇ بولسا دەرھال نىيىتىدىن يانغاي.

ھىدايىتۇللا ئىشان بەدەخشان ئەمىرىنى سەئىدىيە خانلىقىغا
لەشكەر تارتىشقا كۆندۈرەلمەي ئىلاجسىز يېنىپ چىقتى. ياخشى
نىيىتىنى چۈشەنمىگەن بۇ ئەمىرنى ئىچىدە تىللىدى، قارغىدى.
ئىشان مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەت-
لەندى. نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك ھاردۇق ئالماي يول يۈرۈۋات-
قان ئاق ئارغىماق كىچىككىنە تاش - داڭگاللارغا پۇتلىشىپمۇ
مۇدۇرەيتتى، قوپال سوكۇلدايتتى. ئۇنىڭ بۇ سوكۇلداشلىرى
ئىشاننىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرىگە قىلچىلىك ھالاقىت يەتكۈزەل-
مەيتتى. سەئىدىيە زېمىنىغا قايتا قەدەم بېسىش، ئاللىقانداق
قوشنا ئەل خانلىرىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ تۈمەن-
لىگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، سۇلتان ئىسمائىلخاندىن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىنى تارتىۋېلىش شېرىن خىيالى

يۈرىكىنى قۇرتتەك ئارامسىز غاجىلايتتى. كاللىسىدا تۈرلۈك
شۇم پىلان، نومۇسسىز تەدبىرلەر زاھىر بولاتتى. ئۇ بەدەخشان
ئەمىرىدىن بۇرۇنغا يېگەندىن كېيىن شۇم نىيىتىنىڭ قۇترىتىشى
بىلەن ئاستىراخانلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئابدۇلئەزىزخاننىڭ①
ئوردىسىغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن بېرىپ كۆرۈشۈشكە
مۇۋەپپەق بولدى ۋە مۇناپىقلارچە نىيىتىنى يوشۇرمايلا بايان
قىلدى.

— ئىشان ھەزرىتىمنىڭ نەسەبى سەئىدىيە خانزادىلىرىدىن.
دۇر؟ — سورىدى ئابدۇلئەزىزخان ئىشاننىڭ سەئىدىيە زېمىنىغا
لەشكەر تارتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كې.
يىن تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا.

— يوقسۇ، ئانھەزرىتىم، — دېدى ئىشان تۇيۇقسىز سورال.
غان بۇ سوئالدىن بىرئاز ئۆندەرەپ، — بىزلەركىم سۇلتانۇل
مۇھەققىقىن سەيىددۇرمىز، جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكىمىزنىڭ
نامىشەرىپى مازار پادىشاھ خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئىشان ۋەلىيۇل.
لادۇر. ئۇلۇغ بابائى بۇزرۇكىمىزنىڭ مۇبارەك نامىشەرىپى كارا.
مەتۇللا كاتىبىن خوجا ئەھمەد كاسانى مەخدۇم ئەزەم ساجىدۇ
بېھىشىندۇر. نەسەبىمىزنىڭ سەيىدلىك ئۇنۋانى ئىمامى ھۇسەيىن
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، خوجىلىق ئۇنۋانىمىز ئىمام مۇھەممەد ھەنە.
فە ساھىبى دەرۋانغا ئۇلىشىدۇ. بۇل زاتى مۇبارەكلەر ئارقىلىق
ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئاخىرىدا پەيغەم.
بەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇلىشىدۇ...

ئاستىراخانلار خاقانى ئابدۇلئەزىزخان خوجا ھىدايىتۇللا ئى.
شاننىڭ نەسەب داۋرىڭى ھەققىدىكى زەي سالماي ئاتقان پوسىنى
سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى.

— بىز ھەممىمىز جانابىي رەسۇلىللانىڭ ئۇممەتلىرىدۇر.

---

① ئابدۇلئەزىزخان — مىلادىيە 1642 ـ يىلىدىن 1680 ـ يىلىغىچە جەمئىي 38 يىل
ئاستىراخان خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەشھۇر ھۆكۈمدار.



مىز. ھەزرەتلىرىنىڭ بابائى بۇزرۇ— خوجا ئەھمەد كاسانى پىرىم.
نىڭ بۈيۈك سەئىدىيە خاقانى سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىغا پىر
بۇزرۇك بولۇپ دۇئاگۈيلۇق قىلىپ ئۆتكەندىن ھەم خەۋىرىمىز
باردۇر. ئىنشائالla، جانابلىرىمۇ پىر بۇزرۇكلىرى مەختۇمى ئە.
زەمنىڭ سائادەتمەن يولىنى تۇتۇپ، سەئىدىيە خانزادىلىرىگە پىر
بۇزرۇك بولۇپ، دۇئاگۈيلۇق قىلىپ خويمۇ ساۋابلىق ئىشلارنى
قىلغانىكەنلا، ھالا بۆگۈنكى كۈندە بىلدۇقكى، پىر بولمىش بۇز.
رۇك بولمىش ئىشان ھەزرەت دۇئاگۈيلۇقنى تەرك ئېتىپ
مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىغا — كىندىك قېنى
تۆكۈلگەن مۇقەددەس ۋەتىنىگە ياغى باشلاپ بېرىشنى ئىرادە قى.
لىپ قاپتۇ.

زۇۋانى تۇتۇلغان ھىدايىتۇللا ئىشان سوغۇق تەرلىگى.
نىچە يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئابدۇلئەزىز خان سۆزىنى داۋام.
لاشتۇردى:

— بىزلەرنىڭ ئول سۇلتانلار بىلەن ھېچقانداق نىزا ـ
ئاداۋىتىمىز يوقتۇر. تەسەررۇپىمىزدىكى رەئىيەتلىرىمىز بولسا
ئول سەئىدىيە ئاۋاملىرى بىلەن ئەلمىساقتىن تارتىپ بىر تىل،
بىر قوۋم، بىر ئۇرۇقتىكى قېرىنداشلاردۇر ھەم دىنداشلاردۇر.
شۇنداق تۇرۇپ ئۆزئارا ياغى قىلىشماق نە ھاجەتتۇر بىزگە.
ھەقتائالادىن دىللىرىغا ئىنساپ، ئەل ـ يۇرتلىرىغا ئاسايىشلىق
تىلىگەيلا، ئى ئىشان ھەزرەت.

ئات ئۈستىدە كېتىپ بارغان ھىدايىتۇللا ئىشان ئابدۇلئە.
زىزخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئاچچىق ـ ئاچچىق
تولغاندى. ئىشان بۇرۇنغا يەپ تۇرسىمۇ نىيىتىدىن پەقەتلا يانمى.
دى. سەئىدىيە تەسەررۇپىدىن قوغلانغان بەش يىلدىن بېرى بە.
دەخشان، كابۇل، ھىرات، بۇخارا، ئەنجان، سەمەرقەنت قاتارلىق
شەھەرلەر ئارىلىقىدا توختىماي قاترىدى. سىلىق ـ سىپايە رەت
قىلىشلارغىمۇ، ئاچچىق تەنە ـ مالامەتلەرگىمۇ ئۇچرىدى. بۇ

يۇرتلاردىكى مەسىلەكداشلىرى — خوجا ـ ئىشانلار ئۇنى ئارد-
غا ئالماي، خۇددى لالما ئىتنى قوغلىغاندەك ھەرقاچان قوغ-
لاپ تۇردى.
ئاخىر بۇ يىل كۈزدە خېلى كۆپ مال ـ بىساتىدىن ئايرىلغان
ئىشان بەدەخشاندا سەرگەردان بولۇپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىماي خۇد-
دى ئۇتتۇرۇۋەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ ئوشۇققا تويمىغان قىمارۋازدەك
ئەڭ ئاخىرقى مىڭ سەرگە يېقىن ئالتۇن، بەش مىڭ سەرگە
يېقىن كۈمۈش ۋە ئون نەچچە توپ خوتەن ئەتلىسى، يىگىرمە
نەچچە توپ يەكەن شايىسىنى ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى مەسمايىسىنى
تاۋكاغا تاشلاپ، كەشمىر پادىشاھىغا ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى باغلاپ
يولغا چىققانىدى. ئۇ يول بويى ھەمراھلىرىغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ
قىلمىدى. ھەمراھلىرىنىڭ پاراڭلىرىغىمۇ ئارىلاشمىدى. توختى-
ماي زىكىر ـ سانا ئېيتىپ، ئاللادىن كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇلى-
رىنىڭ تېزرەك روياپقا چىقىشى ئۈچۈن مەدەت تىلىدى، پىلان-
تەدبىر تۈزدى.
شۇ تاپتا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئات ئۈستىدىكى تاشلانمىغان
كۆرەك جۇۋىغا قىمدالغان ۋۇجۇدىدا مىڭلىغان چايانلار قاترايتتى.
رەھىمسىزلىك، مۇناپىقلىق، ئاسىيلىق، خۇنخورلۇق چىقىپ
تۇرغان خۇنۇك كۆزلىرىدىن ئۇششۇك تېگىپ، ئېچىرقاپ كەتكەن
يىلاننىڭ كۆزلىرىنىڭكىدەك مۇدھىش سوغۇق نۇر چاقنايتتى.
«… مەيلىلا خەقنىڭ ئاغزىدا قانداق ھاقارەتلىك، لەنەتلىك
ناملارغا قېلىشىمدىن قەتئىينەزەر قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى
چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ سۇلتان ئىسمائىلخاندىن سەئىدىيە
خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىنى تارتىۋالماي قويمايمەن. بۇ مەقسى-
تىمنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ياتلار ئالدىدا ئىتتەك ئۆمىلەش-
كە، مۇشۇكتەك سۈركىلىشكە، قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك ياشاشقا
رازىمەن. ھەتتا جېنىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسەمنى قۇربان
بەرسەممۇ مەيلى …»



— كەشمىر پادىشاھىنىڭ خاقان ئەۋرەڭزىپكە بايقۇت قىلغان-
لىقى راستمىدۇر، ئىشان پىرىم؟
مولla ساقىنىڭ بۇ سوئالى بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ
خىيالى بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇ موللا ساقىنىڭ كەشمىر پادىشاھىنىڭ
ياردىمىگە ئېرىشەلمەي يەنە ئارتۇقچە يول جاپاسى تارتىشتىن ئەن-
سىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئىشانىمۇ مۇشۇ مۇدھىش خىيال
يول بويى پات ـ پات قىيناپ كەلدى. ئەمما، ئۇ كەشمىر پادىشا-
ھىنىڭ بابۇرىيلەر خاقانى ئەۋرەڭزىپ بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان-
لىقىنى، شۇ سەۋەبلىك بابۇرىيلەرگە بولغان ئىتائەتتىن چىقىپ
بايقۇت قىلغانلىقى ھەققىدە خېلىلا ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئېرىشكە-
نىدى ۋە بۇنى ئۆزى ئۈچۈن قانداقتۇر بىر خەيرلىك ئىشتەك
بىلىپ، كەشمىرگە سەپەر قىلىشنى كۆڭلى تارتىپ قالغانىدى.
— ئىنشائاللاھ شۇنداق بولغاي، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان
موللا ساقىنىڭ سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

## 2

كەشمىرنىڭ ئاستانىسى سىرىنىگار شەھىرى.
زور ئۈمىد ـ مەقسەتلەر بىلەن ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەن
ھىدايىتۇللا ئىشان سىرىنىگار شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا
پادىشاھ مۇھەممەد راجاخان بىلەن قايسى يوسۇندا كۆرۈشۈش ھەق-
قىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئات ئۈستىدە مۈگدەپ
قالغاندەك ئولتۇرغان تۇرقىدىن بۇ كاتتا شەھەرنىڭ قاينام ـ
تاشقىنلىق مەنزىرىسىدىن، ھەم ئىسلام، ھەم بۇددا مەدەنىيىتى-
دىن يۇغۇرۇلغان ئۆزگىچە مېمارچىلىق سەنئىتىدىن شەكىللەن-
گەن كوچا ـ رەستىلەردىكى ئىمارەتلەردىن زوقلىنىشقا ھەپسىلى-
سى يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولسا كوچا ـ

رەستىلەردىكى ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا كىيىنگەن كىشىلەرگە، باشلىرىغا سېرىق، يېشىل رەختلەردىن يوغان سەللىلەرنى ئورىۋېلىشقان دىندارلارغا، پاكىز قىردۇرۇلغان باشلىرىغا ھېچنېمە كىيمىگەن، ئۇچىسىغا سېرىق، سۆسۈن رەڭ كاسايالارنى ئوڭ دولىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ چىگىشىپ، سول بىلىكىنى ئوچۇق قويغان، ئۇرۇقچىسى ياغاقتەك چوغلۇقتىكى ئۈزۈن تەسۋىلەرنى بوينىغا ئېسىۋېلىپ، يەردىن ئۇستۇن قارىماي كېتىپ بارغان براخمان موللىلىرىغا، باش - كۆزلىرىنى قېلىن چۈمبەل بىلەن ئورىشىۋالغان مۇسۇلمان ئاياللىرىغا، شۇنداقلا بېشىغا سارا سېلىپ، قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل مەڭ چېكىپ يۈزى ۋە قورسىقىنى ئوچۇق قويۇپ مېڭىشقان بۇددىست ئاياللارغا ئەجەبلىنىش ھەم ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراشتى. بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن ئۆزگىچە ئىدى.

ئۇلار بىر مۇسۇلمان سارايۋەنىنىڭ سارىيىغا چۈشكۈن قىلىشتى.

— يائاللا، بۇ شەھەردە كۇپپارلارمۇ خېلىلا كۆپكىنا، پىرىم، — دېدى موللا ساقى سۇپىدا سوزۇلۇپ ياتقان ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ، — بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مۇسۇلمانمىدۇر؟

— ئەلۋەتتە مۇسۇلماندۇر، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان خۇشياقمىغان ھالدا جاۋاپ بېرىپ، — بۈگۈنچە كوچا - كويلارغا چىقىپ يۈرمەي ئوبدانراق ئارام ئالسۇنلار، پادىشاھ مۇھەممەد راجاخان ئالىيلىرى بىلەن تاڭلا سەھەردە كۆرۈشكەيمىز.

بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن ئوردىغا چىقىپ ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغان مەھەممەد راجاخان ئەمىرلىرى سۇنغان مەلۇماتلارنى ئاڭلىدى ۋە بىر قىسىم پەرمانلارنى چۈشۈردى. ئەتىگەنلىك قوبۇل بىر ئاش پىشىم داۋاملاشتى. خان ئەمىرلىرىگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىشكە تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، شىغاۋۇل ئەمە-



-رى تۆت نەپەر خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈپ شاھنىشىنغا كىرىپ كەلدى. خىزمەتكارلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى پەتنۇستا بەش يۈز سەر نۆكچە سەئىدىيە كۈمۈش تەڭگىسى، قالغان ئىككى خىزمەتكارنىڭ قولىدا ئۈچ توپتىن خوتەن ئەتلىسى بار ئىدى.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى شىغاۋۇل ئەمىر، — سەئىدىيە خانلىقىدىن كەلگەن مېھمان ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

سوۋغا - سالاملاردىن كۆرە سەئىدىيە خانلىقىدىن كەلگەن مېھمانغا بەكرەك قىزىققان مۇھەممەد راجاخان ئالدىراپ سورىدى.

— ئول مېھماننىڭ ئىسىم - شەرىپى كىم ئىكەن؟

— ئۆزىنى سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئەھلى سۇلۇكنىڭ پېشۋاسى دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنۋانى قۇتبىل ئەقتاب، سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، ئىسىم - شەرىپى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇك ئەزىزلەر ئىكەن.

— ئول زاتى مۇبارەك قوبۇلغا كىرگەي، — دېدى مۇھەممەد راجاخان ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي.

ئارىدىن بىر چىلىم تاماكا چەككۈچىلىك ئارىلىقتا شاھنىشىنغا شىغاۋۇل ئەمىرگە ئەگىشىپ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ موللا ساقى قاتارلىق ھەمراھلىرى كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى ئادالەتپاناھ قىبلىگاھىم، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان تەختتە كىبىر بىلەن ئولتۇرغان مۇھەممەد راجاخانغا سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى مۇھەممەد راجاخان ئىشاننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، تەختتىن بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ.

شۇ دەقىقىدە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى سارايدىكى ئەمىرلەرگە بىرمۇبىر قاراپ ئۈلگۈرگەنىدى. بېشىغا يوغان سەللىلەرنى ئورىۋالغان ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇچىسىغا سېرىق،

سۈسۈن رەڭ كاسايا ئارتقان براخمان دىندارلىرى سىياقىدا كىيىنگەن ئەمىرلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشانغا بۇ بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. بابۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ بۇزرۇكۋار خاقانى زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ نەۋرىسى خاقان ئەكبەر دادىسى ھۇمايۇندىن سەلتەنەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بابۇرىيلەر تەسەررۇپىدىكى بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش، مەملىكەتتە تىنچلىق، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھىندى قىزىغا ئۆيلەنگەن ھەمدە ھەرقايسى يۇرت ـ ئۆلكىلەرگە بىر قىسىم بۇددىست ھىندىلاردىنمۇ ئەمىر ـ بەگ تەيىنلىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق بابۇرىيلەر تەسەررۇپىدا ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغاندى. خاقان ئەكبەرنىڭ بۇ سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئەۋرەڭزىپمۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد راجاخان ئوردىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم ھىندى ئەمىرلەرنىڭ بولۇشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

— مۆھتەرەم سۇلۇك پېشۋاسى بولمىش ئىشان ھەزرەتنىڭ ئۇزاق سەپەر مۇشكۇلاتلىرىنى يېڭىپ ئاستانىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيۈشىدىكى مۇددىئاسى نېمىكىن؟ — سورىدى مۇھەممەد راجاخان تېخىچىلا بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ قول باغلاپ تۇرغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندىن.

— ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ خانى خاقانى، ئادالەتنىڭ ھامىيسى، پېقىر، مىسكىن، مۇساپىرلارنىڭ باشپاناھى، ساخاۋەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ نۇر ـ زىياسى بولمىش قىبلىگاھىمغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بىزلەركىم سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سائادەتمەن ئەھلى تەرىقەت يولىدا سۇلۇك تەۋرىتىپ، تۇمەنلىگەن مۇرىتىل ھىدايەتچى مۇرىت ـ مۇرشىد مۆمىنلەرگە رەھنەما بولۇپ، پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ساداقەتمەنلىك بىلەن



ئۆتەپ كەلگەن سۇلۇك پېشۋاسى ئەردۇك، قاچانكى سۇلتان ئىسمائىلخان سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىش جىيەن ئوغلى شاھزادە يولۋاسخاننى قەتلە قىلىپ تەختكە چىققاندىن بېرى، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرتەتلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى خالىغانچە پايمال قىلدى. مۇسۇلماندارچىلىق يوللىرىدىن چەتلىدى، بىھېساب زۇلۇم ـ سىتەملىرى بىلەن ياۋاش، بىگۇناھ رەئىيەتنى قاقشاتتى. بۇ ناھەقچىلىق ۋە قاباھەتكە چىدىماي ئىككى ئېغىز ھەق سۆزلەپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن سەئىدىيە تەسەررۇپىدىن مەڭگۈ قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆي ـ ماكانلىرىمىزدىن، ساداقەتمەن مۇرىت ـ يارانلىرىمىزدىن، خاتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىزدىن ئايرىپ تاشلىدى.

ئەسلىدە قادىر ئاللانىڭ بۇ كەڭرى زېمىنغا چېچىلغان خۇدايى رىزقىمىزنى تېپىپ يەپ يۈرسەك بولار ئىدى. ئەمماكى زالىم خان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ زۇلمى ئاستىدا زار ـ زار قاقشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نالىسى ئارامىمىزنى بىر كۈنمۇ تىنچ قويمىدى. تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مازار ـ مەقبەرىلىرىدە تۇغ ـ شەددىلىرىنى قېقىپ، ئۇلارنىڭ پاك ـ روھىناتلىرىغا سېغىنىپ، ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزنى زالىم خاننىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەتلەردە بولدۇق، بىر كۈنى بەيتۇل مۇقەددەستە ھەجەرۇلئەسۋەدنى[1] سۆيۈپ تۇرۇپ، ئاللا ئىگەمدىن قېرىنداشلىرىمغا ئاسايىشلىق تىلەپ ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز غايىبتىن «ئى غوجىزادەم، تىلەك ـ مەقسەتلىرىڭىز مۇھەممەد راجاخان ھەزرەتلىرى ئارقىلىق روياپقا چىققاي» دېگەن بىر سادا كەلدى. شۇ ھامان ئاللاغا تۈگىمەس ھەمدۇسانالارنى ئېيتىپ يولغا چىقتىم ـ دە، ئۇدۇل قىبلىگاھىمنىڭ دەرگاھىغا كەلدىم.

① ھەجەرۇلئەسۋەد — بەيتۇللادىكى قارا تاش، ھىجرەت قىلغۇچىلار ئاشۇ تاشنى سۆيۈپ تۇرۇپ تىلەكلەرنى بىلدۈرۈشىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا سەئىدىيە تەسەررۇپىغا خانۇ سۇلتان بولۇشنى ئاللاتائالا جانابلىرىغا بۇيرۇغان ئوخشايدۇ.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ماختاشلىرىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان مۇھەممەد راجاخان ئىشاننىڭ مۇددىئاسىنىڭ تېگىگە يەتتى - دە، ئەمىرلەرگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ، ئىشاننى مۇھىم كېڭەش قىلىدىغان سارىيىغا باشلىدى.

ئۇلار تولۇق بىر كۈن ھال - مۇڭ بولۇشتى. ئىشان ھەربىر سۆزىدە مۇھەممەد راجاخاننى كۆككە كۆتۈرۈپ سۇلتان ئىسمائىلخاننى يامانلاپ بېرەتتى. ئۆزىدە يوق سۈپەت پەزىلەتلەردىن ھايالانلانغان مۇھەممەد راجاخان خۇددى چاڭقاپ كەتكەن ئادەم مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە يولۇققاندەك روھلىنىپ، ھەدەپ پو ئاتاتتى، خاقان ئەۋرەڭزىپنى قاسايتتى. يالغانچى بىلەن گۈپپاڭچى، مۇناپىق بىلەن سۇخەنچى، ئاسىي بىلەن رىياكار ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى.

— ناۋادا، ئانھەزرىتىم، باھادىر كەشمىر لەشكەرلىرىدىن ئىككى تۈمەن ئوغلاننى بېرىدىغان بولسا، ئۇدۇل ئاستانە ياركەنت شەھىرىگە باستۇرۇپ بېرىپ، سۇلتان ئىسمائىلخاندىن سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئالىيلىرىغا ئىككى قوللاپ تۇتقان بولاتتىم.

شۇ كۈنلەردە خاقان ئەۋرەڭزىپكە ئوچۇق - ئاشكارا بايقۇت قىلغان مۇھەممەد راجاخان قوشنىسى تىبەتنىڭ روھانىيسى دالاي لاما V بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. ئۇ خاقان ئەۋرەڭزىپنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىپ كېلىپ قېلىشىدىن خەۋپسىرەپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، گەرچە سەئىدىيە تەسەررۇپىنى ئىلكىگە ئېلىپ خانۇخاقان بولغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئىككى تۈمەن لەشكەر بېرەلمەيتتى. شۇڭا، ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا دالاي لاما V نى تەۋسىيە قىلدى.

— مۆھتەرەم قۇتبىل ئەقتاب ئىشان ھەزرىتىمنىڭ ھۆرمەت



ئىنايىتىگە مىڭ - مىڭ تەسەننا، بۈيۈك بابۇرىيلەر تەسەررۇپىدىمۇ دەھرىي خاقان ئەۋرەڭزىپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، ئىسلام جاساقلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ھىندىلارغا، كاپىر براخمان مۇرىتلىرىغا مايىل بولغان خاقان ئەكبەرنىڭ دەھرىي يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇسۇلمان رەئىيەتنىڭ دىلىنى خويمۇ رەنجىتتى. شۇل سەۋەبتىن بىزلەر دەھرىي خاقان ئەۋرەڭزىپ سەلتەنىتىنى يوقىتىپ، ئورنىغا سائادەتمەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئورنىتىش مۇددىئاسىنى كۆڭلىمىزگە پۈككەن ئەردۇق. ھەزرەتلىرى سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئاۋام - رەئىيەتنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھىدايەتكە باشلىماق بولۇپ بىسيار رىيازەتلەرنى چېكىپلا. بابۇرىيلەر تەسەررۇپى بىلەن سەئىدىيە تەسەررۇپىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەڭداشسىز بىر ئەھلى تەرىقەت سەلتەنىتىنى قۇرۇپ چىقىش خويمۇ قۇتلۇق بىر مەقسەتتۇر. بۇ مەقسەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىش ئەلۋەتتە قىيامەتلىك قەرزىمىزدۇر، ئەمما دەھرىي خاقان ئەۋرەڭزىپ سەلتەنىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمىغانغا ئوخشاش سەئىدىيە سەلتەنىتىنىمۇ زىنھار ئاجىز چاغلىغىلى بولماس. ھەزرەتلىرى بىخەۋەر بولمىسا كېرەك. ئۆز زامانىسىدا سەئىدخان ئالىيلىرى سەئىدىيە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ كەشمىرنىمۇ سەئىدىيە سەلتەنىتىگە ئىتائەت قىلدۇرغانىدى. بۈيۈك سەركەردە مىرزا ھەيدەر كورەگانى[1] جانابلىرى كەشمىردە نائىب ۋە ئەمىر بولۇپ تۇرغاندا كەشمىردە بىر مەزگىل باياشاتلىق، ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن سەئىدىيە تەسەررۇپىدا يۈز بەرگەن بىر تالاي تەخت ماجىرالىرى سەۋەبىدىن كەشمىرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى سۇسلىشىپ قالغانلىقى ۋە مىرزا ھەيدەر كورەگانى

[1] مىرزا ھەيدەر كورەگانى — ھەربىي سەركەردە، تارىخچى. سۇلتان سەئىدخان تىبەت يۈرۈشىدە تۇتەك ئېلىپ كېتىپ قازا قىلغاندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قېلىپ، كەشمىرگە كەتكەن ۋە مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى رەشىدى»نى كەشمىردە تۇرۇپ يازغان.

ھەزرەتلىرىدىن كېيىن كەشمىرگە پاسىبان بولغان ئەمىر ـ بەگ-
لەرنىڭ ساداقەتسىزلىكى سەۋەبلىك، كەشمىرنى خاقان ئەكبەر-
خان ئاىلىلىرى بابۇرىيلەر تەسەررۇپىغا قوشۇۋالغان بولسىمۇ،
ئىنچىل تۇردە سەئىدىيە سۇلتانلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ كەل-
دى. سۇلتان ئابدۇللاخان ئائىلىلىرى لەشكەر باشلاپ كېلىپ
كەشمىرنى سەئىدىيە تەسەررۇپىغا قايتا ئىتائەت قىلدۇرغان بول-
سىمۇ، ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ھازىر بابۇرىيلەر بىلەن
سەئىدىيلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدۇ.
سەئىدىيە تەسەررۇپىدا باھادىر، ئىستىبداتلىق سەركەردىلەر خېلىلا
كۆپ، ئۇلۇغ مەقسەتلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىمىز دەيدىكەنمىز
زىنھار يەكگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ، — مۇھەممەد راجاخان
بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاش-
تۇردى، — قوشنا ئەل تىبەتنىڭ پادىشاھى ۋاجرا دولا دالاي لاما
ئائىلىلىرى پۈتكۈل براخمان مۇرىتلىرىنىڭ بۇرھانىدۇر. ئول
زاتى مۇبارەككە يالغۇز يېقىن ئەتراپتىكى ئەمەس، يىراق ئەللەر-
دىكى براخمان خان ـ پادىشاھلارمۇ مۇقەددەس ئەۋلىيا بىلىپ،
«دېڭىزدەك كەڭ قورساق نوم بېتىك ئاچارى» دەپ تەرىپلىشىپ
ئېتىقاد قىلىدۇ. ئول براخمان ئەۋلىياسى بىلەن بىزلەرنىڭ ئوت-
تۇرىمىزدا سۆلھى كېلىشىم بار. مەقسەتلىرىمىزنى ئىزھار قى-
لىپ ياردەم سورىساق شاپائىتىنى ئايىماسلىقى چوقۇم.

— ئارزۇ ـ مۇددىئالىرىمىز ئۇچۇن ئۆزلىرى رەھنەما بول-
غايلا، قىبلىگاھىم، — دېدى قەلبىدىكى ئارمان گۈلخانلىرى
يېلىنجاشقا باشلىغان ھىدايىتۇللا ئىشان ھاياجانلانغان ھالدا، —
ئول براخمان خانى بىلەن قاي يوسۇندا كۆرۈشمەك كېرەك؟

— ئول زاتى مۇبارەك بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇش
تولىمۇ مۇشكۇلدۇر، — دېدى مۇھەممەد راجاخان ئويچانلىق
بىلەن، — ئول براخمان ئەۋلىياسى ياتلارنىڭ براخمان ئەقىدىسى-
گە بولغان ساداقىتىنى سىناپ كۆرمىگۈچە زىنھار قوبۇل قىلماي-



دۇ. ھەزرىتىم ئەڭ ئاۋۋال براخمان ئەقىدىلىرىدىن ئاز ـ تولا
ساۋاق ئالغاي، قالغىنىنى جانابلىرى تىبەتكە بارغاندىن كېيىن
ساداقەت ـ ئېتىقادىنى نامايان قىلىپ تەسىرلەندۇرگەي.

شۇنداق قىلىپ ھىدايىتۇللا ئىشان كەشمىردە بىر مەز-
گىل براخمان ئەقىدىلىرىنى، براخمان مۇراسىم ـ يوسۇنلىرىنى
ئۆگەندى.

## 3

مىلادىيە 1678 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى.

مۇھەممەد راجاخان قوشۇپ بەرگەن براخمان يول باشلىغۇ-
چىنىڭ ھەمراھلىقىدا تىبەتكە قاراپ يولغا چىققان خوجا ھىدايە-
تۇللا ئىشان موللا ساقى قاتارلىق بەش نەپەر ساداقەتمەن مۇرىتى-
نى ئەگەشتۈرۈپ، خەتەرلىك تاغ يوللىرىدا مىڭ ئۆلۈپ ـ مىڭ
تىرىلىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار بىردىن قوتازغا مىنىۋالغان
بولۇپ، يۈك ـ تاق، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى ئارتىلغان تۆت
قوتازنى بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ، مىنىۋالغان قوتازلىرىغا
چېتىۋالغانىدى.

كۆك مۇز، ئاق قار بىلەن قاپلانغان كۆككە بوي سوزغان
ھەيۋەتلىك تاغلار ئۈستىدە بۇلۇتلار ئەگىيتتى. ئەنە ئاشۇ تاغ
چوققىلىرى ئارىسىدىكى جىرالاردا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلاردىن
ھاسىل بولغان كۆللەر، ياپيېشىل قارغاي، شەمشادلار بۇ خىلۋەت
زېمىنغا تېخىمۇ سىرلىق، تىلسىم تۈس ئاتا قىلغانىدى.

ھىدايىتۇللا ئىشانغا يول باشلاپ ماڭغان براخمان مۇرىتى
بۇ سىرلىق تاغ، كۆللەرگە قەدەمدە بىر دېگۈدەك يەر بېغىرلاپ
سەجدە قىلاتتى، توختىماي دۇرۇت ـ ئىستىغپار ئوقۇيتتى ھەمدە
ھىدايىتۇللا ئىشاننىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى.

— ئۇلۇغ نوم بىتىك ئاچارى دالاي لاما بۇرھان ھەزرەتلىرى ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، — دەيتتى براخمان مۇرىتى تۈركىي تىلدا بۇزۇپ سۆزلەپ، — ئىشان ھەزرىتىم تەڭداشسىز ساكيامۇنى بۇدساتۋا ۋە قۇنشىمىم ئاۋالۇكىتا ئىشۋارا بۇدساتۋاغا بولغان چەكسىز ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يول بويى براخمان ئەھكاملىرى بويىچە ئىبادەتتە بولمىقى زۆرۈر. مۇقەددەس تىبەت زېمىنىدىكى ھەربىر تاغۇ تاشلاردا، ھەربىر كۆل - دەريالاردا ئۇلۇغ ئىلاھلىرىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بار. ئۇلارنىڭ شاپائەت - شەپقىتىنى سېغىنغان ھەرقانداق كىشىنىڭ قەدەمدە بىر پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەتتە بولمىقى ۋاجىپتۇر.

شۇ كۈنلەردە بىر ساداقەتمەن، ئېتىقادلىق براخمان مۇخلىسىغا ئايلىنىپ قالغان ھىدايىتۇللا ئىشان يولباشلىغۇچى براخماننىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى، ئۆگەتكىنى بويىچە ئىبادەتكە مەشغۇل بولاتتى.

— ئى ساداقەتمەن زاتىل ئەقتابىلىرىم، ئاللادىن بىبۇيرۇق قىل تەۋرىمەستۇر. شۇل تاپتا براخمان موللىسىغا ئىرادەت قىلمىقىمىز، براخمان ئەۋلىيالىرىنىڭ شاپائىتىگە سېغىنمىقىمىز ئاللانىڭ ئىرادىسىدۇر. جانابىي ئاللا ئەڭ يېقىن، ئەڭ ساداقەتمەن بەندىلىرىنى تۈرلۈك چارە - قىسمەتلەر بىلەن سىنايدۇ. باقىي ئالەمدە ئاللا شاپائەت تەختىگە چىققاندا سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىكى مۇشكۇلاتلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ھېچ گەپ ئەمەس. پات - يېقىندا سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئەھلى - ئىشقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ تۇغ - شەددىلىرىنى لەپىلدىتىش ئۈچۈن، ئاللاتائالا ئىنئام قىلغان بۇ سىناق مۇشكۇلاتلاردىن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆتكەيسىزلەر، — دەيتتى ھىدايىتۇللا ئىشان موللا ساقى قاتارلىق مۇرىتلىرىغا ۋەز ئېيتىپ.

ئىشاننىڭ ھەربىر سۆزىگە بىگۇمان ئىشىنىشكە ئادەتلەنگەن مۇرىتلار سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا ئىشان نېمىنى



قىلسا شۇنى قىلاتتى، ئەمما بەش ۋاخ نامازنىمۇ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىمامەتچىلىكىدە تەرك ئەتمەيتتى.

— مۇقەددەس كۆلگە كەلدۇق، — دېدى يول باشلىغۇچى براخمان قارلىق تاغ باغرىدىكى زۇمرەتتەك سۈيى چايقىلىپ تۇرغان كۆز يەتكۈسىز كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە يەرنى قۇچاقلاپ، كۆلگە سەجدە قىلىپ تۇرۇپ. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇزدەك يەرنى قۇچاقلاپ كۆلگە سەجدە قىلدى.

ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

لامۇشى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كۆل زۇمرەتتەك سۈيىدە قارلىق تاغنىڭ ئەكس ئېتىشى بىلەن قارىيىپ تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدا زادى قانچىلىك سېھرىي كۈچ بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. يول باشلىغۇچى براخمان ھىدايىتۇللا ئىشانغا بۇ كۆلنى بۇددا دىنىنىڭ قۇتلۇق ئىلاھەسى پەرىزات ئانىنىڭ روھى قونغان جاي دەپ چۈشەندۈردى ۋە دالاي، بەنچەن قاتارلىق چوڭ لاما، گىگەنلىرى ئۆلۈپ كەتسە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولۇپ تۆرىلىدىغان بالا لاما، بالا گىگەنلەرنىڭ قايسى تەرەپتە، قايسى يۇرتتا دۇنياغا كېلىدىغانلىقى، قارلىق تاغقا جايلاشقان مۇشۇ مۇقەددەس كۆلدە نامايان بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان لخاسا شەھىرىگە يېقىنلىشىشقا ئەگىشىپ، يوللاردا بۇددالار سارىيىغا بېرىپ دالاي لامانى تاۋاپ قىلىدىغان بۇددا مۇرىتلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار قەدەمدە بىر يەر بېغىرلاپ يۈزىنى مۇزدەك تۇپراققا ياقاتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ئالىقىنىغا بېكىتىۋالغان ياغاچ تاختاينى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ جۈپلەيتتى، يەنە يەر بېغىرلاپ تۇپراقنى سۆيەتتى، يول بويى شۇ يوسۇندا بۇددالار سارىيىغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ يول باشلىغۇچى براخمانغا ئەگىشىپ

ئاشۇ لاما مۇرىتلىرىغا ئوخشاش يەر بېغىرلاپ تۇپراق سۆيۈشكە باشلىدى.

كەچ پېشىن بىلەن ئۇلار بۇددالار سارىيى ئالدىدىكى كەڭرى سەيناغا يېتىپ كەلدى. كۆككە بوي سوزغان ئالتۇن راۋاقلىق ھەيۋەتلىك بۇددالار سارىيىنىڭ ئۇستىدىكى رەڭدار تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ساراي ئىچىدىكى مىڭلىغان راھىب — بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ نوم - سۇترا ئوقۇۋاتقان ئاۋازلىرىدىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك بىر سادا بۇددالار سارىيىغا تېخىمۇ سۇرلۇك، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، تېخىمۇ سېھىرلىك تۈس ئاتا قىلغانىدى.

يول باشلىغۇچ براخمان ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن ھەمراھلىرىنى بۇددالار سارىيىدىكى ساڭرامنىڭ قېشىغا سېلىنغان بىر سارايغا جايلاشتۇردى - دە، دالاي لاماغا مۇھەممەد راجاخاننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرغاچ، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يول بويى يەر بېغىرلاپ بولالماي، پۇت - قوللىرى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرغان ھىدايىتۇللا پېشىن نامىزىنى مىڭ بىر جاپادا قىينىلىپ ئوقۇدى - دە، ئۆزىنى تۆشەككە تاشلاپ، ئاچ قورساق پېتى خورەككە چۈشۈپ كەتتى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن پارىغ بولۇپ ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قېشىغا ھېلىقى براخمان ئۇستىگە سۆسۈن رەڭ كاسايا ئارتىۋالغان بىر راھىبنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

— ئۇلۇغ ئاچارى دالاي لاما بۇرھان ھەزرەتلىرى جانابلىرىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكلىرىدىن خەۋەر تاپتى. ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرىنى چاقىرتىپ قوبۇل قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغىچە مۇنۇ



كامبۇ[1]ھەزرەتلىرى سىلىنى مۇقەددەس ساڭرامغا ئەكىرىپ نوم - سۇترالاردىن تەلىم بېرىدۇ. ساداقەتمەنلىك، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەتكە مەشغۇل بولغايلا.

— ئۆزلىرىچۇ، ھەزرىتىم، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ براخمان مۇرىتى ئاردىدا تىلماچلىق قىلىپ بەرمىسە ئۆزىنىڭ ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، — سىلى كەشمىرگە قايتىپ كەتمەيدىغانلا؟

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى براخمان مۇرىتى، — ھەزرىتىم ئۇلۇغ ئاچارى بۇرھان بىلەن كۆرۈشۈپ بولمىغۇچە ھېچ يەرگە كەتمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ ھىدايىتۇللا ئىشان ھېلىقى راھىب كامبۇغا ئەگىشىپ بۇددالار سارىيىدىكى ساڭرامغا كىردى - دە، ئۇچىسىغا سۆسۈن رەڭ كاسايانى كىيىپ، بۇددا ئەۋلىيالىرىنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا كېچە - كۈندۈز ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، دالاي لامانىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتتى.

باھار پەسلى كىرىپ لخاسا شەھىرى خېلىلا ئىللىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى كامبۇ ھىدايىتۇللا ئىشانغا دالاي لامانىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىق پەرمانىنى يەتكۈزدى.

ئەتىسى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان غۇسۇل قىلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. بېشىغا ئاق ماتادىن ھەيۋەتلىك سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا زەرباب مۇراسىم تونىنى كىيدى. تونىنىڭ ئۇستىدىن سۆسۈن رەڭ كاسايانى باغلىدى ۋە ھېلىقى يول باشلىغۇچى براخماننىڭ ھەمراھلىقىدا كامبۇ راھىبقا ئەگىشىپ بۇددالار سارىيىدىكى دالاي لامانىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىسىغا قەدەم باستى.

شاھنىشىننىڭ ئىچىنى سانسىزلىغان شاملار نۇر چېچىپ تەكشى يورۇتۇپ تۇراتتى. تاملارغا ساكيامۇنى بۇددىما، ئاۋالۇكتا

---

① كامبۇ — ئەمىر - پەرمان ئىشكلىرىنى باشقۇرغۇچى لاما. بۇددالار سارىيىدىكى باش راھىبلارنىڭ بىرى.

ئىشۋارا بۇددىھا، سۇڭزەنگەنبۇ قاتارلىق بۇددىھا ئەۋلىيالىرىنىڭ ۋە دالاي لاما V دىن بۇرۇنقى دالاي لامالارنىڭ رەسىملىرى، تۈرلۈك بۇددا رىۋايەتلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر سىزىلغان تاڭگالار[1] ئېسىلغانىدى. يۈزگە يېقىن گالۇن[2]، قۇتۇقتۇ[3]، جاسا[4]، سىلۇن[5] كامبۇلار، راھىبلار، ئىشىكتىن تەختىكىچە تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان پايانىدازنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان مەخمەل تەگلىكتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

لاما - راھىبلارنىڭ سوزۇپ ئوقۇغان دۇئا - تىلاۋەتلىرى شاھنىشىن ئىچىدە يەڭگىل گۈرۈلدەيتتى. ئۇلار ساكيامۇنىنىڭ تاڭگاسى ئالدىدىكى ئالتۇن تەختتە ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغان دالاي لاماغا ئەيمىنىپ يەر تېگىدىن قارىشاتتى.

شاھنىشىنغا كىرىپلا سۇر بېسىپ، ھاڭۋېقىپ قالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى براخمان ھەمراھى ئاستا نوقۇپ قويدى. شۇ ھامان ئېسىگە كەلگەن ھىدايىتۇللا ئىشان دەرھال ئۆزىنى پاياندازغا تاشلىدى - دە، يەر بېغىرلاپ پاياندازنى سۆيدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ جۈپلىدى، ئاندىن يەنە يەر بېغىرلىدى. ئۇ ئەنە شۇ يوسۇندا توققۇز قېتىم يەر بېغىرلاپ، توققۇز قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ دالاي لامانىڭ ئالتۇن تەختى جايلاشقان مەرمەر شاھ سۇپىنىڭ تۈۋىگە كەلدى - دە، ئاۋازىنى ئىمكان بار ئۈنلۈكرەك چىقىرىشقا تىرىشىپ سۆز باشلىدى:

— لاجيالو[6]، ئى دېڭىزدەك كەڭ قورساق بۈيۈك ئاچارى، مەن سېنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچۇڭ ساكيامۇنىغا ساداقەتمەنلى-

① تاڭگا — رەسىم سىزىلغان يىپەك پەردە.
② گالۇن — لاما دىنىنىڭ گېگەنلىرى.
③ قۇتۇقتۇ — دالاي تەرەپتىكى دىندارلارنىڭ نامى.
④ جاسا — بەنچەن تەرەپتىكى دىندارلارنىڭ نامى.
⑤ سىلۇن — مەمۇرىي ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئەمەلدارلار.
⑥ لاجيالو - تىبەتچە سۆز بولۇپ، «ئىلاھ غەلىبە قىلدى» دېگەن مەنىدە.



كىم بىلەن ئىرادەت قىلىپ، سېنىڭ شاپائەت ۋە ئىنايىتىڭنى سېغىنىپ، ئالدىڭغا ياردەم تىلەپ كەلدىم. بارلىق مۇددىئا - مەقسەتلىرىمنى كەشمىر خاقانى مۇھەممەد راجاخان ساڭا يازغان مەكتۇپىدا تەپسىلىي بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. پەقەت شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قويماقچىمەنكى، سەئىدىيە تەسەررۇپى بۇنىڭدىن توققۇز يۈز يىللار ئىلگىرى سېنىڭ ئۇلۇغ بابائى بۇزرۇكلىرىڭنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىن ئىدى[1]. ئەگەر بابائى بۇزرۇك ئەجدادلىرىڭنىڭ پاك روھناتلىرىنى خۇش قىلىپ ئاشۇ شەۋكەتلىك سەلتەنىتىڭگە قايتىشنى خالىساڭ، مانا مەن بۇ زېمىننى ساڭا ئىككى قوللاپ تۇتۇشقا رازىمەن.

يول باشلىغۇچى براخمان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۆزلىرىنى دالاي لاماغا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ بەردى.

مۇھەممەد راجاخاننىڭ مەكتۇپىدىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مەقسىتىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان دالاي لاما نەچچە كۈندىن بېرى يۇقىرى دەرىجىلىك گېگەن - لامالىرىنى يىغىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم كېڭەش قىلغان ۋە سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىشنى سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى چەكسىز موڭغۇل دالىسىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، بالا ۋاقتىدىن تارتىپ بۇددالار سارىيىدا بۇددا ئەھكاملىرى بىلەن شەخسەن ئۆزى تەربىيىلىگەن جۇڭغارلارنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى غالدانغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ھىدايىتۇللا ئىشاندىن ئارتۇقچە گەپ سورىمىدى، ئىشاننىڭ ساكيامۇنىغا، بۇددا، براخمان ئەقىدىسىگە بولغان ساداقىتىنى بىر ھازا ماختىدى.

① مىلادىيە 755 - يىللاردا تىبەت ھۆكۈمدارلىرى غەربىي يۇرتقا بېسىپ كىرىپ ئىگىلىۋالغانىدى. ھىدايىتۇللا ئىشان دالاي لاماغا مۇشۇ تارىخنى ئىشارە قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى.

ئارقىدىن ئىشاننىڭ شەرىپىگە زىياپەت راسلاپ، ئۇنىڭغا «ئاباق»① دېگەن براخمانچە ئۇنۋاننى ئىنئام قىلدى. ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ دالاي لاماغا ئالايىتەن ئالغاچ كەلگەن ئون توپ يەكەن شايىسىنى مىڭ سەر ئالتۇنغا قوشۇپ ھەدىيە قىلدى. بۇ سوۋغا - سالاملاردىن رازى بولغان دالاي لاما ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بوينىغا ئۆز قولى بىلەن خاداك② ئارتىپ قويدى.

زىياپەتتە دالاي لاما بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ھىدايىتۇللا ئىشان «لاجىيالو» دەپ توۋلاپ قوياتتى. باشقا گىگەن - راھىبلارمۇ ئېمىلەرنىدۇر كالدىرلىشىپ «لاجىيالو» دېيىشەتتى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دالاي لاما ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر پارچە مەكتۇپنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئۇزاتتى.

— ئى ئاباق ھەزرەت، بۇ مەكتۇپنى ئەڭ ساداقەتمەن بۇددا مۇرىتى غالدان بۆشۇكتۇخان ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز، بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز مۇراد تاپقاي. سىزگە شاپائەت ساڭرامىدىكى ياردەمچى قۇتۇقتۇ راھىبنى قوشۇپ قويىمەن. ئۇ ئەلچى سۈپىتىدە غالدان بۆشۇكتۇخان ئالىيلىرىغا پەرمانىمنى يەتكۈزىدۇ.

— ئى دېڭىزدەك كەڭ قورساق بۇيۇك ئاچارى پەرۋەردىگارىم. مەنكىم ھىدايىتۇللا ئاباق خوجا مۇرىتىڭىزنىڭ چەكسىز ساداقىتىگە ئىشىنىپ، سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى مۇرىت - مۇرشىدلىرىغا ياغدۇرغان بىسيار شاپائىتىڭگە مىڭلارچە تەسەننا. سېنىڭ بۇ شاپائىتىڭنى ھەرقاچان ياد ئەتكەيمەن، — ھىدايىتۇللا ئىشان ھاياجان بىلەن توختىماي ۋارقىرىدى، — لاجىيالو! لاجىيالو! لاجىيالو!...

① ئاباق — ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي ئۇنۋان، كامبۇدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.
② خاداك — ئاق يىپەكتىن توقۇلغان شارپا، تىبەتلەر مېھمانلارنىڭ بوينىغا سېلىپ قويۇپ كۆرۈشىدۇ.



# 4

مىلادىيە 1678 - يىلى ئۆرۈك پىشىقى.

نامازشام ۋاقتى بىلەن ھەزرەت قەسرىگە يېتىپ كەلگەن موللا ساقى ھېرىپ كەتكەن جەدە بايتالنىڭ ئۈستىدىن ئاۋايلاپ چۈشتى - دە، ئاۋۋال جانابىي ئاللانىڭ، ئاندىن پىرى بۇزرۇك خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نامىنى زىكرى قىلىپ بىرنەچچە قېتىم شۈكۈر - سانا ئېيتتى. ئاندىن ھەزرەت خانىقاسىغا مەيۈسلۈك بىلەن نەزەر تاشلىدى. بەش - ئالتە يىلدىن بېرى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندىن ئايرىلىپ قالغان ھەزرەت خانىقاسى پۈتۈنلەي چۆلدەرەپ قالغانىدى.

خانىقانىڭ ئالدىغا جايلاشقان شەربەت كۆلىنىڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدە قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئۈچ - تۆت نەپەر دەرۋىش - دىۋانىلەر خۇددى ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقاندەك ئېرىنىپ يېتىشاتتى. خانىقانىڭ ئالدىدىكى سەينانى قويۇق ئۆسكەن قومۇش، يانتاق، بۇيا، چىغىرتماق ۋە ياۋا چىملار قاپلاپ كەتكەنىدى، خانىقانىڭ تاملىرى زەيلەپ - شورداپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. موللا ساقىنىڭ كۆز ئالدىغا ئىلگىرىكى نەچچە يۈزلىگەن سوپى - دەرۋىشلەر ۋە تاۋاپچىلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ، كېچە - كۈندۈز توختىماي جاراڭلاپ تۇرىدىغان جەررە - ساما سادالىرى بىلەن قايناپ تۇرىدىغان، كەم دېگەندە كۈنىگە ئۈچ - تۆت داشىنىڭ ئوتى ئۆچمەي پىشىپ تۇرىدىغان، مەززىلىك پۇراق تارقىتىپ تۇرىدىغان دەبدەبىلىك مەنزىرە زاھىر بولدى.

موللا ساقى ئاشۇ سوپى - دەرۋىش، تاۋاپچىلارنىڭ ئارىسىدا تەكەببۇرلۇق بىلەن غادىيىپ مېڭىپ، خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈرەتتى، خالىسا جەررە - سامالارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. مانا ھازىر خانىقا تاشلىنىپ قالغان، داشلارنى توپا - تۇمان بېسىپ،

بەئەينى خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى. موللا ساقىنىڭ ۋۇجۇ-
دىغا بىردىنلا يىغا ئولاشتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ چۈشكەن ياش-
لىرى قويۇق چار ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

«ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!...»

خانىقانىڭ قۇببىسىدىن ئاڭلانغان زەئىپ ئاۋازدىن موللا سا-
قى دەرھال ئېسىنى يىغدى ـ دە، كۆك قومۇشنى كورسۇلدىتىپ
ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان جەدە بايتالنىڭ تىزگىنىنى بويىنىغا ئارتىپ
قويۇپ، نامازشامىغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن، شەربەت كۆلد-
نىڭ بويىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئۈچ ـ تۆت
نەپەر دەرۋىش ـ دىۋانە ناماز ئۆتەش ئۈچۈن خانىقاغا كىرىپ
كېتىشكەنىدى.

موللا ساقى تەرەت ئېلىپ بولۇپ خانىقانىڭ بوسۇغىسىدىن
بىسمىللا دەپ ئاتلىدى. مېھرابنىڭ قېشىدىكى چىراغپايدا بىر تال
چىراغ ئاجىز پىلىلداپ مېھرابنىڭ ئەتراپىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرات-
تى. شۇنچە يوغان خانىقانىڭ ئىچىدە ئاران ئون نەچچە
نەپەر سوپى ـ دەرۋىش سەپ تۈزۈپ تۇرۇشاتتى. موللا ساقى
ئالدام كېلىپ سەپكە قېتىلدى ـ دە، نامازشامنىڭ ئىككى رەكەت
سۈننىتىنى ئوقۇش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىپ قۇلاق قاقتى، ئەمما
شۇنچە ئىخلاس قىلىپمۇ دىققىتىنى يىغالمىدى. ئىچىدە سۈرە
ئوقۇۋاتقان بىلەن كاللىسىدا باشقا خىياللار ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ
مېھرابتىكى ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان موللا نەقىنى كەينىدىن
قاراپلا تونۇغانىدى. كۆرۈشمىگىنىگە بەش ـ ئالتە يىل بولغان
يېقىن بۇرادىرىنى كۆرگەن موللا ساقىنىڭ دىققىتى پۈتۈنلەي
چېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا موللا نەقىنىڭ بەستلىك
گەۋدىسى قورۇلۇپ، كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتكەن-
دى. نامازشامنىڭ ئۈچ رەكەت پەرز نامىزىنى باشلىغان موللا
نەقىنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ موللا ساقى كۆز ياشلىرىنى
پەقەتلا توختىتالمىدى. ئۇ شۇ تاپتا نامازنى بۇزۇپ موللا نەقى



بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش، ئۇزۇندىن بېرى جۇغلىشىپ
قالغان يۈرەك سىرلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئا-
ران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

نىھايەت، نامازمۇ ئوقۇلۇپ بولدى. موللا نەقى قىسقىلا دۇئا
قىلغاندىن كېيىن، ئالدىدىكى ئون نەچچە سوپى ـ دەرۋىشكە
قاراپمۇ قويماي «چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار»
دەپ تاپىلىدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. موللا ساقى
تۆت ـ بەش قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

خانىقانىڭ سىرتى سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئون بەش كۈنلۈك
تولۇن ئاي بىر تال ئالتۇن لېگەندەك كۆك قەرىدە ئېسىلىپ
تۇراتتى. سۈپسۈزۈك ئاسمان ئېتىكىدە تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلار
چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى بۇرادەرى ئەزىز، — دېدى موللا
ساقى موللا نەقىگە يېقىنلىشىپ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ تونۇش ئاۋازدىن موللا نەقى چىپپىدە
توختىدى ـ دە، ھەيرانلىق بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئۇ ئۆزىگە
ھاياجان بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋەيرانە،
چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن موللا ساقىنى دەماللىققا تونۇ-
يالمىدى. شۇنداقتىمۇ موللا ساقىنىڭ كۆرۈشۈشكە ئۇزاتقان ئىك-
كى قولىنى تەئەججۇپ ئىلكىدە قىستى:

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

موللا نەقىنىڭ ئۆزىنى تونۇيالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان
موللا ساقى يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ئى بۇرادىرىم، مېنى تونۇيالمايۋاتامدىلا؟ مەن سىلىنىڭ
قىيامەتلىك يارانلىرى موللا ساقى بولۇرمەن.

موللا نەقى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بىردىنلا كۆزلىرى نەملى-
شىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى، ساقال ـ بۇرۇت باسقان
لەۋلىرى ئاۋۋال تىترىدى، كېيىن ئۈمچەيدى.

— ئاھ تەڭرىم! ··· بارمۇ سىلى، بۇرادەر؟···

مولللا نەقى شۇنداق دېدى ـ دە، ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە مولللا ساقىغا ئېسىلدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئېسىلغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلايتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆپكىدەيتتى.

ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئېسىنى يىغىشتى.

— جانابىي ئىشان پىرىم قېنى؟ ئۆزلىرى يالغۇزلا قايتىپ كەپلىغۇ، بۇرادەر؟

مولللا ساقى مولللا نەقىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئەتراپقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى ـ دە، ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاۋۋال ئىچكىرىگە باشلىسىلا، بۇرادەر. بۇ يەر سۆزلىشىشكە بىئەپ.

ئۇلار قەسىرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىلگىرىكى خاس خۇتبىخانىسىغا كىرىشتى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بۇ يەردە قېلىپ، مەخپىي سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مولللا نەقى شۇنچە يوغان قەسىردە خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار خۇتبىخانىغا كىرىپ قايتىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، — دېدى مولللا نەقى داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ، — قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ چاي ئىچكەچ بىرەر بۇردىدىن نانغا باققاچ تۇرسىلا. قۇشناچ ھازىرلا تاماق تەييار قىلىدۇ. ئىشتىھالىرى نېمە غىزاغا تارتىدىكىن؟

— بولدىلا، بۇ كەچتە بۇۋىمنى ئاۋارە قىلمايلى.

— تۈزۈت قىلمىسىلا، بۇرادەر.

— ئۇنداق بولسا بىرەر تاۋاقتىن قىيمىلىق ئۇگرە ئىچەيلى، — دېدى مولللا ساقى، — ھاردۇق چىقىرىشقا ئۇگرىدىن باشقىسى بىكار.

— ماقۇل، ھاردۇق ئېشى ئۆزلىرىنىڭ رايلىرىچە بول-



سۇن. قالدىسىغا قۇشناچ بىلىپ غىزا قىلغاي.

مولللا نەقى چىقىپ كېتىپ، بىر لېگەن ۋىل ـ ۋىل پىشقان ئۆرۈك كۆتۈرۈپ كىردى.

—قۇتبىل ئەقتاب پىر بۇزرۇكىمىز ئېسەنمۇ؟

— ئىنشائاللا، تىنچ ـ ئامان، — دېدى مولللا ساقى.

ئۇلار سەيخانىسىغا بېسىپ نەشە سېلىنغان چىلىمنى خۇمارلىق شوراشقىنىچە قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى.

مولللا ساقى بۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن بىللە بارغان يۇرتلارنى بىر باشتىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇچراشقان خان ـ پادىشاھلارنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشان خوجىسىغا تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنى ۋە ئەھلى سۇلۇك پېشۋالىرى، دىندارلارنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۆزگە ئىلماي قىلغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە كۆپتۈرۈپ سۆزلەيتتى، ھەدەپ پو ئاتاتتى.

— جانابىي سۇلتانۇل مۇھەققىقىنىمىزنىڭ مۇبارەك نامى ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. بۇرادەر، بارغانلىكى شەھەرلەردە، خان ـ سۇلتانلار ئىشان پىرىمىزنىڭ ئالدىغا پاياندار سېلىپ ئىستىقبالغا چىقتى. ئەھلى سۇلۇك پېشۋالىرى تون ـ سەرپايلىرىنىڭ پېشىنى سۆيۈپ، كۆزىگە سۈرتتى. بولۇپمۇ كەشمىرنىڭ پادىشاھى مۇھەممەد راجاخان ئالىيلىرىنىڭ ئوردىسىدا ئاجايىپ كاتتا كۈتۈۋېلىشلارغا ئېرىشتۇق. تىبەتتىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ خوجىسى جانابىي قۇتبىل ئەقتابىمىزنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرىنى كۆرۈپ، دەرھال ئىشان پىرىمىزغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى ۋە پىرىمىزنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى نۇر ـ زىياغا پۈركىگۈچى ئاپاق خوجا ھەزرەت دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىشان پىرىمىزنىڭ «ئاپاق خوجا» دېگەن مۇبارەك نامى ئايان بولدى.

— ماشائاللا، قۇتبىل ئەقتابىمىزنىڭ ھىدايەت ئاپتىپى ئون

سەككىز مىڭ ئالەمدىكى جىمى ناپاك بەندىلەرنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى يورۇتۇپ، ئەھلى سۇلۇكىمىزنىڭ توغ - شەددىلىرى ئەبەدىلئەبەد جەۋلان قىلغاي، — دېدى موللا نەقى ھاياجانلانغان ھالدا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئول بۇتپەرەسلەرنىڭ خوجىسى جۇڭغارىيىدىكى موڭغۇل مۇرىتىغا تامامىي سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، ئىشان خوجىمىزغا دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاندىن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنى سويۇپ ئېلىپ بېرىش خۇسۇسىدا مەكتۇپ يازدىلەر. خوجىمىز ئول مەكتۇپنى ئېلىپ جۇڭغارلارنىڭ قېشىغە يۈرۈپ كەتتى. مېنى بولسا دەرھال قەشقەرگە قايتىپ جانابلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەھلى سۇلۇكتىكى پۈتكۈل مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەق بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. خۇدا خالىسا ئاپاق خوجا پىر بۇزرۇكىمىزمۇ پات يېقىندا جۇڭغارلارنى باشلاپ كېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغىچە بىزلەركىم ساداقەتمەن زاتىل ئەقتابلىرى، ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلاردىكى خەلىپە، سۇلۇك مەسئۇللىرىنى ھەم ھىجابۇل غەيىب باھادىرلارنى جەمئىي قىلىپ، ئىشان پىرىمىز بۇيرۇغان ئىككى ئىشنى روياپقا چىقارمىقىمىز ۋاجىپتۇر.

— ئىشان پىرىمىز بۇيرۇغان ئول ئىككى ئىش قايسىكىن، بۇرادەر؟

— ئول ئىككى ئىشنىڭ بىرى، دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردىسىدىكى مۇرىتىل ھىدايەتچى يارانلار بىلەن مۇلاقەتتە بولۇپ، پەيتىنى تېپىپ ئاسىي ئەمىرلەردىن مىرزا باباقبەگ، مىرزا ئەۋەزبەگ قاتارلىق ئەمىرلەرنى يوشۇرۇن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش. يەنە بىرى، تۇمەن كىشىلىك سوپى لەشكەرلەر قوشۇنى قۇرۇش. مەن ئەتە سەھەردىلا ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقىپ بىرىنچى ئىشنى روياپقا چىقىرىشنىڭ كويىدا بولىمەن. ئۆزلىرى دەرھال ھەرقايسى خەلىپە - سۇلۇك مەسئۇللىرى بىلەن خەۋەر-



لەشكەيلا. ئىشلار ناھايىتىمۇ خۇپىيانە بولغاي، مۇقەددەس پەرمان زىنھار ئاشكارىلانمىغاي.

ئۇلار شۇ يوسۇندا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋال بىر تاۋاقتىن ئاشكۆكى، يالپۇز گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان قىيمىلىق ئۇگرە، ئاندىن جىلتىسى قەغەزدەك ئېچىلىپ، كىچىك - كىچىك تۈگۈلگەن پېتىر مانتىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

ئارقىسىدىن بىرنەچچە ئاپقۇردىن مۇسەللەس ئىچىشتى. شۇ ئارىلىقتا ھىدايىتۇللا ئىشان تۈزۈپ بەرگەن سۈيىقەستلىك پىلانلارنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ھەققىدە خېلى ئۇزاققىچە مۇڭداشتى.

## 5

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاستانىسى يەركەن.

سۇلتان ئىسمائىلخان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سۇلۇك - مەزھەپ ماجىرالىرىدىن قۇتۇلغان سەئىدىيە خانلىقىدا بەش - ئالتە يىلدىن بېرى نىسپىي تىنچلىق، ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بۇ مەزگىلدە ئۆز خوجىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ تۈرلۈك سۇلۇك تەرغىباتلىرىنى چەكلەش خۇسۇسىدىكى پەرمانىغا بويۇنتاۋلىق قىلىشقا پېتىنالماي، سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سۇلۇك پائالىيەتلىرىنىمۇ خۇپىيانە ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋالىرىدىن مەخدۇمزادە شۇئەيىب خوجا بىلەن دانىيال خوجىلار

رەجەپ دەرۋىشتىن ئىبارەت ئەتكە[1] خەلىپىنىڭ ئۆلۈمىدىن كې-
يىن، نامدا سۇلتان ئىسمائىلخانغا پىر ئۇستاز بولسىمۇ، ئەمەلى-
يەتتە ئىسمائىلخان سەلتەنىتىگە تولۇق بېقىنىپ قالغانلىقى،
شۇنداقلا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندىن ئىبارەت ئەشەددىي رەقىبى-
دىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن قى-
ساس ئېلىشنى توختاتقانىدى. شۇڭا، بۇ قىسقىغىنا بەش - ئالتە
يىل ئىچىدە سەئىدىيە خانلىقىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېزلا ياخ-
شىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. سۇلتان ئىسمائىلخانمۇ مىرزا باباق-
بەگ، مىرزا ئەۋەزبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى، مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم قاتارلىق ئەمىرلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دىققەت نەزى-
رىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىنشا-
ئاتلارنى قۇرۇش، تاشلىنىپ قالغان، ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا
بېرىپ قالغان مەدرىسە، مەكتەپ، كۇتۇپخانىلارنى قايتىدىن ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا قاراتتى.

ھەرقايىسى يۇرت - ئايماقلاردىكى خەلق ئېرىق - ئۆستەڭلەر-
نى قايتىدىن چاپتى. تاشلىنىپ قالغان، چۆللىشىپ كەتكەن
يەر - زېمىن، باغلارنى قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇردى. كانچىلىق،
مېتال ئايرىش، خالۋاپچىلىق، توقۇمىچىلىق، قول - ھۈنەرۋەن-
چىلىك، سودا - تىجارەت••• قاتارلىق كەسىپلەر قايتىدىن جانلان-
دى ۋە ئەسلىگە كەلدى. بولۇپمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانى-
سىدا قىدىرخان يەركەندى، خانىش ئامانىسا، ئاياز بېك قۇشچى
ۋە خانىش ئامانىسانىڭ دادىسى مەۋلانا مەھمۇد قاتارلىق
ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان،
كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاشلىنىپ قالغان يەكەن خانلىق مەدرىسەسى
ۋە خانلىق كۇتۇپخانىسى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقاي-
سى يۇرتلاردىن ئالىم - ئۆلىمالار مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىن-

① ئەتكە — ئۇستازى.



دى. نەچچە يۈزلىگەن تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىدى.
ئەل ئارىسىدىكى ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ تېبابەتچىلىك، ئاسترونومى-
يە، ماتېماتىكا، تىل - ئەدەبىيات ۋە تۈرلۈك كەسىپلەر ھەققىدى-
كى يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلىرى، رىسالىلىرى، شېئىرىي دى-
ۋان، داستانلىرى يىغىپ ئەكېلىنىپ نەچچە يۈز نۇسخىدا كۆچۈ-
رۈلۈپ، خانلىق كۇتۇپخانىدا ساقلانغاندىن تاشقىرى، ھەرقايىسى
مەدرىسە، مەكتەپلەرگە ۋە ئەل ئارىسىغا تارقىتىلدى، چەت ئەل-
لەردىن تۈرلۈك تېمىدىكى كىتابلار كەلتۈرۈلۈپ تەرجىمە
قىلىندى.

بۈگۈن خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ ھويلىسىدىكى تال باراڭنىڭ
ئاستىدا، ئالدىدىكى رەھلىگە قويۇۋالغان كىتابقا مىختەك قادىلىپ
ئولتۇرغان مىرزا باباقبەگ پۈتكۈل ئەس - يادى بىلەن كىتاب
ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. چاچ - ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقار-
غان بۇ ئۇلۇغ ھەربىي سەركەردە مۇشۇ يىللاردا ئەمىرى كەبىر
مەھكىمىسىدىن كۆرە خانلىق كۇتۇپخانىغا كۆپرەك قاترايدىغان
بولۇپ قالغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمىرى كەبىر ئاتا.

مىرزا باباقبەگ كىتابتىن دەرھال بېشىنى كۆتۈردى - دە،
ئالدىدا ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم، قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە
مەرھابا.

— قوزغالمىسىلا، ئۇستاز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم مىرزا باباقبەگنىڭ گەۋدىسىنى چاققانلىق بىلەن يەڭگىل
يېسىپ.

يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم ھۆسنىگە تولۇپ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان بىر
دەستە گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى. بەل پۈرمە ئەتلەس كۆڭلىكى

زىلۋا قامەتكە شۇنداق ياراشقان بولۇپ، شۇنداقلا قارىغان كىشى-
گە پۇتكۈل بەدىنىنى بىر توپ رەڭدار كېپىنەكلەر ئوراپ تۇرغان-
دەك تۇيغۇ بېرەتتى. قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان قاپقارا سۇم-
بۇل چاچلىرى تېقىمىدا سويلايتتى. خۇددى بىر دەستە نۇر تالال-
رىدىن توقۇلغاندەك ۋال - ۋۇل نۇر قايتۇرۇپ تۇرغان ئەينەكتەك
سۈزۈك ھىلھىلە رومالىنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ كىيىۋالغان
مارجان دوپپىسى ناۋات رەڭ چىرايىغا ئۆزگىچە لاتاپەت بېغىشلىغا-
نىدى. ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى نازۇك قەددىنى ئوراپ تۇرغان-
دەك بىر ئۇچى يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان ھىلھىلە رومال چۆچۈرى-
دەك قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن سىرغىسىنى ۋە ئاي جامالىنى يېرىم
ئوراپ خۇددى نېپىز تۇمانلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك جەلپكار
كۆرسەتتى. قاشتېشىدەك سۈزۈك بوينىدىكى ئالماس كۆز قو-
يۇلغان، ئالتۇن زۇننار قوزىنىڭ تۇمشۇقىدەك بۆرتۈپ چىققان
نازۇك كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەڭگىل تەۋرىنىپ، ئايالالار بەدى-
نىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ جەلپكار بۇ ئەزانىڭ جەزبىسىنى نەچچە
ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

— قانداق، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»①نى ئوقۇپ باقلى-
مۇ، قىزىم؟

— ئوقۇپ باقلىمۇ دېگەنمۇ گەپمۇ، ئەمرى كەبىر ئاتا.
تۇنۇگۇن قولۇمغا ئالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نەچچە مەرتەم
ئوقۇغىنىمنى ئېسىمدە يوق، ھەتتا يادلىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ.
بۇ داستاننى مېنى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغانلىقلىرىغا كۆپ
رەھمەت.

— مەنمۇ تېخى ئۆتكەن ھەپتە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.
تۇنجى كۆپەيتىلگەن ئىككى نۇسخىسىدىن بىرىنى سىزگە، يەنە
بىرىنى خان ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم، — دېدى

① «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» بۇ كلاسسىك شائىر مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقىتى-
نىڭ مەشھۇر داستانى بولۇپ، مىلادىيە 1670 - يىلى يېزىلغان.



مىرزا باباقبەگ، — شۇ تاپتا ئۇشبۇ داستان ھەققىدىكى تەسىراتى-
ڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار، قىزىم.

— داستان ھەققىدە باشقا ئۆلىما - مۇدەررىسلەر بىلەن
جەم بولۇپ مۇلاقەتتە بولغايمىز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم، — شۇ تاپتا سىلىنى ئىزدەپ كېلىشىمدىكى مەقسەت،
ئۇشبۇ داستاندىكى بىرنەچچە مىسرانى جانابلىرى بىلەن بىرلىكتە
خان ئاتامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئوقۇپ بېرىش.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مىرزا باباقبەگ ئويلانغان
ھالدا، — بۇنىڭدا باشقا بىرەر مۇددىئايىڭىز بارمۇ نېمە؟

— شۇنداق، — دېدى مەلىكە نازاكەت بىلەن كۈلۈپ، —
ھەممە گەپنى خان ئاتامنىڭ ئالدىغا بارغاندا دەيمەن.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، — دېدى مىرزا باباقبەگ ئورنىدىن
تۇرۇپ.

ئۇلار سۇلتان ئىسمائىلخاننى ئوردا بېغىدىكى لالىزار راۋاق-
تىن تاپتى.

شۇ تاپتا سۇلتان ئىسمائىلخان بىرقانچە ئەمىرنىڭ ھەمراھ-
لىقىدا شارابىبازلىق قىلغاچ مۇقام تىڭشاۋاتاتتى، ئوردا رەققاسلى-
رى لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. شاراب تەسىرىدە خېلىلا كە-
يىپ بولغان ئىسمائىلخان كۆزلىرىنى رەققاس قىزلاردىن ئۈزەل-
مەي قالغانىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم نەغمىنىڭ تۈگىشىنى سەۋرچانلىق
بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى. مىرزا باباقبەگ بولسا سۇلتان ئىسما-
ئىلخاننىڭ كەيپىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن لام - جىم
دېمەيۋاتاتتى. مۇشۇ يىللاردا سۇلتان ئىسمائىلخان شارابقا خېلىلا
ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئوردىغا چىقىپ ئەمىر - بەگلەرنىڭ
مەلۇماتلىرىنى ئاڭلايدىغان، ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلاردىن كەل-
گەن مەلۇمات، ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋاق-
تى، خۇسۇسەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاراتقان ۋاقتى بارغانسې-

ـرى ئازلاپ كېتىپ باراتتى. كۆنلىرى ھەرەمدە ياكى مانا مۇشۇنـ
ـداق بەزمە سورۇنلىرىدا ئۆتەتتى. پەيزى تۈتۈپ قالسا ئانچە ـ
مۇنچە شىكارغا چىقاتتى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئائىت مەلۇمات،
مەسلىھەتلەر قۇلىقىغا ئانچە خۇشياقمايتتى، ماختاش، خۇشامەت
سۆزلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار قىلاتتى.

سازەندىلەرنىڭ نەغمىلىرى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم نەغمىگە مەھلىيا بولۇپ كەتكەن سۇلتان
ئىسمائىلخاننىڭ دىققىتىنى قانداق قىلىپ چالغىتىش ھەققىدە باش
قاتۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بىلەن ھۆدەيچىـ
بەگ ئۆگسۇلى ئۆچكەن ھالدا يېتىپ كەلدى ـ دە، خانغا قول
باغلاپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سۆزلىدى:

— ئانھەزرىتىمگە جىددىي مەلۇمات بار.

سۇلتان ئىسمائىلخان كەيپىنى بۇزۇپ بىۋاقىت يېتىپ كەلـ
گەن ئەمىرلەرگە نارازىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، سازەندىلەرگە
قول ئىشارىسى قىلدى. شۇ ھامان سازەندىلەر نەغمىدىن توختىـ
ـدى. ئۇسسۇل ئويناۋېرىپ ھالىدىن كەتكەن رەققاسلارمۇ ئۆزلىـ
ـرىنى دالدىغا ئالدى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى خان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى مىرزا ھەيدەر
دوغلاتى جىددىي يوسۇندا، — خوتەننىڭ ئەمىرلەشكىرى شىرئەلى
باھادىر قول ئاستىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن
قەتلە قىلىنىپتۇ.

— نېمە؟ — سۇلتان ئىسمائىلخان قاتتىق چۆچۈدى.

خاننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بىلەن
ھۆدەيچىبەگنىڭ پۇت ـ قولىغا تىترەك ئولاشتى.

ىكاۋۇلبەگ مۇشۇ سورۇندا مۇھىم بىر كېڭەش بولىدىغانلىـ
قىنى پەملەپ، سازەندە ـ خىزمەتكارلارنى قايتىپ كېتىشكە ئىشا-
رەت قىلدى. ئوردا بېغىدىكى بۇ يازلىق سورۇن بىردىنلا مۇدھىش



تىمتاسلىققا چۆمدى. سورۇندىكى بارلىق ئەمىرلەر ئالمان ـ
تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، سۇپىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ،
قول باغلاپ تۇرۇشتى. شۇ تاپتا ئۇلار باشلىرىدا ئۆلۈم ۋەھىمىسى
ئەگىگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىشقانىدى.
نەچچە يىلدىن بېرى خاس بەزمە ـ مەشرەپ، ئەيش ـ ئىشرەتلەرگە
كۆنۈپ قالغان بۇ ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى جاسارىتىـ
ـنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بولۇپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن
قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈشكەنىدى.

— ئەمىرلەشكەر شىرئەلى باھادىرنىڭ قەتلە قىلىنىشىنىڭ
بائىسى نېمىكىن؟ — سورىدى سۇلتان ئىسمائىلخان مىرزا ھەيـ
ـدەر دوغلاتىغا قاراپ.

سۇلتان ئىسمائىلخان ئۆتكەن يىلى چوڭ ئوغلى شاھزادە
باباچاق سۇلتاننى ۋەلىئەھدى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئۆزـ
ـدىن ئىلگىرىكى سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ۋەلىئەھدىگە قەشقەرنى
سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، شاھزادە باباچاق
سۇلتاننى قەشقەرنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، مىرزا
ھەيدەر دوغلاتىنى ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېلىپ لەشكىرىي دىۋانـ
ـنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى كەبىرلىك، ئامانلىق مەھكىمىسىنىڭ
ئەمىرلىك مەنسىپىگە تەيىنلىگەنىدى. ياشىنىپ قالغان مىرزا
باباقبەگمۇ لەشكىرىي دىۋاننىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى مىرزا
ھەيدەر دوغلاتىغا تاپشۇرۇپ، كۆپىنچە ۋاقتىنى خانلىق مەدرىسە
بىلەن كۇتۇپخانىدا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

مىرزا ھەيدەر دوغلاتى خوتەندىن كەلگەن جىددىي مەلۇماتنىڭ
مەزمۇنىنى، مەلۇمات ئەكەلگۈچىدىن ئاڭلىغانلىرىغا بىرلەشتۈـ
ـرۈپ خانغا ئاغزاكى يەتكۈزدى.

ئەسلىدە يېقىنقى بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى سەئىدىيە خانلىـ
قىدا ھۆكۈم سۈرگەن تىنچلىق، ئاسايىشلىق ۋەزىيەت يالغۇز
سۇلتان ئىسمائىلخاننىلا ئەمەس، ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلاردىكى

ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىمۇ خېلىلا بىخۇدلاشتۇرۇپ قويغانىدى.
ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە تاشقى تاجاۋۇزچىلىق ۋەھىمىسىدىن
قۇتۇلغان سەركەردىلەر، سىپاھبەگلەر قول ئاستىدىكى سەردار ـ
سەرۋازلارغا، لەشكەرلەرگە بولغان لەشكىري مەشىق، لەشكىري
قانۇن ـ جاساقلارنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان، كۆڭۈللىرىنى
ئەيش ـ ئىشرەت، بەزمە ـ مەشرەپلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلى-
غانىدى. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئىشەنچىسىگە، ئەمىرى كەبىر
مىرزا باباقبەگنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن خوتەننىڭ ئەمىرلەش-
كىرى سەركەردە شىرئەلى باھادىر بولسا شارابىازلىق ۋە
ئەيش ـ ئىشرەتكە تولۇق بېرىلىپ كەتكەنىدى. دەسلەپتە بۇ
باھادىر ئەزىمەتكە بولغان ھۆرمەت ـ ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈ-
چۈن، خوتەندىكى بىر قىسىم باي ـ زەردارلار ۋە يۇرت بەگلىرى
قىزلىرىنى نىكاھلاپ بېرىپ ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى.
كېيىنچە شىرئەلى باھادىرغا قىز سوۋغا قىلىپ كۈيئوغۇل قىلى-
ۋېلىش خوتەندە بىر ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندى. قىسقىغىنا
ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە شىرئەلى باھادىرنىڭ ھەرەمىدىكى
توقاللار ئەللىكتىن ئېشىپ كەتتى، ئەيش ـ ئىشرەت پاتقىقىغا
بېشىچىلا كىرىپ كەتكەن شىرئەلى باھادىر ئەمدى بۇ توقاللارغا
قانائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ كېيىنچە قول
ئاستىدىكىلەرنى بۇيرۇپ ئاۋامنىڭ رەسىدە بولغان چىرايلىق قىز-
لىرىنى مەجبۇرلاپ ئەكەلدۈرۈپ نىكاھىغا ئالدى. بۇ بىر ئاپەتنىڭ
باشلىنىشى ئىدى. ئەمىرلەشكەرنىڭ باشچىلىق قىلىشى بىلەن
قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرمۇ ئاۋامنىڭ قىزلىرىنى خالىغانچە
دەپسەندە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەندە بويىغا يەتكەن
قىزلىرى بار ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى يۈرەكلىك تالا ـ تۈزگە
چىقىرالماي، قازناق ئۆيلىرىگە سولاپ خەۋەر ئالىدىغان بولۇش-
تى. ئىش مۇشۇ يوسۇندا داۋاملىشىۋەرگەن بولسا بەلكىم سۇلتان
ئىسمائىلخان بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قېلىۋەرگەن، شىرئەلى



باھادىرمۇ ئەمىرلەشكەرلىك سۈر ھەيۋىسى بىلەن ئىشقىۋازلىق پەي-
زىنى سۈرۈۋېرەرگەن بولار ئىدى.
بىر كۈنى، بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرى بىلەن شىكارغا
چىققان شىرئەلى باھادىر يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى كەڭرى
توغراقلىق جاڭگالدا ئۈچ كۈن ئوۋ قىلدى. تۆتىنچى كۈنى خوتەن-
گە قايتاشىدا ئۈچ ئات قېتىلغان ئېسىل بىر مەپىگە دوقۇرۇشۇپ
قالدى. ئوۋدىن دەبدەبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقان بەش يۈز
ئاتلىقنىڭ دۈپۈر ـ دۈپۈر ئاۋازى ۋە قىي ـ چۇ سادالىرى مەپىگە
قېتىلغان شاش ئاتلارنى ئۈركۈتۈۋەتتىمۇ قانداق، ئاتلار مەپىنى
ئېلىپ قاچتى. بۇ بىر قىزىق ۋەقە بولۇپ تۇيۇلغان شىرئەلى
باھادىر ئون نەچچە نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەپىنى قوغلىدى ـ
دە، مەپىگە قېتىقلىق ئاتلارنى چەبدەسلىك بىلەن توختىتىۋالدى.
بۇ چاغدا مەپىنىڭ ئىچىدىكى قورقۇپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ۋاي-
ساش ـ زارلاشلىرى تېخى بېسىلمىغانىدى. كاتاڭ يولدا قاتتىق
سىلكىنىپ مەپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئىشىكى ئاجراپ، قۇببى
شەكىللىك نەقىشلىك راۋىقى شالاقلاپ قالغانىدى. شىرئەلى باھا-
دىر ئېچىلىپ قالغان مەپە ئىچىگە شۇنداقلا قاراپ، كۆزلىرىدىن
ئاجايىپ بىر شەھۋانىي نۇر يالت قىلىپ چاقناپ كەتتى. مەپە
ئىچىدىكى تۆت نەپەر جۇۋان قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن، يۈزلىرىگە
چۈمبەللىرىنى يېپىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر ـ بىرىگە مەھكەم
يېپىشقىنىچە تىترەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كى-
يىم ـ كېچەكلىرى، زىبۇ زىننەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئاجايىپ
چىرايلىق ھۆسن ـ جامالى بىلەنمۇ باشقا ئىككى ھەمراھلىرىدىن
ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز ياشلار
چامىسىدىكى ئىككى جۇۋان شىرئەلى باھادىرنىڭ يۈرەكلىرىنى
ئوينىتىپ، ۋۇجۇدىنى شېرىن جۇغۇلدىتىۋەتكەنىدى.
ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى جاڭگاللىقلاردا ئوۋ تاماشىسى
بىلەن بولۇپ، كېيىك ـ بۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ

گۆش ـ كاۋاپلىرىنى بولدى دېگۈچە يەپ، شەھۋانىي ھەۋەسى
تاقىلداپ تۇرغان شىرئەلى باھادىرنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا ئوت
چاقناپ كەتتى. «ئەتتەڭ، خوتەندىكى تەڭداشسىز بۇ بىر جۈپ
پەرىزات شىرئەلى باھادىرغا ئەجەب نېسىپ بولماپتا؟»
شىرئەلى باھادىر نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇر-
مايلا نۆكىرىگە قول ئىشارىسى قىلدى ـ دە، ئۆزى ئۇدۇل ھەرد-
ىمگە قاراپ ئات چاپتى. ئەمىرلەشكەرنىڭ قول ئىشارىسىنىڭ
مەنىسىنى دەرھال چۈشەنگەن نۆكەرلەر ھېلىقى جۇۋانلار-
نىڭ قىيا ـ چىيا، داد ـ پەريادلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن مەپد-
ىنىڭ ئالدىنى ئۇدۇل ئەمىرلەشكەر قەسىرىگە توغرىلىدى. شىرئە-
لى باھادىر بۇ ئىككى چوكاننىڭ زار ـ زار نالىسىگە پەرۋامۇ
قىلماستىن ئۇلار بىلەن ئۈچ ـ تۆت كۈن كۆڭۈل ئاچتى ـ دە،
ئاندىن ھەرىمىدىن چىقىرىۋەتتى.
ئەسلىدە بۇ ئىككى جۇۋان شىرئەلى باھادىرنىڭ قول ئاستىد-
دىكى ئىككى سەركەردىنىڭ خوتۇنلىرى بولۇپ، شۇ كۈنى ئۇلار
شەھەر سىرتىدىكى بىر باينىڭ ئايالىنىڭ تەكلىپى بىلەن باراۋەتكە
چىققانىدى.
ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سەركەردىلەر بۇ خورلۇققا پەقەتلا
چىدىمىدى، «بىرەر ئامال قىلمىساق ئەتە ـ ئۆگۈن قىز بالا ـ
ۋاقىلىرىمىزنىمۇ ساق قويمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ، ئىنتىقام
ئېلىش ھەققىدە پىلان تۈزۈشتى.
مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن شىرئەلى باھادىرنى ئۆيىگە
مېھماندارچىلىققا چاقىردى ۋە ئەپيۈن ئارىلاشتۇرۇلغان شارابنى
بولدى دېگۈچە ئىچۈرۈپ غەرق مەست قىلىۋەتتى، ئاندىن بەخىرا-
مان ئۇخلاۋاتقان شىرئەلى باھادىرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ،
يالىڭاچلاپ، ئۆينىڭ تۈۋرۈكىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى ـ دە،
ئەمىرلەشكەرنىڭ مەستلىكتىن يېشىلىشىنى كۈتتى.
يۈزىگە مۇزدەك سۇنىڭ چېچىلىشىدىن ئېسىگە كەلگەن شىر-


ئەلى باھادىر ئۆزىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە غەزەپ
بىلەن ۋارقىرىدى:
— تەپ تارتماستىن مېنى يالىڭاچلاپ باغلاپ قويۇشقا پېتىند-
غان قايسىڭ؟
— ۋارقىرىمىسىلا، ئەمىر لەشكەر جانابلىرى، — دېدى
ھېلىقى ئىككى سەركەردە شىرئەلى باھادىرغا نەپرەت بىلەن
قاراپ، — سىلىنى مانا بۇ ئىككىمىز باغلىدۇق.
ئۇلار خوتۇنلىرىغا شىرئەلى باھادىرنىڭ قانداق زورلۇق قىلد-
غانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلىگەندىن كېيىن، شىرئەلى باھادىرنىڭ
كەچۈرۈم سوراپ، يېلىنىش ـ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماس-
تىن «خوتۇنغا تويمىغان نەرسەڭ شۇمۇ» دېگىنىچە تاشقى بىلەن
زەكىرىنى قوشۇپ تۈۋىدىن تولغاپ كېسىۋەتتى. دەھشەتلىك ئاغ-
رىق ئازابىغا چىدىمىغان شىرئەلى باھادىر زار ـ زار قاقشىدى
ۋە شۇ يوسۇندا بىرھازا تېپىرلىغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا
جان تەسلىم قىلدى.
شىرئەلى باھادىر قانسىراپ ئۆلگەنىدى.
شىرئەلى باھادىردىن قىساس ئېلىش مەقسىتىگە يەتكەن ئىك-
كى سەركەردە بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىپ، ئۆزلىرىگە
سۇلتان ئىسمائىلخاندىن جازا تەلەپ قىلىپ ئاستانىگە جىددىي
مەلۇمات ماڭدۇرغانىدى.
مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن
سۇلتان ئىسمائىلخان بىرھازا سۈكۈتكە چۆمدى. شۇ تاپتا ئۇ
شىرئەلى باھادىردەك ساداقەتمەن، شىرمەت ئەزىمەتنىڭ بۇ دەرد-
جىدە تاپتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى پەقەتلا ئەقلىگە سىغدۇرالماي-
ۋاتاتتى.
— پەرمان! — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئاستا بېشىنى
كۆتۈرۈپ، — بەرانغار قوشۇنىنىڭ ئەمىرى مىرزا ئىسمائىل
ئوردۇبېگى خوتەننىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە تەيىنلەنسۇن، ئۈچ

كۈن ئىچىدە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىققاي. مەرھۇم ئەمىرلەشكەر شىرئەلى باھادىرنى قەتلە قىلغان سەركەردىلەرنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانسۇن. لەشكىرىي دىۋان ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلارغا لەشكىرىي جاساقنى كۈچەيتىش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرگەي.

— ئانھەزرىتىمنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا، — دېيىشتى باشقا ئەمىرلەر سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئانچە چېچىلىپ كەتمىگەنلىكىدىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ.

— ئىش ـ پىش بولمىسا قايتىڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى ئىسمائىلخان.

ئەمىرلەر خانغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن قايتىشتى. مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغان مىرزا ھەيدەر دوغلاتنى مىرزا باباقبەگ شەرەتلەپ توختىتىۋالدى. ئەمدى لالىزار قەسىردە سۇلتان ئىسمائىلخان، مىرزا باباقبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ۋە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق بىرنەچچە ئەمىرى بىلەن خاسلا قالغانىدى.

شىرئەلى باھادىرنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان ئىشلار سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغانىدى. باياتىن ئىچكەن شارابنىڭ كەيپى پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، خاننىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ئالتۇن جامغا لىقلاپ شاراب قۇيدى ـ دە، سۇلتان ئىسمائىلخانغا تەڭلىدى.

— بىر ئوتلام شاراب ئىچىۋالسىلا، قىبلىگاھىم.

خان گەپ ـ سۆزسىزلا ئالتۇن جامنى قولىغا ئالدى ـ دە، شارابنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

خاننىڭ كەيپىياتىنىڭ خېلىلا نورماللاشقانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا باباقبەگ ئاستا سۆز باشلىدى.

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، قىبلىگاھىم. مەرھۇم



سەركەردە شىرئەلى باھادىرنىڭ پاجىئەسى ھەقىقەتەن بىر ساۋاقتۇر. بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىمىزدە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى لەشكىرىي ئىشلاردا ئېغىر سۇسلۇق، بوشاڭلىق كەيپىياتى پەيدا بولدى، لەشكىرىي قانۇن ـ جاساقلار بوشىشىپ، لەشكىرىي مەشقلەر تاشلىنىپ قالدى. ئاۋامدىن لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىش ئىشلىرى زور دەرىجىدە قىسقارتىلغانلىقى ئۈچۈن، قېرى ـ چۈرى، ئاجىز لەشكەرلەرنىڭ ئورنىغا ياش، قاۋۇل لەشكەرلەر سەپلەنمىدى. خانلىقىمىزدا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئىلى رايونىنى بېسىۋالغان ئۇيرات ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلماي، ھەدەپ قۇمۇل تەۋەسىدە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلماقتا. لەشكىرىي دىۋان مۇشۇ خۇسۇستا ئانھەزرىتىمگە بىرنەچچە قېتىم مەلۇمات سۇنغان بولساقمۇ ھېچبىر جاۋابىنى ئالالمىدۇق. مانا ئەمدى سەركەردە ـ سەرۋازلىرىمىز ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ، رەئىيەتكە زۇلۇم ـ سىتەملەرنى سېلىشقا باشلاپتۇ. چېگرىدىكى لەشكەر ـ قارارگاھلارنى تەرتىپكە سېلىش، يېڭىلاش، يېڭى لەشكەر قوبۇل قىلىپ مەشقلەندۈرۈش ۋە رەئىيەتنىڭ كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكلەرنى تۈگىتىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەزىنىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ، لەشكىرىي خىراجەتنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

— شىرئەلى باھادىرنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىگە يەنىلا لەشكىرىي دىۋان جاۋابكار بولۇشى كېرەك، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان قاپىقىنى تۈرۈپ، — لەشكىرىي خىراجەتنى ئاشۇرساق، ئەمدىلا تولۇقلىنىشقا باشلىغان خەزىنە يەنە قۇرۇقدىلىنىشقا باشلايدۇ. بۈيۈك بابۇرىيلەر بىلەن بۇخارا خانلىقىدىن ۋايىم يېمىسەكمۇ بولىدۇ. ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئەھدۇپەيمان بار. ئىلىنى بېسىۋالغان ئۇيراتلار قۇمۇلدا ئانچە ـ مۇنچە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان بىلەن بۈيۈك سەئىدىيە تەسەررۇپىمىزغا بېسىپ كې

لىشكە زىنھار پېتىنالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھازىر خاقانى چىن[①]
پادىشاھى بىلەن پۈت - تېپىشىپ زېمىن تالىشىش ھەلەكچىلىكـ
دە، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خەزىنىدىن زىيادە لەشكىرىي
خىراجەت ئاجرىتىش خۇددى سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالغاندەك
ئىش بولۇپ قالماسمۇ؟
مىرزا باباقبەگ سۇلتان ئىسمائىلخانغا ئارتۇقچە گەپ ياندۇـ
رالماي مىرزا ھەيدەر دوغلاتى بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا
قارىدى.
— ھەر ھالدا لەشكەر تولۇقلاش ئىشىغا سەل قارىمىغىنىمىز
ياخشى ئىدى، دۆلەتپاناھىم، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى، —
لەشكىرىي دىۋان يېقىندا ھەرقايسى يۇرت - ئايماق ۋە چېگرىدىكى
لەشكەرگاھلاردىن ئالغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئون نەچچە
خان لەشكىرىنىڭ بەش - ئالتىسى قېرى - ئاجىز، جەڭگە
يارىمايدىغان لەشكەرلەر ئىكەن.
مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە سۇلتان ئىسمائىلـ
خان ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.
— خان ئاتام شائىر مۇھەممەدئىمىن خوجام ھىرقىتى ھەزـ
رەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنى ئوقۇدىمىكىن؟
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىـ
نى ئاڭلاپ سۇلتان ئىسمائىلخان بىرئاز گاڭگىرىدى، بۇ سوئالنى
نېمە مەقسەتتە سورىغانلىقىنى بىلەلمەي تەئەججۇپلەندى.
— ھە... ئانچە - مۇنچە ئوقۇدۇم.
— ئۇنداق بولسا خان ئاتامغا مۇشۇ داستاندىن بىرنەچچە
مىسرا ئوقۇپ بېرەي، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ۋە
قولىدىكى بۇلغار تاشلىق كىتابنىڭ ئۆزى بەلگە قىلىپ قويغان
ۋارىقىنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

① خاقانى چىن — مانجۇلار 1644 - يىلى سەددىچىندىن بېسىپ كىرىپ چىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ تەختتە ئولتۇرغان مانجۇ خاقانى ئىسىنگورو فۇلىنىنىڭ سەلتەنەت نامى.



نۆكەرلەر بولمىسا، شاھ ھەم گەدادۇر،
قايۇ شاھ بىر - بىرىن ھۆكمىن تۇتادۇر.
قىلالماس بىرسى بىرسىگە ئۇلۇغلۇق،
نىچۈنكىم شاھلىق ياسى قۇرۇقلۇق.
بارى شاھ جەمئى ئىسە يوقتۇر رەئىيەت،
قاچان قىلغاي ئۇلار بىر - بىرگە خىزمەت.
گەدا بىرلە پۈزۈندۇر شاھ زاتى،
گەدانىڭ دەۋلىتى شاھ ئىلتىفاتى[①].

مىرزا باباقبەگ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئەقلىگە يەنە
بىر قېتىم قايىل بولدى. ئۇ گەرچە داستانىنى خېلى تەپسىلىي
ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇ مىسرالارغا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى.
«نېمىشقىمۇ ئوغۇل بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالمىغان بولغىيتـ
تىڭىز، مەلىكەم، ئەسلىدە بۇ مىسرالارنى خان ئالىيلىرىغا
بىرلىكتە ئوقۇپ بېرىشكە مېنى دەۋەت قىلىشىڭىزدىمۇ، خۇددى
ماڭا ئوخشاش كۆڭلىڭىزگە لەشكىرىي ئىشلار توغرۇلۇق مۇددىئا
پۈكۈكلۈك ئىكەن - دە، بوششىپ قالماڭ، قىزىم، خان ئالىيـ
لىرىنى پەقەت سىزلا قايىل قىلالايسىز.»
شۇ كۈنلەردە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى
ئەقلىگە تولۇۋاتقان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تەنتەكلىكى، شوخلۇـ
قىنى تاشلاپ، جىمغۇرلىشىپ بارغانسېرى نازاكەتلىك بولۇپ

① يەشمىسى:
ئەسكىرى يوق پادىشاھ گاداي بىلەن باراۋەر.
ئۇ ھالدا قايسى پادىشاھ بىر - بىرىنىڭ گېپىگە كىرىدۇ؟
ئۇنداقتا ئۇلار بىر - بىرىگىمۇ چوڭچىلىق قىلالمايدۇ،
شاھلىق ياسىنىمۇ قۇرالمايدۇ.
ھەممە شاھنى جەملىسىمۇ پۇقراغا تەڭ بولالمايدۇ،
پادىشاھلار قاچان بىر - بىرىگە خىزمەت قىلىپ باققان؟
پادىشاھنىڭ مەرتىۋىسى كەمبەغەللەر بىلەنلا ئۈستۈندۇر،
كەمبەغەلنىڭ دۆلەت كۆرۈشى شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق.

قالغانىدى.

— سىزنىڭ مۇددىئايىڭىزمۇ ئەمىرى كەبىر جانابلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن ـ دە، مەلىكەم، —دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ.

— شۇنداق، خان ئاتا، ھەممىسى سەلتەنىتىمىزنىڭ تىنچئامانلىقى، شانۇ شەۋكىتى ئۈچۈن.

— زادى لەشكىرىي خىراجەتنى كۆپەيتىپ، لەشكەر تولۇقلىمىساق بولماسمۇ، ئەمىرلىرىم، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان ئىلگىرىكى قارارىدىن بىرئاز تەۋرىنىپ.

— لەشكەر تولۇقلاشلا ئەمەس، بىر قىسىم خان لەشكەرلىرىنى قۇمۇل، تۇرپان تەرەپلەرگە يۆتكەش كېرەك، خان ئاتا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم دادىل سۆزلەپ، — بايا سىلى ئېيتقاندەك بۈيۈك بابۇرىيلەر بىلەن بۇخارا خانلىقىدىن تەشۋىشلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئۇيرات ئاقسۆڭەكلىرىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرمىقىمىز لازىم. قۇمۇلنىڭ لەشكىرىي مۇداپىئەسىنى كۈچەيتسەك، ئاندىن خاتىرجەم بولىمىز. شۇڭا، لەشكىرىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

— زىنھار ئىككىلەنمىگەيلا، خان ئالىيلىرى، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى مىرزا باباقبەگ بىلەن مىرزا ھەيدەر دوغلاتمۇ.

— بوپتۇ، جانابىي ئەمىرلەرنىڭ دېگىنىچە بولسۇن، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان، — ئەمما لەشكىرىي خىراجەت زىيادە ئېشىپ كەتمىگەي.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم قىلىدىغان يەنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

—قېنى خوش.

— ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلاردىكى ئەمىر ـ لەشكەرلەر بىر ئورۇندا ئۇزۇن مەزگىل تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز يېقىنلىرىنى،



ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى لەشكىرىي مەنسەپلەرگە قويۇپ، ھەقىقىي جەڭبازلىق ماھارىتىگە ئىگە باھادىرلار، كۆپ قېتىم ياغى ـ جەڭلەرگە قاتناشقان سەرۋازلارنى چەتكە قاقىدىغان، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى تۈۋەنلىتىۋېتىدىغان ئەھۋاللار خۇسۇسىدىكى ئەرز ـ شىكايەتلەر لەشكىرىي دىۋانغا كۆپلەپ كەلمەكتە. شۇڭا، خان ئالىيلىرى پەرمان بەرسە، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئەمىرلەشكەرلىرىنى ئالماشتۇرساق، بىر قىسىم قابىل، ياش سەركەردىلەرنىڭ لەشكىرىي مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەمىناتىنى ئاشۇرۇپ بەرسەك، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ سەلتەنىتىمىزگە بولغان ساداقىتىنى ئاشۇرغىلى، لەشكىرىي قانۇن ـ جاساقنى كۈچەيتىپ، سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتقىلى بولاتتى.

— بۇ ھەقتە ئىككى جانابىي ئەمىر تولۇق بىر بىر رويخەت پۈتۈپ ئوردىغا يوللىغاي.

— قىبلىگاھىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — دېدى مىرزا باباقبەگ.

## 6

تۈن نىسپى. يۇلتۇزلۇق كېچە.

«لەشكىرىي ئىشلار دەستۇرى» ناملىق رىسالىسىنىڭ جەڭ تەدبىرلىرى ھەققىدىكى بۆلىكىنى يېزىۋاتقان مىرزا باباقبەگنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا شىرە ئالدىغا مۇكچەيگەن مىرزا باباقبەگ ئىككى تال شامنىڭ يورۇقىدا توختىماي يېزىۋاتاتتى. ئۇ سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مىرزا ھەيدەر كورەگانى، سەئىدمۇھەممەد مىرزا، ئايازبېك قۇشچى، مىرزا فازىل چۇراس، ھىندىقۇش مىرزا

قاتارلىق مەشھۇر سەركەردىلەرنىڭ جەڭ تەدبىرلىرى ھەققىدىكى
بايانلىرىنى، شۇنداقلا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جەڭلەردە ئىشلەت-
كەن تەدبىرلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چۈشىنىشلىك، ئوبراز-
لىق قىلىپ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ھەربىر جەڭ تەد-
بىرلىرىنى يېزىۋاتقاندا ئۆزىنى ئاشۇ دەھشەتلىك رەھىمسىز
قىر - چاپ سادالىرى ئارىسىدا قىلىچ پۇلاڭلىتىپ، ئات چاپتۇ-
رۇپ جەڭ قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى - دە، ھاياجان ئىلكىدە قەغەز
يۈزىگە قومۇش قەلەمنى تېز - تېز يورغىلىتاتتى. بۇ جەڭ
تەدبىرىنى ئىشلەتكەندە ئاتلىق لەشكەرلەرنى قايسى تەرەپكە، پىيادە
لەشكەرلەرنى قايسى تەرەپكە، ئوقياچى - مىلتىقلىق مەرگەنلەرنى
قايسى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يەنە قانداق ئىشلارغا دىققەت
قىلىش ھەققىدە تەپسىلىي توختىلاتتى. بۇ جەڭ تەدبىرىنىڭ دۈش-
مەن تۈزگەن قايسى جەڭ تەدبىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى،
بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەنە قانداق تەدبىرلەرنى ئىشلەتسە مۇۋاپىق
كېلىدىغانلىقى، چېكىنسە قايسى ئۇسۇلدا چېكىنىش، ھۇجۇمغا
ئۆتسە قايسى ئۇسۇلدا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلا-
ھىزىلىرىنىمۇ قوشۇپ يازاتتى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن تۈتۈنغان بۇ
ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگەككە بېشىدىن نۇرغۇن جەڭلەرنى ئۆتكۈزگەن،
غەلىبە - نۇسرەت شەربىتىنىمۇ، مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق غورد-
سىنىمۇ، ئۆلۈم دەھشىتىنىمۇ تېتىغان بۇ ئۇلۇغ ھەربىي سەر-
كەردە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

پاكار شىرە ئالدىدا چازانى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە
سائەت توختىماي يېزىقچىلىق قىلغان مىرزا باباقبەگنىڭ بەللىرى
تېلىپ، پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، كاللىسى-
دا ئارقىمۇ ئارقا چاقماق چاققان ئىلھام، تەپەككۇر، مۇلاھىزى-
لەر، كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقان ھەيۋەتلىك ئۇرۇش كۆرۈنۈش-
لىرى ئۇنى توختىماي قەلەم تەۋرىتىشكە مەجبۇرلايتتى. ئۇ تۇ-



رۇپ - تۇرۇپلا پېشايۋاننىڭ ئوچۇق تەرىپىدىن يىراق ئاسمان
گۈمبىزىگە نەزەر تاشلايتتى. ئايسىز، ئەمما سۈپسۈزۈك ئاسمان
گۈمبىزىدىكى تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلار مىرزا باباقبەگكە شوخلۇق
بىلەن كۆز قىسىپ چاراقلايتتى. گويا ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي
ئەمگىكىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك پېشايۋان ئالدىدىكى چاققانغىنا
باغدىن تومۇزغا، چېكەتكە ۋە ئاللىقانداق ھاشاراتلارنىڭ توختىماي
چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گويا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ
ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، ئىزغىرىن كېچە شامىلى ئۇنىڭ
مەڭزىنى سۆيەتتى، چاچ - ساقاللىرىنى يەلپۈتۈپ ھارغىن ۋۇجۇ-
دىغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

شۇ ئەسنادا ھويلىنىڭ ئىچىگە ئېغىر بىرنەرسە چۈشكەندەك
«گۈس! » قىلغان بىر مۇدھىش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمما، ياشىنىپ
قالغانلىقى سەۋەبلىك قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغان مىرزا باباقبەگ
تەپەككۇر ئالىمىگە ئەسىر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بۇ ئاۋازنى پەقەتلا
ئاڭلىمىدى. «گۈس! » قىلغان ئاۋاز ئۇدا تۆت مەرتىۋە ئاڭلاندى.
ئەمما مىرزا باباقبەگنىڭ قۇلىقىغا قومۇش قەلەمنىڭ قەغەزگە
سۈركىلىشىدىن چىققان «شىرت - شىرت» قىلغان يېقىملىق ئاۋا-
زىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

ھويلا ئىچىگە يۈزىنى بېشىدىكى سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن
مەھكەم ئورىۋالغان، بىر - بىرىدىن بەستلىك تۆت گەۋدە سەك-
رەپ چۈشكەنىدى. پاكار شىرە ئۈستىدىكى ئىككى تال شام پېشاي-
ۋان ئاستىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغاچقىمۇ، ھويلىنىڭ باغقا يانداش
تام تەرىپىگە قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەممىسى تىقىلىۋالغاندەك كۆرۈنەت-
تى. بۇ قاراڭغۇلۇقتا ھېلىقى تۆت گەۋدە ئاستا - ئاستا مىدىرلاپ
شام يورۇقىغا، مىرزا باباقبەگنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېقىنلاشماقتا
ئىدى.

«قاراس! »

بىر تال قۇرۇق تەمەچ بەستلىك گەۋدىنىڭ ئايىغى ئاس--

تىدا چەيلىنىپ شەپە چىقاردى. گەرچە بۇ تولىمۇ ئاجىز شەپە
بولسىمۇ، جىمجىت تۈن قوينىغا پۈركەنگەن مىرزا باباقبەگ قە-
سىرىدە خۇددى تىۋىلدىباز چالغاندەك ئاڭلاندى.

قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەن تۆت گەۋدە جايىدىلا
بۇتتەك قاتتى. مىرزا باباقبەگ بۇ شەپىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ
بىرنەچچە دەقىقە ئەتراپنى تىڭشىدى ـ دە، يەنە شىرە ئۈستىدىكى
قەغەزگە مۆكچەيدى. تۆت گەۋدە يەنە مىدىرلاشقا باشلىدى. مانا
ئارىلىق بارغانسېرى قىسقارماقتا ئىدى. تۆت قەدەم، ئۈچ قەدەم،
ئىككى قەدەم... ۋادەرىخا!

ھېلىقى تۆت گەۋدە ھېچنېمىدىن بىخەۋەر تەپەككۇر ئالىمىگە
غەرق بولۇپ، بۇرۇتى خەت يېزىۋاتقان قەغەزگە تېگەي ـ تېگەيلا
دەپ قالغان مىرزا باباقبەگكە خۇددى ئۆلجىغا ئېتىلغان يىرتقۇچ
ھايۋاندەك چاقماق تېزلىكىدە تاشلاندى. ئۇلاردىن ئىككىسى مىرزا
باباقبەگنىڭ تېلىپ، ئۆيۈشۈپ كەتكەن ئىككى قولىغا مەھكەم
ئېسىلدى. يەنە بىرى گەجگىسىدىن يېزىق شىرەسىگە بارلىق
كۈچى بىلەن باستى. مىرزا باباقبەگنىڭ ئاپئاق ساقال باسقان
ئېڭىكى قەغەزگە مەھكەم نىقتالدى. قېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ
قالغان بۇ بوۋاينىڭ ئاجىز گەۋدىسى توپاقتەك بۇ ئۈچ نامەردنىڭ
تۆمۈر چاڭگىلى ئاستىدا قىمىر قىلالماس ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

«سۈيىقەستچىلەر، قاتىللار... ئاھ ياراتقان تەڭرىم، رىزقى
ـ نېسىۋەم شۇنچىلىك ئىكەن ـ دە؟ ئىسىت، بۇ رىسالىنى يېزىپ
تاماملىۋالغان بولسامچۇ، كاشكى...»

— نامەردلەر! ئۆلتۈرسەڭمۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ ئەركىن
نەپەس ئالغىلى قويۇپ ئۆلتۈرمەمسەن...

مىرزا باباقبەگ خىرقىرىغان پېتى ئاران شۇنىلا دېيەلىدى.
يەنە بىر گەۋدە ئۇنىڭ شىرەگە نىقتالغان بوينىغا سوغۇق يالتىراپ
تۇرغان خەنجەرنى گاچچىدە سانجىدى. شۇ ھامان ئۈزۈلگەن بويۇن
تومۇرىدىن جىرتىلداپ قان ئېتىلىپ چىقتى.



— ئېھ ...

مىرزا باباقبەگ يەنە بىر ئىڭىز ئېچىپ بولغۇچە خەنجەر
ئىككىنچى قېتىم سانجىلدى. مىرزا باباقبەگ تېخى يېزىپ تا-
ماملاشقا ئۈلگۈرمىگەن «لەشكىرىي ئىشلار دەستۇرى» نىڭ بەتلى-
رى قىپقىزىل قانغا بويالدى. قاتىللار ئۇنى جان تالىشىپ تېپىر-
لاشقىمۇ يول قويماي بېشىدىن بىرھازا بېسىپ تۇرغاندىن كېيىن،
جان تەسلىم قىلغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلدى ـ دە، قانداق
شەپىسىز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق شەپىسىز غايىب بولۇشتى.
مىرزا باباقبەگ بولسا خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك شىرەگە بېشىنى
قويغىنىچە جىمجىت ياتاتتى.

دەل شۇ دەقىقىدە قەشقەر بەشكېرەمدىكى ئابدۇسوپۇر باينىڭ
قورۇسىغا مەخپىي يىغىلىشقان ئىككى يۈزدىن ئارتۇق مۇرىتىل
ھىدايەتچىلەرگە، موللا نەقى خەلپە ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ
نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى.

— ئى ئەھلى سۇلۇكتىكى يارانلار، ئى جانابىي قۇتبىل
ئەقتابى، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى نۇر ـ زىياغا پۈركۈگۈچى
پىرى بۇزرۇكىمىز ئاپاق خوجىمىز سۇلتانۇل مۇھەققىقىنىنىڭ
ساداقەتمەن ئۇممەتلىرى، نەچچە يىلدىن بېرى دەھرىي سۇلتان
ئىسمائىلخان قارا مۇسۇلمان سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ بېشى-
مىزغا شىلتىغان ئەجەل قىلىچى بولۇپ، بىسيار زۇلۇم ـ سىتەم-
لەرنى سالدى. جانابىي ئاپاق خوجا ۋەلىيۇللا پىر ئەزەمىمىزنى
سەئىدىيە تەسەررۇپىدىن سەلتەنەت سۈرى بىلەن قوغلاپ چىقى-
رىپ، بىزلەركىم ئەھلى سۇلۇك ئۇممەتلىرىنى ئىشان خوجىمىز-
نىڭ ئاپتاپتەك نۇرانە جامالىنى كۆرۈشتىن، ھەزرىتى پەيغەمبەر
رەسۇلىللانىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن، جەررە ـ سا-
ما، زىكرى ـ سۆھبەتلىرىگە مۇشتاق بولۇشتىن مەھرۇم قالدۇ-
رۇپ، يۈرەك ـ باغرىمىزنى خۇن ئەيلىدى. بۇنىمۇ ئاز كۆرۈپ،
جانابىي ئىشان بۇزرۇكىمىز باشلاپ بەرگەن جەررە ـ ساما سورۇن-

لىرىمىزنى تەقىب قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئىشان پىرىمىزنىڭ
مۇبارەك پايە - قەدەملىرى تەگكەن مۇقەددەس خانىقا، تۈنەكخانى-
لىرىمىز، مازار - تاۋاپگاھلىرىمىز چۆلدەرەپ قالدى.

دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنى،
پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ مۇبارەك، نۇرانە جامالىنى قايتا كۆرۈشنى
تىلەپ كۆز ياشلىرىمىزنى قۇرۇتتۇق. بىزلەركىم مۇرىتىل ھىدا-
يەتچىلەرنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىمىزدىن كۆرە جانابىي ئىشان
پىرىمىزنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرى ھەقتائالانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ،
جانابىي ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن، ياقا يۇرتلاردىكى خان - سۇلتان-
لار ئىشان پىرىمىزغا بىسيار ھۆرمەت - ئېھتىراملاردا بولۇپتۇ،
ھەتتا ئىشان پىرىمىزنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرىنى كۆرگەن بۇتپە-
رەسلەرنىڭ خوجىسىمۇ پىرىمىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئېتەكلى-
رىنى سۆيۈپ، گۇناھلىرىنى تىلەپ، قول بېرىپ مۇرىت بولۇپ-
تۇ. پىرى بۇزرۇكىمىز زاتىل ئەقتاب، خەلىپىمىز موللا ساقى
ھەزرەتتىن شۇنداق بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزدىكى، پات يېقىندا
ئىشان پىرىمىزغا قول بېرىپ ئىرادەت قىلغان، سائادەتمەن ئەھلى
سۇلۇك يولىنى تۇتقان لەكمىڭ ئۇيرات لەشكىرى سەئىدىيە زېمى-
نىغا باستۇرۇپ كېلىپ، دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننى يوقى-
تىپ، سەئىدىيە تەختىدە ئىشان پىرىمىزنى خان قىلىپ تىكلىگۈ-
دەك. ئى يارانلار، ئى مۇرىتىل ھىدايەتچى غازىلار! غەپلەت
ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار. ياتقان بولساڭلار دەرھال قوپۇڭلار، قوپ-
قان بولساڭلار دەرھال مېڭىڭلار. پىرى بۇزرۇكىمىزنىڭ نۇسى-
بەت - غەلىبىسى ئۈچۈن، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنى قارا
مۇسۇلمان، ئازما سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ، دەھرىي مۇناپىق-
لارنىڭ پاسىق ئايىغىدىن تازىلاش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىڭلار. جانا-
بىي پىر بۇزرۇكىمىز يەنە شۇنداق دەپ ۋەدە - قەسەملەرنى قىلىپ-
تۇكى، كىمەرسىكى موڭغۇل لەشكەرلىرىگە ھەمدەمدە بولۇپ،
دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان لەشكەرلىرىنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن



جۇدا قىلىپ سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋېتىدىكەن، ئول مۇرىتىل
ھىدايەتچى زاتىل ئەقتابلىق ماقامىغاي يەتكەي ۋە باقىي ئالەمدە
سەككىز جەننەتتىكى مەئىشەتلەردىن ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرگەي،
ئەگەر كىمەرسىكى قورقۇنچاقلىق قىلىپ، پىرى بۇزرۇكنىڭ
پەرمانىغا بويۇنتاۋلىق قىلسا، موڭغۇل بەگلىرىنىڭ لەشكەرلىرىگە
ھەمدەمدە بولماي دەھرىي خان لەشكەرلىرىگە ياردەمدە بولسا، شۇ
ھامان تېنى پارە - پارە بولۇپ، ئۆزىنى ۋەيلۇن دوزاختا كۆر-
گەي. ئاتا - بوۋىلىرىنى دوزاختا سۆرەپ كىرگەي، يەتمىش
ئەۋلادىغىچە بېھىش يۈزى كۆرمىگەي. قېنى، ئى يارانلار، پىر
بۇزرۇكىمىزنىڭ نۇسبەت، ئامەتلىرى ئۈچۈن، سائادەتمەن ئەھ-
لى سۇلۇكىمىز ئۈچۈن، جانابىي خوجىمىز تېزرەك ئىشان پادى-
شاھ بولۇپ شاپائەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، بۇل قارغىش تەگكەن
زېمىننى ساخاۋەت زىياسىغا پۈركىشى ئۈچۈن دۇئاغا قول
كۆتۈرەيلى.

شۇ ھامان نەچچە يۈزلىگەن مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر «ئامىن!
ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە
گۇڭراشلىرىدىن ئابدۇسوپۇر باينىڭ قورۇسى تەۋرەپ كەتتى.

## 7

مىلادىيە 1678 - يىلى قوغۇن پىششىقى.

چىڭقىچۈشتىكى كۆيۈك ئاپتاپتا خېلىلا سىلىكىپ قالغان
ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كوچا - رەستىلىرى قۇياشنىڭ غەربكە قىيسى-
يىشىغا ئەگىشىپ يەنە قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىغانىدى. ئادەم-
لەر قوزىچۈشتىن باشلاپ ئىسسىققا چىدىماي ئۆيلىرىگە، دەل -
دەرەخلەرنىڭ سايىسىگە بېكىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن دۇكان - يايمى-
لاردىكى سايىۋەن ئاستىدا مۈگدىشىپ، چىۋىن قورۇپ ئولتۇرغان

سودىگەرلەر، دۇكاندارلار، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن-
كاسىپلار ھاۋانىڭ سالقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ بىر - بىرلەپ پەيدا
بولغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى ئۈۋۈلاپ ئېچىشىپ مال-
لىرىغا بار ئاۋازى بىلەن خېرىدار چاقىرىشىۋاتاتتى. دوغچىلار،
باققاللارنىڭ سودىسى تولىمۇ چاپ - چاپ ئىدى. ئاللىقاياقلاردىن
ئات چاپتۇرۇپ، قوللىرىدىكى دەررىلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە، شا-
راب ئىچىپ كوچىغا چىقىۋالغان مەستلەرنى، نەشىنى بولدى دې-
گۈچە چېكىپ ئېگىز - پەس دەسسەپ يۈرگەن بەڭگىلەرنى ۋە
يۈزىنى ئېچىۋالغان ئاياللارنى ئەدەپلەپ سۈر - ھەيۋە كۆرسىتىۋات-
قان دورغىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاقسۇ شەھىرىدىكى قاينام-
تاشقىنلىق ھايات كۈندىكىگە ئوخشاش بىر خىل داۋاملاشماقتا
ئىدى. باشلىرىغا ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر مۇدھىش بالا - قازا-
نىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئاق كۆڭۈل، مەرد،
ئەپۇچان ئاقسۇ خەلقى تولىمۇ غەمسىز ھالدا ئۆز تىرىكچىلىكى
بىلەن مەشغۇل ئىدى.

قاش قارايغان مەھەلدە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىدىن
ئاسمان - پەلەك قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. شەھەر
سېپىلى ئۈستىدىكى لەشكەرلەر «بوران چىققان ئوخشايدۇ» دې-
يىشتى - دە، ئارتۇقچە شۈبھىلەنمىدى. شۇ دەقىقىدە دەھشەتلىك
قارا بوران ئاقسۇ شەھىرىگە ھەممە نېمىنى يالماپ - يۇتۇۋېتىدى-
غان، ئۈچرىغانلىكى نەرسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا
باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

سودىلىقىنى پۈتتۈرۈۋالغان دېھقانلار، چاربازارچىلار، ھا-
جەتمەنلەر، ئىشلەمچى - مەدىكارلار ئۆي - قونالغۇلىرىغا جۆنەش
ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىدىن ئالدىراش سىرتقا ئېقىۋاتاتتى. مۇشۇ
دەقىقىدە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ نائىب، ئەمىرىدىن تارتىپ ئاددىي
خەلققىچە، قەلەندەر - دەرۋىشلەردىن تارتىپ يېتىم - يېسىر،
مۇساپىرلارغىچە، ئەتىكى بېجىرمەكچى بولغان يۇرتدارچىلىق



ئىشلىرى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولىمۇ
غەمسىز ئىدى.

كۆز باغلانغان مەھەلدە ئاقسۇ شەھەر سېپىلىگە يېقىنلاپ
قالغان، ئاسمان - پەلەك توپا - تۇمان توزۇتۇپ كېلىۋاتقان قارا
بوران بىردىنلا سان - ساناقسىز ئاتلىق لەشكەرلەرگە ئايلاندى.
ھېلىقى توپا - چاڭلار ئاشۇ تۇمەنلىگەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلى-
رىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇنى ئەڭ دەسلەپتە بايقىغان سېپىل
ئۈستىدىكى لەشكەرلەر ھەيران - ھەس قېلىشتى، مۇدھىش ئە-
جەل ۋەھىمىسى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەرلەتتى. تۇيۇقسىز
ئېسىنى يىغقان قاراۋۇللار بېشى بىردىنلا ۋەھىمە بىلەن ۋارقىراپ
كەتتى:

— سەركەردىگە خەۋەر قىلىڭلار، شەھەرگە ياغى باستۇرۇپ
كەلدى.

شۇ ھامان لەشكەرلەر ئېسىنى يىغىشتى، قىلىچ - نەيزە،
ئوقيا - مىلتىقلىرىنى ئېلىپ سېپىل ئۈستىدە يۈگۈرۈشتى. قارا
تەرگە چۆمۈلگەن لەشكەرلەر ۋەھىمە ئىلكىدە ۋارقىرىشاتتى.

— سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاڭلار.

— ئەمىرلەشكەرگە خەۋەر يەتكۈزۈڭلار.

— ھەمدەمچى لەشكەرلەر سېپىل ئۈستىگە تېزرەك چىقسا
بولاتتى.

— شەھەردىكى رەئىيەتنى خەۋەرلەندۈرەيلى.

شۇ دەقىقىدە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان باشلاپ كەلگەن جوڭ-
غار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كاتتىسى غالدان بۆشۈكتۇخان باشچىلىقى-
دىكى بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئاتلىق لەشكەر خۇددى يۈگەنسىز
كەلكۈندەك، تاقاشقا ئۈلگۈرمىگەن شەھەر دەرۋازىسىدىن قىر -
چاپ سادالىرى ئىلكىدە باستۇرۇپ كىردى - دە، بىر ئاش پىشىم-
غا يەتمىگەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، بۇ دەھشەتلىك قىرغىنچى-
لىقنىڭ باش - ئاخىرىنى بىلىپ، ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۈلگۈ-

رەلمىگەن ئاقسۇ شەھىرىدىكى سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ، ئاز بىر قىسمى قېچىپ، بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشكەنىدى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن غالدان بۆشۈكتۈخان ئاقسۇ ئەمىرىنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر قىسىم ئەمىرلىرىنى ۋە مىڭغا يېقىن خاس نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ چىققان ئاقسۇ ئەمىرى قەشقەرگە قاراپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتاتتى.

بېشىنىڭ چوققىسىغا بىر تال، ئىككى يېنىغا ئىككى تال كوكۇلا چاچ قويۇپ، قالغان قىسمىنى تامامىي چۈشۈرۈۋەتكەن، ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى كوكۇلا چېچىنى ئورىۋالغان، ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى قىممەت باھالىق تاشلاردىن بويىنىغا لىق كەلتۈرۈپ ئېسىۋالغان، موڭغۇلچە تونىنىڭ ئۈستىگە بېلىق قاسىرقى شەكىلدىكى مىس دالدىلىغۇچ كىيىۋالغان غالدان بۆشۈكتۈخان غەلىبە تەنتەنىسىدىن تېرىسىگە سىغمايلا قالغانىدى. پاناق بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تومپىيىپ چىققان، ھازىرلا قان تەپچىرەپ چىققۇدەك قىپقىزىل مەڭزى ئۈستىدىكى قىيسىق ئورا كۆزلىرى بىر دەريا قاننى ئىچىشكە تەييار تۇرغان يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ كۆزلىرىدەك سۇرلۇك پارقىرايتتى. شۇ ئەسنادا بىر - بىرلەپ سالامغا كىرگەن سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ موكلا تىزلاندى - دە، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىنى، سېپىل قوختىلىرىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىگە قارشى تىغ كۆتۈرگۈدەك بىرمۇ لەشكەر قالمىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى.

— تۈن يېرىمغىچە ھەركىمنىڭ ئالغان ئولجىسى ئۆزىگە تەئەللۇق، — دېدى غالدان بۆشۈكتۈخان سەركەردىلىرىگە قاراپ، — تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە بىر تۈمەن لەشكەر ئاقسۇنى قوغداپ قالىدۇ، قالغانلار قەشقەرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. لەشكىرىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ.



شۇ ئەسنادا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قېشىدا قول باغلاپ تۇرغان تەرجىمانغا ئالدىراش - تېنەش ئىلتىجا قىلدى:

— غالدان خوجامغا ئېيتسىلا، باھادىر سەركەردىلەر چىقىپ كەتمەي تۇرسۇن، ئىككى ئېغىز تەلىپىم بار ئىدى.

بېشىغا كىگىز مالخاي، ئۇچىسىغا موڭغۇلچە تون كىيىۋالغان ئۇيغۇر تەرجىمان غالدان بۆشۈكتۈخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز چۆكتى - دە، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

— ئاپاق خوجىغا ئېيت، گېپىنى قىسقا قىلسۇن، — دېدى غالدان ئىشانغا قاراپمۇ قويماي.

تەرجىمان بۇيرۇقنى ئىشانغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئىشان دەرھال تەرجىماننىڭ يېنىغىلا تىزلاندى - دە، غالدانغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئى ئەدلۇئادالەتنىڭ زۇلپىقارى، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى باھادىرلارنىڭ باھادىرى، سائادەتمەن ئەھلى ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ بۈيۈك ھامىيسى شەۋكەتلىك بۆشۈكتۈخان خوجامغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان ئىلگىرى ئاقسۇدا ئۇزۇن مەزگىل ئەمىر بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ شەھەردە ئۇنىڭ ساداقەتمەن يارانلىرى ناھايىتىمۇ كۆپتۇر. گەرچە شەۋكەتلىك بۆشۈكتۈخان خوجامنىڭ لەكمىڭ باھادىر لەشكىرى بۇ شەھەرنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىلا پەتھە قىلىپ نۇسرەت قازانغان بولسىمۇ، دەھرىي ئىسمائىلخاننىڭ ئاشۇ مۇناپىق، جاھىل مۇرىت - يارانلىرى تېخىچە ھاياتتۇر. ئەگەر ئاستانىنى پەتھە قىلىپ سەئىدىيە تەسەررۇپىنى ئىلكىمىزگە ئالىمىز دەيدىكەنمىز، ئارقا سېپىمىز بولغان ئاقسۇ شەھىرىنى مۇستەھكەم ساقلىشىمىز شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئول ساداقەتمەن، جاھىل، گەدەنكەش پۇقرالىرىنى تامامىي قىرىپ تاشلىمىقىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ئۇلار دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان بىلەن ئاسانلا بىرلىشىۋېلىپ، ئالدى -

ئارقىمىزدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ - دە، ئاستانىنى پەتھ قىلماقچىمىز تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.

بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن شاھزادە يولۋاسخان بىلەن ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، ئاقسۇ لەشكەرلىرىدىن قاتتىق يېڭىلىپ شەرمەندىلەرچە قاچقىنىنى تېخىچىلا ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئۇر - ئۇرغا قالغان لالما ئىتتەك بىچارە تەقدىر - قىسمەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى پۈتۈنلەي ئاشۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىدىن كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاقسۇ دىيارىغا، باتۇر - باھادىر ئاقسۇ خەلقىگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ئۇ ئىرەن قابۇرغەدىن غالدانىنى لەشكەرلىرى بىلەن سەئىدىيە تەسەررۇپىغا باشلاپ يولغا چىققاندا، بۇ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاقسۇنى قانغا بوياشقا قەسەم ئىچكەنىدى. شۇڭا، ھازىر ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن بىگۇناھ ئاقسۇ خەلقىنى قەتلىئام قىلىش ھەققىدە غالدانىنى قۇترىتىۋاتاتتى. گەرچە شۇ تاپتا غالدان بۆشۈكتۈخان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قارا يۈرىكىدىكى مۇدھىش شۇملۇقنى پەقەتلا بىلمىسىمۇ، كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى تولىمۇ ئورۇنلۇق ھېس قىلدى - دە، سەركەردىلىرىگە تۈن نىسپىغىچە ئاقسۇ شەھىرىدە يەنە بىر قېتىم قەتلىئام يۈرگۈزۈشكە پەرمان بەردى..

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا غالدان بۆشۈكتۈخان ئاقسۇ شەھىرىنى ساقلاشقا بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكىرىنى قالدۇرۇپ، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يول باشلىشىدا لاۋۇ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېچىلەپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا بويسۇنماس، باھادىر ئاقسۇ ئەركەكلىرى قوللىرىدا تۈزۈكرەك تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىسىمۇ، بەش مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەنگە ئەجەل شارابى ئىچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغانىدى.



## 8

ئاشۋاقتى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىلىغا كۆزى ئىلىنىشقان ئاقسۇنىڭ قاچقۇن ئەمىرى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن مىڭغا يېقىن نۆكىرىنى خوتۇن - بالىلىرى بىلەن سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى بىرنەچچە ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ سۇ دەرۋازىسى ئارقىلىق ئاللىقاچان سودا - تىجارىتى قىزىپ كەتكەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل قەشقەرنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرى شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز نەپەر لەشكەر بېشىغا دۇبۇلغا، ئۈچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ - قالقانلىرىنى تۇتقىنىچە خۇددى ھەيكەلدەك سۈرلۈك قېتىپ تۇرۇشاتتى. دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئاقسۇ ئەمىرى قاراۋۇللارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— دەرھال ئوردىغا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، نائىب ئەمىر شاھزادە باباچاق سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار.

ئوڭ تەرەپتە تۇرغان قاراۋۇللاردىن بىرى كىيىم - كېچەكلىرى تولىمۇ رەتسىز، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، چىراي - تۇرقى ھارغىن بۇ مېھمانلارنىڭ بويىدىن - بېشىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، پۈتۈنلەي تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئېغىر - دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ قىيا ئاچتى - دە، ئىچىگە كىرىپ يەنە يېپىۋەتتى.

ھايال ئۆتمەي دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى يەنە غىچىرلاپ قىيا ئېچىلدى - دە، ھېلىقى قاراۋۇل بىلەن ئېگىز بويلۇق لەشكەر بېشى قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ چىقىپ كەلدى.

ئۇ مېھمانلارغا تەكەببۇرلۇق بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن توڭلۇق بىلەن سورىدى:

— جانابىي شاھزادە ئالىيلىرى بۈگۈن مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ. ئەرز - مەلۇماتلىرىڭلار بولسا ئەتە ئەتىگەن قوبۇل ۋاقتىدا كېلىڭلار.

لەشكەر بېشى گەپ تۈگىدى دېگەننى قىلىپ، كىرىپ كېتىش ئۈچۈن كەينىگە ياندى.

— جىندەك تەخىر قىلسىلا، بېگىم، — دېدى ئاقسۇ ئەمىرى، — بىزلەركىم ئاقسۇنىڭ نائىبى، ئەمىرى بولۇرمىز. شاھزادە باباچاق سۇلتان ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان ناھايىتىمۇ جىددىي مەلۇمات بار. تەخىرسىز خەۋەر قىلسۇنلار.

— ئاقسۇنىڭ نائىبى، ئەمىرى؟ — سىپاھبەگ مېھمانلارنىڭ رەتسىز، ساڭگىل - سۇڭگۇل ئۇستىۋېشىغا يەنە بىر قېتىم قاردۇەتكەندىن كېيىن مەسخىرىلىك ھىجايدى، — سەنلەر كىمگىنى ئەخمەق قىلىشماقچى، مۇشۇ ئەبگار ئەپتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ئاقسۇ ئەمىرى دېيىشكە قانداق پېتىنىشتىڭ. مانا ماڭا ئوردا دەرۋازىسىنىڭ لەشكەر بېشى بولغىلى يەتتە - سەككىز يىل بولۇپ قالدى. ئاستانىدىن كەلگەن تالاي ئەمىرلەرنى، ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلارنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنى كۈتۈۋالغانمەن. سەنلەردەك ئىككى توك - توك ساياقنىڭ سۆزلىرىڭ ئۈچۈن لەشكەرلەرگە تۇتتۇرۇپ ھەپسىگە سولىتىۋەتسەممۇ بولىۋېرەتتى. خەير ئەتىگىچە سەنلەرگە رەھىم قىلاي.

ئاقسۇ ئەمىرى ئالدىراشچىلىقتا ھېچقانداق ھەشەم - دەرەمسىز، مەنسەپدارلارچە تون - سەرپايىسىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، گېپىگە سىپاھبەگنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىنى پەملىدى. ئەمما، شۇ تاپتا بۇ ھاكاۋۇر سەرۋاز بىلەن ئارتۇقچە گەپ تالىشىپ تۇرۇشقا پۇرسەت يوق ئىدى. نەچچە تۈمەنلىگەن ۋەھشىي ياۋ قەشقەرگە قاراپ خۇددى دەججالنىڭ ئېشىكىدەك ئاسمان - زېمىننى سۈپۈرۈپ باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلدى. قويىنىدىن زەڭگەر-



رەڭ شايى رومالغا ئورالغان قوش مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر تۈگۈنچەكنى ئالدى.

— ئال، مانا بۇ سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرى ماڭا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرغان ئاقسۇنىڭ نائىب ۋە ئەمىرلىك مۆھۈرى، — دېدى ئۇ شايى رومالنى يېشىپ، قوش مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى ئىللىپىس شەكىللىك قاشتېشى مۆھۈرنى لەشكەر بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — مۆھۈرنى دەرھال شاھزادە ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بەر. ناۋادا سۇسلۇق قىلىپ سەل - پەللا كېچىكىدىكەنسەن، شاھزادىگە دەپ كاللاڭنى ئالدۇرماي قويمايمەن.

تولىمۇ جىددىيلەشكەن ئاقسۇ ئەمىرىنىڭ چىرايلىق چەكتۈرۈۋالغان چار ساقاللىرى سىزىلەرلىك تىترەپ كەتكەنىدى. لەشكەر بېشى ئۇنىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان قارچىغا كۆزلىرىگە ئەيمىنىپ قارىدى - دە، قاشتېشى مۆھۈرنى ئىككى قوللاپ ئالغىنىچە لام - جىم دېمەستىن دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە تۆمۈر دەرۋازا يەنە غىچىرلاپ ئېچىلدى - دە، قاشتېشى مۆھۈرنى كۆتۈرگىنىچە ئوردا ئىشىكئاغىسى، بىكاۋۇلبەگ، دىۋانبېگى قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەر چىقىپ كەلگىنىچە ئاقسۇ ئەمىرىگە ئېھتىرام بىلدۈردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۆھتەرەم نائىب ئەمىر جانابلىرى. ناقابىل سەرۋاز ھەزرەتلىرىنى تونۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەدەپسىزلىك قىلىپ ساقلىتىپ قويۇپتۇ. ۋەلىئەھدى ئالىيلىرى بىزلەركىم قەشقەرنىڭ بىرنەچچە ئەمىرلىرىنى ئالدىلىرىغا ئەپۇ سورىغاچ ئوردىغا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى. قېنى، ئوردىغا مەرھەمەت قىلغايلا.

ئاقسۇ ئەمىرى بىر چەتتە قورقۇنچتىن تامدەك تاتىرىپ تۇرغان سەرۋازغا لەپپىدە بىرنى قاراپ قويدى - دە، ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى خۇش چىراي ئىلىك ئالدى.

— يوقسۇ، جانابىي ئەمىرلەر، سەرۋازدا گۇناھ يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

ئۇ ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرماي ئوردىغا قەدەم باستى ۋە ئوردا ئىشىكئاغىسىنىڭ يول باشلىشىدا ئۇدۇل نائىب ئەمىر سارىيىغا قاراپ ماڭدى. سارايىنىڭ تۆرىدىكى ئالتۇن تەختتە شاھزادە باباچاق سۇلتان مېھمانلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاقسۇ ئەمىرىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

گەرچە ئاقسۇ ئەمىرى بىلەن شاھزادە باباچاق سۇلتانىنىڭ مەنسەپ كۆلىمى تەڭ بولسىمۇ، ئەمما شاھزادە ۋەلىئەھدى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقسۇ ئەمىرى ئالدى بىلەن سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جانابىي ۋەلىئەھدەم، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئاگاھ ۋە دانا بولسىلىكى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەكمىڭلىغان لەشكىرى ئەزىزانە قەشقەر تامان پۈتكۈل يەر - زېمىننى قاپلاپ باستۇرۇپ كەلمەكتە. مەن غاپىللىقىمدىن ئول باسقۇنچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاقسۇ شەھىرىنى تارتتۇرۇپ قويۇپ، ئازغىنە نۆكەرلىرىم بىلەن مۇبارەك ھوزۇرلىرىنى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەلدىم.

قاپقارا تۇماچە بۇرۇتى بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا خويمۇ ياراشقان، قوش كۆزلىرىدىن يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلىق يىگىتلەرگە خاس جاسارىتى چاقناپ تۇرىدىغان، بوي - بەستىنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئالتۇن تەختتە ئولتۇرسىمۇ خۇددى ئۆرە تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان شاھزادە باباچاق سۇلتان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز تەئەججۇپلەندى، لەۋلىرى ئاللىقانداق بىر ئىچكى تۇيغۇدىن تىترەپ تۇرغان ئاقسۇ ئەمىرىنى تەختنىڭ يېنىدىكى بوش كۇرسىغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن سورىدى:

— تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرسىلە، ئى جانابىي ئەمىر، بۇ



زادى قانداق ئىش؟

ئاقسۇ ئەمىرى بولغان ئىشلارنى يىغىنچاقلاپ تېزلا بايان قىلدى.

— ئى ۋەلىئەھدەم، تېزدىن ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرگەيلا، —دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا، — ھەم ئاستانىگە — دۆلەتپاناھ خان ئالىيلىرى ھوزۇرىغا تېزدىن چاپارمەن ماڭدۇرغايلا. مەن جانابلىرىغا ھەمدەم بولۇپ، ئول باسقۇنچىلار بىلەن ئېلىشىپ، بۇ ئەرزىمەس جېنىمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە گۇناھىمنى يۇغايمەن.

شاھزادە باباچاق سۇلتان ياشلىقىغا باقماي ئۆزىنى توختىتىۋالغان، غەيۇر، باھادىر يىگىت ئىدى. بەش گەز ئۇزۇنلۇقتىكى، بىر چارەك ئېغىرلىقتىكى پولات نەيزىسىنى خۇددى بىر تال يېكەننى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ، تۈگمەننىڭ چاقپەلىكىدەك چاقماق تېزلىكىدە ئوينىتىش ماھارىتى بىلەن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى جانباز باھادىرلار ئارىسىدا ئالاھىدە داڭق چىقارغانىدى. نەيزىۋازلىقتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. پېشقەدەم سەركەردىلەر ئۇنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا تەققاسلاپ مەدھىيىلىشەتتى. مەرگەنلىكتە داڭق چىقارغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەنمۇ بىرنەچچە نۆۋەت ئوقيا ئېتىشتا سىنىشىپ تەڭلىشىپ قالغانىدى.

— جانابىي ئەمىرلەر، — دېدى شاھزادە باباچاق سۇلتان جىددىي تەرزدە سارايدىكى ئەمىرلەرگە تەكشى قاراپ، — ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەر تاپتىڭلار. ۋەھشىي ياۋ باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بەلكىم بۈگۈن كەچ پېشىن مەھەلدە ياۋ بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. پەرمان، ھەرقايسى قوۋۇقلارنى بىردىن سەركەردە ئۈچ مىڭدىن لەشكەر بىلەن قوغدايدۇ. شەھەردىكى قولىغا قورال تۇتالىغۇدەك ئەركەكلەر ھەمدەم بولىدۇ. قالغان سەركەردە - لەشكەرلەر مەن بىلەن بىرلىكتە شەھەر سىرتىغا

چىقىپ بارگاھ قۇرىدۇ. نائىنساپ باسقۇنچىلارنىڭ پاسىق قەدەم-
لىرىنى بۈيۈك سەئىدىيە تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقارمىغۇچە
ھەرگىز جەڭدىن قايتمايمىز. بىزگە جانابىي ئاللا، ھەزرىتى ئەلى
شاھىمەردان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىرىمىز مەدەتكار بولغاي.

باباچاق سۇلتان يېڭىسار قەلئەسىنى ساقلاپ ياتقان
سەركەردە - لەشكەرلەرنى تېزدىن ھەمدەمگە كېلىش ۋە ئاستانىگە
باسقۇنچى ياغىدىن خەۋەر يەتكۈزۈش ھەققىدە جىددىي چاپارمەن
ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قالغان ئون بەش مىڭغا يېقىن سەر-
كەردە - سەرۋازلىرى بىلەن سۇ دەرۋازىسىدىن چىقتى - دە،
ياۋنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، تۈمەن دەرياسىدىن
ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى سايدا قارارگاھ قۇردى.
ئۈنىڭغىچە يۇرت - ماكانىغا ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ باسقۇن قىلىپ
كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شەھەر ئەتراپىدىكى، يېزا - قىش-
لاقلاردىن كەلگەن ئەزىمەتلەر ئۆزلۈكىدىن ئون مىڭ كىشىلىك
پىدائىي قوشۇن بولۇپ تەشكىللىنىپ خان لەشكەرلىرىگە قېتىل-
دى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ساي سەئىدىيە لەشكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
لەپىلدەپ تۇرغان ساناقسىز تۇغ - ئەلەملىرى بىلەن تولۇپ
كەتكەنىدى.

بارگاھى ئالىيغا جەم بولغان سەركەردىلەرنىڭ چىرايلىرى
جىددىي تۈس ئالغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياۋغا بولغان نەپرەت
ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. تۆردە ئولتۇرغان شاھزادە باباچاق
سۇلتان ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەپ جەڭ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويۇۋاتاتتى:

— بۈيۈك زېمىنىمىزغا باستۇرۇپ كېلىشكە پېتىنغان ياۋ-
نىڭ كۈچىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بىز جەڭ سېپىمىزنى
ئىمكان بار كەڭرەك تۈزۈپ، ياۋنى لەشكەرلىرىمىزنىڭ سانىنى
ھازىرقىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈ-
شىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ياغى كۆرۈنگەن ھامان ئارقا



سەپتىكى ئاددىي رەئىيەتتىن تەشكىللەنگەن ھەمدەمچى قوشۇن
تۇغ - شەددىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توختىماي ئايلىنىپ مېڭىپ
تۇرغاي، بۇنداق قىلساق ياۋ ھەمدەمگە كېلىۋاتقان سەئىدىيە لەش-
كەرلىرىنىڭ تېخىچىلا ئايىغى ئۈزۈلمەيۋېتىپتۇ دېگەن تۇيغۇغا
كېلىدۇ - دە، قاراملىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.
مۇدا خالىسا ئەتە مۇشۇ ۋاقىتچە ياۋنى شۇ يوسۇندا ساراسىمىگە
سېلىپ تۇتۇپ تۇرالىساق، ئاستانىدىن كېلىدىغان ھەمدەمچى قو-
شۇنمۇ يېتىپ كېلىپ بولىدۇ. ناۋادا ياۋ توختىماي باستۇرۇپ
كېلىپ قالسا تۆفەڭچى[1]ۋە چېقىن توپچى[2]قوشۇن ئەڭ ئاۋۋال
ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. چۈنكى، نائىب، ئەمىر جانابلىرىنىڭ مەلۇما-
تىدىن قارىغاندا ياۋ لەشكەرلىرى تامامىي ئاتلىق ئىكەن. تۆفەڭ
ۋە چېقىن توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاش ساداسى بىلەن
ئاتلارنى ئۈركۈتۈپ، ياۋ سېپىنى پاتىپاراقچىلىققا سېلىپ ھەيۋ-
سىنى سۇندۇرىمىز - دە، ئاندىن ئوقياچى مەرگەنلەر ئارقىلىق
ئەدىپىنى بېرىپ چېكىندۇرىمىز...

— ۋەلىئەھدى ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېگىنىچە
بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلدى ياتىشبېگى شاھزادىنىڭ سۆزىنى
ئۈزۈپ تاشلاپ، تېز - تېز سۆزلەپ، — ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ
قارىسى كۆرۈندى.

— خەۋەرلەندۇق، — دېدى شاھزادە باباچاق سۇلتان ئۆزىنى
خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ. ئۇ سەركەردىلەرگە قاراپ پەرمان
بەردى، — جانابىي سەركەردىلەر جەڭ تەدبىرلىرىنى ئېسىدە
مەھكەم تۇتقاي. مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ھېچكىمنىڭ ئۆز بېشىمچىد-
لىق بىلەن جەڭگە چۈشۈشىگە رۇخسەت يوق. قېنى ئۆز لەشكە-
رىي سېپىڭلارغا قايتىڭلار.

شاھزادە، ئاقسۇ ئەمىرى بىلەن بارگاھى ئالىيدىن چىقتى-

---

[1] تۆفەڭ — ئىچكە دورا - ئوق چىڭدىلىپ، پىلىك ئارقىلىق ئىشلىتىدىغان مىلتىق.
[2] چېقىن توپ — ئىپتىدائىي زەمبىرەك، پىلىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

ده، قارارگاھنىڭ ئالدىغا ۋاقىتلىق ياسالغان كۆزىتىش مۇنارىنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ قارشى تەرەپكە نەزەر تاشلىدى.
سايىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئارىسىدىكى قويۇق
چاڭ ـ توزان پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ئوچۇق ئاسماننىڭ يۈزىنى
پۈتۈنلەي توسۇۋالغانىدى. خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك سان ـ
ساناقسىز ياۋ لەشكەرلىرى ئاشۇ توپا ـ تۇمان ئارىسىدىن دەبدەبە،
ئەسئەسە بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بىر چۆگۈن چاي قايند-
مىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە جۇڭغار لەشكەرلىرى تولۇق كۆرۈنۈش-
كە باشلىدى. ياۋ بىلەن سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ ئارىلىقى بار-
غانسېرى قىسقىراپ پەقەت ئىككى چاقىرىملا ئارىلىق قالغانىدى.
شاھزادە باباچاق سۇلتان كۆزىتىش مۇنارىدا تۇرۇپ، يېنىدىكى
تۇغچىبەگنىڭ قولىدىن قىزىل رەڭلىك پەرمان تۇغىنى ئالدى ـ
دە، لەشكەرلىرىگە قاراپ ئۈچ قېتىم پۇلاڭلاتتى. شۇ ھامان
سەئىدىيە لەشكەرلىرى سېپىدىن مىڭلىغان ناغرا ـ دۇمباقلار
تەڭلا چېلىندى. ناغرا ـ دۇمباقلاردىن چىققان ھەيۋەتلىك گۈم-
بۈرلەش ساداسى پۈتكۈل سايىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تىترىتىۋەت-
تى. گويا چاقماق چېقىلغاندەك چىققان بۇ ھەيۋەتلىك سادادىن
بەخىرامان ئىزگىن سىيرىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئاتلىرى ئۈر-
كۈپ تېپىرلاشقا، كىشنەشكە باشلىدى.
ئۆزىنى جاھاندا تەڭداشسىز ساناپ، ئات ئۈستىدە كۆرەڭلەپ
ئولتۇرغان موڭغۇل لەشكەرلىرى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈر-
مەيلا ئاتلىرىدىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى، يۈرەكلىرى مۇجۇ-
لۇپ ۋەھىمە ئىلكىدە جىغىلدىدى. ياۋ لەشكەرلىرى سېپىدە بىر-
دىنلا پاتىپاراقچىلىق يۈز بەرگەندى. ئۈركۈپ كەتكەن جەڭ ئات-
لىرى ئىگىلىرىنى يەرگە ئېتىۋېتىپ، يەرگە يىقىلغان لەشكەر-
لەرنى دەسسەپ ـ چەيلەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشاتتى. ھەيۋەت-
لىك گۈمبۈرلەش سادالىرى سايىنى تىترىتەتتى. بىر ھازا داۋام
قىلغان پاتىپاراقچىلىقتا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ياۋ لەشكىرى ئۆز


ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چەيلىنىپ كەتتى. شاھزادە باباچاق
سۇلتاننىڭ بۇ «ناغرا ـ دۇمباق تەدبىرى» دەسلەپكى قەدەمدە
ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ، كۆرەڭ ياۋنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش مەقسد-
تىگە يەتكەندى.
ياۋ سەركەردىلىرى مىڭ بىر جاپادا جورۇپ يۈرۈپ جەڭ
سېپىنى ئاران رۇسلىۋالدى. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى كۆرۈپ،
لەشقەرنىمۇ بىرلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئېلىش خام خىيالىدا
كېلىۋاتقان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خانى غالدان بوشۇكتۇخاند-
نىڭ غەزەپتىن ئۆتى تېشىپ كەتكەندى. ئۇ قارشى تەرەپتىكى
پۈتكۈل سايىنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەپ جەڭ سېپى
تۈزگەن سەئىدىيە لەشكەرلىرىگە شۇنداقلا بىر نەزەر تاشلىدى ـ
دە، قاراملىق بىلەن جەڭ قىلسا ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىپ، سەركەردىلىرىگە دەرھال يۈرۈشنى توختىتىپ،
كەينىگە ئىككى چاقىرىم چېكىنىپ قارارگاھ قۇرۇشقا پەرمان
بەردى. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ كەينىگە چېكىنگىنىنى كۆرۈپ سەئد-
دىيە لەشكەرلىرى سېپىدىن ياڭرىغان «ھايت ـ ھۇيت» سادالىرى
پەلەككە كۆتۈرۈلدى. ياۋنىڭ ھەيۋىسى دەسلەپكى قەدەمدە سۇندۇ-
رۇلغانىدى.
قەشقەر لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشا ـ ئۇچراشمايلا بۇرنىغا
يېگەن غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ دورداي كالپۇكلىرى تىترەپ،
قىيسىق ئورا كۆزلىرى ھازىرلا بىركىمنى تىرىك يەۋېتىدىغاندەك
ئەلپازدا چەكچىيىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرگەن
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قورقۇنچ ھەم ۋەھىمىدىن ئوتقا چۈشكەن
قىلدەك تولغىناتتى. ئۇ غالداننىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىققا
تىرىشاتتى. نىھايەت، ئىشان ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەر-
دى. سەركەردىلەر ئارىسىدىن كىملەرنىدۇر ئىزدىگەن غالداننىڭ
قىيسىق كۆزلىرى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا كەلگەندە توختىدى.
ساراسىمە ئىلكىدە قالغان ئىشاننىڭ ۋۇجۇدىنى قارا تەر ۋە سوغۇق

تىترەك باستى.
— سەئىدىيە تەسەررۇپىدا تۈزۈك لەشكەرنىڭ تايىنى يوق،
قەدىمىمىز يەتكەنلا شەھەرنى خۇددى قوي قوتىنىنى ئىگىلىگەندەك
ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئىگىلەيمىز دېگەنىدىڭغۇ، ئى خوجا، كۆر-
گەنسەن، ئۇلارنىڭ سېپىگە كېلىپ قېتىلىۋاتقان ھەمدەمچى لەش-
كەرلىرىنىڭ تېخىچىلا ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ.
تەرجىماننىڭ ھەربىر جۈملە سۆزلىرى يۈرىكىگە پىچاق بو-
لۇپ سانجىلغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ پۇت - قوللىرى
سىرقىراشقا باشلىدى، ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ ئاغزى گەپكە
كەلمىدى، ئاق شايىدىن چاقما كاۋىدەك سەللە ئورىۋالغان بېشىنى
توختىماي گىلدىڭلىتاتتى.
غالدان يەنە سورىدى:
— قېنى بىزگە ھەمدەمدە بولىدىغان مۇرىتلىرىڭ؟ ئەجەب
ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەيۋاتىمەنغۇ، خوجا؟
«ئاھ، تەڭرىم، غالدان خوجامغا مەدەت بېرىپ، ئۇنى غەلى-
بە - نۇسرەتكە يۈزلەندۈرگەيسەن. ئۇنىڭ زۇلۇم - ستەملىرى-
دىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن…»
— كى … كېلىدۇ … ئا … ئادالەتپاناھ خوجام، تۈمەنلىگەن
مۇرىتىل ھىدايەتچى سوپى لەشكەرلىرىم بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە
كېلىپ خىزمەتلىرىدە بولىدۇ.
غالدان ھىدايىتۇللا ئىشانغا يەنە بىرنېمە دېيىش ئۈچۈن ئې-
غىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا بارگاھى ئالىيغا ئالدىراش كىرىپ
كەلگەن چاپارمەن يەرگە موكلا تىزلاندى:
— شەۋكەتلىك خاقان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، سەئىدىيە
لەشكەرلىرى ناغرا - سۇناي چېلىپ جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ.
غالدان ئارتۇقچە گەپ قىلماي چېدىردىن سىرتقا ماڭدى ۋە
چىلان تورۇق ئارغىمىقىغا بىر سەكرەپلا مىنىپ لەشكەرلەرنىڭ
ئالدىغا ئۆتتى. گەرچە ھىدايىتۇللا ئىشان قورقۇپ تۇرسىمۇ،


ئۇنىڭغا سوڭداشتى. غالداننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئون بەش، سول
تەرىپىدە ئون بەش جەمئىي ئوتتۇز سەركەردىسى ئۈچىسىغا بېلىق
قاسىرىقى شەكىللىك مىس - تۆمۈردىن ياسالغان ساۋۇت كىيد-
ۋالغان بولۇپ، جەڭ قوراللىرىنى تۇتۇشقىنىچە سۇرلۇك تۇرۇ-
شاتتى. ئۇلارنىڭ گاھىلىرى بېشىغا دۇبۇلغا كىيىۋالغان، گاھد-
لىرى يالاڭۋاشتاق ئىدى.
شۇ ئەسنادا سەئىدىيە لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى ناغرا - سۇ-
ناي ئاۋازلىرى توختاپ، تۇم قارا ئارغىمىقا مىنىۋالغان شاھزادە
باباچاق سۇلتان بەش گەز ئۇزۇنلۇقتىكى پولات نەيزىسىنى ئويناد-
قىنىچە ئات چاپتۇرۇپ چىقتى - دە، ياۋ قوشۇنىغا بىر ئوق يېتىم
ئارىلىق قالدۇرۇپ توختىدى. بېشىغا ئالماس كۆز قويۇلغان
يارىشىملىق يېشىل سەللە ئورىۋالغان، ئۈچىسىغا ئوتقاشتەك قد-
زىل زەرباب تون كىيىپ، بېلىنى قاشتېشى كەمەر بىلەن باغلد-
ۋالغان، ئات ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ خۇددى ئۆرە تۇرغاندەك كۆرۈ-
نىدىغان شاھزادە باباچاق سۇلتان خۇددى يېلىنجاپ تۇرغان بىر
پارچە يالقۇندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆلەتلىك، غەيۇر
بەستىگە قاراپ ياۋ سەركەردىلىرى ئىختىيارسىز ئاپىرىن
ئوقۇشتى.
ھېچقانداق جەڭ كىيىمى كىيمىگەن بۇ يىگىتنىڭ جەسۇر
تۇرقى غالدان بۆشۈكتۇخاننىڭمۇ ئەقلىنى لال قىلغانىدى. ئۇ
يېنىدىكى ھىدايىتۇللا ئىشاندىن سورىدى:
— ئېيتقىنا، ئى خوجا، بۇ باھادىر ئەزىمەت كىم؟
— ئۇ دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ شاھزادىسى، ئىسمى
باباچاق سۇلتان، قەشقەرنىڭ نائىب ۋە ئەمىرى، — دەپ ئالدد-
راش - تېنەش جاۋاب بەردى ھىدايىتۇللا ئىشان.
— ئى موڭغۇل خانى، — دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا ئەدەپ
بىلەن سۆزلىدى باباچاق سۇلتان ئالتۇن رەڭ چۇچىلىق يېشىل
سايىۋەن ئاستىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان غالدانغا قاراپ، — سىنىڭ

سەلتەنىتىنىڭ بىلەن سەئىدىيە سەلتەنىتى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق نىزا - ئاداۋەت يوق ئىدى. ھەر ئىككى ھۆدۇتلۇق ئۆز تەسەررۇپىدىكى زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۆز قوۋمىدىكى رەئىيەتنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سەلتەنەت تىزگىنىنى ئادالەت بىلەن تۇتۇپ ئولتۇرمىقى لازىم ئىدى. ئەمما، سەن ئىلى ۋادىسىنى ئىگىلىۋالدىڭ، كېيىن قۇمۇل زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ كۆپ پاراكەندىچىلىك سالدىڭ. مانا ئەمدى قېشىڭدىكى ئاۋۇ مۇناپىق ئىشاننىڭ سېھرىي ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ، ئۆزۈڭنى چاغلىماي بوسۇغىمىز تۈۋىگە باستۇرۇپ كېلىشكە پېتىنىپسەن، بىلگىنكى، ئۆز قوۋمىغا ۋاپا قىلمىغان، ياتلارنى باشلاپ كېلىشتىن قىلچىلىك ئارلانمىغان بىر مۇناپىقتىن ساڭىمۇ قىلچىلىك ۋاپا كەلمەيدۇ. ئەقلىڭنى ئىشقا بۇيرۇساڭ ھېلىمۇ ئۈلگۈرىسەن. ئېتىڭنىڭ تىزگىنىنى دەرھال ئارقىغا بۇرا - دە، ئۆز تەسەررۇپىڭغا يۈز - ئابرۇيۇڭ بىلەن كېتىۋال، ئەگەر تەلۋە نىيىتىڭدىن يانمايدىكەنسەن، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر ساڭا ۋە لەشكەرلىرىڭگە ئاللىقاچان ئەجەل قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ قويىدى. شۇنىمۇ بىلىپ قالغىنكى، بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ زېمىن - تۇپرىقىنى مەڭگۈلۈك ئىستېلا قىلالىغان ئەمەس. بۇ زېمىنىنىڭ باغرىدىن ئوزۇق ئالغان ھەربىر ئادەم، ھەربىر گىياھ ۋە تاغۇ تاشلارغىچە سېنىڭ قىيامەتلىك دۈشمىنىڭدۇر.

تەرجىماننىڭ سۆزلىرىگە بىرمۇ بىر قۇلاق سېلىپ تۇرغان غالدان شاھزادە باباچاق سۇلتانغا قايىللىق نەزىرى بىلەن بىرنى قارىۋەتتى - دە، ئاللىنېمىلەرنىدۇر دەپ جىددىي كالدىرلىدى. خوجىسىنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان تەرجىمان باباچاق سۇلتانغا قاراپ سۆزلىدى:

— ئى باھادىر ئەزىمەت، غالدان بۆشۈكتۈخان ئالىيلىرىنىڭ جاۋابىغا قۇلاق سال. خان ئالىيلىرى شۇنداق دەيدۇكى: «بىز



شۇنچە سەپەر مۇشكۇلاتلىرىنى تارتىپ قەشقەرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ بولدۇق. سەئىدىيە باھادىرلىرى بىلەن بىرەر مەرتەم جەڭبازلىق ماھارىتى سىناشماي كېتىپ قالساق، يۈزىمىزگە ۋە شانۇ شەۋكىتىمىزگە سەت بولۇر». شۇڭلاشقا، ئاۋۋال ئېلىشىپ باقايلى. بىز يېڭىلىپ قالساق، سەندىن ۋە خەلقىڭدىن ئەپۇ سورايمىز - دە، دەرھال ئارقىمىزغا يانىمىز، ناۋادا سەن يېڭىلىپ قالساڭ دەرھال ئالدىمىزغا كېلىپ تىزلىنىپ گۇناھىڭنى تىلەيسەن ۋە قەشقەرنى بىزگە تاپشۇرىسەن.

— بەلەن گەپ، — دېدى شاھزادە جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب قايتۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا خانىڭغا ئېيت، مانا مەن شۇ تاپتا جەڭگە تەييارلىنىپ بولدۇم. ماڭا ئۆزى چۈشسىمۇ، باشقا باھادىر سەركەردىلىرىنى چۈشۈرسىمۇ مەيلى، ئەمما شەرتىم شۇكى، ھەر ئىككى تەرەپتىن يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ نامەردلەرچە قەست قىلىشقا بولمايدۇ.

غالدان سىرىن تەرجىمانى ئارقىلىق شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن سەركەردىلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— قېنى سەركەردىلىرىم، قايسىڭلار ئاۋۋال مەيدانغا چۈشۈپ، ئاۋۇ سەئىدىيە باھادىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ ئەكىلىپ لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرىسىلەر؟

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ بولغىچە بىر موڭغۇل سەركەردىسى ئېتىغا ئاچچىق قامچا سالدى - دە، شاھزادىگە قاراپ ئېتىلدى. تالاي جەڭلەرنى كۆرگەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بۇ ياۋ سەركەردىسىنىڭ بوي - بەستى شاھزادە باباچاق سۇلتانىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىدىن قويۇپ، يەلكىسىگىچە ئۆستۈرۈۋالغان، ئوڭ قۇلىقىغا بىلەزۈكتەك يوغانلىقتا ئالتۇن ھالقا سېلىۋالغان بەستلىك باھادىرنىڭ قولىدا ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ بار ئىدى. ئۇ غالدان بۆشۈكتۈخاننىڭ ئەڭ قەھرلىك،

جەڭبازلىق ماھارىتى ھەممىدىن ئۈستۈن سەركەردىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ جەڭگە چىققانلىقىنى كۆرگەن غالدان خاتىرجەملىك بىلەن چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرۈتتى.

چاقماق تېزلىكىدە ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن جۇڭغار سەركەردىسىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان قىلىچىنى شاھزادە باباچاق سۇلتان پولات نەيزىسى ئارقىلىق چەبدەسلىك بىلەن توسۇۋالدى ـ دە، نەيزىسىنى شاققىدە تارتىۋېلىپ تەتۈر چۆرۈپ دەستىسى بىلەن موڭغۇل سەركەردىسىنىڭ نەق بېشىنى چەنلەپ ئۇردى. شاھزادىنىڭ بۇ تۇيۇقسىز زەربىسى ياۋ سەركەردىسىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن ئوڭغا تاشلاپ ئېتىنىڭ بىقىنىغا چاپلاشتى. باباچاق سۇلتاننىڭ نەيزىسى ھاۋانى شارتتىدە كېسىپ توختىدى. ھەر ئىككى پالۋاننىڭ يۇقىرى جەڭبازلىق ماھارىتىگە قايىل بولغان ئىككى تەرەپتىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر قىيقاس ـ چۇقانلىرى بىلەن ئالقىش ياڭراتتى. شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ پولات نەيزىسى گويا تاغلارنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكۈدەك قۇدرەت بىلەن سانجىلسا، ياۋ سەركەردىسىنىڭ ئۇزۇن دەستىلىك قىلىچى خۇددى ھەرقانداق مۇستەھكەم نەرسىنى كېسىپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا چېپىلاتتى. ئەمما بۇ ھۇجۇملاردىن ئىككىلا سەركەردە ئۆزلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىپ قاچاتتى ياكى چەبدەسلىك بىلەن مۇداپىئە كۆرەتتى. ئۇلار شۇ تەرزدە بىر ئاش پىشىمغىچە ئېلىشتى. غەربىي ئۇپۇققا سىلجىۋاتقان قۇياش بۇ ئاجايىپ يۇقىرى سەۋىيىلىك جەڭبازلىق ماھارىتىنى تاماشا قىلىشتىن قىيالمايۋاتقاندەك قىپقىزىل رەڭلىنىپ ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا كۈن گويا بىر پارچە ئوتتەك تاۋلىنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

نېپىز، يەڭگىل كىيىنگەن شاھزادە بارغانسېرى روھلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بىر چارەك ئېغىرلىقتىكى پولات نەيزىنى گويا



بىر تال يېكەننى كۆتۈرۈۋالغاندەك ئەپچىللىك بىلەن ئوينىتىپ، موڭغۇل سەركەردىسىنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. شاھزادە نەيزىسىنى ئوينىتىپ گاھ ئوڭ ياندىن، گاھ سول ياندىن ھۇجۇمغا ئۆتەتتى.

ئۇچىسىغا ئېغىر مىس ساۋۇت كىيىۋالغان موڭغۇل سەركەردىسى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، بارغانسېرى قولشالماي ھاسىراپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ رەقىبىنىڭ بېشىغا جاسارەت بىلەن قىلىچ چاپاتتى، ئۆزىگە زەرب بىلەن سانجىلغان نەيزىنى ئەپچىللىك بىلەن توسۇيتتى.

— ئويلىماپتىكەنمەن، سەئىدىيە سەركەردىلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق شىر سۈپەت، باھادىر ئەزىمەتلەر بار ئىكەن ـ دە! — دەۋەتتى غالدان بۆشۈكتۈخان شاھزادىنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىگە قايىل بولۇپ. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز سەركەردىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بارا ـ بارا مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ مەيۇسلىنىپ قالغانىدى.

«ئى ساكىيامۇنى ئامىتا بۇددىھا، ئى ئاۋالۇكتا ئىشۋارا بۇددىھا، بۈيۈك ئاچارى دالاي لامابۇرھانۇ ھەزرىتىم، سەئىدىيە تەسەررۇپىدا يېڭىلىپ شەرمەندىلەرچە ئاقىۋەتكە قېلىشىمدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، بۇ خەلقى ياۋاش، تۈپرىقى مۇنبەت زېمىننى تەسەررۇپۇمغا ئېلىشىمغا مەدەت قىلغايسەن. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە نۇسرەت قازانسام، ساداقەتمەن بۇددا مۇخلىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۈز جايغا ساڭرام ـ ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ، ھەقىقىي ھۆرمىتىڭگە بىھېساب نەزىر ـ نىياز قىلغايمەن. توققۇز يۈز راھىبنى توققۇز ئاي، توققۇز يۈز مەرتىۋە نوم ـ بېتىك ئوقۇتۇپ تىلاۋەت قىلدۇرغايمەن ...»

غالدان بۆشۈكتۈخاننىڭ غەمگە پېتىپ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن يەنە بىر سەركەردىسى خان خوجىسىدىن

ئىجازەت ئالمايلا ئېتىغا قامچا سالدى ـ دە، ھېرىپ ھالىدىن
كېتەي دەپ قالغان موڭغۇل سەركەردىسىگە ھەمدەمدە بولۇش
ئۈچۈن ئۈچى ئۇچلۇق، ئىككى بىسلىق قوش شەمشىرىنى ئىككى
قولىدا پۇلاڭلاتقىنىچە شاھزادە باباچاق سۇلتانغا تاشلاندى.
شۇ ھامان سەئىدىيە لەشكەرلىرى سېپىدىن ۋاڭ ـ چۇڭ
كۆتۈرۈلدى.
— نامەردلىك قىلدى.
— لەۋزىدە تۇرمىدى.
— بىرىگە بىر چىقمىدى ئىمانسىزلار.
شاھزادە «ئىجازەتسىز ھېچكىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن
جەڭگە چۈشۈشىگە رۇخسەت يوق» دەپ جېكىلىگەنلىكى ئۈچۈن،
ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەرمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ۋەھىمە ئىل-
كىدە ياغاچتەك قېتىپ قالغانىدى.
— بىزمۇ ھەمدەمگە سەركەردە چىقىرايلى، — دېدى ئاقسۇ
ئەمىرى ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەرگە قاراپ، — ئىجازەت بەرسى-
لە، سەركەردە، ۋەلىئەھدىگە مەن ھەمدەمدە بولاي.
— ۋەلىئەھدىنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتى تولىمۇ يۇقىرى،
يەنە بىر ئاز سەۋرى قىلىپ باقايلى. ناۋادا پەقەتلا تەڭ كېلەلمەي
قالسا، ھەمدەمگە بارسىلىمۇ ئۈلگۈرىلا. ۋەلىئەھدىنىڭ لەشكىرىي
پەرمانىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇزۇشقا ھەددىم ئەمەس.
شاھزادە باباچاق سۇلتان قىلچىلىك تەمتىرىمەستىن ئىككى
ياۋ سەركەردىسىگە تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. ھەمدەمچى شېرىكىنى
كۆرگەن موڭغۇل سەركەردىسى ھەم ئەجىر ـ تۆھپە قىزغىنىپ،
ھەم شاھزادىنى ئۆلتۈرۈپ جەڭنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇش مەق-
سىتىدە بىردىنلا مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قالايمىقان قىلىچ
ئۇرۇشقا چۈشتى.
شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى پەقەتلا قولاشمايۋاتاتتى.
كۆزى ئىتتىك، قولى چاققان، رەقىبىنىڭ ھۇجۇمىدىن كۆڭ-



لىدىكى ۋەسۋەسىنى بىلىشكە ئادەتلەنگەن شاھزادە ئىككى ياۋ
سەركەردىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ تۇرۇپ چاندۇرغاندەك بىر
ھىيلە ئىشلىتىۋىدى، بۇنى پۇرسەت كەلدى دەپ ھېسابلىغان باش-
تىكى ياۋ سەركەردىسى قولىدىكى ئۇزۇن دەستىلىك قىلىچنى
شاھزادىنىڭ بېشىغا توغرىلاپ زەرب بىلەن ئۇردى، شاھزادە چاق-
ماق تېزلىكىدە ئېگىشتى ـ دە، ئۆزىنى قارا تۇلپارنىڭ قورسىقى-
غا ئالدى. ۋىشىلداپ كەلگەن قىلىچ يەنە بىر ياۋ سەركەردىسىنىڭ
نەق بوينىغىلا چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ بېشى خۇددى ئۈزۈلگەن
قاپاقتەك يەرگە تورۇكلاپ چۈشتى. رەقىبىنىڭ دامىغا چۈشۈپ،
ئۆز شېرىكىنى چېپىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرگەن ياۋ سەركەردىسى
چۆچۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپلا قالدى. دەل شۇ
چاغدا قارا ئارغىماقنىڭ قورسىقىدىن لىككىدە ئېگەرگە قونغان
شاھزادە باباچاق سۇلتان تېخىچىلا ھوش ـ كاللىسىنى يىغىشقا
ئۈلگۈرەلمىگەن ياۋ سەركەردىسىنىڭ دەل يۈرىكىنى نىشانلاپ
زەرب بىلەن نەيزە ئۇردى. تەڭداشسىز كۈچ بىلەن سانجىلغان
پولات نەيزىنىڭ ئۈچى ياۋ سەركەردىسىنىڭ كۆكرىكىدىكى قاسى-
راقلىق مىس ساۋۇتنى تېشىپ ئۆتۈپ دۈمبىسىدىن چىقتى. ياۋ
سەركەردىسى نالە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي جان بەرگەنىدى.
قاراپ تۇرۇپ ئىككى سەركەردىسىدىن ئايرىلغان غالدان قات-
تىق چۆچۈدى ـ دە، قىساس ئېلىشقا ئاتلانغان يەنە بىر سەركەر-
دىسىنى تىۋىلدىباز چالدۇرۇپ قايتۇرۇۋالدى ۋە قوشۇنغا ئون
چاقىرىم چېكىنىشكە پەرمان چۈشۈردى. موڭغۇل لەشكەرلىرى-
نىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەن شاھزادە باباچاق سۇلتانمۇ ئۆز
قوشۇنىنىڭ سېپىگە قايتتى. بۇ چاغدا شەرقىي ئۇپۇقتىن كۆتۈ-
رۈلگەن تۇن پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغانىدى.
سەئىدىيە لەشكەرلىرى كەچلىك غىزا ئۈچۈن دۈملەپ تەييار-
لاپ قويۇلغان پولۇنى ئىشتىھا بىلەن ئالدىراش يېيىشتى ـ دە،
سۇسىز سايدا تەييەمۇم قىلىپلا قازا بولۇپ كەتكەن ئەسىرنامىزىنى

شام نامىزىغا قوشۇپ ئۆتىۋېلىشتى.

نامىزنى ئۆتەپ بولغان سەركەردىلەر بارگاھى ئالىيغا يىغدىلىپ شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ غەلىبىسىنى مۇبارەكلەشتى.

— مۇبارەك بولسۇن، ۋەلىئەھدى ئالىيلىرى.

— بەئەينى ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان پىرىمىزدەك باھادىرلىق كۆرسەتتىلە.

— ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتتىغۇ دەيمەن.

— بەلكىم شۇ چېكىنىشىدە ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچقاندۇر.

— ھەي ناتايىن جۇمۇ، لەۋزىدە تۇرامدۇ ئۇل لەشكەرلەر.

— لەۋزىدە تۇرمىسا جاجىسى ئۆلۈم.

— ياۋ چېكىنىدىغاندەك ئەمەس، ئۇزۇن سايىنىڭ ئۇ چېتىدىكى تاغنىڭ باغرىدا قارارگاھ قۇرۇپتۇ.

— ئۇنداقتا ئېھتىيات قىلماقلىق كېرەك. ناۋادا كېچىدە قارارگاھىمىزنى باسقىن قىلىپ قالسا غەپلەتتە قالمايلى.

— ئۇل باسقۇنچىلارنىڭ لەۋزىدە تۇرىدىغان - تۇرمايدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم، — دېدى شاھزادە باباچاق سۇلتان سەركەردىلەرنىڭ تالاش - تارتىشىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆز ئېلىپ، — ئەمما، بۈگۈن كېچە قارارگاھىمىزنى باسقىن قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئۇلار قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش مۇددىئاسىدا ئاقسۇدىن يولغا چىققان پېتى تۇزۇكرەك ئارام ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېرىپ - چارچىدى. ئىككىنچىدىن، لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتى سۇندى. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ لەشكىرىي كۈچىمىزنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز قالدى. بۆكتۈرمە قويىدۇ دەپ گۇمانلىنىدۇ. ئەگەر قارارگاھىمىزغا كېچىدە تېگىش قىلىش نىيىتى بولسا تاغ - باغرىغا قارارگاھ قۇرمايتتى. ئۇلار بۈگۈن كېچە خاتىرجەم ئارام ئېلىۋېلىش



ئۈچۈنلا ئارقا تەرەپتىن تاغنى ھىمات قىلىپ قارارگاھ قۇرغان. پەرمان! لەشكەرلەر بۈگۈن كېچە خاتىرجەم ئارام ئالغاي. جىسەكچىلەر بىر ھەسسە كۆپەيتىلىپ، ھەر ئاش پىشىم ۋاقىتتا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلغاي.

سەركەردىلەر پەرمانبەردارلىق بىلدۈرۈشۈپ بارگاھى ئالىيدىن ئايرىلدى - دە، ئۆز قارارگاھلىرىغا تارقاشتى.

شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ مۇلاھىزىسى توغرا چىققاندى. بۇ كېچە تىپتىنچلا ئۆتتى.

## 9

تۇنجى قېتىملىق مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن غالدان بۆشۈكتۇخان بارگاھى ئالىيدىكى يولۋاس تېرىسى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرى ۋە مىڭ تەستە ئىتائىتىگە كىرگۈزگەن موڭغۇل قوۋملىرى ئالدىدا يۈز - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئەنسىرەپ، چېكىنىشتىن يالتىيىپ قالغانىدى. ئەمما، ئالدىدا كۈچلۈك ياۋ چىش - تىرنىقىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بىر پارچە ئوت يالقۇنىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك سېزەتتى.

«ئاھ، ساكيامۇنى ئامىتا بۇددىھا، مەن مىڭ بىر جاپالار ۋە قانلىق بەدەللەر بىلەن پۈتكۈل موڭغۇل دالىسىدىكى خوشۇت، تورغات، دۆربىت قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەپ، موڭغۇللارنىڭ پۈتكۈل تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ خانۇ خاقانى بولدۇم. ئۆمرۈم يار بەرسە مۇنبەت سەئىدىيە زېمىنىنى، ئاندىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئۇلۇغ

بۇزرۇكۋار بابائى خاقانىمىز تىمۇچىننىڭ① شەۋكەتلىك سەلتەنىتى-
نى قايتا ئەسلىگە كەلتۇرمەكچىدىم. ئەمما، ئىشنىڭ بېشىدىلا
سەئىدىيە تەسەررۇپىدا كۈچلۈك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئامالسىز
قېلىۋاتىمەن. سەندىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، بۇيۈك مەقسەتلىرىم-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم ئۈچۈن مەدەت بېرىپ، چەكسىز
كۈچ ـ قۇدرەت، نۇسرەت ـ ئامەت ئاتا قىلغايسەن ...»

تىلماچنى ئەگەشتۈرۈپ بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان غالداننىڭ ھەسرەتلىك نادامىتىنى ئۇ-
زۇپ قويدى. غالدان ھىدايىتۇللا ئىشانغا شۇنداقلا بىر نەزەر
تاشلىدى ـ دە، پەرۋاسىزلىق بىلەن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.
غالداننىڭ تۇنۇگۈن شاھزادە باباچاق سۇلتان بىلەن قىلىشقان
ئەھدى ـ لەۋزى بويىچە مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىپ، لەشكەرلىرد-
نى چېكىندۇرۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كېچىچە كىرپىك
قاقماي چىققان ھىدايىتۇللا ئىشان خۇددى ۋەھشىي يىرتقۇچنىڭ
ئۇۋىسىغا كىرگەن بىچارە توشقاندەك لاغىلداپ تىترەپ ئەتىگەندىلا
بارگاھى ئالىيغا كىرگەنىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئى ئادالەتپاناھ خانۇ خاقان ئالىيلى-
رى، — دەپ سالام قىلدى ئاپاق خوجا تىترەپ تۇرۇپ.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى غالدان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئى باھادىر خاقان، كېچىدىن مەن مۆرىتىل ھىدايەتچىلى-
رىم بىلەن خۇپىيانە سۆزلەشتىم. سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ سانى
سىزنىڭ مۆلچەرىڭىزدىكىدىن خېلىلا ئاز ئىكەن. سەن بۇگۈن سەئى-
دىيە لەشكەرلىرى بىلەن يەنە بىر مەرتەم جەڭ قىل، ئۇل مۆرتەت-
لەرنىڭ سەركەردىسى شاھزادە باباچاق سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشنى
ماڭا قويۇپ بەر.

— سېنىڭ راستتىنلا شۇنچىلىك ماھارىتىڭ بارمۇ،

① تىمۇچىن — چىنگىزخان.



خوجا؟ — دېدى غالدان ھىدايىتۇللا ئىشاننى پو ئېتىۋاتىدۇ
دەپ ئىشەنمەي، — ئېيتقىنا، سەن ئۇ يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى
يېگەن باھادىرنى قانداق ئۆلتۈرمەكچىسەن؟

غالدان بۆشۈكتۇخاننىڭ قىزىقىپ قالغىنىنى كۆرگەن ھىدا-
يىتۇللا ئىشان تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ سۆزگە كىرىشتى:

— بۇ تەرىپىنى خان ئالىيلىرى هازىرچە سورۇشتۇرمەي
تۇرغاي. ماڭا پەقەت بىر سەركەردە بىلەن يۈز نەپەر ئوقياچى
مەرگەننى ئىتائىتىمگە تاپشۇرغاي. ئۇل شاھزادە ئۆلگەن ھامان
خان ئالىيلىرى قىلچىلىك ئىككىلەنمەي تامامىي لەشكەرلىرى
بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەي. قالدى ئىشلارغا مېنىڭ مۆرىتىل ھىدا-
يەتچىلىرىم شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ھەمدەملىشى-
دۇ. ئىچ ـ تېشىدىن تەڭلا ماسلاشساق، ئىنشائالللا، قەشقەرنى
بۈگۈن قولىمىزغا ئالغايمىز.

ئىشاننىڭ سۆزلىرى غالداننىڭ غەيرىتىنى ئاشۇردى، پۇت-
كۈل سەئىدىيە زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش نەپسىنى تېخىمۇ بەك تاقىل-
دىتىۋەتتى.

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ئەمىسە، — دېدى
غالدان قولىنى سىلكىپ.

كۈن ئاشۋاقتىدىن ئۆتكەندە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگە ئۈندەپ چالغان دۇمباق ساداسى تىپتىنچ
سايىنى قايتىدىن جانلاندۇردى.

— ياۋ لەشكەرلىرى يەنە جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، — دېدى
بارگاھى ئالىيغا ئالدىراپ كىرگەن چاپارمەن شاھزادە باباچاق
سۇلتانغا سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن.

— ياۋ راستتىنلا لەۋزىدە تۇرماپتۇ ـ دە، — دېدى شاھزادە
دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — پەرمان! لەشكەرلەر دەرھال جەڭگە
تەييارلانغاي.

— مېنىڭچە، ئاستانىدىن ھەمدەمچى لەشكەرلەر كېلىپ بول-

غۇچە جەڭگە چىقماي تۇرساق، — دېدى ئاقسۇ ئەمىرى شاھزادىنى توسۇپ، — جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالساق ئۇلار قارارگاھىمىزغا تېگىش قىلىشقا پېتىنالماس. بىرنەچچە كۈن مۇشۇنداق مىدىرلىماي تۇرۇۋالساق، لەكمىڭلىغان لەشكەرلىرىگە ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشتۈرەلمەي ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشى مۇمكىن.

— جانابلىرىنىڭ بۇ مەسلىھەتىمۇ توغرا، — دېدى شاھزادە ئۇيچانلىق بىلەن، — ئەمما بوسۇغىمىز تۈۋىگە باستۇرۇپ كېلىپ جەڭگە ئۈندەۋاتقان ياۋنىڭ ئالدىغا چىقماي يېتىۋالساق تولىمۇ قورقۇنچاقلىق قىلغان بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ خاتىرجەم بولسىلا. بۈگۈن يەنە ئىككى ياۋ سەركەردىسىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلمىغۇچە جەڭدىن ھەرگىز قايتمايمەن.

شاھزادە شۇنداق دېدى - دە، ئۇزۇن پولات نەيزىسىنى ئېلىپ بارگاھى ئالىيدىن چىقىپ كەتتى. باشقا سەركەردىلەر دەرھال ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— ئي لەۋزىدە تۇرمايدىغان نامەردلەر، قېنى ئەركەك بولساڭ مەيدانغا چۈش. سەنلەرگە نەيزەمنىڭ تەمىنى يەنە بىر تېتىتىپ قوياي، — دېدى جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرغان باباچاق سۇلتان چاپچىپ تۇرغان قارا ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ.

شۇ ھامان ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ قېشىدا تۇرغان موڭغۇل سەركەردە ئىشانىنىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن تەڭ ئات چاپتۇرۇپ چىقتى - دە، شاھزادە بىلەن نەيزىۋازلىققا چۈشتى. موڭغۇل سەركەردە ھەدېگەندە شاھزادىگە تەڭ كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن نەيزىسىنى شۇنداقلا بىر شىلتىدى - دە، شاھزادىنىڭ مۇداپىئە كۆرگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئېتىنىڭ بېشىنى شاققىدە كەينىگە بۇراپ ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. ئەمدىلا قىزىشقا باشلىغان شاھزادە ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىش كويىدا كەينىدىن قوغلىدى. ئۇ موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ



سېپىگە بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئوتتۇز - قىرىق قەدەم ئارىلىق قالغاندا ئىشان ئەتراپىدىكى يۈز مەرگەنگە قاراپ قول شىلتىدى. شۇ ھامان نامەردلەرچە ئېتىلغان ئوق يامغۇرى شاھزادە باباچاق سۇلتانغا قاراپ ۋىشىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. گەرچە شاھزادە چاققانلىق بىلەن نەيزىسىنى چاقپەلەك شەكلىدە پىرقىرىتىپ مۇداپىئەلىنىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئون نەچچە تال يا ئوقى كۆكرىكىگە سانجىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئېغىر يارىلانغان شاھزادە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قۇش بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ ئېگىشتى - دە، ئاتنىڭ بېشىنى ئۆز سېپىگە بۇرىدى.

شاھزادىنىڭ ئەجەللىك يارىلانغانلىقىنى كۆرگەن غالدان خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا ۋارقىرىدى:

— قىرىڭلار!

شۇ ھامان تۇمەنلىگەن ئاتلىق ياۋ لەشكىرى سەئىدىيە لەشكەرلىرى سېپىگە ئات سالدى.

شاھزادىنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى كۆرگەن ئاقسۇ ئەمىرى جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

— نامەردلىك قىلدى، ئىمانسىزلار، بولۇڭلار، تۆفەڭ، چېقىن توپلارنى ئېتىڭلار.

شاھزادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوقتەك ئات چاپتۇرۇپ بارغان ئىككى سەركەردە شاھزادىنى ئىككى تەرەپتىن يۆلەپ ئۆز سېپىگە ئەكېلىۋالدى. سەئىدىيە لەشكەرلىرى ئاتقان تۆفەڭ، چېقىن توپلار توختىماي گۈلدۈرلەيتتى. ئات چاپتۇرۇپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرى كۈچلۈك پارتلاش ساداسىدىن ئات - پاتلىرى بىلەن تىك موللاق چۈشەتتى. بىر مەيدان قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان «جاراڭ - جۇرۇڭ» سادالىرى، لەشكەر-

لەرنىڭ «قىر ـ چاپ» دەپ نەرە تارتىشلىرى، ئەجەللىك تىغ
زەربىسىگە ئۇچرىغان لەشكەرلەرنىڭ ئېچىنىشلىق داد ـ پەريادلىـ
ـرى پۈتكۈل ساينى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

— شەھەرگە چېكىنىڭلار، — دېدى بارغانسېرى شۈكلەپ
كېتىپ بارغان شاھزادە.

سەئىدىيە لەشكەرلىرى جەڭ قىلغاچ چېكىنىشكە باشلىدى.
ياۋ لەشكەرلىرى ھەر قەدىمىنى يۈزلىگەن لەشكەرلەرنىڭ ھاياتىنى
بەدەل قىلىپ ئىلگىرىلەيتتى.

سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ شۇ قەدەر قەيسەرلىكى غالدانىنى
ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇ سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ
ئۆزىنىڭ مۆلچىرىدىكىدىنمۇ خېلىلا ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ
يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇدۇل
قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بەردى.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلـ
گەن چاپارمەن شاھزادە باباچاق سۇلتاننى قوغداپ ماڭغان سەرـ
كەردىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ، — شەھەر ئىچىدە توپىلاڭ
يۈز بەردى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتـ
لىرى شەھەر ئىچىدە ئوت قويۇپ، قارىقى دەرۋازىسىنى ئىگىلەپ
ياۋ لەشكەرلىرىگە قوۋۇقنى ئېچىپ بەردى.

بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

— ئۇنداق بولسا ۋەلىئەھدىنى قوغداپ دەرھال ئاستانىگە
چېكىنەيلى، — دېدى ئاقسۇ ئەمىرى ئارتۇقچە ئويلىنىپ
تۇرمايلا، — بەلكىم يول ئۈستىدە ھەمدەمگە كەلگەن خان لەشـ
كەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمىز.

ئۇلار مىڭغا يېقىن نۆكەرنىڭ قورۇقچىلىقىدا ئاستانىگە قاـ
راپ چېكىندى.

غالدانىنىڭ لەشكەرلىرى چىڭقىچۇش مەھەلدە قەشقەر شەھىـ
ـرىنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى. يېرىم كۈنلۈك



جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلدىكى، سايدىن سۇ دەرۋازىـ
ـسىغىچە بولغان يەر يۈزى سەئىدىيە ۋە جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ
جەسىتى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، تۇپراق قىپقىزىل قان
بىلەن بويالغانىدى.

ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق ئادەمىدىن ئايرىلغان غالدان غەزەپـ
ـتىن ئاچ قالغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆركىرىدى ـ دە،
بارلىق ئۆچ ـ قىساسىنى بىگۇناھ قەشقەر ئاھالىسىدىن ئالدى.

## 10

بۈگۈن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاستانىسى يەكەن شەھىرىنىڭ
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرغىنىغا
دەل توققۇز كۈن بولدى.

شاھنىشىندىكى ئالتۇن تەختتە غەمكىن ئولتۇرغان سۇلتان
ئىسمائىلخان ئوغلى شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ مۇسىبىتىدىنمۇ
ياكى شەھەر بوسۇغىسى تۈۋىدىكى ياۋنىڭ دەھشەتلىك ئىسكەنجىـ
ـسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلىلا جۈدەپ قالغانىدى، شۇنداقلا قارىغان
كىشىگە بېشىدىكى ئالماس كۆز قادالغان شاھانە سەللىسى بىلەن
ئۇچىسىدىكى شاھانە زەرباب تونى بەستىگە خېلىلا چوڭ كېلىپ
قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. چاچ ـ ساقاللىرىدىكى ئاق خېلىلا كۆـ
پىيىپ قالغانىدى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان پىغان
يۈرەك ـ باغرىنى زەردابقا تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

«مەرھۇم ئەمىرى كەبىر مىرزا باباقبەگ قەستلەپ ئۆلتۈرۈـ
لۇش ۋەقەسىدىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ھوشۇمنى يىغمىغاندىـ
مەن ـ ھە! ئىست، ئول جەننەتماكان ئەمىر مۇشۇنداق قارا
كۈنلەرنىڭ پات يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەندەك خان
لەشكەرلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش، لەشكەرلەرنى مەشقلەندۈـ

رۇش، كـۆپلەپ لـەشكىرىي خىراجەت ئاجرىتىپ قورال ـ ياراغ-
لارنى تولۇقلاش خۇسۇسىدا قايتا ـ قايتا مەلۇمات سۇنسا، نېمە
ئۈچۈن قۇلاق سالمىدىم ـ ھە! ئەسلىدە مەرھۇمنىڭ سۈيىقەستكە
ئۇچرىشى مۇشۇ پاجىئەنىڭ بېشارىتى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۆز ۋاقتى-
دا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان دېگەن مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قايتا ـ قايتا تەكلىپ بەرسە ئەجەب قۇلاق
سالماپتىكەنمىنا، يا ھەزرەت! بـۇ ئىـشان نېمىدېگەن ھىيلى-
گەر ـ ھە! ئاۋۋال مىرزا باباقبەگدەك بۈيۈك سەركەردىنى ئۆلتۈ-
رۈۋېتىپ، مېنى قاناتسىز قالدۇرغاندىن كېيىن، ياتلارنى باشلاپ
كەلگىنىنى قارىمامدىغان. ۋاھ ھەسرىتا، كىمگە بېرىپ ئېيتاي
بۇ دەردىمنى...»

سۇلتان ئىسمائىلخان بىردىنلا خىيالىنىڭ ئايىغىنى يىغىش-
تۇردى ـ دە، ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئارىسىدا نېمىگىدۇر نارازى
بولۇپ، چىرايلىق ئەگمە قاشلىرىنى يىمىرىپ، تەتۈر قاراپ ئول-
تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قارىدى.

— بۇ لەشكىرىي پەرمان، مەلىكەم. مەن بىر بۈيۈك سەلتە-
نەتنىڭ پاسىبانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزگە، يەنە كېلىپ
ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسىگە پەرمان بېرىۋا-
تىمەن. شۇڭا، لەشكىرىي پەرمانغا شەرتسىز بويسۇنۇشىڭىز كې-
رەك. دەرھال تەييارلىق قىلىڭ ـ دە، بۈگۈن كېچىدىلا يولغا
چىقىڭ. سىز قىلماقچى بولغان ئىش بوسۇغا تۈۋۈمىزدىكى ياۋ
بىلەن جەڭ قىلغاندىنمۇ مۇھىم.

سۇلتان ئىسمائىلخان بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى، جىيەن ئوغلى مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخان بىلەن سەلتەنەت ئىشلىرىدا ئارازلىشىپ
قالغانلىق سەۋەبلىك پەقەتلا ئالاقە قىلىشمىغانىدى. مانا ئەمدى
رەھىمسىز ياۋ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلەپ تۇرغاندا، مىرزا
ئەۋەزبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ



مەسلىھەتى بويىچە ھەمدەمگە كېلىشكە كۆندۈرۈشكە مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىمنى ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

ئىلگىرى «چېگرىنى قوغدىغۇچى بۈيۈك سانغۇن» مەرتىۋىسى
بىلەن سەئىدىيە تەسەررۇپىدا ئەمىرى كەبىردىن قالسا مۇھىم
لەشكىرىي ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان جىيەنى مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خاننى سۇلتان ئىسمائىلخان كەلگۈسىدە ۋەلىئەھدى بولۇپ تۇرغان
ئوغلىنىڭ سەلتەنىتىگە خەۋپ كەلتۈرىدۇ دەپ قاراپ، چېگرىنى
قوغدىغۇچى قىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش باھانىسى بىلەن، بۈ-
يۈك سانغۇنلۇق مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۈچتۇرپانىڭ ئە-
مىرلىكىگە تەيىنلىگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخانىنىڭ خان تاغىسىغا خېلى ئۇبدان قورساق كۆپۈكى بار
ئىدى.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى سىڭلىسى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمدىن باشقا ئادەمنىڭ قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن
مىرزا ئەۋەزبەگ سۇلتان ئىسمائىلخانغا بۇ ئەقلىنى كۆرسەتكەنى-
دى. چۈنكى، مۇلكىي ئىشلاردىن لەشكىرىي ئىشلارغا تولىمۇ
زوقمەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانىنىڭ بىر تۇمەن كىشىلىك
چەۋەندازلىرىنىڭ پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا داڭقى بار ئىدى.

سۇلتان ئىسمائىلخان تېخىچىلا لام ـ جىم دېمەي قاپاق
تۈرۈپ تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدىن جاۋاب كۈتۈپ تىكى-
لىپ تۇراتتى. تىنىمسىز خىيالىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق
ئىدى.

«كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، قىزىم. شۇ تاپتا سىز ھېچ
يەرگە كەتمەي، بوسۇغا تۈۋىدە ھەملە قىلىپ تۇرغان باسقۇنچىلار
بىلەن ئاخىرقى نەپىسىڭىزگىچە ئېلىشماقچى. بۈيۈك سەئىدىيە
خانلىقىمىزنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرماقچى. شۇڭىمۇ
نەچچە كۈندىكى جەڭدە ئاجايىپ باھادىرلىق كۆرسەتتىڭىز. بەش
نەپەر ياۋ سەركەردىسىنى ئەجەل ئوقىڭىز بىلەن ئۈجۈقتۇرۇپ

لەشكەرلىرىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى، غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئاشۇردۇ-
ڭىز. ئەمما، بىلىشىڭىز كېرەككى، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانى
ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا مۇناپىق ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ رىياكار سوپى ـ دەرۋىشلىرى ھەمدەم بولماقتا. سىز
ئىنىم مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى تۇمەن كىشىلىك چەۋەنداز-
لىرى بىلەن ھەمدەمگە كېلىشكە كۆندۈرەلىسىڭىز، ئاتا ـ بوۋىلى-
رىمىز قان كېچىپ قۇرغان بۇ خانلىقنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرا-
لايسىز. بارلىق ئۈمىدىم سىزدە قالدى، قىزىم···»
قەشقەرنى ئېلىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن غالدان ئاستانىنى ئې-
لىشنىڭ بۇنچە تەسلىكىنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.
سېپىللىرى ئېگىز، قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم ئاستانە شەھىرىدىن
كۆرە، ئاستانىنى قوغداۋاتقان سەئىدىيە سەركەردە ـ لەشكەرلىرى-
نىڭ جاسارىتى ئۇنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردى. ئارقىمۇ
ئارقا ئېلىپ بېرىلغان ئۇدا ئۈچ كۈنلۈك مەيدان جېڭىدە ئون
ئىككى سەركەردىسىدىن ئايرىلدى. بۇلارنىڭ بەشىنى مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىم يا ئوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى، قالغانلىرىنى
سەركەردە ئەۋەزبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى قاتارلىق سەركەردى-
لەر چېپىپ تاشلىدى. غالدان قەشقەردىكى جەڭدە تولىمۇ بەست-
لىك كەلگەن شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىگە
قانداق ئاپىرىن ئوقۇغان بولسا، خۇش پىچىم، تال چىۋىقتەك
نازۇك كەلگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قايىل بولۇپ بارىكاللا
ئېيتتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم جەڭ مەيدانىدا پەيدا بولسىلا،
ياۋ سەركەردىلىرىنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، قالغانلىرى بىلەن ئۆزد-
نى دالدىغا ئېلىشقا ئاران ئۈراتتى. چۈنكى، مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ، قالغان ئەزالىرىنى، دۇبۇلغا،
قۇياق، ساۋۇت ۋە مىس دالدىلىغۇچ بىلەن مەھكەم ئورىۋالغان،
يا ئوقىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ پۇختا كىيىنگەن ئۈچ ياۋ سەركەردى-
سىنىڭ نەخ كۆزىنىلا قۇيۇۋەتكەنىدى. جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ



سەركەردە ـ لەشكەرلىرى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ تەڭ-
داشسىز ماھارىتىنى قانداقتۇر بىرسېھرىي كۈچتىن كەلگەن دەپ
ھېس قىلىشىپ، مۇلاھىزىلىرىگە ئۆزلىرىچە ئىشىنىپ قېلىشقا-
نىدى.
قاراملىق بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ئاستانىنى ئالالمايدىغانلى-
قىغا كۆزى يەتكەن غالدان بۆشۈكتۈخان سەركەردىلىرىنىڭ ئار-
تۇقچە چىقىم بولغىنىغا چىداپ تۇرالماي، ھۇجۇم قىلىشنى توخ-
تىتىپ، ئاستانىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى.
سۇلتان ئىسمائىلخان بولسا شەھەرنى مۇستەھكەم مۇداپىئە
قىلىپ، ياۋنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگەندە ئاندىن بىراقلا
ھۇجۇم قىلىپ چېكىندۈرۈش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسى-
مۇ، سەركەردە ئەۋەزبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتلار ياۋ لەشكەر-
لىرى ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ كەتسە، قەشقەر، ئاقسۇ قاتار-
لىق يۇرتلاردىن تولۇقلايدىغانلىقىنى دەلىللەپ، سىرتتىن ياردەم
تەلەپ قىلىپ، ياۋنى ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئىسكەنجىگە ئېلىپ
يوقىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇلتان ئىسمائىلخاد-
نى قايىل قىلغانىدى.
— زىنھار ئىككىلىنىپ تۇرمىغايلا، مەلىكەم، — دېدى
مىرزا ئەۋەزبەگ، — سىلى ئۈچتۇرپانغا بېرىپ كەلگۈچىمۇ ئەڭ
ئاز دېگەندە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭغىچە بىز
بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئاستانىنى قوغداپ تۇرىمىز.
— لەشكىرىي پەرمان مۇقەددەستۇر. ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقتا
ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس، — دېدى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — سەركەردە ئالىي-
لىرى، لەشكىرىي ئىشلارنى مۇھىم دەپ بىلگەيلا.
ئارقىمۇ ئارقا قويۇلغان تەلەپلەر ئالدىدا مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم ئاخىرى ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ شۇ تاپتا سەۋەب
تاپالمىغانىدى.

تۈن كېچە، ئاستانىنى ئالالماي زېرىككەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسى خېلىلا بوشىشىپ قالغانىدى. يۈز نەپەر نۆكەرنى ئەگەشتۈرگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ياۋ لەشكەرلىرىنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قوۋۇقتىن چىقماي سېپىل تېمىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، ئىنسۇ جىنغا تۇيدۇرماي ئۈچتۇرپانغا قاراپ ئاتلاندى.

## 11

بۈگۈن ئاستانىنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنغىنىغا دەلمۇ دەل يېرىم ئاي بولدى.

غالداننىڭ بارگاھىدىن غايىب بولغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بۈگۈن خەلىپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئاللىقانداق خىياللار بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان غالداننىڭ ئالدىغا كېلىپ موككىدە تىزلاندى.

— شەۋكەتلىك ئادالەتپاناھ بۆشۈكتۇخان ئالىيلىرىغا چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن! ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەنمىڭ يىللار ياشىغايلا!

غالدان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سالىمىغا جاۋابەن ئېرەنسىزلىك بىلەن قولىنى شىلتىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىشاننى ئورنۇڭدىن تۇرساڭ بولىدۇ دېگىنى ئىدى. ئىشان غالداننىڭ ھىممىتىگە يەنە بىر مەرتەم تەشەككۈر بىلدۈرۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— نەچچە كۈندىن بېرى نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ئى ئاپاق خوجا؟ — سورىدى غالدان ئىشانغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ.

— شەۋكەتلىك بۆشۈكتۇخان خوجامنىڭ تېزرەك نۇسرەت قازىنىپ، ھالاكەت گىردابىدا جاھىللىق بىلەن جان تالىشىۋاتقان



دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاننى يوقىتىشى ئۈچۈن ئامال ـ تەدبىر ئىزدەپ مۇرىت ـ يارانلىرىم بىلەن كېڭەش ـ مۇلاقەت قىلىپ كەلدىم.

ئىشاننىڭ جاۋابى غالداننىڭ قۇلىقىغا خېلىلا خۇشياقتى.

— ئېيتە، قانداق ياخشى تەدبىر تاپتىڭ، ئاپاق خوجا؟

— دۆلەتپاناھىمغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى ئىشان رۇكۇدا تۇرغاندەك ئېگىلىپ، چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرتۈپ، — ئىنشائاللا ئالىيلىرى مەقبۇل كۆرسە، ئەتە بامدات ۋاقتى بىلەن ئاستانىگە باستۇرۇپ كىرگەيمىز.

— تەدبىرىڭنى تەپسىلىيرەك بايان قىل.

— يارانلىرىم بىلەن مەسلىھەتىمنى پىشۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئىشان بىر قەدەم ئالدىغا ئىلگىرىلەپ غالدانغا يېقىنلاپ كېلىپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز ئاستانىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقىتنى ياخشى تاللىيالماپتۇق.

— ئېيتقىنا، خوجا، ئۇ ياخشى ۋاقىت قايسى؟

— شەۋكەتلىك خان خوجامغا مەلۇم بولغايكى، ئۇل ياخشى ۋاقىت دەل بامدات ۋاقتىدۇر، — دېدى ئىشان كۆڭلىگە پۈككەن بۇ تەدبىرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، — خان خوجام بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بامدات نامىزىنى ھەرقانداق چاغدا زىنھار قازا قىلمايدىغانلىقىمىزنى بىلمىسە كېرەك، نامازغا مەشغۇل بولغان ئادەم باشقا ھەرقانداق ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، مانا بۇ ئاستانىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتىدۇر. ئەتە ئەتىگەن تاڭ سەھەردە ئاستانىدىكى يەتتە ياشتىن يۇقىرى رەئىيەتنىڭ ھەممىسى بامدات نامىزىنى ئۆتەشكە باشلىغاندا، شەھەرنىڭ ئىچىدىكى مۇرىتلىرىم دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قالغات دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىز بۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىمىز ـ دە، شەھەرنى قولىمىزغا ئالىمىز.

— سەئىدىيە لەشكەرلىرىمۇ بامدات نامىزىغا تۇرامدۇ؟ —

سورىدى غالدان ئىشاننىڭ بۇ تەدبىرىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي.
— شۇنداق، بوشۇكتۇخان ئالىيلىرى. سېپىل ئۈستىدىكى
ئازغىنە لەشكەرلەردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بامدات نامىزى
ئوتەيدۇ.
— سىنىڭ مۇرىتلىرىڭچۇ؟
— خان خوجامنىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتى ئۈچۈن مۇرىتلىرىم
بامدات نامىزىنى قازا قىلىدۇ، — دېدى ئىشان قىلچىلىك
قىزارمايلا.
نەچچە كۈندىن بېرى لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەئىدىيە
تەسەررۇپىغا باشلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئوز زېمىنىدىن، چەك-
سىز موڭغۇل دالىسىدىكى ئالتۇن تەختىدىن ۋايىم يەپ، جەڭنىڭ
تېز ئاياغلاشمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان غالدان ئۇ-
رۇشنى تېز ئاياغلاشتۇرۇپ ئىرەن قابۇرغەگە قايتىشقا ئالدىراپ
قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قەشقەرنى ئېلىشتا
كورسەتكەن تەدبىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ تەدبىرگە ئانچە ئويلى-
نىپ ئولتۇرمايلا قوشۇلدى.
— بولىدۇ ئەمىسە، ئەتىكى جەڭ سىنىڭ كورسەتكەن تەدبى-
رىڭچە بولسۇن، لېكىن، شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، ئاپاق خو-
جا، ئاستانىنى قولىمىزغا ئالساق سەن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەر-
رۇپىغا خان بولىسەن. مەن جۇڭغارىيىگە قايتىپ كېتىمەن.
سىنىڭ بۇ ئەلگە خان بولۇش ـ بولالماسلىقىڭ ئەتىكى جەڭگە
باغلىق. شۇڭا، جەڭگە پۈتۈنلەي سەن قوماندانلىق قىلىسەن.
مەن بىر قىسىم لەشكەرلىرىم بىلەن مۇشۇ قارارگاھىمدىن مىدىر-
لىماي تۇرىمەن. ناۋادا شەھەرنى ئالالماي لەشكەرلىرىمگە ئارتۇقچە
تالاپەت يەتكۈزىدىغان بولساڭ، ئالدىمغا ئاۋۇ قات ـ قات ماتاغا
ئورىۋالغان كاللاڭنى قولتۇقۇڭغا قىستۇرغاچ كەل.
— جانابىي خان خوجام، خاتىرجەم بولغايلا، ئەتە دەل مۇشۇ
ۋاقىتتا ئاستانىنى سىلىگە ئىككى قوللاپ تاپشۇرىمەن. پۈتكۈل



ئاستانە خەلقىگە مۇبارەك قەدەملىرىنى قۇتلۇقلىتىپ ناغرا
چالدۇرىمەن.
ھىدايىتۇللا ئىشان گېپىنى توگىتىپ موللا ساقىغا مەنىلىك
قاراپ قويدى. شۇ ھامان موللا ساقى سىرتقا چىقىپ كېتىپ
يۇزىگە چۇمبەل تارتىۋالغان بىر قىزنى باشلاپ كىردى. ئىشان
يۇگۇرۇپ كېلىپ قىزنىڭ يۇزىدىكى چۇمپەردىنى شارتتىدە ئېلى-
ۋەتتى. شۇ ھامان چېدىر ئىچىدە ئەمدىلا تولۇن بولۇشقا باشلىغان
ئاي پارلىدى، ئەمما ئاينىڭ بولاقتەك ئىككى كوزى يىغىدىن
ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى.
— ئەرزىمەس سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلىپ كوڭۇل خۇشى
قىلغايلا، ئالىيلىرى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان خۇشامەتگويى-
لىق بىلەن ھىجىيىپ.

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل. ئاستانىدىكى بىر قىسىم خانىقا ـ
تۇنەكخانىغا خۇپىيانە جەم بولغان ئەشەددىي مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر
خەلىپە ـ سۇلۇك مەسئۇللىرىنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچىشىۋاتاتتى.
— دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخان جانابىي سۇلتانۇل مۇھەق-
قىقىن قۇتبىل ئەقتابى ئاپاق خوجىمىزنى شۇنچە يىل سۇرگۇن
قىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان ـ سەرگەردان قىلغىنىنى ئاز
دەپ، مانا ئەمدى پىرى بۇزرۇكىمىز قايتىپ كەلسە شەھەرگە
كىرگۇزمىدى. ئەتە بامدات ۋاقتىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان لەش-
كەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىشان پىرىمىز ئۈچۈن شەھەرنىڭ
دەرۋازىسىنى ئاچىمىز. بۇ يولدا ئولۇپ كەتسەك شېھىت، ھايات
قالساق غازى بولۇپ زاتىل ئەقتابلىق مەقامىغا يەتكەيمىز.
بامداتقا توۋلانغان بىرىنچى ئەزان بىلەن يېرىم ئايدىن بېرىقى
ئورۇش ۋەھىمىسىدە دەككە ـ دۈككىدە تىرىكچىلىك قىلىپ كې-
لىۋاتقان ئاستانە ئەركەكلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئې-
لىشتى ـ دە، بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ مەھەللە مەسچىتىگە

قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەنە ئاشۇ نامازغا ماڭغانلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭلىگە ئاللىقانداق مۇناپىقلارچە پىلانلارنى پۈككەن مىڭلىغان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى قالغات دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئىچىدە ئۇششاق سۇرىلەرنى ئوقۇشۇپ، خۇدادىن ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك تىلىشىپ مەسچىتكە ئالدىراش كېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ كىمنىڭ قاياققا ماڭغىنىغا قاراشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى.

بامداتقا توۋلانغان ئاخىرقى ئەزان ئاخىرلىشىشى ھامان قالغات دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر ھېچقانداق شەپە چىقارمايلا بىر قىسمى سېپىلغا، بىر قىسمى دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قاراۋۇلخانىسىغا يوپۇرۇلۇپ كىردى ـ دە، قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەچ، ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن بامدات نامىزىنى ئۆتەۋاتقان لەشكەرلەرنى قوللىرىدىكى ئۆتكۈر خەنجەرلىرى بىلەن خۇددى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاشقا باشلىدى.

شەپىسىز جەڭ بىر چىلىم تاماكا چەككۈچىلىك ئارىلىقتا ئاخىرلاشتى.

ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قوۋۇقنى ئېچىشقا، خەندەكنىڭ ئۈستىدىكى ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈشكە تۇتۇندى. يەنە بىر قىسمى بىرنەچچە باغ قومۇشقا ئوت يېقىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇرغان غالدان لەشكەرلىرىگە سېپىلنىڭ ئۈستىدىن بەلگە بەردى.

سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى ئوت يالقۇنىنى كۆرگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان بەردى. تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن زېمىن تىترىدى. ياۋ لەشكەرلىرى ھېچقانداق توسقۇنسىزلا شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. بىردىنلا شەھەر ئىچىدە دەھشەتلىك قىيا ـ چىيا باشلاندى. بۇ ھېچكىمنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ



كىرمەيدىغان قاباھەت ئىدى.

بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى ئەمدىلا تاماملاپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن سەئىدىيە لەشكەرلىرى ۋەھىمىلىك بۇ شەپىدىن قاتتىق چۆچۈشتى ـ دە، ئالدىراشلا دۇئا تارتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇنىڭغىچە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ياۋ لەشكەرلىرى ھەيۋە بىلەن باستۇرۇپ كەلدى.

شەھەرگە لەشكەرلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى بىلگەن ھەرقايسى مەسچىتلەردىكى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ئەركەكلەر «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىقىنىچە ئېتىلدى ـ دە، ياۋ لەشكەرلىرىنى ئات ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ خېمىردەك چەيلىدى. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پۈتكۈل ئاستانىنى ئۇر ـ چاپ سادالىرى قاپلىغانىدى.

قوزىچۈشكىچە داۋاملاشقان شىددەتلىك جەڭ سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئۆز سەركەردە ـ سەرۋازلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان سەئىدىيە لەشكەرلىرى جەڭگىۋارلىقىنى خېلىلا يوقاتقانىدى. كۆكرىكىگە ئىككى تال ئوقيا ئوقى سانجىلغان سەركەردە ئەۋەزبەگ بىلەن ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئوشۇقىنى قايرىۋالغان سەركەردە مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ۋە بىر قىسىم سەئىدىيە سەركەردىلىرى ئەسىرگە چۈشكەنىدى. گەرچە ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇنى جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئوردا سېپىلىنىڭ قېشىغا بىرمۇ ياۋنى كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئاستانىدىكى خەلقنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتقان سۇلتان ئىسمائىلخان بۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ، جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇننى قارشىلىق كۆرسىتىشتىن توختاتتى ـ دە، ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا غالىبلارچە كىدىيىپ تۇرغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەسىرگە چۈشتى.

— ئى رىياكار ئىشان، سىنىڭ ئالدىغىنىڭ بۈيۈك سەئىدد-
يە سەلتەنىتىغۇ، مانا ئال، — دېدى سۇلتان ئىسمائىلخان خوجا
ھىدايىتۇللا ئىشانغا مەردانىلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئەمما
بىگۇناھ رەئىيەتكە زىنھار چېقىلما. مۇسۇلمانچىلىقنىڭ، دىنداش-
لىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ غالدان خوجاڭنى رەئىيەتنى
بىھۇدە قىرغىن قىلىشتىن توسۇپ قال.

شۇ تاپتا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلتان ئىسمائىلخاننى بىر
قىلىچ بىلەنلا چېپىپ تاشلىغۇسى بولسىمۇ، نىمە ئۈچۈندۇر ئەي-
مىنىپ قول سېلىشقا پېتىنالمىدى - دە، چوماقچىلىرىغا بۇيرۇپ
ئايرىم قاماتقۇزدى. ئاندىن غالدانغا غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈش
ئۈچۈن جىبىنىنىڭ بارىچە ئات سالدى.

چۈشتىن كېيىن ئالتۇن دەرۋازىسى ئارقىلىق شەھەرگە دەب-
دەبە بىلەن كىرگەن غالدان بۆشۈكتۇخان ئۆزىنى قارشى ئېلىپ
ناغرا چېلىۋاتقان مۇرتىل ھىدايەتچىلەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ
كەتمىدى. مەسچىتنى قاتمۇ قات قورشىۋالغان ياۋ لەشكەرلىرى
بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرىگە تەئەججۈپلەنگەن
ھالدا نەزەر تاشلىدى، ئەمما ئىشاندىن پەقەتلا گەپ سورىمىدى.

ئىشان غالداننى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ، شاھنىشىندىكى
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۆزى تۆۋەندە تىزلىنىپ
ئولتۇرۇپ جەڭ مەلۇماتىنى يەتكۈزدى.

— ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى جىمى خان - پادىشاھلار-
نىڭ كاتتىسى، ئادالەتنىڭ ھامىيسى، ساخاۋەتنىڭ پېشۋاسى،
بىزلەر كىم مۆمىن سەئىدىيە رەئىيەتلىرىنىڭ پاسىبانى جانابىي
غالدان بۆشۈكتۇخان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، سەئىدىيە خان-
لىقىنىڭ ئاستانىسى شەۋكەتلىك ئادالەتپاناھىمىنىڭ، شۇنداقلا ئا-
دالەتپاناھىم باشلاپ كەلگەن باھادىر لەشكەرلەرنىڭ تەڭداشسىز
كۈچ - قۇدرىتى بىلەن رەسمىي قولىمىزغا ئۆتتى. ئادالەتپاناھى-
مىزنىڭ بۇ چەكسىز مېھىر - شەپقىتىگە بىزلەركىم سۇلۇكى



ئىشقىيە مۇرتىلىرى ئەبەدىلئەبەد ھەمدۇسانالار ئېيتىمىز. غالدان
بۆشۈكتۇخان ئالىيلىرى تۈمەنمىڭ يىللار ياشىغاي.

— سەئىدىيە لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي تەسلىم بولدىمۇ ياكى
جاھىللىق قىلىۋاتقانلىرىمۇ بارمۇ؟ — سورىدى غالدان ئالتۇن
مەسچىتتىكى قورشاۋنى ئېسىگە ئېلىپ.

— شەۋكەتلىك خان خوجامغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى
ھىدايىتۇللا ئىشان تىزلانغان پېتى بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ، —
ئۈچ مىڭغا يېقىن سەئىدىيە لەشكىرى بىلەن بىر قىسىم جاھىل
رەئىيەت ئالتۇن مەسچىتكە كىرىۋېلىپ، ئەل بولۇشقا كۆنمەي
قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. خاتىرجەم بولغايلا، ئۇلارنىمۇ پۈتۈن-
لەي ئەل قىلغايمىز.

—سۇلتان ئىسمائىلخان قېنى؟

— قاماقتا، ئالىيلىرى.

— ياخشى، — دېدى غالدان رازىمەنلىك بىلەن ھىدايىتۇللا
ئىشاننى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، — سۇلتان ئىسما-
ئىلخاننى ياخشى كۈتۈپ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىڭلار. پەرمانىم-
سىز، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ. ئى ئاپاق
خوجا، ئەتە ئاشۇ ئاقتىندىن بۇرۇن ئالتۇن مەسچىتكە بېكىنىۋالغان
جاھىللارنى پۈتۈنلەي ئەل قىلدۇرغايسەن. ئەتە چۈش سىنىڭ
تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىڭنى ئۆتكۈزىمىز.

— خان خوجامنىڭ شەپقىتىگە ھەشقالللا، — دېدى ھىداي-
تۇللا ئىشان ھاياجان بىلەن.

غالدان ئىنئام تەمە قىلىپ تۇرغان سەركەردىلىرىگە ئادىتى
بويىچە شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا، ھەركىمنىڭ ئولجا
ئالغان نەرسىسى ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشقا پەرمان چۈشۈردى - دە،
شاھنىشىندىن يېنىپ چىقتى. شۇ تاپتا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان-
نىڭ قۇلىقىدا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئاستانە خەلقىنى قىرغىن-
چىلىقتىن ئامان ساقلاپ قېلىش ھەققىدىكى تەلىپى جاراڭلاپ

تۇرسىمۇ، پەرۋاسىز ھالەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

غالدان بوشۇكتۇخان چىقىپ كېتىشى ھامان خوجا ھىدايەتۇللا ئىشان موللا ساقى، موللا نەقى خەلىپىلىرى بىلەن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق مۇرىتىل ھىدايەتچى تەلۋىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ، ئەشەددىي سۇلۇك رەقىبى مەخدۇمزادىلەرنىڭ قەسرىگە قاراپ ئات سالدى.

مەخدۇمزادە قەسرى قۇپقۇرۇق ئىدى. قەسرنىڭ ھەيۋەتلىك قوش قاناتلىق دەرۋازىسى-ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى. ئاكا - ئۇكا مەخدۇمزادىلەر ئاللىقاچان جانلىرىنى ياقىغا ئېلىشىپ، بالا - چاقا، مال - مۈلۈكلىرى بىلەن ئاستانىدىن غايىب بولغانىدى.

مەخدۇمزادىلەردىن قىساس ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن خوجا ھىدايەتۇللا ئىشان تەلۋە مۇرىتلىرىغا ئاستانىدىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى قاتتىق جازالاش، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ ئاستانە خەلقى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ باغرى بىھۇدە تۆكۈلگەن قانلار بىلەن قىپقىزىل بويالدى.

ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەنمۇ ئالتۇن مەسچىتكە بېكىنىۋالغان كىشىلەرنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھىدايەتۇللا ئىشان قەھر - غەزەپكە كەلدى - دە، سوپى لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئالتۇن مەسچىتنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم، — دەپ ئات ئۈستىدىلا ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى ھىدايەتۇللا ئىشان. ئۇ ياغلىما تىلىنى ئىشقا سېلىپ مەسچىتكە بېكىنىۋالغانلارنى ئالداش قەستىگە چۈشكەندى، — بۇنچىۋالا جاھىللىق قىلىش نەھاجەت. جاھىللىقنى جانابىي ئاللامۇ كەچۈرمەيدۇ. دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخانمۇ ياۋاشلىق بىلەن شەپقەتلىك غالدان خان خوجامغا ئىرادەت قىلدى.



سىلەرمۇ مەسچىتتىن قايتىپ چىقىڭلار. بىز بىرلىكتە ئۇل شەپقەتلىك خان خوجامنىڭ قۇياشقا ئوخشاش چەكسىز مېھىر - ساخاۋىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى.

— ئى مۇناپىق ئىشان! — دېگەن سادا ئاڭلاندى مەسچىت ئىچىدىن، — خام خىيال ئەيلىمە. بىز سېنىڭ رىياكارلىقىڭغا زىنھار شېرىك بولمايمىز. غالدان خوجاڭنىڭ يالىقىنى ئۆزۈڭ يالىۋال. بىزگە لالما ئىتتەك ياشاشتىن ئۆلۈم ئەۋزەل!

تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنىڭ تېززەك ئۆتكۈزۈلۈشىنى كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولغان ئاپاق خوجىنىڭ سەۋر قاچىسى بىردىنلا تاشتى.

— راستتىنلا ئۆلمەكچىمۇ سىلەر؟ — دېدى جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، — بوپتۇ، ئۇنداق بولسا سىلەرنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزۈپ قوياي.

ئىشان گېپىنى تۈگىتىپ سوپىلىرىغا ئوتۇن - ياغاچ ئەكېلىپ مەسچىتنىڭ تېمىغا، ئۆگزىسىگە دۆۋىلەشكە پەرمان بەردى. نەچچە مىڭلىغان مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر ھېچنېمىنى ئويلىمايلا ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك ھەرىكەتكە كېلىپ مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا ئوتۇن - ياغاچلارنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى. دۆۋىلەنگەن ئوتۇنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەسچىتنىڭ تام، پېشايۋان ۋە ئۆگزىلىرى كۆرۈنمەيلا قالدى. ياغقا چىلاپ تەييارلانغان يۈزلىگەن مەشئەللەر ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ باشچىلىقىدا ئوتۇن دۆۋىلىرىگە تاشلاندى. ئوتۇن دۆۋىلىرىدىن دەسلەپ تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ ئىس كۆتۈرۈلدى. كېيىن لاپپىدە ئوت ئالدى - دە، «قاراس - قۇرۇس» قىلغان ئوت يالقۇنى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى. ئالتۇن مەسچىت بىردەمدىلا ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. ھەيۋەتلىك ئوتنىڭ تەپتى يۈز قەدەم يىراقلىقتىكى ئادەمنىڭمۇ يۈزىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇيغۇر مېمارچىلىقىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن ھەيۋەتلىك مەسچىت ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا مەسچىتكە ياندىش-

تۇرۇپ سېلىنغان ئۈچ يۈز ئاتمىش ئېغىزلىق تالىپلار ياتىقى،
دەرسخانا، تۈرلۈك ئىلىم، ھۈنەر - كەسىپلەر ھەققىدە يېزىلغان
نەچچە مىڭلىغان كىتاب - رىسالىلەر ساقلانغان كۈتۈپخانىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئالتۇنلۇق مەدرىسە بۇ ئوت دېڭىزىدا پۈتۈنلەي كۆ-
يۈپ كۇل بولدى.

غالدان بوشۇكتۇخان بەلگىلىگەن قەرەلىدە ئوردا ئالدىدىكى
مەيداندا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسى-
مىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. گەرچە تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمى
ئانچە ھەشەم - دەرەمسىز ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، خوجا ھىداي-
تۇللا ئىشان قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئالتۇنلۇق مەسچى-
تىدىن كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇغ ئوت قىپقىزىل تىللىرىنى پەلەككە
سوزۇپ پۈتكۈل ئاستاننى بىر ئالغانىدى. ئوت مەسچىت، مەدى-
رىسىگە يانداش سېلىنغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ تۇ-
تاشقانىدى. شۇنداقلا، قارىغان كىشىگە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
ئاشۇ ئوت دېڭىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تەختتە ئولتۇرغاندەك
تۇيغۇ بېرەتتى. شۇ تاپتا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىگە يىلىغا يۈز مىڭ سەر سەئىدىيە كۈمۈش تەڭگە-
سى، يىگىرمە مىڭ سەر ئالتۇن، ۋە نەچچە ئون مىڭ توپ
ماتا - چەكمەن، مىڭلىغان قۇل - دېدەك ئولپان تاپشۇرۇش
بەدىلىگە قورچاق خان بولغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈر-
مەيتتى.

— ساڭا، باھادىر سەركەردەم، دارجە تۆرە بىلەن بىر تۈمەن
خىللانغان باھادىرىمنى قالدۇردۇم، — دېدى ئەتىسى خەزىنىنى
پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ جۇڭغارىيىگە قايتىشقا تەمشەلگەن غالدان
ئالدىدا تىزلىنىپ قۇللۇق بىلدۈرۈۋاتقان ھىدايىتۇللا ئىشانغا قا-
راپ، — بۇ لەشكەرلەر خوتەننى ئىستائىتىڭگە ئېلىشىڭغا تامامەن
يېتىدۇ. ئى ئاپاق خوجا، مېنى چەكسىز ساداقىتىڭ بىلەن ھەرقا-
چان تەسىرلەندۈرگەيسەن. قاچانكى سېنىڭ ساداقىتىڭدىن چۆچۈنى-



**ساق** قانىتىچىلىك گۇمانلىنىدىكەنمەن، سۇلتان ئىسمائىلخان
**دۈچ** كەلگەن تەقدىر - قىسمەتتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئاۋۋال ئاللانى، پەيغەمبەر رەسۇلىللانى،
**ئاندىن** ساكىيامۇنى ئامىتا بۇددىھانى، بۈيۈك ئاچارى دالاي لاما
**بۇرھان** ھەزرىتىنى شېپى كەلتۈرۈپ، مىڭ يەردىن قەسەم
**قىلىپتى**.

غالدان سۇلتان ئىسمائىلخاننى بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە
**ۋاقىتتا** ياسالغان بىرنەچچە مەپىگە نەزەربەند قىلىپ پايتەختى ئىرەن
**قابىرغە**گە ئېلىپ ماڭدى.

غالداننىڭ سۇلتان ئىسمائىلخاننى ئۆلتۈرۈش ئۈياقتا تۇر-
**سۇن**، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغىنىنى كۆرگەن ئاپاق خوجا
**لام** - جىم دېيەلمىدى، ئىسمائىلخاننى ئەسىرگە ئالغان ھامان
**ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىگە** قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ھېيلى-
**گەر** غالداننىڭ ئۆزىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن
**سۇلتان** ئىسمائىلخاننى ئۆلتۈرمەي جۇڭغارىيىگە ئەكەتكەنلىكى-
**نى**، مىڭ بىر مۇشەققەتتە قولغا كەلتۈرگەن سەلتەنەت ئۈچۈن
**غالداننىڭ** قېشىدا تۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ھەرقاچان
**چوڭ** بىر خەۋپ بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

غالداننى شەھەر سىرتىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويغان ھىدا-
**يىتۇللا** ئىشان ئالدىراش ئوردىغا قايتىپ كەلدى - دە، ئوردا
**ئالدىغا** پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى مەجبۇرىي يىغدۇردى، ئاندىن
**ئەسىرگە** چۈشكەن سەركەردىلەرنى باغلاقلىق پېتى ئاچىقتۇردى.
**بۇ ئەسىرلەرنىڭ** ئارىسىدا سەركەردە ئەۋزبەگ بىلەن سەركەردە
**مىرزا** ھەيدەر دوغلاتىمۇ بار ئىدى. بۇ ئىككى ئەمىرنى كۆرۈپ
**خوجا** ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يۈرىكىدىكى ئاداۋەت گۈلخانلىرى
**قايتىدىن** يالقۇنلىدى.

— ئى ئاسىي مۇرتەتلەر، — دېدى ئۇ ئىككى سەركەردىگە
**مەسخىرىلىك** قاراپ، — ئۆز ۋاقتىدا بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ،

دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخانغا خىزمەت قىلغاندا بۇنداق ئاقىۋەتكە
قېلىشىڭلارنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭلار.

— ئارتۇقچە كۆرەڭلەپ كەتمە، ئى مۇناپىق ئىشان، — دېدى
سەركەردە ئەۋەزبەگ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ، — بۇ سېنىڭ ھەقدى-
قىي غالىبلىقىڭ ئەمەس. سېنىڭ بىزگە بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا
سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ. چۈنكى، سەن مۇناپىقلارچە باشلاپ كەل-
گەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يالىقىنى يالايدىغان بىر لالما
ئىتسەن، خالاس. ئىشىنىمەنكى، سېنىڭ شەرمەندە تەقدىرىڭ
تېخىمۇ بەتتەر بولىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئى ئاسىي مۇرتەت، — دېدى ھىدايىتۇللا
ئىشان ئاچچىق ھاقارەتكە چىدىماي خۇددى كۆككۈيۈن چاققان ئې-
شەكتەك چىچاڭشىپ، — ئۆلۈم ئالدىدا ئەقلىڭدىن ئازغان بول-
ساڭ دەرھال ئېسىڭنى يىغىۋال. مانا مەن سېنى ھازىرلا دارغا
ئېسىشقا پەرمان بېرىمەن. ئېيتقىنا، بۇ مېنىڭ غالىبلىقىم بول-
ماي نېمە؟

— شۇنداق، بۇ ۋاقىتلىق غالىبلىق، — دېدى مىرزا ھەيدەر
دوغلاتى سۆز ئېلىپ، — بۇ بەئەينى يالاق يالاشقا ئۆگەنگەن لالما
ئىتنىڭ، خوجىسىغا تەمەننا قويۇپ بىرنەچچىنى ئارتۇق قاۋىۋالغى-
نىغا ئوخشايدۇ، خالاس. بىزنى دارغا ئېسىشقا پەرمان بېرەلەيدى-
غانلىقىڭ راست. بىز پەقەت بىر قېتىملا دارغا ئېسىلىمىز،
پەقەت بىر قېتىملا ئۆلىمىز، ئەمما سەن ئۆز خەلقىڭنى سېتىۋەت-
كەن مۇناپىقلارچە جىنايىتىڭ ئۈچۈن ئەل ـ رەئىيەتنىڭ قەلبىدى-
كى شەيتان لەئىنگە ئوخشاش ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە لەنەت تۇۋرۇ-
كىگە مىخلىنىسەن. ئېيتقىنا، ئى مۇناپىق ئىشان، شۇ تاپتا
قايسىمىز غالىب ئىكەنمىز؟

ئىككى سەركەردىگە گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن ھىدايىتۇللا
ئىشان غەزەپتىن تاتاردى ـ دە، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپ ئۇلارنى ئەڭ
ۋەھشىي، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇل بىلەن قىيناپ ئۆل-



يۈرگۈزدى. باشقا سەركەردە ـ ئەمىرلەرنىمۇ بىردەك قىلىچتىن
ئۆتكۈزدى.

مىلادىيە 1678 ـ يىل كۈزدە، بىر يۈز يىگىرمە مىڭ
كىشىلىك جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنى باشلاپ كەلگەن خو-
جا ھىدايىتۇللا ئىشان تارىختا بىر يۈز سەكسەن يىلدىن ئارتۇق
ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
ئۆزى قورچاق خان بولدى. غالدان ئەللىك مىڭغا يېقىن لەشكىر-
نىڭ ھاياتى بەدىلىگە سەئىدىيە تەسەررۇپىنى ئىستېلا قىلىش
مەقسىتىگە تولۇق يەتتى.

# ئونىنچى باب

# مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان

## 1

ئۈچتۇرپان قەلئەسى.
ئاكىسى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئاستانىگە ھەمدەمچى
لەشكەر چىقىرىشقا ئانچە ئالدىرىمايۋاتقانلىقىدىن مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
كاللىسىدا ھالاكەتلىك تەقدىرى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا
قالغان سەئىدىيە سەلتەنىتىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۆمۈر
چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتىن باشقا ئوي - خىيال يوق
ئىدى.
ئاخشام ئۇ ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننىڭ ئاغىچە-
لىرى ئۆتكۈزگەن زىياپەتتىن سىلىقلا ئۆزرە ئېيتىپ بۇرۇنلا
يېنىپ چىققانىدى. گەرچە ئۇخلاش ئۈچۈن بۇرۇنلا يېتىۋالغان
بولسىمۇ، سۇلتان ئىسمائىلخان ۋە باشقا ئوردا ئەركانلىرىغا بەر-
گەن ۋەدىسى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، كۆزىگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمە-
دى. ماموق تۆشەك بەدىنىگە خۇددى تاشتەكلا پاتتى. شۇ ئەسنادا
ئويۇقتىكى بىرنەچچە پارچە كىتاب ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ
تۈنۈگۈن بۇ كىتابلارنى بىر قۇر ۋاراقلىغان ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ



داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى بىر چەتكە ئايرىپ قويغانىدى. ئۇ
«خەمسە» نى ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغانىدى. مانا بۇ-
گۈنكى بۇ زېرىكىشلىك تۈندە بۇ شاھانە ئەسەرنى ئوقۇپ ۋاقىتنى
ئۆتكۈزۈش ئىستىكىدە يەنە قولىغا ئالدى - دە، شام يورۇقىغا
ئەكېلىپ خالىغان بىر بېتىنى مەقسەتسىزلا ئاچتى. شۇ ھام-
ان «پەرھات - شىرىن» داستانىنىڭ مارجاندەك قۇرلىرى كۆز
ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ بار ئىشتىياقى بىلەن داستانىنى ئوقۇشقا
باشلىدى. داستاندىكى ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، ياخشىلىق بىلەن
يامانلىق، ۋاپا ھەم ساداقەتلىك، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوت-
تۇرىسىدىكى چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە پەلسەپىۋى قاراشلار تەسۋىر-
لەنگەن مىسرالار ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. داستانىنى ئىلگىرى
ئوقۇغاندا دىققىتىنى ئانچە تارتالمىغان مىسرالار مانا ئەمدى ئۇنىڭ
روھىي دۇنياسىغا قايتىدىن تەسىر قىلىپ، توختىماي جاراڭلايت-
تى. شۇ تاپتا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ دىققىتى چېچىلىپ
كەتكەنىدى. گەرچە كۆزى كىتابقا تىكىلگەن بولسىمۇ، كاللىسىدا
داستاندىكى ھازىرقى ئازابلىق تۇيغۇلىرىغا ماس كېلىپ قالغان
بىرقانچە مىسرالار توختىماي ئەكس سادا قايتۇراتتى.

كى ئەي زالىم سىپىھرى كىنە پەرۋەرد،
چىقاردىڭ ئۇشبۇ خاكى جىسمىدىن گەرد①.

شۇ تاپتا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۆز ئالدىدا قىپقىزىل
قان بىلەن بويالغان سەئىدىيە زېمىنى، قاتمۇقات قامالدا قالغان
ئاستانە، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ياداپ كەتكەن غەمكىن چىرا-
يى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن باتۇرلارچە

---

① يەشمىسى:
ئەي ئاداۋەت ساقلىغۇچى زالىم پەلەك،
بۇ توپىغا ئايلانغان جىسمىمدىن چاڭ چىقىرىۋەتتىڭغۇ.

جەڭ قىلىپ ئانا زېمىنىنى قۇچاقلاپ ياتقان باھادىر سەئىدىيە
ئوغلانلىرىنىڭ جەسەتلىرى، تۈمەنلىگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتـ
لىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا پايخان بـولۇپ تىتـرەۋاتقـان ئـانا
تۇپراق بىرمۇ بىر زاھىر بولاتتى. سۇلتان ئىسمائىلخان، سەرـ
كەردە ئەۋەزبەگ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتى ۋە باشقا سەركەردە ـ
ئەمىرلەرنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانـ
دەك بىلىنىپ، نازۇك ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتـ
تى. شەھلا كۆزلىرىدە بىر قەۋەت ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ
قالغان بـولـۇپ، كـىتابىتىكى خـەتلەرنى پـەرق ئـېتەلمەي
قالغانىدى.

نېچە جانىمغە مۇنچە كېچە بولغاي؟
كېچە جانىمغە مۇنچە نېچە بولغاي؟
باشىمغە كۆركى تۈنىنى كەلتۈرۈپسەن،
دېمەن تۈننى، قارا كۈن كەلتۈرۈپسەن[1].

شۇ تاپتا نەۋائى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئازابلىرىغا
ئورتاقلىشىۋاتاتتى، ئازابلىق يۈرىكىگە تەسەللى بېرىۋاتاتتى. مەـ
لىكە بىلەن تەڭ ھەسرەتلىك نىدا قىلاتتى. مەلىكە ئەمدى داستانـ
نى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدى، كاللىسىدىكى گادىرماچ تۈيغۇـ
لار ئۇنى يەنە ئەسلىمىلەر قوينىغا سۆرەپ ئەكەتتى.
ئۇنىڭ ئۈچتۇرپان سەپىرى خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.
تۈننى تاڭغا ئۇلاپ يۈرۈپ يېتىپ كەلگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېـ
نىمنى ئاكىسى ئۈچتۇرپان ئەمىرى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان

① يەشمىسى:
مېنىڭ جېنىمغا نېمە ئۈچۈن بۇنچە كېچە بولدى؟
بۇنداق كېچە جېنىمغا يەنە قانچىلىك بولار؟
قارا، بېشىمغا تۈننى كەلتۈردۇڭ،
تۈننى ئەمەس، بەلكى قارا كۈننى كەلتۈردۇڭ.



خان ئەلچىسى سۆپىتىدە ئالدىغا چىقىپ كاتتا ھەشەم بىلەن كۈتۈـ
ۋالدى.
— ئى مۆھتەرەم ئاكا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مۇددىئاسىنى ئوچۇقلا ئېيـ
تىپ، — مېنى ئالدىلىرىغا خان ئاتام سۇلتان ئىسمائىلخان
ئالىيلىرى ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. بىلمىدىم شۇ تاپتا ئاستانىـ
نىڭ خېيىمخەتەردە قالغانلىقىدىن خەۋەرلىرى بارمىكىن؟
— جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنىڭ تەسەررۇپىمىزغا تەپ
تارتماستىن باستۇرۇپ كېلىپ ئاستانىمىزنىڭ بوسۇغىسىدا ھەملە
قىلىپ تۇرغانلىقىدىن ئەلۋەتتە خەۋىرىمىز باردۇر، — دېدى مۇـ
ھەممەدئىمىن باھادىرخان تەمكىنلىك بىلەن، — شۇ كۈنلەردە
بىرەر خەۋەر ئالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىزنى بىـ
لەلمەي تۇرغاندۇق. جەڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلىي خەۋەردار قىلـ
غايسىز.
— ئەھۋال تولىمۇ خەتەرلىك، ئاكا، — دېدى مەلىكە مۆھـ
تەرەم خېنىم جـەڭ ئـەھۋالىنى قىسقىلا بـايان قـىلغاندىن
كېيىن، — ئاستانە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنى بىلەن رىياـ
كار، مۇناپىق ئىشان ئاپاق خوجىنىڭ سوپى لەشكەرلىرىنىڭ قاتمۇ
قات مۇھاسىرىسىدە تۇرماقتا. مەن خان ئاتامنىڭ ئەلچىسى سۈپىـ
تىدە ئالدىڭىزغا ياردەم سوراپ كەلدىم. خان ئاتام بىلەن ئوتتۇـ
رادىكى ئارازچىلىقلارنى بىر يانغا چۆرۈپ تاشلاپ، بۈيۈك
سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئەلا بىلگەيسىز.
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سىڭلىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭـ
لاپ بىرئاز قىزاردى. ئۇ ئاقسۇنىڭ تۈيۇقسىزلا قولدىن كەتكەنلىـ
كىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈگەن ۋە ئەھۋالدىن تەپسىلىي خەۋەر
ئېلىش ئۈچۈن چاپارمەن ماڭدۇرغانىدى. چاپارمەنلەر ئۇنىڭغا
شاھزادە باباچاق سۇلتاننىڭ جەڭدە يا ئوقى تېگىپ ئېغىر يارىلانـ
غانلىقىنى، قەشقەرنىڭمۇ قولدىن كەتكەنلىكىنى، جۇڭغار قوشۇـ

نىنىڭ سۇر - ھەيۋە بىلەن ئاستانىگە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك خىللانغان لەشكىرى بىلەن ئاستانىگە ھەمدەمگە بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىردىنلا توختاپ قالغانىدى. بۇنىڭغا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن «بۈيۈك سانغۇن» لۇق مەرتىۋىسىنى ئېلىۋېتىپ، لەشكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۈچتۇرپاندەك كىچىككىنە يۇرتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى، سۇلتان ئىسمائىلخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىلگىرىكى خان - سۇلتانلارنىڭ سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى چوڭ شەھەر - يۇرتلارنى يېقىن قېرىنداشلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قول ئاستىدىكى ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنى مۇھىم مەنسەپلەرگە قويغانىدى. شۇ سەۋەبلىك مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ سۇلتان ئىسمائىلخانغا خېلىلا چوڭقۇر قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. مانا ھازىر مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا ئىشارە قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا خىجىل بولدى.

— راست دەيسىز، سىڭلىم، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، — ھازىر سەلتەنەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. قول ئاستىمدىكى بىر تۈمەن چەۋەندىزىم ھەمدەمگە ھەرقاچان تەييار.

— ئۇنداق بولسا زىنھار تەخىر قىلىپ تۇرمىغايسىز، ئاكا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئالدىرىتىپ، — دەرھال ئاتلىنايلى، ئاستانىدىكى سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلىشى بەسى مۇشكۇلدۇر. ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە، ئۇلار ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

— ئەسسەبرۇ مىفتاھۇل - فەرەھ[1]، — دېدى مۇھەممەدئى-

① ئەسسەبرۇ مىفتاھۇل - فەرەھ — سەۋر خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.



مىن خان سالماقلىق بىلەن، — سەۋر قىلغايسىز، سىڭلىم. مەن ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاستانىگە چاپارمەن ماڭدۇرغان، ئالدىراقسانلىق قىلساق تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىپ قالىمىز. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانى بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەن. جەڭدە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندە ئاندىن نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ. ئايغاقچىلاردىن ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن يولغا چىقساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئاستانە سېپىلى ئېگىز ھەم پۇختا. قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرسا يەنە بىرىم يىلغىچە بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن. بىز ئاۋۋال پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، ئەتراپلىق تەدبىر تۈزۈۋالايلى.

— ئۇنداقتا يەنە قانچىلىك ساقلايمىز، ئاكا؟ — سورىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم نارازىلىق بىلەن.

— ئاز بولغاندا تۆت كۈن، بولمىسا بىر ھەپتە، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، — ئۇنىڭغىچە يەنە تۆت - بەش مىڭ لەشكەر جۇغلىۋالىمىز. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، سىڭلىم. بىز بۇ نۆۋەت ھەمدەمگە بارغاندا ياۋنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈرۈشىمىزگە بولىدۇكى، زىنھار مەغلۇپ بولۇشىمىزغا بولمايدۇ. شۇڭا، لەشكىري ھازىرلىقلىرىمىز ئىنتايىن پۇختا بولۇشى كېرەك.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇ ئورۇنلۇق سەۋەب ئالدىدا ئىلاجسىز كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. مانا ئەتە ئەتىگەن تاڭ ئاتسا دەل بىر ھەپتە بولىدۇ. ئۇ بۇ بىرنەچچە كۈننى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدى. ئاستانىدىكى خەۋپنى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ چەكسىز ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىنى ھەر قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندە ۋۇجۇدى ئاچچىق ئۆرتىنەتتى، شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۈرلۈك سۇرۇنلار زوقىنى تارتالمايتتى، ئاغزىغا غىزا - تائام تېتىمايتتى. ئەمما، ئاكىسىنىڭ ئۈچتۇرپان تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يۇرت - قىشلاقلارغا

بېرىپ جىددىي لـەشكەر تـوپلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىرئاز
خاتىرجەم بولاتتى. بىراق، بۇ خاتىرجەملىكى ئانچە ئۇزۇن داۋام-
لاشمايتتى. تىت - تىتلىق، خاتىرجەمسىزلىك هامان ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىغا هۆكۈمران ئىدى.
«ئاكام ئاستانىگە ماڭدۇرغان ئايغاقچىلار نېمىشقا هازىرغىچە
قايتىپ كەلمەيدىغاندۇر؟ مۇشۇنداق قۇرۇقتىن قۇرۇق كۈتۈۋەر-
سەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسمىزمۇ - هە! ئاكام نېمىنى
ئويلاۋاتقاندۇر زادى. ئۇ خان ئاتام سۇلتان ئىسمائىلخانغا تېخىچە-
لا ئاداۋەت ساقلاپ، چوڭ ئىشلارغا بىپەرۋالىق قىلىۋاتامدىغاند-
دۇر؟ راست، هەمدەمچى لەشكەرلەرنىڭ كۆپ بولغىنى ئەلۋەتتە
ياخشى. ئەمما ئاستانىدىكى لەشكەرلەر بەرداشلىق بېرەلىگەنمى-
دۇر؟ سەركەردە ئەۋزبەگ بىلەن مىرزا هەيدەر دوغلاتى قەهر-
لىك، باهادىر ئەزىمەتلەر بولسىمۇ جەڭ تەدبىرلىرىگە ئانچە پىش-
شىق ئەمەس ئىكەن. ۋادەرىخا! رەهمەتلىك مىرزا باباقبەگ جاناب-
لىرى هايات بولغان بولسا بۇ شورلۇق تەقدىرگە قالماس ئىدۇق.
بەلكىم ئۇ تۈزگەن جەڭ تەدبىرلىرى بىلەن ياۋ لەشكەرلىرىنى
ئاللىقاچان چېكىندۈرگەن، سەئىدىيە تەسەررۇپىغا بېسىپ كىر-
گەنلىكىگە پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتكەن بولار ئىدۇق. ئۇ رەهمەتلىك
لەشكىرىي تەدبىر هەققىدە يېزىۋاتقان رىسالىسىنى تاماملاشقا ئۇل-
گۈرگەن بولسىمۇ كاشكى. ئاه تەڭرىم! بۇ قارا كۈنلەردىن
قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزگە ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن...»
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەنە ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئەم-
دىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، بامداتقا توۋلىغان ئەزان ئاۋازى
ئاڭلاندى. ئۇ دەرهال ئورنىدىن تۇردى - دە، تەرەت ئېلىپ
بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا تۇتۇندى.
شۇ كۈنلەردە ئاستانىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەش-
كەرلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىغا بىرنەچچە كۈن بولغانلى-
قىدىن، غالدانىنىڭ خوجا هىدايىتۇللا ئىشانىنى قورچاق خان قى-



لىپ تىكلەپ، سۇلتان ئىسمائىلخاننى ئەسىرگە ئېلىپ بالا -
چاقىلىرى بىلەن ئىرەن قابۇرغەگە ئېلىپ ماڭغانلىقىدىن مەلىكە
مۆهتەرەم خېنىمنىڭ زىنهار خەۋىرى يوق ئىدى.

## 2

بۈگۈن ئۈچتۆرپان ئەمىرى مۇهەممەدئىمىن باهادىرخاننىڭ
ئەمىر سارىيى كۈندىكىدىن سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. چالا - بۇلا
ناشتا قىلىپلا ئەمىر سارىيىغا كىرىپ كەلگەن مەلىكە مۆهتەرەم
خېنىم سارايدىكى چوڭ - كىچىك ئەمىرلەردىن تارتىپ تۆردىكى
ئەمىرلىك كۇرسىدا ئولتۇرغان ئاكىسى مۇهەممەدئىمىن باهادىر-
خانغىچە خۇددى ئېغىر بىر مۇسىبەتكە دۇچار بولغاندەك غەمكىن
ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ هەيران قالدى.
سارايدىكى ئەمىرلەر دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مەلد-
كە مۆهتەرەم خېنىمغا هۆرمەت بىلدۈرۈشتى.
— كېلىڭ، سىڭلىم، — دېدى مۇهەممەدئىمىن باهادىرخان
مەلىكە مۆهتەرەم خېنىمنى ئوڭ تەرىپىدىكى بوش كۇرسىغا تەك-
لىپ قىلىپ.
— نېمە ئىش بولدى، ئاكا، ئەجەب غەمكىن كۆرۈنىلىغۇ؟
— شۇم خەۋەر، سىڭلىم، ئاستانە قولدىن كېتىپتۇ، —
دېدى مۇهەممەدئىمىن باهادىرخان ئۆپكىدىگەن هالدا. شۇ هامان
ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى
بويلاپ يارىشىملىق ياسىتىۋالغان قارامتۇل ساقاللىرى ئارىسىغا
سىڭىپ كەتتى.
— ئاستانە قولدىن كېتىپتۇ؟!
مەلىكە مۆهتەرەم خېنىمنىڭ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك
بولۇپ، نازۇك قەددى ئاچچىق تىترىدى، تاپىنىدىن كىرگەن بىر

سوغۇق ئېقىم ۋۇجۇدىنى مۇزلاتتى. كۆز ئالدى بىرنەچچە دەقىقە قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ھوشىدىن كەتمەسلىك ئۈچۈن كۆرسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەخمەل قاپلانغان يانلىقنى مەھكەم قاماللاپ تۇتۇۋالدى.

— ئاستانىگە ماڭدۇرغان چاپارمەنلەر بۈگۈن بامدات ۋاقتى بىلەن قايتىپ كەلدى، — دېدى مۇھەممەدئېمىن باھادىرخان ھەسرەتلىك ئاۋازدا، — ئۇلار بارغاندا ئاستانە ئاللىقاچان قولدىن كەتكەنىكەن. جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنى خان قىلىپ تىكلەپ، تاغام سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىنى بالا - چاقىلىرى بىلەن نەزەربەند قىلىپ ئىرەن قابۇرغەگە قايتىپتۇ.

— بۇ خەۋەر راستمۇ، ئاكا؟ — سورىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تازا ئىشەنچە قىلالماي.

— شەكسىز راستتۇر. ئىشەنمىسىڭىز ئاستانىدىن قېچىپ چىققان ئاۋۇ ئەمىرلەردىن ئۆزىڭىز سوراپ بېقىڭ.

مەلىكە ئاكىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇردى. سارايىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئاستانىدىكى بىرقانچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوردا ئەركانلىرى بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە شۈمشىيىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار مۇھەممەدئېمىن باھادىرخانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم چىقىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا سالام بەردى.

— سەركەردە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئالىيلىرىغا سالام.

چىدىغۇسىز ئاچچىق پاكىت مەلىكىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى، ئىچ - ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان نادامەت يېشى كۆزلىرىدىن يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى.

— ئېيتىڭلارچۇ، ئى ئەمىرلەر، ئاستانە قانداق بولۇپ شۇنچە ئاسان قولدىن كەتتى؟



ئەمىرلەر ئاستانىنىڭ قولدىن كېتىش سەۋەبىنى، بىگۇناھ ئاستانە خەلقىنىڭ قانداق پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشتى.

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، ئاكا؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، — ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى دەرھال ئاتلاندۇرايلى، غالدان دېگەن مەلئۇننىڭ قولىدىن خان ئاتامنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى.

— بۇنداق قاراملىق قىلىشقا زىنھار بولماس، — دېدى مۇھەممەدئېمىن باھادىرخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — شۇ تاپتا ئاشۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن تاغام سۇلتان ئىسمائىلخاننى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئەمما، غالدانىنىڭ يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئاتلىق لەشكىرىگە قولىمىزدىكى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز دېسەك تولىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلغان بولىمىز. ئۇ چاغدا تاغام سۇلتان ئىسمائىلخاننى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكىم جېنىغا زامىن بولۇشىمىز ھەمدە قولىمىزدىكى ئاشۇ ئازغىنا لەشكەرلەردىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك جايمۇ تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئاكا؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غەزەپتىن بوغۇلغان ھالدا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا سۇلتان ئىسمائىلخاننى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي - خىيال يوق ئىدى.

— دېمەكچىمەنكى، — دېدى مۇھەممەدئېمىن باھادىرخان سىڭلىسىغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — بىز تاغامنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن غالدانىنىڭ ئالدىنى توسىدىغان بولساق، ئۇ ھەججاج تاغامنى بالا - چاقىلىرى بىلەن قەتلە قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز بەكمۇ ئاز. بۇ ئەھۋالىمىزدا ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشىدىغان بولساق تۇخۇمنى زورلاپ

تاشقا ئۇرغان بولىمىز. غالدان ھازىر ئۇچتۇرپاننى كىچىك يۇرت
كۆرۈپ ھەم ئۆز سەلتەنىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان
خالخا موڭغۇللىرىدىن① ئەنسىرەپ جۇڭغارىيىگە قايتىشقا ئالدىرا-
ۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن تىركەشسەك، ئۇچتۇر-
پاننىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز-دە، باش سىغدۇرالىغۇدەك
زېمىنىمىز قالمايدۇ. شۇڭا، ئالدىراقسانلىق قىلماي ئەقىل-
پاراسىتىمىز بىلەن ئىش كۆرگەيمىز.

ئاكىسىنىڭ ئورۇنلۇق مۇلاھىزىسى مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمنى بىرئاز قايىل قىلدى.

— ئەمىسە ئۇلۇغ بابائى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ بۈيۈك
سەلتەنەتنى قاراپ تۇرۇپ ياتلارغا تاشلاپ بېرەمدۇق، ئاكا؟ —
دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا ئانچە تەن
بەرگۈسى كەلمەي.

— ياق، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن ھەرگىز ئۇنداق بولماي-
دۇ، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان قەسەم ئىچكەندەك
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — ئەمما بىر مەزگىل پۇرسەت
كۈتمەيمۇ ئامالىمىز يوق. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان گەرچە جۇڭ-
غارلارنىڭ ھامىيلىقىدا سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالالىغان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىشان خانلىقىنى پەقەت ئۆز سۇلۇكىدىكى
مۇرىت - مۇخلىسلىرىلا قوللايدۇ. پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپى-
دىكى ئاددىي رەئىيەت يەنىلا سەئىدىيە جەمەتىدىكىلەرنىڭ خان -
سۇلتان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئاۋۋال ئاشۇ ئاددىي
ئاۋامنى قوزغىتىمىز، ئاۋامنىڭ ھەقىقىي قوللىشىغا ئېرىشكەن-
دىن كېيىن، ئاندىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قولىدىن سەلتە-
نەتنى قايتۇرۇۋالىمىز. ئى مۆھتەرەم سىڭلىم، ئى جانابىي ئە-
مىرلەر، بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈ-

① خالخا موڭغۇللىرى — تاشقى موڭغۇلىيە موڭغۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ.



رۈش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ پۇختا تەييارلىق كۆرگەيمىز.
مۈلكىي ئەمىرلەر ئۇزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ ھازىرلىقلى-
رىغا بۈگۈندىن باشلاپ تەييارلىق كۆرگەي، سىپاھبەگلەر، سەر-
كەردىلەر لەشكەرلەرنى قاتتىق مەشىقلەندۈرۈپ، يېڭىدىن قوبۇل
قىلىنغان لەشكەرلەرگە جەڭبازلىق ماھارىتىنى پۇختا ئۆ-
گەتكەي.

بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇچتۇرپان قەلئەسى قور-
چاق خان ئاپاق خوجىغا قارشى كۈچلەرنىڭ توپلىشىدىغان ماكانىغا
ئايلاندى. ئاستانە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن ئاپاق خوجىنىڭ سوپى لەشكەرلىرى، خۇپىيە -
پايلاقچىلىرىدىن قېچىپ، مۆكۈنۈۋېلىپ ئامان قالغان بىر قىسىم
ئەمىر، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۇچ-
تۇرپانغا كېلىپ جەم بولدى-دە، مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننى
ئاستانىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى يوقى-
تىپ، بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىشقا
دەۋەت قىلدى.

بىر مەزگىل تولىمۇ چۈشكۈن ھالەتتە تۇرغان مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىممۇ مانا ئەمدى قايتىدىن جانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ
ئاكىسىدىن تەلەپ قىلىپ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆت مىڭ
لەشكەرگە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا كىرىش-
كەنىدى.

تولۇق ئىشەنچكە تولغان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بولسا
سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ھەرقايسى يۇرتلارغا، بولۇپمۇ قەشقەر،
يەكەن، خوتەنلەرگە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ۋە پاناھلىق تىلەپ
كەلگەن بىر قىسىم ئەمىرلەرنى ماڭدۇرۇپ خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشانغا قارشى كۈچ تەشكىللەشكە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ بىر قىش تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كەتتى.

## 3

قىشتىن بېرى خانىقا ـ تۆنەكخانىلاردا زىكرى ـ سۆھبەت،
جەررە ـ سامالىرى بىلەن خېلىلا تىنچىپ قالغان خوجا ھىداي-
تۇللا ئىشانىنىڭ سوپى خۇپىيە ـ پايلاقچىلىرى باھار بىلەن تەڭ
قايتىدىن قۇتراشقا باشلىغانىدى. ئۇلار خۇددى لالما ئىتلاردەك
پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ ھەرقايسى شەھەر ـ با-
زار، يېزا ـ قىشلاقلىرىدىن تارتىپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە
تېنەپ يۈرۈپ سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت-
لىرىنى قاتتىق تەقىب قىلاتتى، ئاددىي ئاۋام ئارىسىغا سۇقۇنۇپ
كىرىپ ئۇلارنىڭ قورچاق خان ئاپاق خوجا سەلتەنىتى ھەققىدىكى
گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلاتتى. سەلتەنەتكە پايدىسىز دەپ
قارىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ھەرقايسى يۇرتلاردىكى خەلىپە بەگلىرى
ئارقىلىق ئىشان خان خوجىسىغا ئېيتقىتماي ـ تېمىتماي
يەتكۈزەتتى.

بۈگۈن، كۈندىكى ئادىتى بويىچە شاھنىشىنغا قوبۇلغا چىققان
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، توققۇز پايىلىك شاھ سۇپىنىڭ ئۈستى-
دىكى ئالتۇن تەختتە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇچىسىدىكى خۇددى
قان بىلەن بويالغاندەك كۆرۈنىدىغان ئوتقاشتەك قىزىل شاھانە
تون سېمىز بەستىنى يېپىپ تۇراتتى. بېشىغا ئورىۋالغان ئاق
شايى سەللىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قادالغان باشمالتاقچىلىك
چوڭلۇقتىكى ئالماس ۋال ـ ۋۇل قىلىپ كۆز چاقاتتى. سىڭىپ
پىشقان گىردىدەك قىزارغان مەڭزى بىلەن يارىشىملىق ياستى-
ۋالغان قارامتۇل كەكە ساقىلى ئۇنى ھازىرقى يېشىدىن ئون ياش
كىچىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. شۇنداقلا قارىماققا، قولىدىكى
كەھرىۋا تەسۋىنى تىنىمسىز سىيرىپ ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئى-
شان تولىمۇ سالاپەتلىك، تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل، ئادالەتلىك



مۇسۇلمان خانلىرىدەك تۇيغۇ بېرىپ كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى.

تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى موڭغۇل باسقاقبەگ دارجە تۆرە
ئۈچۈن ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ياساتقۇزۇلغان يەنە بىر شاھانە كۇرسا
بوش ئىدى. غالدانىنىڭ خوجا ھىدايىتۇللا سەلتەنىتىنى نازارەت
قىلىش ئۈچۈن قالدۇرغان بۇ سەركەردىسى ئالاھىدە زۆرۈر ئىشى
بولمىسا شاھنىشىنغا كەمدىن ـ كەم چىقاتتى. كۈنلىرىنى ئەيش-
ئىشرەت، بەزمە ـ شاراب ياكى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى.
ئوردا ئەركانلىرى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان كۆرۈنگەن ھامان
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قول باغلاپ، باشلىرىنى تۆۋەن سې-
لىشقىنىچە شاھانە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرسە، بۇ موڭغۇل
سەركەردىسى شاھنىشىنغا كىرىشى ھامان خوجا ھىدايىتۇللا ئى-
شان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرەتتى.
سەلتەنەتنىڭ مۇھىم، چوڭ ئىشلىرىدا ئۇنىڭ مەسلىھەت ـ بۇي-
رۇقىسىز پەرمان چۈشۈرۈلمەيتتى.

— قۇتبىل ئەقتاب ئىشان ئاپاق خان خوجامغا مەلۇم بولغاي-
كى، — دەپ ئالدىغا بىر قەدەم چىقتى مىرزا ئىدرىسبەگ ئىشانغا
چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈرۈپ، — ھەرقايسى يۇرت ـ ئايماقلاردى-
كى ئەمىر ـ بەگلەردىن كەلگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تەسەر-
رۇپىمىزدىكى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى خان خوجامنىڭ
بۈيۈك سەلتەنىتىگە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قاراشقا جۈرئەت
قىلالماس ھالەتكە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دەھرىي سۇلتان ئىس-
مائىلخان تەرەپدارلىرىنىڭ خۇپىيانە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بارغاي-
سېرى ئاۋۇشقا باشلاپتۇ. ئۇل جاھىل مۇرتەتلەر ئاددىي رەئىيەت
ئارىسىدا ئادالەتپاناھ ئاپاق خان خوجامنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى
تەرغىباتلارنى ئېلىپ بېرىپ ئاۋامنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگۈدەك.

سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردىسىدا شىغاۋۇل ئەمىرلىك مەنسى-
پىدە ئولتۇرغان مىرزا ئىدرىسبەگ ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ ساداقەت-
مەن مۇرىتى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوردىدىكى مۇھىم مەخپىيەت-

لىكلەرنى «غايىب يۇلتۇز» دېگەن لەقەم بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشان-
غا خۇپىيانە يەتكۈزۈپ، ئىشاننىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىگە قارشى
ئېلىپ بارغان تۈرلۈك سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-
لىك روياپقا چىقىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلەپ تۇرات-
تى. مىرزا باباق بەگنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشىدىمۇ، سۇلتان
ئىسمائىلخاننىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە مەغلۇپ بولۇشىدىمۇ
ئۇنىڭ قولى بار ئىدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان تەختكە چىققان-
دىن كېيىن كۆرسەتكەن ئاشۇ بىر تالاي تۆھپىلىرى ئۈچۈن
ئۇنىڭغا ئەركانى دۆلەتلىك، قوشۇمچە ئەمىرىكەبىرلىك مەنسىپ-
نى ئىنئام قىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ
سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىمالال ئاقتۇرۇش ئۈچۈن ئەقىلدارلىق
قىلىۋاتاتتى.

مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشان بىرئاز چۆچۈدى.

— ئى جانابىي ئەركانى دۆلەت، بۇ خۇسۇستا ئېنىقراق
مەلۇمات ئىگىلىگەيسىز، — دېدى ئاپاق خوجا تەختنىڭ ئالتۇن
قۇببىسىگە يۆلىگەن گەۋدىسىنى رۇسلاپ.

— سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، —
دېدى مىرزا ئىدرىسبەگ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، — ئۇل جاھىل
دەھرىيلەرنىڭ ئىش - ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ بولدۇق.
خۇپىيەلىرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خان خو-
جامنىڭ سەلتەنەت سۈرىدىن قورققان بىر قىسىم دەھرىي ئەمىر-
لەر ئۇچتۇرپان ئەمىرى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ھۇزۇرىدا
پاناھلىنىپ، سەلتەنىتىمىزگە قارشى كۆتۈرۈلۈشكە تەييارلىنىۋې-
تىپتۇ. مۇھەممەدئىمىن تاغىسى سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئۆچى-
نى ئېلىش ھەمدە سەلتەنەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاۋامدىن كۆپ-
لەپ لەشكەر ئېلىپ مەشقلەندۈرۈۋېتىپتۇ.

بۇ مەلۇمات نېمە ئۈچۈندۇر ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئانچە



دىققىتىنى تارتمىدى.

— شۇنداقمۇ تېخى، ئۇچتۇرپاندەك ئاشۇ كىچىككىنە يۇرت-
نىڭ نەچچە مىڭ سوكال لەشكەر غالدان خان خوجامنىڭ لەكمىڭ-
لىغان باھادىر لەشكەرلىرىگە قارشى تىغ كۆتۈرۈشكە قانداقمۇ
پېتىنالىسۇن، بۇ خۇددى چۈمۈلىنىڭ ئۆزىنى بىلمەي يولۋاسنىڭ
بۇرۇتىغا ياماشقانچىلىك ئىشقۇ.

شۇ كۈنلەردە ھىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغارلارغا ھېچقانداق بىر
كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ دەپ چوڭ ئىشەنچ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئانچە
ئېرەن قىلىپ كەتمىدى.

— زىنھار غەپلەتتە تۇرمىغايلا، قىبلىگاھىم، — دېدى مىر-
زا ئىدرىسبەگ جىددىي يوسۇندا، — راست، غالدان خان خوجام-
نىڭ لەشكەرلىرىگە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەستۇر، ئەمماكى، ئۇل
باھادىر لەشكەرلەر تولىمۇ يىراقتا. ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەس-
لىك بولۇپ قالسا، ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ بولغۇچە پۇرسەت
قولىمىزدىن كېتىپ قالۇر، قىشتىن غالدان خان خوجام پەرمان
چۈشۈرۈپ ئاستانىدە قالدۇرغان بىر تۈمەن لەشكەرلىرىنىڭ ھەم-
مىسىنى دېگۈدەك ئېلىۋالىقا يۆتكەپ كەتتى. باسقاقبەگ دارجە
تۆرىنىڭ قول ئاستىدىكى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ سانى مىڭغىمۇ
يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەدەپ مال - دۇنيا جۇغلاپ،
ئەيش - ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە، ياۋغا
تاقابىل تۇرغۇدەك ھەپسىلىسى يوق. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان
گەرچە ئۇچتۇرپاندەك كىچىك يۇرتنىڭ ئەمىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ
سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ جىيەن ئوغلى — سەئىدىيە شاھزادىسى
ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل ئاۋام بىلىدۇ. ناۋادا ئۇ سەلتەنىتىمىزگە
قارشى شۇنداقلا كۆتۈرۈلىدىغان بولسا، تۇغ ئەلىمىنىڭ ئاستىغا
تۈمەنلىگەن ئاۋامنى ھەم سۇلۇكى ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەرنى جۇغ-
لىيالايدۇ. چايانىنىڭ بالىسى كىچىك بولسىمۇ بەرىبىر چاياندۇر.
نۆۋەتتە كەلگەندە نەشتەر سانجىماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئانھەزرىتىم

قىلچىلىك بىخۇدلۇق قىلماي، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ
نائىب، ئەمىرلىك مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئىشەنچ-
لىك خەلىپە مۇرىتلىرىدىن بىرىنى نائىب، ئەمىرلىك مەنسىپىگە
قويغايلا ھەمدە ئۇچتۇرپاندىكى رىياكار، ئاسىيلارنى تامامىي جازا-
لاشقا يارلىق چۈشۈرگەيلا.

مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، يول
كۆرسىتىپ كۆنۈپ قالغان ھىدايىتۇللا ئىشانغا شۇ كۈنلەردە مىر-
زا ئىدرىسبەگنىڭ ھەدەپ سەلتەنەت ئىشلىرى ھەققىدە يول -
ئەقىل كۆرسىتىشى ياقمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ
تەكلىپىنى ئانچە قوللاپ كەتمىدى.

— مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ سەلتەنىتىمىزگە شىل-
تىڭ ئاتقۇدەك ماجالى بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى خوجا
ھىدايىتۇللا ئىشان تەكەببۇرلۇق بىلەن، — ئەركانى دۆلەت جاناب-
لىرى ئارتۇقچە ئىزتىراپتا بولمىغاي. ئۇل مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخاننىڭ سەلتەنىتىمىزگە نارازىلىقى بولسا، ئاللىقاچان
مۇددىئا - مەقسەتلىرىنى ئاشكارىلار ئىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە
كەلگۈچە بىزلەركىم سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئاپاق خان خوجا بۇ
سەلتەنەتكە بەرقارار بولۇپ يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇر-
غىنىمىزغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان
بەئەينى يولۋاستىن ئۇركۈگەن توشقاندەك ئۇچتۇرپاندا ساداسىز
يۇرمەكتە. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ بىز-
لەرگە ساداقىتىنى بىلدۈرۈۋاتقاندۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇددىئا -
مەقسەتلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، سەۋەبسىزلا ئەمىرلىك مەنسىپىنى
ئېلىپ تاشلىساق دەھرىي سۇلتان ئىسمائىلخاندىن ئايرىلىپ قال-
غان بىر قىسىم جاھىل ئاۋام ئارىسىدا پىتنە - پاسات، تەپرىقى-
چىلىك پەيدا بولۇر، كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتمىگىنىمىز ئەۋ-
زەل. لەشكىرىي دىۋان ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆت-
كەش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان-



نى لەشكەرلىرىدىن ئايرىۋەتسەكلا كۇپايە قىلۇر. ئۇل چاغدا لەش-
كەرلىرىدىن ئايرىلغان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەلتەنىتىمىز
ھەققىدە غەيرىي خىياللاردا زىنھار بولماس ھەم ئۇنى پاناھ تارتىپ
بارغان رىياكار ئەمىرلەرمۇ ئامالسىز بارماق چىشلەپ قېلىشار.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆرەڭلىك بىلەن يۇرگۈزگەن
مۇلاھىزىسى ۋە چىقارغان ھۆكمى مىرزا ئىدرىسبەگكە ئانچە ياق-
مىغان بولسىمۇ، ئىلاجسىز «خوش» دەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بول-
دى. ئەمما، ئۇ شاھنىشىندىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن، خوجا
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆت-
كەش پەرمانىنى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا چۈشۈرمەي، ئاق-
سۇنىڭ نائىب ئەمىرىگە ئەركانى دۆلەتلىك، قوشۇمچە ئەمىركە-
بىرلىك سالاھىيىتى بىلەن لەشكىرىي دىۋان نامىدىن پەرمان چۈ-
شۈردى. پەرمانغا ئاقسۇ ئەمىرى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئۇچتۇرپان
لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكەش، ناۋادا مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخان بويۇنتاۋلىق قىلسا، ئوردىغا مەلۇم قىلماستىن ئاقسۇ
لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچتۇرپانغا جازا يۇرۇشى قىلىپ مۇھەممەد-
ئىمىن باھادىرخاننىڭ كاللىسىنى ئېلىش خۇسۇسىدىكى مەزمۇن-
لارنى قوشۇپ قويدى.

1679 - يىلى ئۇجمە ئالا بولغان مەزگىلدە، ئوردا لەشكى-
رىي دىۋاننىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغان ئاقسۇ ئەمىرى رەھمى-
تۇللا خەلىپە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەت-
تى.

— ئىشان خان خوجام ئالىيلىرى لەشكەرلەرنى ئاستانىگە
يۆتكەپ كەتسە، ئۇچتۇرپاندىن ئىبارەت بۇ مۇھىم لەشكەرگاھنى
مەن قانداق مۇھاپىزەت قىلىمەن؟ — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخان ئەلچىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن تەمكىن-
لىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، — بېرىپ نائىب، ئەمىر رەھمىتۇللا

خەلىپە جانابلىرىغا ئېيتسۇنلار، ھازىرچە ئۈچتۇرپاندىن لەشكەر يۆتكەش مۇمكىنچىلىكى زىنھار يوق. پەقەت بولمىسا ئاقسۇ لەشكەرلىرىدىن يۆتكەپ تۇرغاي.

— ئىشان خان خوجامنىڭ پەرمانىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈلسە ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئەلچى جاھىللىق بىلەن.

— ئىشان خان خوجامنىڭ پەرمانى ئەلۋەتتە دەخلىسىزدۇر، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەلچىگە تەرىنى تۈرۈپ، — ئەمما ئىشان خان خوجام يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن ئانچە بىخەۋەر بولسا كېرەك، بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ لەشكىرىي جاساقلىرىدا ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلارنىڭ نائىب، ئەمىرلىرىگە مۇناسىپ لەشكىرىي ئىمتىياز بېرىلگەن، بولۇپمۇ ئۈچتۇرپاندەك مۇھىم ئۆتكەلنى خان لەشكەرلىرىنىڭ ساقلىمىقى تولىمۇ زۆرۈردۇر. لەشكىرىي ئىشلاردىن ساۋاتى بار ھەرقانداق ئادەم بىلىدىغان بۇنداق ئاددىي قائىدىنى ئىشان خان خوجامنىڭ بىلمەسلىكى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانى ئاقسۇ ئەمىرىگە ئەمەس، ئۈچتۇرپان ئەمىرىگە بىۋاستە كېلىشى كېرەك.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كەسكىن جاۋابىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەلچى لام - جىم دېيەلمىدى - دە، قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويغان ئوخشايمىز، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەلچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاكىسىغا قاراپ، — ئەمدى ئۇل مۇناپىق ئىشان بىلەن تۇتۇشىدىغان نۆۋىتىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ.

— بەلكىم، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئويچانلىق



بىلەن، — ئۇلار بىزنى ئاۋۋال لەشكەرلىرىمىزدىن ئايرىۋېتىپ ئاندىن يوقاتماقچى. ئەمما، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ لەشكەر يۆتكىگىسى بولسا نېمە ئۈچۈن خان يارلىقى چۈشۈرمەيدۇ. بۇنىسى تولىمۇ شۈبھىلىك.

— راست ئېيتتىلا، ئاكا، دەرھال ئاقسۇغا ئايغاقچى ماڭدۇرايلى، كىم بىلىدۇ بىزگە جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇن ئاقسۇغا كېلىپ بولدىمۇ تېخى.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سىڭلىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، شۇ ھامان ئاقسۇغا ئايغاقچى ماڭدۇردى.

ئاقسۇ ئەمىرى رەھمىتۇللا خەلىپە ئەلچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. كۆڭلىنى ئاختۇرغاندا ئۇنىڭ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن ئارازلىشىپ قالغۇسى يوق ئىدى. گەرچە ئۆزى ئاقسۇدەك كاتتا يۇرتنىڭ ئەمىرى بولسىمۇ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى ھېلىھەم سەئىدىيە شاھزادىسى دەپ بىلىپ ھۆرمەت قىلاتتى. ئەمما، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇپ ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى ھەمدە سۇلۇكى ئىشقىيە مۇخلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپاق خوجا سەلتەنىتىگە تولىمۇ ساداقەتمەن ئىدى. ئەسلىدىنلا يۇرتدارچىلىق تەجرىبىسى خېلىلا كەم بۇ ئەمىر ئوردىنىڭ يارلىق - پەرمانلىرىنى دەخلىسىز ئورۇنداشتىن باش تارتىشنى زىنھار خالىمايتتى. ئۆز ئالدىغا جانلىق تەدبىر قوللىنىشنى پەقەتلا بىلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانى ھۆكۈمران ئىدى. مەسلىھەت سوراي دېسە، ئاقسۇنىڭ باسقاقبېگى بولۇپ تۇرغان موڭغۇل سەركەردىسى يىغقان مال - دۇنيالىرىنى ئاپىرىۋېتىش ئۈچۈن جۇڭغارىيىگە كەتكەن بولۇپ تېخىچىلا قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئەمما، لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانىنى كېچىكتۈرۈشكە پەقەتلا بولمايتتى. «خوجام رازى، خۇدا رازى، مۇھەممەد مۇستافا رازى» دېگەن قارىغۇلارچە ئېتىقاد بۇ ساددا،

ئىخلاسمەن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتىنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئىدى.

— پەرمان! — دېدى ئۇ ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەرگە قاراپ، — بارلىق لەشكەرلەر تەييارلىق قىلىپ تەق بولغاي. ئۈچتۇرپانغا جازا يۈرۈشى قىلغايمىز.

ئاقسۇ ئەمىرىنىڭ ئىككى تۈمەن لەشكىرى بىلەن ئۈچتۇرپانغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان قىلچىلىك تەمتىرەپ قالمىدى.

— ياراتقان تەڭرىم، ئاۋۋال ئاقسۇنى تەسەررۇپىمىزغا ئېلىشىمىزنى بۇيرۇغان ئوخشايدۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خۇشاللانغان ھالدا، — پەرمان بەرگەيسىز، ئاكا، مەن پەقەت بەش مىڭ لەشكەر بىلەنلا ئۇل جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى تىرىپىرەن قىلىپ ئاقسۇنى ئىلكىمگە ئالغايمەن.

— ئالدىرىماڭ، سىڭلىم، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان تەمكىنلىك بىلەن، — ئاقسۇ ئەمىرى رەھمىتۇللا خەلىپە تولىمۇ ساددا، تۈز كۆڭۈل ئادەم، ئۇ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ پەرماننى بەجا كەلتۈرۈشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇل ئەمىرنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىدىن قىلچىلىك خەۋىرى يوق. مېنىڭچە، جەڭ قىلىپ بىھۇدە قان تۆكۈش ھاجەتسىز.

— ئەمىسە قانداق قىلماق كېرەك؟

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاكىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمەي ئالدىراپ قالغانىدى.

— ئاقسۇ سەركەردىلىرىنىڭ ئارىسىدا مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ ئىسىملىك بىر سەركەردە بار. ئۇل باھادىر ئەزىمەت بىلەن ئۆزۈندىن بېرى بۇرادەرچىلىكىمىز ۋە دوستلۇق ئەھدۇ پەيمانىمىز بار. مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ نەيزىۋازلىقتا ۋە خەنجەر ئېتىشتا تولىمۇ ماھىر، بولۇپمۇ يېنىغا ئېسىۋالغان بەش تال خەنجىرىنى يۈز قەدەم ئارىلىقتا چىنىگەن ھەرقانداق نەرسىگە دەل تەگكۈزەلەيدۇ. بىز ئاشۇ سەركەردە ئارقىلىق ئەمىر رەھمىتۇللا خەلىپىنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ، مەقسەت - مۇددىئايىمىزنى ئوچۇق ئېيتىپ پايدا - زىياننى چۈشەندۇرسەك، بۇنىڭدىن كېيىن روياپقا چىقارماقچى بولغان ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىسى تېگىپ قالار دەپ ئويلايمەن.



يېقىندىن بېرى سەئىدىيە خانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەسۋەسىسىدە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مىجەزى بارغانسېرى چۈسلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھەدېسىلا ئاستانىگە لەشكەر تارتىشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئاكىسىنىڭ پۇختا تەييارلىق قىلىپ بىراقلا نۇسرەت قازىنىش پىلانىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىسىمۇ، كۆڭلىدە قورقۇنچاقلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا، ھازىر ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئاياپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا دەۋەتتى:

— نېمانچە ئەزىمىلىك بۇ، ياۋ سەركەردىلىرىدىن ھىممەت - ياردەم تەلەپ قىلىش قورقۇنچاقلىق بولۇپ قالماسمۇ، ھازىر قولىمىزدا بار سەركەردە - لەشكەرلەر بىلەن ئاقسۇنى ئېلىشىمىز تامامەن مۇمكىن. ئاقسۇ ئىلكىمىزگە ئۆتسە پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك زېمىنىمىز تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئاندىن ئاستانىگە تېگىش قىلساق تامامەن بولىدىغۇ؟

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۇرۇپ، — ئەمما ئاقسۇنى جەڭ بىلەن ئالىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم بىر قىسىم لەشكەرلىرىمىزدىن چىقىم تارتماي قالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تۈمەن ئاقسۇ لەشكىرىنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋالىمىز. ئەسىرگە ئېلىنغان لەشكەرلەرنىڭ بىز ئۈچۈن باھادىرلىق كۆرسىتىشى ناتايىن. يەنە بىر ئاۋارىچىلىك شۇكى، ئەھۋالدىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان دەرھال خەۋەر تاپىدۇ - دە، جۇڭغارىيىدىكى خوجىسى قالدانىدىن ياردەم سورايدۇ. ئۇل چاغدا ئالدىمىزدىن ھىدايىتۇللا

ئىشانىنىڭ سوپى لەشكەرلىرى بىلەن ئارقىمىزدىن غالدانىنىڭ موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىمىز ـ دە، ھەرقانچە باھادىرلىق كۆرسەتسەكمۇ مەغلۇپ بولماي قالمايمىز. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئېھتىماللىقنى ھېسابقا ئالغىنىمىزدا ئەڭ ياخشىسى ئاقسۇ لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىرىنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلىپ ئىتتىپاق تۈزمىكىمىز، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنى بىخۇد ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئاندىن ئاستانىگە ھۇجۇم قىلمىقىمىز لازىمدۇر. ئۇل چاغدا، ناۋادا موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلسەكمۇ بىمالال جەڭ قىلىشقا قۇدرىتىمىز يېتىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماڭكى، سىڭلىم، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم رىياكار ئەمىرلىرىدىن باشقىلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس. سەلتەنەتنى قانچىكى قان تۆكمەي قولىمىزغا ئالساق، كېيىنكى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن شۇنچىلىك پايدىلىق.

ئاكىسىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق تەدبىرىگە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قايىل بولدى ـ دە، يەنە تىركىشىپ تۇرۇۋالمىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۇلتان ئىسمائىلخان ئوردىسىدىكى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسى ئاكىسى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانىنىڭ نائىب، ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بىلەن تەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئۇچتۇرپانغا كەلگەن خان ئەلچىسى بولغاچقا، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئۇنى بىر قورساق سىڭلىسى سۈپىتىدە ئەمەس، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرى ھەم خان ئەلچىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق لەشكىري ئىشلارنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ پىكرىگە قارىتا ئۆزىنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەپ قايىل قىلاتتى.

سىڭلىسى بىلەن پىكىر بىرلىككە كەلگەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مىرزا مۇھەممەدشاھبەگكە قارىتىپ بىر پارچە خەت



يازدى ـ دە، ئىشەنچلىك مەھرىمىدىن بىرىنى ئاقسۇغا بېرىپ سەركەردە مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ بىلەن كۆرۈشۈشكە يولغا سالدى.

## 4

ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل، ئاقسۇ.

ئەتىكى لەشكىري يۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ ئەمدىلا يېتىشقا تەمشەلگەن سەركەردە مىرزا مۇھەممەدشاھبەگنىڭ قېشىغا خىزمەتكارى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— مۆھتەرەم سەركەردىگە مەلۇم بولغاي، قەسىرنىڭ ئالدىدا ناتونۇش بىر كىشى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ساقلاپ تۇرىدۇ.

— ئىسمىنى مەلۇم قىلمىدىمۇ؟ — سورىدى مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ كېچىدە تۇيۇقسىز كەلگەن مېھماندىن تەئەججۈپلىنىپ.

— ئىسمىنى سورىسام سەركەردەم بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىگە دەيمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇنداق بولسا تاشقىرىقى مېھمانخانىغا باشلىسىلا، مەن ھازىرلا چىقىمەن.

سېلىپ بولغان كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيگەن مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ مېھمانخانىغا كىرگەندە ناتونۇش مېھمان سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇراتتى. ئۇ سەركەردىنى كۆرۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىراپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سەركەردە جانابلىرى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ ناتونۇش مېھماننىڭ ئۇستۇېشىغا گۇمان بىلەن نەزەر تاشلىدى.

— مۇمكىن بولسا جانابىي سەركەردە بىلەن پىنھان قالغان
بولسام، — دېدى ناتونۇش كىشى چاي قۇيۇۋاتقان خىزمەتكارنى
تۇمشۇقى بىلەن ئىما قىلىپ.
مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ خىزمەتكارنى چىقىرىۋەتتى.
— مەن جانابلىرىغا ئۇچتۇرپاننىڭ نائىبى ۋە ئەمىرى شاھزا-
دە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەكتۇپى-
نى ئەكەلدىم، — دېدى ناتونۇش كىشى سەللىسىنىڭ قېتىدىن
بىر پارچە خەتنى ئېلىپ مىرزا مۇھەممەدشاھبەگكە تەڭلەپ تۇ-
رۇپ، — شاھزادە ئالىيلىرى مۆھتەرەم سەركەردىنىڭ يازما
جاۋابىنى ئالغاچ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى.
مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ خەتنى شامنىڭ يورۇقىغا تۇ-
تۇپ تېز - تېز كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۆھتەرەم باھادىر سەركەردە، قى-
يامەتلىك بۇرادىرىم مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرى،
ياراتقان ئاللا ئىگەم سىلىنى ھەمدە ئىككى ئالەملىك ھالال
مەزلۇملىرى بىلەن ئەزىز پەرزەنتلىرى بولمىش يۈرەك پارى-
لىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، مۇراد - مەقسەتلىرىگە
يەتكۈزگەي.
جانابىي سەركەردە ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشىمنىڭ بائى-
سى شۇلكى، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان سەئىدىيە تەسەررۇپى-
مىزغا ياۋلارنى باشلاپ كېلىپ، ئەزىز سەلتەنىتىمىزنىڭ
خانى تاغام سۇلتان ئىسمائىلخان ئالىيلىرىدىن خانلىق سەل-
تەنەتنى سۇيۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆز نېسىۋىسىگە
شۈكرى - قانائەت قىلماي، بىزلەركىم سەئىدىيە شاھزادى-
سىنى ئۆز سەلتەنىتىگە دۈشمەن ۋە خەۋپ ھېسابلاپ جازالى-
ماقنى نىيەت قىپتۇرلەر. ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستا-
نىگە يۆتكەش خۇسۇسىدىكى رەھمىتۇللا خەلىپىگە چۈشۈرۈل-



گەن پەرمان جانابلىرىدىن سىر بولمىسا كېرەك. دېمەككى،
بۇ بىز سەئىدىيە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قانات - قۇيرۇقى-
مىزنى يۇلۇداش ئۈچۈن قۇرۇلغان تۇزاقتۇر. ئول ئىشان
خاننىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىنى بىلىپ قالغانلىقىمىز ئۈ-
چۈن خان يارلىقىغا سەرگەشتىلىك[1]قىلماقتىن ئۆزگە جاۋاب
بېرىشكە ئامالسىز قالدۇق. شۇل سەۋەبتىن نائىب ئەمىر
رەھمىتۇللا خەلىپە جانابلىرى ئىشان خان پەرمانىنى دەخلى-
سىز بەجا كەلتۈرمەك بولۇپ ئۇچتۇرپانغا لەشكەر تارتماقنى
ئىختىيار قىلىپتۇ. جانابلىرىنى قىيامەتلىك بۇرادىرىم،
شىرىمەت ئەزىمەت، ئادالەت بىلەن قاباھەتنى پەرق ئېتەلەي-
دىغان ئىستېدات ئىگىسى دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن
مەقسەت - مۇددىئالىرىمنى يوشۇرماي بايان قىلىش قارارىغا
كەلدىم.
مەن بىر سەئىدىيە شاھزادىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن،
بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى ياتلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋې-
لىش ۋە تەسەررۇپىمىزدىن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى
قوغلاپ چىقىرىشنى قىيامەتلىك ئەھدۇ پەيمانىم دەپ ھېسابى-
لايمەن. شۇل سەۋەبتىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇچتۇرپان
زېمىنىدا لەشكىرىي ھازىرلىقلارنى كۆرۈۋاتىمەن. ھالا بۇ-
گۈنكى كۈندە ئاقسۇدىكى باھادىر سەركەردە - لەشكەرلەر
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئا-
دالەتنى ياقلىماقتا يوق، ئەجەل قىلىچىنى بىزنىڭ بېشىمىز-
غا تەڭلەشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ. مەن جانابلىرىنىڭ ئادالەتنى
ياقلاپ ئەلنىڭ نومۇسىنى يۇيۇش ئۈچۈن بىزگە ھەمدەمدە
بولۇشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن.
نائىب ئەمىر رەھمىتۇللا خەلىپە جانابلىرى تۈز، ساددا

[1] سەرگەشتىلىك — باش تارتماق، خىلاپلىق قىلماق.

ئادەم، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئادالەت بىلەن قابەھەتنى بىلدۈرسەك چۈشەنگۈچىلىكى بار. ناۋادا جانابلىرى بۇ ئەرزىمەس تەكلىپىمىزنى مەقبۇل كۆرسە، ئۈچتۇرپان دىيارىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەمىر جانابلىرىنى بىز بىلەن سۆزلىشىشكە كۆندۈرگەيلا. ناۋادا ئەمىرنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى لايىق كۆرسىلە ئۇمۇ ئىختىيارلىرى. جانابلىرىدىن قىلچىلىك ئاغرىنمايمىز. پەقەت بۇ ئەرزىمەس جېنىمىز تېنىمىزدىلا بولىدىكەن، ئادالەت ئۈچۈن، ئەل - يۇرتنىڭ نومۇسىنى يۇيۇش ئۈچۈن جەڭگاھتا قىلىچىمىزنى پولاتلىتىپ تۇرۇپ جان بېرىشكە تەييارمىز.

جانابىي ئاللادىن سەركەردە جانابلىرىنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەپ نامە يازغۇچى بۇرادەرلىرى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاندىن».

مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئويلاندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزلىرى توختىماي جاراڭلايتتى. ئاخىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەققانىيەت، ئادالەت تۇيغۇلىرى غالىب كەلدى.

— جىندەك ساقلاپ تۇرغايلا، تەقسىر، خەتنىڭ جاۋابىنى ھازىرلا بەرگەيمەن.

مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ مېھمانغا شۇنداق دېدى - دە، ئۇنى مېھمانخانىدا يالغۇز قالدۇرۇپ كۇتۇپخانىسىغا قاراپ ماڭدى، سىياھدانىغا سۇ قۇيۇپ ئازراق سىياھ ئەزدى - دە، قومۇش قەلەمنى چىلاپ خەت يېزىشقا باشلىدى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۆھتەرەم شاھزادە، قىيامەتلىك



بۇرادىرىم مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرى، ياراتقان جانابىي ئاللا ئىگەم بۈيۈك مەقسەتلىرىنىڭ تېزرەك روياپقا چىقىشىغا مەدەتكار بولغاي.

ئوتتۇرىمىزدىكى بۇرادەرچىلىك ۋە دوستلۇق - ئەقىدىمىزنى ئىمانىمىزدەك ئۇلۇغلاپ ئىشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ئەل - يۇرتنىڭ نومۇسىنى يۇيۇش، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈن مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس جېنىم بەخشەندە بولغاي.

نائىب ئەمىر رەھمىتۇللا خەلىپە جانابلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەتە تاڭ سەھەردە ئۈچتۇرپانغا لەشكەر تارتىپ بارىمىز. ئىنشائاللا، قالدى گەپ - سۆزلەرنى ۋاقتى - قەرەلى كەلگەندە سۆزلىشەرمىز. مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ جانابلىرى بىلەن خەۋەرلىشىمەن.

خەير، كۆرۈشكۈچە ئامان بولغايلا.

قىيامەتلىك بۇرادەرلىرى مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ»

مېھمان جاۋاب خەتنى سەللىسىنىڭ قېتىغا پۇختىلاپ يوشۇردى - دە، قەسىردىن چىقىپ تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى.

جازا يۈرۈشى قىلغۇچى ئاقسۇ لەشكەرلىرى ئۈچتۇرپان قەلئەسىگە ئون چاقىرىم ئارىلىق قالدۇرۇپ قارارگاھ قۇرغاندى. بارگاھى ئالىيغا جۇغلاشقان سەركەردىلەر نائىب ئەمىر رەھمىتۇللا خەلىپە بىلەن ئەتىكى جەڭ ھەققىدە قىسقىلا لەشكىرىي كېڭەش قىلىشىۋالغاندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى. ئىلغار قوشۇننىڭ سەركەردىسى مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ ئاستا ئايرىلىپ قالدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى، سەركەردە؟ — سورىدى ئەمىر

قوشلاپ قويۇلغان پەي ياستۇققا يۆلەنگەن پېتى.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ سەمىگە سالىدىغان كىچىككىنە ئىش بار ئىدى.

— قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— بىر تەكلىپىم بار ئىدى، بىلمىدىم ئەمىر جانابلىرى مەقبۇل كۆرەرمىكىن؟ — ئەمىردىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇل تاپتا تۇزۇك بىر باھانەيى - سەۋەبنىڭ تايىنى يوق ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ئەمەلىيەتتە مەيلى ئاقسۇ لەشكەرلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرى بولسۇن ھەممىسى ئىشان خان ئالىيلىرىنىڭ لەشكەرلىرىدۇر. شۇنداق تۇرۇپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشساق، لەشكەرلىرىمىز ئارتۇقچە چىقىم بولۇپ بىھېساب قان تۆكۈلۈشتىن ئۆزگە ھېچ ئىش ھەل بولماسمىكىن دەپ تولىمۇ ئەنسىرەيمەن. مۇمكىن بولسا نائىب ۋە ئەمىر جانابلىرى شاھزادە مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ باققان بولسىلا. ناۋادا ئوتتۇرىدىكى ئۇقۇشماسلىق ئايدىڭلىشىپ، ئەھدۇپەيمان ھاسىل قىلىشىپ قالسىلا، بىھۇدە ئۆلۈم - يېتىمنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئەل - يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلماس ئىدى دەپ ئويلايمەن.

— ئول مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرى بىلەن يەنە سۆزلىششىنىڭ ئورنى بارمۇ، سەركەردەم، — دېدى رەھمىتۇللا خەلىپە رەنجىگەننى قىلىپ، — مەنمۇ جەڭگى - جېدەلنى زىنھار خالىمايمەن. يارانتقان ھەقتىن بىھۇدە قان تۆكۈلمىسكەن دەپ تىلەيمەن. ئەمما، ئېيتسىلا، سەركەردە، بىزدە نېمە گۇناھ، پەقەت لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدۇق. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان پەرمانغا سەرگەشتىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەنە شۇ پەرمانغا بىنائەن جازا يۈرۈشى قىلىمىز دەپ ئولتۇرۇپتىمىز.



ناۋادا شاھزادە ئالىيلىرى پەرمانغا بويسۇنۇپ، ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكەشكە ماقۇل بولسا ئىدى، ئارازلىشىپمۇ قالماس، جازا يۈرۈشى قىلىمىز دەپ لەشكەر تارتىپ رىيازەت چېكىپمۇ يۈرمەس ئىدۇق.

— ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكەش ئىشىنى كېچىكتۈرۈشكە بولماسمۇ، ئەمىر جانابلىرى.

— قانداق دەيلا، سەركەردە؟

— ئىشان خان ئالىيلىرىغا ئۇچتۇرپان قەلئەسىنىڭ مۇھىم لەشكىرىي ئۆتكەللىك ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ، ھازىرغىچە ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكىمەسلىك ھەققىدە مەلۇمات يوللاپ باقسىلا، بەلكىم ئىشان خان ئالىيلىرى لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانىنى بىكار قىلىۋېتەر ئىدى.

— راستىنى ئېيتسام ئوردىنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىدىن مەنمۇ بىخەۋەرمەن. لەشكىرىي دىۋاننىڭ پەرمانىدىمۇ ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكەشنىڭ سەۋەبى ئېنىق يېزىلماپتۇ. ئەمما، لەشكەر يۆتكەش ئىشىغا بويۇنتاۋلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش ھەققىدە ئوچۇق پەرمان بار. بىز بولساق ئىشان خان خوجامنىڭ ئاتقان ئوقلىرىدۇرمىز. لەشكىرىي پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمەسلىككە ھېچقانداق ھەققىمىز يوقتۇر. شۇڭا، ئارتۇقچە خىياللاردا بولماي ئەتىكى جەڭ ئۈچۈن پۇختا ھازىرلىق كۆرگەيلا، سەركەردەم.

بارگاھى ئالىيدىن نائۇمىد يېنىپ چىققان مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ تۈن نىسپى بىلەن لەشكەرچە ياسىنىپ قارارگاھتىن مۇپىيانە چىقتى - دە، ئۇدۇل مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان قارارگاھىغا يول ئالدى.

ئۇلار قىسقىلا سالام - سەھەتتىن كېيىن جىددىي سۆزلەشتى.

— ئالىيلىرى بىلەن سۆزلىششنى ئەمىر جانابلىرى قەتئىي

رەت قىلدى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ ئەمىر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، — دەرھال باشقىچە بىر تەدبىر قوللانمىساق، بۇ جەڭدىن ساقلانماق تەس ئوخشايدۇ.

— يائاللا، بۇ ئەمىر ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداشتىن باشقىنى بىلمەمدىغاندۇر زادى، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، — بوپتۇلا ياخشىلىقچە سۆزلىشىشنى رەت قىلسا، مەجبۇرلاشتىن ئۆزگە تەدبىر يوقتەك قىلىدۇ.

— ئالىيلىرىنىڭ تەدبىرىنى ئاڭلاپ باقسام.

— ئەتە مەيدان ئۇرۇشى بولغاندا سىلى سەركەردىلەردىن بىرىنى جەڭگە چىقارسىلا. مەن ئۇل سەركەردە بىلەن بىرنەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن يېڭىلگەن بولۇپ قاچىمەن. سىلى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نائىب ئەمىرنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە دەۋەت قىلسىلا. نائىب ئەمىر ھۇجۇمغا ئۆتسىلا بۆكتۈرمىدە قويغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ قولىغا تىرىك چۈشىدۇ. ئارتۇقچە قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمىر رەھمىتۇللا خەلىپىنى تۇتۇۋېلىشىمىز ھامان، ھەر ئىككىلى تەرەپ دەرھال ناغرا چالدۇرۇپ لەشكەرلەرنى چېكىندۇرەيلى. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىلى نائىب ئەمىرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سۇلھى تەلەپ قىلىپ قارارگاھىمىزغا يالغۇز كەلسىلە، قالدى ئىشلارنى شۇ چاغدا بىرلىكتە مەسلىھەت قىلايلى.

مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ دەرھال ئۆز قارارگاھىغا قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىككى تەرەپ ئىككى ئوق يېتىم ئارىلىق قالدۇرۇپ جەڭ سېپى تۈزۈشتى، بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشكەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئاقسۇ ئەمىرى رەھمىتۇللا خەلىپىگە ئات ئۈستىدىلا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن



سۆز باشلىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، نائىب ۋە ئەمىر جانابلىرى، بىئەدەپلىك قىلىپ رىيازەت چەككۈزگەن گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلغايلا. ئاپاق خان خوجا ئالىيلىرىنىڭ لەشكىريي پەرمانى ئەلۋەتتە دەخلىسىزدۇر، ئەمما ئۇچتۇرپان قەلئەسىنى قوغدايدىغانغا لەشكەر بولمىسىمۇ ھەم بولماس. ئەسلىدە جانابلىرىنىڭ ئالدىغا قىلىچ يالىڭاچلاپ چىقمىساق ياخشى بولاتتى. ئەپسۇس، شۇنچە ھەشەم ـ دەرەم بىلەن بوسۇغىمىز تۈۋىگە لەشكەر تارتىپ كەلگەنىكەنلا، ئۇل ئاستىلىرىدىكى باھادىرلار بىلەن بىرەر مەرتەم جەڭبازلىق قىلماي تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرسەك كۈلكىگە قېلىشىمىز چوقۇم. شۇڭا، سەركەردىلىرىدىن بىرىنى مەيدانغا چۈشۈرسىلە، بىرنەچچە قەپەس تۇتۇشۇپ كۆرەيلى. ناۋادا يېڭىلىپ قالسام قىلچىلىك ئارمىنىم يوق، ئارقامدىكى ئاشۇ بىر تۈمەن لەشكەر جانابلىرىغا پەرمانبەردارلىق قىلىدۇ.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانىنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان رەھمىتۇللا خەلىپە سەركەردىلىرىگە قاراپ توۋلىدى.

— قېنى، سەركەردىلىرىم، قايسىڭلار جەڭگە چۈشۈپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانىنىڭ يېنىنى يەرگە تەگكۈزىسىلەر؟

رەھمىتۇللا خەلىپىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە بىر سەركەردە ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى ـ دە، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار يەتتە ـ سەككىز مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان تەڭ كېلەلمىگەن بولۇپ ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. ئالدانغان ھېلىقى سەركەردە رەقىبىنى تىرىك تۇتۇۋېلىش ۋەسۋەسىدە ئېتىنى قاتتىق بىقىندىدى ـ دە، جان ـ جەھلى بىلەن قوغلىدى.

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، ئەمىر جانابلىرى، پەرمان بەرسىلە دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتەيلى، — دېدى مىرزا مۇھەممەد

شاھبەگ رەھمىتۇللا خەلىپىنى دەيدەيگە سىلىپ.
ئەسلىدىنلا جەڭبازلىق ماھارىتىدىن قىلچىلىك خەۋىرى يوق
رەھمىتۇللا خەلىپە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى راستتىنلا يې-
ڭىلدى دەپ ئويلاپ قالدى ـ دە، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان بەردى
ۋە ئۆزىمۇ مىرزا مۇھەممەدشاھبەگكە ئەگىشىپ ئات
سالدى.

ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن لەشكەرلەر
بىلەن بىردە ئېلىشىپ، بىردە چېكىنىپ، بۆكتۈرمە قويغان را-
يونغا ئالداپ كەلدى. شۇ ھامان ئىككى تەرەپتىكى بۆكتۈرمىدە
تۇرغان سەركەردىلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ قىيقاس ـ چۇقانلار
بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغان
رەھمىتۇللا خەلىپە يېنىدا مىرزا مۇھەممەد شاھبەگنىڭ يوقلۇقد-
نى سېزىپ تېخىمۇ ھودۇقتى. ئۇ ئەمدىلا ئېتىنىڭ بېشىنى
كەينىگە بۇراپ قاچماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، مۇھەممەدئىمىن با-
ھادىرخاننىڭ تۆت نەپەر سەركەردىسى خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا
ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى ـ دە، بىرى ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا
ئېلىۋالدى. قالغان ئىككىسى ياندىن مەھكەم قىستاپ، قورۇقچد-
لىرىنى يېقىن يولاتمىدى. يەنە بىرى كەينى تەرەپتىن ئاتنىڭ
ساغرىسىغا قامچا سالدى. تۆت تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىنغان
رەھمىتۇللا خەلىپە ئەنە شۇ يوسۇندا ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنىڭ
قارارگاھىغا مەجبۇرىي ئەكېتىلدى.

رەھمىتۇللا خەلىپىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى نېرىدىن
كۆزىتىپ تۇرغان مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ ناغرا چالدۇرۇپ لەش-
كەرلىرىنى جەڭدىن توختاتتى ـ دە، ئۆز قارارگاھىغا ئەكەتتى.

نائىب ۋە ئەمىرنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن
ئاقسۇ سەركەردىلىرى قاتتىق چۆچۈشتى.

— بىر ئامال قىلىپ ئەمىر جانابلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى.

— بىز مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ دامىغا چۈشۈپ



كېتىپتىمىز.

— بايا ئۇنىڭ جەڭدە يېڭىلگىنى يالغانىكەن.

— دەرھال قايتىدىن جەڭ قىلايلى.

— زىنھار ئالدىراقسانلىق قىلىشمىسىلا، سەركەردىلەر، —
دېدى ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەر مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ تەمكىن-
لىك بىلەن سۆز ئېلىپ، — ھەممىمىزگە مەلۇملۇق، شاھزادە
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرى لەشكىرىي تەدبىرگە پۇخ-
تا، جەڭبازلىق ماھارىتى تەڭداشسىز ئەزىمەتتۇر. مېنىڭچە،
لەشكىرىي كۈچكە تايىنىپ ئەمىر جانابلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز
دەيدىكەنمىز، چوقۇم زىيان تارتىپ قالىمىز. بەلكىم، ئۇلار
ئەمىر جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىرىمىز
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان قارارگاھىغا بېرىپ سۈلھى يولى ئار-
قىلىق ئەمىرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمىز ئەۋزەل.

مىرزا مۇھەممەدشاھبەگنىڭ تەكلىپىنى سەركەردىلەر بىر-
دەك قوللىدى.

— بۇ ئىشنى ئۆزلىرى رويابقا چىقارغايلا، سەر-
كەردە، — دېيىشتى ئۇلار بىر ئېغىزدىن.

ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھى.

بارگاھى ئالىينىڭ تۆرىدىكى قات ـ قات سېلىنغان تەتىللا
كۆرپىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان قاپلان تېرىسىنىڭ ئۈستىدە باداش-
لان قۇرۇپ ئولتۇرغان شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان،
سەركەردىلىرى يالاپ ئەكەلگەن ئاقسۇ ئەمىرى رەھمىتۇللا خەلد-
پىنى كۆرۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چەبدەسلىك بىلەن
ئالدىغا بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، نائىب ۋە ئەمىر جانابلىرى، بىئە-
دەپلىكىمىزنى كەچۈرگەيلا.

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قورقۇپ، پۈتكۈل ئەزايىنى قارا تەر

بىسىپ تۇرغان رەھمىتۇللا خەلىپە كۈتمىگەن بۇ ھۆرمەتتىن بىردىنلا گاڭگىرىدى، تاتارغان چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى، تىلى كالۋالىشىپ، ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ دېگەننى قىلىپ ئەتراپىغا ھودۇقۇپ قارىدى.

— نېمانچە ھۆرمەتسىزلىك بۇ، ئەمىر جانابلىرىنى باغلاشقا پېتىنغان قايسىڭلار؟

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەركەردىلىرىگە كايىغان بولۇپ، رەھمىتۇللا خەلىپىنى باغلاقتىن ئۆز قولى بىلەن بوشاتتى - دە، تۆرگە باشلىدى:

— سەركەردىلەر قوپاللىق قىلىپ قويۇپتۇ، زىنھار كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا، قېنى تۆرگە مەرھەمەت قىلسىلا.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ شۇ قەدەر كۆرسىتىۋاتقان ھۆرمەت - ئېھتىرامىدىن تەسىرلەنگەن رەھمىتۇللا خەلىپە تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇشقا پەقەتلا جۈرئەت قىلالمىدى.

— شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ كۆرسەتكەن شەپقىتىگە تەسەننا، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ۋە ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى، — گەرچە ئالىيلىرى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق نىزا - ئاداۋەت بولمىسىمۇ، ئەمما ئىشان خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمايىشى بىلەن تەسەررۇپلىرىغا لەشكەر تارتقانمىز، مانا ئەمدى قوللىرىغا تۇتقۇن بولۇپ چۈشتۇق. قانداق جازا بەرسىلە زىنھار ئاغرىنماسمىز.

— بىھۇدە خىياللاردا بولمىغايلا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىر خان تەۋازۇ بىلەن، — خان ئەمىرىنى تۇتماقلىق ئەلۋەتتە ۋاجىپتۇر. ئەھۋالنى بىلگۈچىلىكىمىز بار. ئاۋۋال بىر پىيالە ھۆرمەت چېيىمىزغا داخىل بولغايلا. ئاندىن سەركەردىلىرىمىز قارارگاھلىرىغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپ قويغاي.

يۈرىكى خېلىلا جايىغا چۈشكەن رەھمىتۇللا خەلىپە مۇھەم-



مەدئىمىن باھادىرخاننىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن تۆردىكى قاپلان تېرىسىنىڭ ئۈستىدە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن تەڭ ئولتۇردى، شۇ ئەسنادا بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن ياتىشبېگى قول باغلاپ تۇرۇپ مەلۇمات يەتكۈزدى.

— شاھزادە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئاقسۇ لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرى ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

مىرزا مۇھەممەدشاھبەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ رەھمىتۇللا خەلىپىنىڭ پۇت - قولىغا يەنە بىر ھەسسە جان كىرگەندەك بولدى - دە، لەپپىدە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا قارىدى.

— سەركەردە مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرىنى دەرھال باشلاپ كىرىڭلار.

ئۇزۇن ئۆتمەي مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ ياتىشبېگىنىڭ يول باشلىشىدا بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلدى - دە، تۆردىكى قاپلان تېرىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان رەھمىتۇللا خەلىپىگە سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ئەمىر جانابلىرى، — مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ رەھمىتۇللا خەلىپىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا قاراپ چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ سۆز باشلىدى، — ئى شاھزادە ئالىيلىرى، جانابىي نائىب، ئەمىرىنىڭ ئۈچتۇرپان زېمىنىغا لەشكەر تارتماقلىلى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىچە ئەمەستۇر. ھۇزۇرلىرىغا كېلىشىمدىكى مۇددىئا شۇكى، جانابىي ئەمىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگەيلا، ئەمىرىمىزنىڭ ئورنىدا مېنى قانداق جازاغا تارتسىلا مەيلى، ئاسملا - چاپاملا ئىختىيارلىرى، زىنھار رەنجىمەسمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئى باھادىر سەركەردە، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مىرزا مۇھەممەد شاھبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — مۆھتەرەم نائىب، ئەمىرنى ھەم جانابلىرىنىمۇ جازا-

لاشقا ھەددىمىز ئەمەس. ھەممىمىز ئىشان خان خوجامنىڭ سادا-
قەتمەن مۇرىتلىرىدۇرمىز. ئىشان خان خوجام بىزنى مۇشۇ ئۇچ-
تۇرپان زېمىنىدا خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغىلى قويسىلا شۇنىڭ-
غا شۈكرى قىلىمىز. بۇنىڭدىن ئۆزگە مۇددىئايىمىز يوقتۇر، —
ئۇ ئەمدى رەھمىتۇللا خەلىپىگە قاراپ سۆزلىدى، — ئى مۆھتە-
رەم ئەمىر جانابلىرى، پەرمانلىرىغا سەرگەشتىلىك قىلغان گۇنا-
ھىمىزنى يەنە بىر قېتىم كەچۈرگەيلا. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
ئىككىلىرى بىلەن دىدار - مۇلاقەتتە بولۇش ئارزۇيىمىز بار
ئىدى. ھالا بۇگۈن نۆۋىتى كەپتۇ، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ بىرەر
پىيالىدىن چېيىمىزغا داخىل بولۇپ قايتقايلا.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن
رەھمىتۇللا خەلىپە مىرزا مۇھەممەدشاھبەگكە قاراپ سۆزلىدى:

— بېھۇدە ئىزتىراپتا بولمىغايلا، ئى سەركەردە، شاھزادە
ئالىيلىرى ھەقىقەتەنمۇ كەڭ قورساق، مەرد ئەزىمەت ئىكەن.
ئولتۇرسىلا بىرلىكتە مۇلاقەتتە بولغايمىز.

— ئىشان خان خوجام بۇنى مەقبۇل كۆرەرمۇ نائىب، ئەمىر
جانابلىرى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ قەستەنگە جاھىل-
لىق قىلىپ، — ناۋادا بۇ ئىش ئانھەزرىتىمىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ
يەتسە، جانابلىرىنىڭ غەزەپكە قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەڭ
ياخشىسى ئوردا پەرمانىغا سەرگەشتىلىك قىلىشقا پېتىنغان شاھزا-
دە ئالىيلىرىنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولمىغانلىرى تۈزۈك.

قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئۇزۇن مەزگىل ئىلىم تەھسىل
قىلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇلۇكى ئىشقىيە يولىنى تۇتۇپ،
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلۇك تەرغىباتى ئۈچۈن بىساتىدىكى
ئورغۇن يەر - زېمىن، مال - مۈلكىنى ئىئانە قىلىپ، ئىشاننىڭ
ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن رەھمىتۇللا خەلىپە، زۇنۇن مىسرى، ئاب-
دۇقادىر جىلانى، مەۋلانا جالالىدىن رۇمى، مەنسۇر ھەللاجى،
خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى، خوجا ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىق



مەشھۇر تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تەھسىل
قىلغانلىقى ئۈچۈن، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلۇك تەرغىبا-
تىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ كەتمەيتتى. تەرىقەتچىلىك مەرىپەتچى-
لىك تەرغىباتلىرى ھەققىدە ئۆزىگە خاس قاراشلىرى بار ئىدى.
شۇ تاپتا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ كەڭ قورساقلىق ۋە
مەردلىك بىلەن كۆرسەتكەن ھۆرمەت ئېھتىرامى ئۇنى خېلى چوڭ-
قۇر ئويغا سالغانىدى. شۇڭا، ھازىر مىرزا مۇھەممەد شاھبەگنىڭ
قەستەنگە ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ خېلىلا غورۇرىغا تەگكە-
نىدى.

— مەن ئىشان خان خوجامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىپ ئاقسۇ
دىيارىنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان بول-
ساممۇ، — دېدى رەھمىتۇللا خەلىپە ھاياجان بىلەن، —
مەردلىك، كەڭ قورساقلىق، باھادىرلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلى-
قىنى شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈۋاتىمەن. بايا سى-
لىمۇ ئاڭلىدىلا، شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئۇچتۇرپان زېمىنىدا خا-
تىرجەم تىرىكچىلىك قىلىپ ياشاشتىن ئۆزگە مۇددىئاسى يوق
ئىكەن. ئەگەر ئوردا پەرمانىغا سەرگەشتىلىك قىلىش نىيىتى بول-
غان بولسا بۇ چاغقا ھېچقايسىمىز ئامان قالماس ئىدۇق. جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەل - رەئىيەتكە سالغان زۇلۇم - سىتەملىرد-
مۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ ئەھۋالدا بىر - بىرىمىزگە ئەغيار بولۇپ،
قىلىچ تەڭلىشىپ ئۆتمىكىمىز نەھاجەت. شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ
ساداقىتىنى ئىشان خان خوجامغا بىلدۈرگەيمەن. شۇل سەۋەبتىن
زۇلۇمغا ئۇچرىسام زىنھار ئۆكۈنمەيمەن. مەن ئۇچۇن ساداقەتمەن-
لىك، دوستلۇق سەلتەنەت - مەرتىۋىدىن ئەۋزەل.

— مۆھتەرەم ئەمىر جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، —
دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان رەھمىتۇللا خەلىپىگە يەنە بىر
قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — پۈتكۈل تەسەررۇپىمىزدا جانابلى-
رىدەك دوستلۇق - ئەقىدىنى ئەلا بىلىدىغان، ئادالەت ۋە ساداقەت-

نى ياقلايدىغان، ھەرقاچان ئەل ـ رەئىيەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان
ئىستېدات ئىگىلىرى كۆپ بولسا ئىدى، بىر ـ بىرىمىزگە ياغى
بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالماس ئەردۇق.
پىكىر ـ قاراشلىرى بىر يەردىن چىققان بۇ سەركەردىلەر
شۇ مۇڭداشقىنىچە تۇن نىسپى بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى.
ئەتىسى ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇشتى ـ دە، بىر ـ بىرىگە
ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۇرۇشۇپ ئايرىلىشتى. ئۆز قارارگاھلى-
رىغا قايتىپ كەلگەن رەھمىتۇللا خەلپە بىلەن مىرزا مۇ-
ھەممەدشاھبەگ لەشكەرلىرىنى دەرھال ئاقسۇغا چېكىنى-
دۇرۇپ كەتتى.

## 5

سانجۇ[①]قىشلىقى.
مەتشىرىپ باينىڭ قورۇسىدا خۇدايى قوناق[②]بولۇپ تۇرۇۋاتقان
ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى شۇئەيىب خوجا بىلەن دانىيال
خوجىدىن ئىبارەت ئاكا ـ ئۇكا مەخدۇمزادىلەر بۇ يىگىرمە نەچچە
كۈندىن بېرى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كۈنلىرىنى تەگسىز، چى-
گىش خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوشۇ-
نىنى باشلاپ ئاستانىگە باستۇرۇپ كىرگەن كۈنى، ئاستانىنىڭ
ھەرقاچان قولدىن كېتىش خەۋپىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن بۇ ئىك-
كى مەخدۇمزادە تېگىپ تەقلەپ قويغان مال ـ دۇنيالىرىنى ئېلىپ
بالا ـ چاقا، يېقىن خەلپە ـ سوپىلىرى بىلەن بىللە ئاستانىدىن
قېچىپ چىققىنىچە، ھېچ يەردە توختىماي، نام ـ ئەمەلىنى ئاشكا-

① سانجۇ — هازىرقى گۇما ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.
② قوناق — مېھمان.



رىلىماي ئۇدۇل كەشمىرگە بېرىپ توختىغانىدى.
بۇ يىل باھار ئايلىرى كىرىشى بىلەن كەشمىردىكى مۇساپىر-
چىلىق ھاياتىدىن جاق تويغان ئىككى مەخدۇمزادە سەئىدىيە سەل-
تەنىتىگە بېقىنىپ ئۆتكۈزگەن پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى ۋە ئاياغلى-
رىدا چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ، ئىتتەك ساداقەت بىلدۇرۇپ، ئېشەك-
تەك خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان تۇمەنلىگەن ئىسھاقىيەچى
مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى سېغىنىپ، سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سۇ-
لۇكى ئىسھاقىيە سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر
قىسىم مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشتى. ئۇچتۇرپاد-
ىكى شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشاندىن تەختنى تارتىۋېلىشقا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە ئاستانە
ۋە ئۇچتۇرپانغا ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ماڭدۇرغانىدى. مۆلچەر-
لىگەن قەرەلدە ئۇلار خۇشاللىنارلىق جاۋاب ئېلىپ كېلىشتى.
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مەخدۇمزادىلەرنىڭ تەكلىپىدىن
ئىنتايىن خۇرسەن بولغانلىقىنى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە
ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خوجا ھىدايىتۇللا ئى-
شان سەلتەنىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قەتئىي بەل باغلايدى-
غانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخدۇمزادىلەرنىڭ كەشمىردەك يىراق
يۇرتتا تۇرۇۋالماي سەئىدىيە زېمىنىغا كېلىپ مۇرىت ـ مۇخلىس-
لىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشى لازىملىقىنى، ۋاقتى ـ قەرەلىدە
پات ـ پات ئالاقىلىشىپ، پىكىرلىشىپ تۇرۇشنى، مۇمكىن بولسا
مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئۇچتۇرپان زېمىنىغا كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ جا-
ۋاب خەت يازغانىدى.
ئاستانىگە كەتكەنلەر ئەكەلگەن خەۋەر مەخدۇمزادىلەرنى تې-
خىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇلار خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ مەخدۇمزادىلەرنى ئاستانىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خې-
تىنى ئەكەلگەنىدى.

«بىزلەر بىر پۈشتنىڭ ئەۋلادلىرىدۇرمىز، — دەپ يازغاندى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان تەكلىپنامىسىدە، — بىزلەركىم نادان پەرزەنتلەر بولمىش خوجىزادىلەر بىلەن مەخدۇمزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتلەر سەۋەبىدىن جەننەت ماكان ئۇلۇغ بابائى ئەجدادلىرىمىز سەئىدىل مۇھەممەد جالالىدىن ئىشان كالان ھەزرەتلىرى، مەخدۇم ئەزەم خوجا ئەھمەد كاسانى پىرى بۇزرۇك، مۇھەممەدئىمىن ئىشان كالان، خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا بۇزرۇكۋارىمىز ھەمدە خوجا مۇھەممەديۇسۇپ مازار پادىشاھ بىلەن شادى خوجا ۋەلىيۇللا ھەزرەتلىرىنىڭ روھىي پاكلىرى قورۇنماقتا. ئاداۋەت ساقلىماق مۇسۇلماندارچىلىق ئەھكاملىرىغا تولىمۇ ياتتۇر، جانابىي مەخدۇمزادىلەرنىڭ بۇ ئاتا مىراس زېمىننى تەرك ئېتىپ يات يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىنى ھەر خىيال قىلغىنىمدا يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ، يېگىنىم زەھەر - زوققۇم بولىدۇ. ئى مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم، بۇل تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەرھال يولغا چىققايسىزلەر. دىدار - مۇلاقەتتە بولۇپ، ئارىمىزدىكى نىزا - ئاداۋەتلەرنى يۇيۇۋەتكەيمىز. مىسالى قان بىلەن گۆشتەك، ياغ بىلەن بۆرەكتەك ئىناق، يېقىن بولۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ بېشىغا مېھىر - ۋاپا، ساداقەت - ئەقىدە سايىۋىنىنى كۆتۈرۈپ، بۇل سەلتەنەتتە ئورتاق دەۋران سۈرگەيمىز. بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتاب ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خان خوجىنىڭ كۆزلىرى يولىڭىزغا زارىقىپ تەلمۈرمەكتە...».

ئاستانىگە يېتىپ كېلىپلا خوجا شادى بىلەن مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان بۇ دەرۋىشلەرنى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سوپى پايلاقچىلىرى تۇتۇۋالغان ۋە موللا ساقى ئارقىلىق ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئوردىسىغا



خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەخدۇمزادىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي جىلە بولۇپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان كۆڭلىگە ئاللىقانداق پىلانلارنى پۈكتى - دە، ئۇلارنى جازالىماق تۈگۈل كاتتا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى. كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئىشان خان خوجىنىڭ بۇنچە كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ئىسھاقىيەچى دەرۋىشلەر ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دامىغا چۈشتى - دە، ئىككى مەخدۇمزادىنىڭ كەشمىردە پاناھلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىشان شەيتاننىمۇ ئازدۇرالايدىغان بۇ سېھىرىي ئەپسۇنلۇق تەكلىپنامىسىنى پۈتۈپ، ئۇلارنى كەشمىرگە ئالاھىدە ھەشەم بىلەن يولغا سالدى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە ئاكا - ئۇكا مەخدۇمزادىلەر ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستانىگە بېرىپ پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك جاي تېپىۋالغاندىن كېيىن شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى - دە، دەرھال تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقتى. ئەمما، سانجۇ تەۋەسىگە كەلگەندە ئۇلارنى زور ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان مەتشېرىپ باي كۈتمىگەن يەردىن يولىنى توسۇپ قويدى.

— ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بىر پارچە تەكلىپنامىسىگە ئىشىنىپ ئاستانىگە بېرىشقا تەۋەككۈل قىلغىلى بولماس، مۆھتەرەم پىرى بۇزرۇكلىرىم، — دېدى مەتشېرىپ باي چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا.

— تەۋەككۈل قىلىشتىن باش تارتساق ئاستانىگە مەڭگۈ ئاياغ باسمىساق بولىدۇ، تەقسىر، — دېدى شۇئەيىب خوجا يولغا چىقىشقا ئالدىراپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بابائى - پەدەرلىرىمىزنىڭ قەبرىسى غېرىبسىنىپ قالدى. تۇمەنلىگەن مۇرىتلىرىمىز باشپاناھسىز قېلىپ، مۇرتەت سۇلۇكى ئىشقىيەچىلەرنىڭ

زۇلۇم ـ ستەملىرى ئاسارىتىدە تۇرماقتا. شۇنچە يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدۇق. ئەمدى ئارقىمىزغا ياناماسمىز. خوجا ھىدايىتۇللا دېگەن توڭگۇزنىڭ شاپائىتىدىن زىنھار تەمەيىمىز يوقتۇر. ئۇچتۇرپاندىكى شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئەھدۇ پەيمان بار. ئاستانىدىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا ئامان ـ ئېسەن بېرىۋالساقلا، شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن يەنە كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلغايمىز. ھازىرچە ئاستانىدە جانىنى ساقلاپ قالساقلا كۇپايە.

— نادان مۇخلىسلىرىنىڭ ئويىمۇ ھەم شۇ، ئى جانابىي پىرى بۇزرۇكۇم، — دېدى مەتشېرىپ باي، — ئەمما ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش پۈتمەس.

— ئەمىسە ياخشىراق بىرەر تەدبىرلىرى بولسا كۆرسەتكەيلا، تەقسىر، — دېدى دانىيال خوجا بىرئاز ئارىسالدا بولۇپ، — بايا سىلى ئېيتقاندەك ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ ئاستانىگە قەدەم بېسىش ھەقىقەتەن خەتەرلىكتۇر.

— مېنىڭچە، — دېدى مەتشېرىپ باي بومبار ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، — پىر بۇزرۇكلىرىم ئول ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئامانلىقلىرىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز مۆھرىنى بېسىپ بىر پارچە كاپالەتنامە يېزىپ ئەۋەتىش خۇسۇسىدا بىر پارچە نامە ئەۋەتكەيلا. ئىشان خاننىڭ مۆھرى بېسىلغان كاپالەتنامە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئاستانە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرسىلىمۇ كېچىكمەيلا. ناۋادا ئىشاننىڭ قورسىقىدا جىن بولسا كاپالەتنامىنى يازمايدۇ. كاپالەتنامە قوللىرىدا بولسىلا ئول مۇرتەت ئىشان نامەردلىك قىلىشتىن ئۈيىلار.

مەتشېرىپ باينىڭ تەكلىپىنى ئىككى مەخدۇمزادە لايىق كۆردى ـ دە، ھىدايىتۇللا ئىشانغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يازدى.



«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، شاپائەت ۋە ساخاۋەتلىك، مېھرىبان ۋە ئادالەتلىك جانابىي ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خان خوجامغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بىزلەركىم پۈشت قېرىنداشلىرى مەخدۇمزادىلەر ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تولىمۇ خۇرسەنچىلىك ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە كەشمىردىن يولغا چىقىپ سانجۇغا قەدەم كەلتۈردۇق. سەپىرىمىز بىسيار مۇشكۇلاتچىلىق ئىلكىدە داۋاملاشماقتا. ئۆتەڭ، لەڭگەرلەردە مۇرىتىل ھىدايەتچى خۇپىيە ـ پايلاقچىلار ھەربىر قەدىمىمىزنى تەقىب قىلىپ سەپىرىمىزگە مۇشكۇلاتلار كەلتۈرمەكتە. گەرچە ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك تەكلىپ ـ ۋەدىلىرىگە قىلچىلىك دەرگۇماندا بولمىساقمۇ، ئەمما خۇپىيەلەرنىڭ تەقىبلىرى كۆڭلىمىزگە شەك چۈشۈرۈپ تۇرماقتا. شۇڭا، بىزلەرنىڭ قالدى سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، ھاياتىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن خان ئىشانلىق مۆھۈرلىرىنى بېسىپ كاپالەتنامە ئەۋەتكەيلا. شۇل چاغدا كۆڭلىمىز ئەمىن تېپىپ، ئاستانىگە خاتىرجەم قەدەم كەلتۈرگەيمىز. گەپ تامام.

پۈشتى قېرىنداشلىرى مەخدۇمزادىلەردىن»

بۇ خەتنى كۆرگەن ھىدايىتۇللا ئىشان خۇددى قاپقانغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كېيىكنى كۆرگەن ئوۋچىدەك قاتتىق ھاياجانلاندى ـ دە، دەرھال بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ مۆھۈرىنى باستى.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«بارلىق مەدھىيە ـ ھەمدۇسانالارنىڭ ئىگىسى ئاللاغا ھەمدە ئاللاھنىڭ شۈبھىسىز ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىسيار شۈكرى. ئۆزۈڭدىن بېرى ھەر

ۋاخ نامىزىمدا جانابىي ئاللادىن تىلىگەن مۆھتەرەم قېرىند-
داشلىرىم مەخدۇمزادىلەرنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش
ئارزۇيۇم ئاخىرى ئىجابەت بولىدىغان ئوخشايدۇ. سائادەتمەن
ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ئۇلۇغ پىر ئەزەملىرى بولمىش
ئاكا - ئۇكا مەخدۇمزادىلىرىمىزگە، بۈيۈك سەلتەنىتىمىز-
نىڭ سۇھەيىل يۇلتۇزلىرىغا، ئەھلى ئۇممەت، ئەھلى رە-
ئىيەتنىڭ رەھنامىلىرىغا كاتتا سالاملار بولغاي.
ئى مەخدۇمزادىلىرىم، بىز بىر دەرەخنىڭ مېۋىلىرى،
بىر ئاتىنىڭ پۇشتى - ئەۋلادلىرىدۇرمىز. شۇل تاپتا جانا-
بىي مەخدۇمزادىلەرنىڭ قېرىنداشلىق، خىش - ئەقرىبالىق-
نى ئەلا بىلىپ، بابائى بۇزرۇكلاردىن قالغان ئاداۋەت -
خۇسۇمەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، دوستلۇق، ئەقىدە - سادا-
قەتمەنلىكنى ئەلا بىلىپ ئاستانە تامان كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭ-
لاپ، بىر جۈپ ئالتۇن ئېگەرلىك تۇلپارنىڭ كۈمۈش چۇل-
ۋۇرىنى بوينۇمغا سېلىپ ئالدىلىرىغا ئىستىقبالغا بارالمى-
غانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈنمەكتىمەن. زىنھار گۇمان ۋە
ئىزتىراپتا بولمىغايسىزلەركى، سىز مەخدۇمزادىلىرىمىزگە
بولغان دىدار تەشنالىقىمىز ئۇلۇغ ھەقتائالا ئىگەمگە بولغان
ئەقىدىمىزگە ئوخشاش شەكسىزدۇر. بۇل سەلتەنەتتە سىز-
لەرنىڭمۇ ھەم بىر ئۇلۇش ھەققىڭىزلار باردۇر. بىزلەر بۇل
سەلتەنەتنىڭ ئالتۇن تاجى بولساق، سىزلەر ئاشۇ تاجىغا
سۆلەت بېغىشلىغۇچى دۇر - گەۋھەردۇرسىزلەر. قەشقەر-
دىكى پەيزاۋات، ئاستانىدىكى توققۇزكەنت ھەمدە خوتەندىكى
ئاقساراي، گۇما - سانجۇلار سىز مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئاتا
مىراس زېمىنلىرىدۇر. بۇ زېمىن - تەسەررۇپلار ھېلىمۇ
سىزلەرگە مەنسۇپتۇر. تېزرەك كەلسىڭىزلەر مۇرىت -
مۇرشىدلىرىمىزنى ئەگەشتۈرۈپ بىرلىكتە سۆلەت - سۇل-
كەت بىلەن يۈرسەك، ئۇ دۇنيالىق ۋە بۇ دۇنيالىق



راھەت - پاراغەتنى تەڭ كۆرسەك، بىزنىڭ بۇ نىيەت -
ئىقبالىمىزنىڭ ساپلىقىغا، ۋەدە - ئەھدىمىزنىڭ راستلىقىغا
قادىر ئاللا گۇۋاھ، ئىمانىمىز گۇۋاھ.
ئى مەخدۇمزادىلىرىم، تېزرەك كەلگەيسىزلەر. مۇبا-
رەك جامالىڭىزلارغا تەشنا بولۇپ چاك - چاك يېرىلغان
يۈرىكىمىزنى دىدار شەربەتلىرى بىلەن سۇغىرىپ كۆڭلىمىز-
نى ئارام تاپقۇزغايسىزلەر.
مەزكۇر مەكتۇپنىڭ راستلىقى ئۈچۈن بىزلەركىم سۇل-
تانۇل مۇھەققىقىن ھىدايىتۇللا ئاپاق ئىشان خان خوجا
مۆھۈرۈمنى باستىم».

مەخدۇمزادىلەر ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بۇ مەكتۇپىنى كۆرۈپ
خېلىلا خاتىرجەم بولۇشتى - دە، سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى.
لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر مەتشېرىپ باي بۇ مەكتۇپنى يېنىش -
يېنىشلاپ ئوقۇيتتى، ئوقۇۋېتىپ تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولات-
تى. مەخدۇمزادىلەرگە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ قارايتتىيۇ،
تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى يەنە يۇتۇۋېتەتتى.
— ئى جانابىي پىرى بۇزرۇكۋارلىرىم، — دېدى ئۇ ئاخىر
غەيرەتكە كېلىپ، — بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى. دېسەم ئەيىبكە
بۇيرۇلۇشۇمدىن، دېمىسەم پۇشايمان، ھەسرەتتە قېلىشىمدىن
ئەنسىرەپ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەن.
— ئى جانابىي زاتىل ئەقتابىم، ھەرنە بولسا تارتىنماي
دېسۇنلار، — دېدى شۇئەيىب خوجا.
— گەرچە بۇ مەكتۇپقا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مۆھۈرى بې-
سىلغان بولسىمۇ، يەنىلا يۈرىكىمنى بەتگۇمان چىرمىۋالدى. دې-
مەكچىمەنكى، ئاپاق خوجىنىڭ ئەھدۇ ۋەدىسىگە يەنىلا تەلتۆكۈس
ئىشەنگىلى بولماس. ئىككىلىرى سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكى-
مىزنىڭ رەھنامالىرىدۇر. شۇڭا، ئاستانىگە بىللە بارمىغانلىرى

ئەۋزەل. مېنىڭچە، ئاۋۋال بىرىلىرى بىرىپ ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن كۆرۈشكەيلا. ناۋادا خان ئىشاننىڭ نىيەت ـ ئىقباللىرى دۇرۇس بولسا، بەتنىيەتتە بولمىسا ئاندىن يەنە بىرلىرى ئاستانىگە بارغان بولسىلا. ياراتقان قادىر ئىگەم ھەر ئىككىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

— خاتىرجەم بولسىلا، تەقسىر، — دېدى دانىيال خوجا ئىشەنچ بىلەن، — قولىمىزدا ئىشان خاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان كاپالەتنامە بولغاندىكىن ھېچقانچە چاتاق چىقماس. ئارتۇقچە گۇماندا بولۇپ چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزمىگىنىمىز ياخشى.

— مەتشېرىپ باي ھەزرەتلىرىنىڭ تەكلىپى توغرا، — دېدى شۇئەيب خوجا بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — گەرچە قولىمىزدا كاپالەتنامە بولسىمۇ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا ئىسپات بولالماس. شۇڭا، ئى ئەزىز ئىنىم، سىز بالا ـ چاقىلار بىلەن سانجۇدا بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرغايسىز. بۇل تەۋەككۇلچىلىككە مەن ئاتلىناي. ناۋادا ھىدايىتۇللا ئىشان ۋەدىسىدە تۇرماي بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالغۇدەك بولسام دەرھال دەھبىتكە[1] قايتىڭ.

— سىزنى قانداقمۇ يالغۇز يولغا سېلىپ قويالايمەن، ئەي ئەزىز ئاكا، — دېدى دانىيال خوجا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — مەنمۇ بىللە باراي، ھەرنە بولسا تەڭ كۆرگەيمىز.

— يەنىلا ئېھتىيات قىلغىنىمىز ئەۋزەل. سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىزنى سەئىدىيە تەسەررۇپىدا مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇققا ئىگە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم بىرىمىز ئامان قېلىشىمىز لازىم. شۇڭا، سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ.

ئاكىسىنىڭ بۇيرۇقىنى يىرالمىغان دانىيال خوجا سانجۇدا خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

[1] دەھبىت — پەرغانىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.



## 6

بىر ئايدىن بېرى يەكەن دەرياسىغا كەلگەن ھەيۋەتلىك كەلكۈن بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ بىرئاز پەسىيىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ دەريا نېمىسىدۇر غەزەپلەنگەندەك دەھشەتلىك ھۆركىرەيتتى، كۆۋەجەپ، دولقۇن ياساپ لاي ـ لاتقىلارنى چاچرىتاتتى. يارىلانغان ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئۆزىنى ئىككى قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇراتتى. تېرىلغۇ يەرلەرنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، مال ـ چارۋىلارنى، ئۆي ـ زېمىنلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتاتتى. دەريانىڭ ھەيۋەتلىك ھۆركىرىشى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. قىرغاقتىكى ئادەملەرنى سۈر ـ ۋەھىمە باساتتى.

كەچ پېشىن بىلەن ئون نەچچە خەلىپە ـ سوپىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەن شۇئەيب خوجا مىنىپ كەلگەن تۆگە، ئاتلىرىنى دەريا ساھىلىدىكى قومۇشلۇققا قويۇپ بېرىپ، دەريا سۈيىدە ئالدىراش ـ تېنەش تەرەت ئېلىشتى ـ دە، پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا تۇتۇندى.

يول بويى كاللىسىنى تۈرلۈك خىياللار چىرمىۋالغان شۇئەيب خوجا پېشىن نامىزىنى تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا ئىخلاس بىلەن ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن ئاللادىن ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا خاتىرجەملىك تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلدى.

— كېچىك نەدە بولغىيتتى، پىرىم؟ — سورىدى مۇرىتلاردىن بىرى دەرياغا قورقۇمسىراپ قاراپ، — ئەتراپتا ئادەمزات كۆرۈنمەيدۇ.

— ئاۋۋال قورساققا ئازراق بىرنەرسە يەۋالايلى، ئاندىن كېچىك ئىزدەيلى، — دېدى شۇئەيب خوجا.

ئۇلار چۆگۈن، نوگاي، كاشكۇللىرىغا دەريانىڭ لاي سۇلىرىنى ئۇسۇپ سۈزۈلدۈرۈش ئۈچۈن قويۇپ قويۇشتى ـ دە،

داستىخان راسلاشقا كىرىشتى.

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ قېشىغا دېھقان سوپەت ئوتتۇرا ياشلىق بىر يولۇچى ئېشىكنى يېتىلىگىنىچە يېتىپ كەلدى ـ دە، شۇئەيىب خوجىغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى شۇئەيىب خوجا ئولتۇرغان ئورنىدىن بىرئاز قىمىرلاپ، — داستىخانغا كەلسىلە، مېھمان.

— رەھمەت، بېقىۋەرسىلە، تەقسىر، — دېدى ئېشەكلىك كىشى ئۇلارغا قىزىقىپ قارىغىنىچە ئورنىدىن مىدىرلىماي، — ئەھۋالدىن قارىغاندا دەريادىن ئۆتىدىغان كېچىك ئىزدەۋاتقان ئوخشىمالا، تەقسىرلىرىم.

— شۇنداق، لېكىن بۇ ئەتراپتا كېچىك باردەك ئەمەس.

— كېچىك ئاياغ تەرەپكە يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ دەريادىن ئۆتمەكچىدىم.

— ئۇنداق بولسا جىندەك تەخىر قىلسىلا، كېمە قېشىغا بىللە بارايلى.

— تولا ئوبدان، — دېدى ئېشەكلىك كىشى ۋە گەپ كوچىلاشقا باشلىدى، — ئەھۋالدىن قارىغاندا تەقسىرلىرىم بۇ يۇرتتىن ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق بىز سانجۇدىن كەلدۇق، — دېدى شۇئەيىب خوجىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى جاۋاب بېرىپ، — ئاستانىگە ئىشان خان خوجام ھوزۇرىغا كېتىپ بارىمىز.

ئېشەكلىك كىشى ھەيران بولغان قىياپەتتە يەنە سورىدى:

— ئەسلىدە جانابىي ئەزىزلەر ئۇلۇغ ھىدايىتۇللا ئاپاق ئىشان خان خوجامنىڭ ئىززەتلىك مېھمانلىرى ئىكەن ـ دە، تەقسىرلىرىمنىڭ نام ـ ئەمەلى كىم بولىدىكىن؟

— بۇل زاتى مۇبارەك سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ



پىرى ئەزەمى مەخدۇمزادە شۇئەيىب خوجا بۇزرۇكۋارىمىز بولىدۇ، — جاۋاب بەردى ھېلىقى ئاغزى ئىتتىك مۇرىت تەكەببۇرلۇق بىلەن تونۇشلۇق بېرىپ، — بىز نېمەتلىك پىرىمىزنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىدىندۇرمىز.

ئېشەكلىك كىشى ئالدىراش ـ تېنەش شۇئەيىب خوجىغا سالام بەردى.

— كۆزىمىزنىڭ كورلۇقىدىن ئۇلۇغلىرىمىزنى تونۇيالماي بىئەدەپلىك قىلىپ قويۇپتىمىز. گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيلا، خوجام.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. ياراتقان ھەقتائالا ئىگەم چەكسىز مېھرىباندۇر، — دېدى شۇئەيىب خوجا كەڭ قورساقلىق بىلەن، — كەلسىلە، بىرلىكتە ھەمداستىخان بولايلى.

— مەخدۇمزادىمىزنى ئارتۇقچە مالال قىلىشقا ھەددىم ئەمەس، — دېدى ئېشەكلىك كىشى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ھەزرەتلىرى، بەھۇزۇر غىزالانغايلا، ئۇنىڭغىچە مەن ئىككى سەكرەپ بېرىپ دەريانىڭ كېچىكىنى بىلىپ كېلەي.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە، تۇيۇقسىز دەريا بويىدا تۆت يۈزگە يېقىن ئادەم خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. كىيىنىشلىرىدىن ئاۋامغا ياكى لەشكەرگە ئوخشاشمايدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا تامامىي دېگۈدەك قىلىچ بار ئىدى، دەھشەت يېغىپ تۇرغان چىرايلىرى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بايامقى ئېشەكلىك كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ شۇئەيىب خوجا بىلەن ھەمراھلىرىنى بىردىنلا ۋەھىمە باستى، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قورقۇمسىراپ قاراشتى، پۇت ـ قوللىرى تىترىدى، يۈرەكلىرى كۆكرىكىدە ئات چاپقاندەك دۈكۈرلىدى. بۇ بىر توپ ئادەملەر ئۇلارنى ياي شەكلىدە قورشاپ دەرياغا قاپساپ كەلمەكتە

ئىدى.

شۇئەيب خوجا يۈرىكىدىكى ۋەھىمىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىلەر نېمە ئادەملەر، بىزدە نېمە ئىشىڭلار بار؟

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، تەمبەل، ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئادەم تەكەببۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىز ھەزرىتى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئاپاق خان خوجامنىڭ زاتىل ئەقتابلىرىمىز. پەرمانغا بىنائەن مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئالدىغا چىقتۇق.

— مېھمانىنىڭ ئالدىغا قىلىچ يالىڭاچلاپ چىقىدىغان قائىدە نەدە بار؟ — دېدى شۇئەيب خوجىنىڭ سوپىلىرىدىن بىرى قاپىقىنى تۈرۈپ، — شۇنچە يىراقتىن جاپا تارتىپ كەلسەك، ئالدىمىزغا مەپە ئەۋەتمەي قىلىغان قىلىقىنى كۆرۈڭ خان ئىشان ئالىيلىرىنىڭ.

— تەقسىرلىرىمگە شۇ تاپتا مەپىنىڭ كېرىكى بولمىسا كېرەك، — دېدى ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشى مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

ئېگىز بويلۇق بۇ ئادەم ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يېقىن خەلىپىسى موللا ساقى ئىدى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ تۇرغان شۇئەيب خوجىنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شېرىكلىرىگە بۇيرۇق بەردى:

— بۇرادەرلەر، تۇتۇڭلار بۇ قارامۇسۇلمان مۇرتەتلەرنى.

شۇئەيب خوجا بىلەن ھەمراھلىرى ھەش - پەش دېگۈچە باغلاققا چۈشۈپ قالدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى شۇئەيب خوجا غەزەپتىن بوغۇلۇپ، — بىز ئىشان خان خوجامنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن مېھمانلارمىز، قولىمىزدا خان ئىشاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان كاپالەتنامە بار.



— بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ ئىشان ئاپاق خان خوجامنىڭ سەن ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەرنى تۇتۇۋالغان ھامان ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن مۆھىرى بېسىلغان پەرمانى بار، — دېدى موللا ساقى كۆرەڭلىك بىلەن، ئۇ قوينىدىن بىر پارچە خان يارلىقىنى ئېلىپ شۇئەيب خوجىغا كۆرسەتتى.

— ئالدىنىپتىمىز، يارانلار، — دېدى شۇئەيب خوجا غەزەپتىن دىر - دىر تىترەپ، — ھىدايىتۇللا ئىشان دېگەن بۇ مۇناپىق مەلئۇن لەۋزىدە تۇرماپتۇ، — ئۇ ئەمدى موللا ساقىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — مېنى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا باشلاپ بار. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

— دانىيال خوجا قېنى؟ — سورىدى موللا ساقى شۇئەيب خوجىنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمەي.

— دانىيال خوجا كەلمىدى، — دېدى شۇئەيب خوجا ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ھەرنېمە بولسا دانىيال خوجىنى ئالماي كەپتىكەنمەن.

موللا ساقى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى.

— ھەتتەڭەي! دانىيال خوجا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدى - دە، بوپتۇ بىرنەچچە ۋاخ ئارتۇق ياشىۋالىدىغان بولدى شۇ، — موللا ساقى يېنىدىكى جاللاتلىرىغا قاراپ بۇيرۇق چۈشۈردى، — قېنى، يارانلار، ئىشان خان خوجامنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ مۇرتەتلەرنى ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلۈكىنى دەرياغا تاشلاڭلار.

— ھىدايىتۇللا! ھۇ مۇناپىق نامەرد، ئاخىرى بىر كۈن خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر...

شۇئەيب خوجىنىڭ قارغىشى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە موللا ساقىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان قىلىچى بويىنىغا چۈشتى - دە، قىلىچنىڭ بىسى كۆكرەك سۆڭىكىنى كېسىپ ئۆتۈپ مەيدىسىدە توختىدى. شۇ ھامان شۇئەيب خوجىنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ يەرگە

گۇپپىدە يىقىلدى ـ دە، تىپىرلاپ ـ تىپىرلاپ جان بەردى.
مولىلا ساقى ئۇلارنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ لىق تىللا ۋە
سەئىدىيە كۇمۇش تەڭگىسى تولدۇرۇلغان هەميانلىرىنى ئېلىۋال-
غاندىن كېيىن باغلاقلىق پېتى تاغارغا سولاپ دەرياغا تاشلاتقۇز-
دى. هەيۋەت بىلەن لايقىلاپ ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسىنىڭ قوينى-
دا ئۇلارنىڭ جەسىتى بىردە لەيلەپ، بىردە چۆكۈپ قايناملار
ئارىسىدا بىردەمدىلا غايىب بولدى.
مولىلا ساقىلار ئىشنى تۈگىتىپ دەريانىڭ ئاياغ ئېقىمى تەرەپ-
كە كېتىشى هامان، تەرەت قىلىش ئۈچۈن قومۇشلۇق ئارىسىغا
كىرىپ كېتىپ، بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان شۇئەيىب
خوجىنىڭ بىر مۇرىتى ۋەھىمىدىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن
گەۋدىسىنى ئاران ئۆرە قىلدى ـ دە، سانجۇ تەرەپكە قاراپ جىنى-
نىڭ بارىچە يۈگۈردى.

## 7

مەخدۇمزادە شۇئەيىب خوجىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇزۇن يىللار-
دىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن دادىسى خوجا
مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشاننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئارزۇسىنى ئاز-
راقمۇ بولسا قاندۇرغان خوجا هىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خۇشاللىقلى-
رى ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. مۇھەممەدئىمىن باهادىرخان
بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ خوجا هىدايىتۇللا ئىشاننىڭ
نەزىرىنى ئۈچتۇرپاندىن بۇرنۇېتىش مەقسىتىدە قاراقاش، قاغى-
لىق، پەيزاۋات، سېرىققول، تاشمىلىق، ئىشقول قاتارلىق يۇرت-
لاردا پىلان بويىچە ئېلىپ بارغان خۇددى كۆز يامغۇرىنىڭ گۈل-
دۈرمامىسىدەك كىچىك كۆلەمدىكى قوزغىلاڭلار، هىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، قاتتىق ۋەسۋەسىگە سېلىپ



قويغانىدى.
مۇشۇ قوزغىلاڭلار سەۋەبلىك خوجا هىدايىتۇللا ئىشان بىلەن
ئەركانى دۆلەت مىرزا ئىدرىسبەگ ئوتتۇرىسىدا خېلىلا چوڭ پى-
كىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى.
— سۈلۈكى ئىسهاقىيەچى قارا مۇسۇلمان مۇرتەتلەر شۇئە-
يىب خوجىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن سەلتەنەت بىلەن قار-
شىلىشىۋاتىدۇ، — دەيتتى هىدايىتۇللا ئىشان.
— يېڭىلىشتىلا، ئانھەزرىتىم، ئىسهاقىيەچى مۇرتەتلەر بۇ-
يۈك سەلتەنىتىمىز بىلەن قارشىلىشىشقا زىنهار پېتىنالماس.
بۇلارنىڭ هەممىسى مۇھەممەدئىمىن باهادىرخان باشچىلىقىدىكى
دەھرىي سەئىدىيە ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلىڭىدۇر. ئول دەھرىي ئاز-
غۇنلاردىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك، — دەيتتى مىرزا ئىدرىس-
بەگ ئۆز مۇلاھىزىسىگە ئاپاق خوجىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ.
هىدايىتۇللا ئىشان بولسا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئېشىكىنى يورغى-
لىتاتتى.
— كالتە پەملىك قىلىۋاتىدىلا، تەقسىر، دەھرىي سۇلتان
ئىسمائىلخان ئۇلۇغ موڭغۇل خان خوجامنىڭ دەرگاهىدا تۇرغاق
بولۇپ تۇرۇۋاتقاندىن بېرى دەھرىي سەئىدىيە جەمەتىدىن بىزنىڭ
سەلتەنىتىمىزگە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالىغۇدەك ئادەم قالمىدى.
ئول مۇھەممەدئىمىن باهادىرخان بولسا ئۈچتۇرپاننىڭ ئەمىرلىك
نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ، بىزگە ئىخلاسمەنلىك بىلدۈرۈپ
خىزمەت قىلماقتا. شۇڭا، بېشى يانجىلغان يىلاندەك قايانغا بې-
غىرلىشىنى بىلەلمەي تۇرغان سەئىدىيە ئەۋلادلىرىدىن ئەمەس،
ئەڭ ئەشەددىي ئەغيارىمىز ئىسهاقىيەچى مۇرتەتلەردىن ئېھتىيات
قىلغىنىمىز ئەۋزەل. ئول قارا مۇسۇلمان خەرلەرنىڭ تۇخۇمىنى
قۇرۇتماي تۇرۇپ سەلتەنىتىمىزگە بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق يوق-
تۇر. ئېيتىسىلچۇ، تەقسىر، لەشكىرىي دىۋاندىن هەميان ـ
هەميان ئاقچىلارنى ئېلىپ جان بېقىۋاتقان خۇپىيەلىرىمىز نېمىشقا

ھازىرغىچە دانىيال خوجا دېگەن توڭگۇزنىڭ كۈچۈكىنى دېرەكلىيەلمەيدۇ. لەشكىري دىۋانىنىڭ يېقىندىن بېرىقى خىزمەتلىرىدىن زىنھار رازى ئەمەسمەن.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي. خۇپىيەلىرىمىز ئول مۇرتەت دانىيال خوجىنى تەرەپ - تەرەپلەردىن يۇرت - يۇرتلاردىن دېرەكلەۋاتىدۇ، ئەمما ئاكىسى شۇئەيىب خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئول مەخدۇمزادە خۇددى مۈشۈكتىن قورقۇپ ئىنىغا كىرىۋالغان چاشقاندەك پەقەتلا دىدار كۆرسەتمەيۋاتىدۇ.

مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى مۈشۈككە ئوخشىتىشى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تىتاك تومۇرىغا تەگدى. ھەرقاچان ئۆزىنى ۋەلىيۇللا، قۇتبىل ئەقتاب، سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، كەشپۇ كارامەتچى، سۇلۇكى ئىشقىيەنىڭلا ئەمەس، بىر پۈتۈن ئەلنىڭ پاسىبانى، يولباشچىسى ھېسابلاپ، باشقىلارغا ئەقىل ئۆگىتىپ، ھەربىر ئېغىز سۆزلىرى ئۈچۈن مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ ئاغزىدىن «پىرىمىنىڭ ئەمرى، خۇدانىڭ ئەمرى» دېگەن دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان ھىدايىتۇللا ئىشان ئۈچۈن، مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ ھە دېگەندە ئۆز كۆز قاراشلىرىغا قارشى پىكىر يۈرگۈزۈشلىرىدىن، ئەقىلدارلىق قىلىپ ساقال غېرىچلاشلىرىدىن قاتتىق بىزار بولۇشقا باشلىغانىدى. نازۇك تەبىئەتلىك، تېپىك قەشقەرلىكلەرگە خاس مىجەز - خۇلق يېتىلدۇرگەن ھىدايىتۇللا ئىشان شۇ تاپتا قاتتىق رەنجىپ قالغانىدى.

«... كاتتا سەلتەنەتنىڭ پاسىبانى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئىشان خان خوجا بولۇپ تۇرۇقلۇق ئەمدى چاشقان تۇتۇشتىن ئۆزگىگە يارىمايدىغان مۈشۈك مىسالى بولۇپ قالدۇقمۇ ئەمدى. تەشەككۇر! مىرزا ئىدرىسبەگ. سىلىنى شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ سەلتەنىتىمدىكى ئەڭ كاتتا مەنسەپ ئەركانى دۆلەتلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغىنىمغا تەشەككۇر! لەشكىري دىۋانىنىڭ ئەمرى



كەبىرلىك كۇرسىدا ئولتۇرغۇزغىنىمغا تەشەككۇر...»

— ھايھات! ھايھات! ئەركانى دۆلەت جانابلىرى! — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان خاپىلىقىنى يوشۇرالماي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بىزلەر چاشقان تۇتۇشقىمۇ يارىماس مۈشۈك بولساق، تەقسىر ئۆزلىرى نېمە بولۇرلا، كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقلىرىنى بايقاپ سۆزلىسىلە، تەقسىر، پىر بۇزرۇكنى يارىماس بىر ھايۋانغا ئوخشىتىش شۈبھىسىز كۇپۇرلۇقتۇر، قاتتىق تۇۋا قىلماقلىق كېرەك.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى چۈشەنمەي بىر ئېغىز سۆزگە ئۈششۈقلۇق بىلەن ئېسىلىۋېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ ئاغزى دەماللىققا گەپكە كەلمىدى. ئىشان خان خوجىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ سوغۇق تەرلىدى، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى.

— كە... كەچۈرگەيلا ... ئا ... ئانھەزرىتىم، ساداقەتمەن مۇرىتلىرى زىنھار ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، مۇددىئايىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايلا.

— بەس! ھەددىلىرىدىن تولا ئاشمىسۇنلار! — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ «مۇددىئايىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايلا» دېگەن گېپىگە تېخىمۇ بەك تېرىكىپ، — بىزلەركىم ئىشان خان خوجا بولمىش قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكنى مۇرىت - مۇرشىدلارنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ غوۋغا قىلىشىدىن ئۇيالسىلا، تەقسىر. شۇنداقلا كەشپۇ كارامەت كۆرسەتسەك يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدىكى سىر - ئەسرارلاردىن تولۇق خەۋەردار بولغۇچىلىكىمىز بار. جانابلىرى ئۆزلىرىنىڭ سەئىدىيە ئوردىسىدا ئۇزۇن مەزگىل ئەمىر بولغانلىقلىرىنى پەش قىلىپ، بىزلەركىم ئىشان خان خوجىنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن بىخەۋەر چاغلاپ خويمۇ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتىدىلا. ھە دېگەندە بىزنىڭ پەرمانىمىزدىن قۇسۇر ئىزدەپ، لەشكىري دىۋان نامىدىن خالد-

غانچە پەرمان چۈشۈرۈۋاتىدىلا.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بۇ سۆزلىرى مىرزا ئىدرىسبەگكە تۆھمەت بولۇپ تۇيۇلدى.

— يوقسۇ، قىبلىگاھىمدىن بىسوراق پەرمان چۈشۈرگىنىمىز يوق.

ھىدايىتۇللا ئىشان مىرزا ئىدرىسبەگكە نەشتەردەك تىكىلدى:

— يالغانچىلىق ئېغىر گۇناھتۇر. ئاقسۇ ئەمىرى رەھمىتۇللا خەلپىگە ئۈچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكەپ كېلىش، ئۈچتۇرپان ئەمىرى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى قەتلە قىلىش خۇسۇسىدا چۈشۈرگەن پەرمانلىرىدىن تېنىۋالماقچىمۇ سىلى؟

— بۇ ... بۇ ئىشتىن ئانھەزرىتىمنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئېھتىمالىم ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئوخشايدۇ...

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ رەھمىتۇللا خەلپىنى ئۈچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ئاستانىگە يۆتكەپ كەتمەسلىك، سەلتەنەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئۈچتۇرپاندا لەشكەر تۇرغۇزۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكى، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتىنىڭ يوقلۇقى خۇسۇسىدا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا مەلۇمات يوللاتقۇزغانىدى. مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ لەشكىرىي دىۋان نامىدىن چۈشۈرگەن بۇ پەرمانىدىن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ راستىتىنلا خەۋىرى يوق ئىدى. مەلۇماتنامىنى كۆرۈپ مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن ئىشاننىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشكەنىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدىكىنى بىلىندۇرمەي، مىرزا ئىدرىسبەگنى ئاستىرتىن تەقىب قىلىشقا باشلىغانىدى. ئىشان ئورنىدا مىرزا ئىدرىسبەگلا ئەمەس، ـ ھەرقانداق بىر ئەمىر ـ سەركەردىسىنىڭ ئىناۋەت تېپىپ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن قاتتىق ۋايىم يەيتتى. ھە دېگەندە ساقال تاراپ، ئەقىلدارلىق



قىلىپ كېتىۋاتقان مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىزار بولۇپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سەۋر قاچىسى بۇگۈن بىردىنلا تاشقانىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇ كۆڭلىدىكى گۇمانلىرىنى بىراقلا ئاشكارىلىدى.

— ئېيتسىلا، ئۇل پەرماننى چۈشۈرۈشتىكى مۇددىئالىرى زادى نېمە، ئەركانى دۆلەت جانابلىرى؟

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۆزلىرىدىكى ئاشكارا تەئەددىنى چۈشەنگەن مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ تىلى گەپكە كەلمىدى، ۋۇجۇدىنى قارا تەر بېسىپ ئۆزىنى تەگسىز بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ بارغاندەك سەزدى.

— بۇ... بۇ ... مۆھتەرەم ئانھەزرىتىم ... بۇ ...

ھىدايىتۇللا ئىشان غەزەپ بىلەن قول سىلكىدى.

— بەس! پىر بۇزرۇكىدىن سىر يوشۇرماقلىق، خان خوجىسىدىن سەلتەنەت ئىشلىرىنى خۇپىيانە تۇتماقلىق ئېغىر گۇناھتۇر. ئەمىرىكەبىر جانابلىرى، ھازىرچە قايتسۇنلار، باشقا كۈنى مۇلاقەتتە بولغايمىز.

ھىدايىتۇللا ئىشان شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۆكۈپ لاغىلداپ تۇرغان مىرزا ئىدرىسبەگكە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويۇپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ گۇمانخور، ئىچى تار، قارا كۆڭۈل، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايدىغان تەبىئىتى، قول ئاستىدىكى بىرەر ئادەمنى ئىشەنچسىز دەپ قارىغان ھامان ئىچىنى قۇرتتەك غاجىلاپ، كۆزىدىن يوقاتمىغۇچە كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مىرزا ئىدرىسبەگكە بولغان ئىشەنچىسىدە ئازراقلا تەۋرىنىش بولۇۋىدى، كاللىسى ھەرە كىرىۋالغان قاپاقتەك غوڭۇلداپ، كۆڭۈل ئارامى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتتى. ۋۇجۇدىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن مىكىر تەدبىرىنى دەرھال ئىشقا سالدى.

شۇ ئىش بولۇپ ھەپتە ئۆتكەندە، ھىدايىتۇللا ئىشان لەشكە-
رىي دىۋاندىكى مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ يىقىنى دەپ گۇمان قىلغان
يەتتە نەپەر سىپاھبەگنى مىرزا ئىدرىسبەگ بىلەن بىرلىكتە مەك-
كىگە ھەج قىلىپ كېلىشكە يارلىق چۈشۈرۈپ كۆزىدىن يوقاتتى.
ئوردىدىكى يۇقىرى مەنسەپنى ئىگىلەپ تۇرغان بۇ ئەمىرلەرنى
بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن جازالاشمۇ مۇمكىن ئەمەس
ئىدى.

سۇلتان ئىسمائىلخانغا ساتقۇنلۇق قىلىپ، خوجا ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى ئۈچۈن نۇر-
غۇن تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن مىرزا ئىدرىسبەگ ئاخىرقى ھېسابتا
كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغىنىغا خۇش بولۇپ، ھەسرەت ـ
نادامەت ئىچىدە ئاستانىدىن ئايرىلدى ۋە ئىككىنچىلەپ سەئىدىيە
تەسەررۇپىغا دەسسىمەسلىككە قەسەمياد قىلدى.

مىرزا ئىدرىسبەگنى مەككىگە پالاپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقان
ئاپاق خوجا بولسا بارلىق زېھنىنى مەخدۇمزادە خوجا دانىيال
ئىشاننى تۇتۇشقا ۋە سۇلۇكى ئىسھاقىيەچىلەرنى قاتتىق تەقىب
قىلىپ جازالاشقا قاراتتى. ئۈچتۇرپاندىكى مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخاننى بولسا خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى.

## 8

مىلادىيە 1680 ـ يىل ئۇجمە پىششىقى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللىشى
بىلەن پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا بولۇپمۇ ئاستانە، قەشقەر،
خوتەن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق يۇرتلاردا كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ
بېرىۋاتقان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ سۇلۇكى ئىسھاقىيە
مۇرىتلىرىنى جازالاش، بۇلاش، ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش قىلمىشلى-



رىغا چىدىمىغان ئاقسۇ ئەمىرى رەھمىتۇللا خەلىپە ئىسھاقىيە
سۇلۇكىنى چەكلەشنى، تەقىب قىلىشنى توختىتىش، ئىسھاقىيە
سۇلۇكىدىكى ئاددىي ئاۋامنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى، مال ـ
مۈلكىنى سەلتەنەت سۈرى بىلەن قوغداشنى، چېكىدىن ئاشقان
ئەشەددىي سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتىل ھىدايەتچىلىرىنىڭ جىنايە-
تىنى سۈرۈشتە قىلىپ خانلىق قانۇن ـ جاساقىقا تارتىش، ئاۋام-
نىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ھەر ئىككىلى سۇ-
لۇكتىكىلەرگە ئوخشاش كۆزدە قاراش خۇسۇسىدا كۆز قاراشلىرى-
نى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلەپ ھىدايىتۇللا ئىشانغا خەت يازدى.
بۇ خەت ئوردىدا چوڭ بىر غوۋغانى پەيدا قىلدى. ئوچۇقراق
قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلى-
رى ھوقۇق ئىگىلەپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان ئوردىسىدىكى
ئەمىرلەر رەھمىتۇللا خەلىپىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوچۇق ـ
ئاشكارا قارشى چىقتى ـ دە، ئىشان خانغا قارا مۇسۇلمان سۇلۇكى
ئىسھاقىيەچى ئازغۇنلارغا يان باسقان رەھمىتۇللا خەلىپىنى جازا-
لاپ، نائىب ۋە ئەمىرلىك مەنسەپ كۇلاسىنى ئېلىپ تاشلاش
ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئىشان پىرىنىڭ ئەمرىنى خۇدانىڭ ئەم-
رى دەپ بىلمەي ئاتىكاچىلىق قىلغان بۇ ئەمىرگە غەزەپلەنگەن،
بولۇپمۇ مەنسەپدارلىرىنى ئىشەنچسىز دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن
ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ تەكلىپكە ئويلىنىپ تۇرمايلا قوشۇلدى ـ
دە، دەرھال رەھمىتۇللا خەلىپىنىڭ نائىبلىق ۋە ئەمىرلىك مەن-
سىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاددىي پۇقرا دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش
ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى ۋە داۋۇت ھاجى قۇشقاچ ئىسىملىك
بىر ئەمىرنى ئاقسۇنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرلىك مەنسىپىگە تە-
يىنلىدى.

ئىشان خاننىڭ ئەلچىسى ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ، خان يار-
لىقىنى جاكارلىغان كۈنى، بۇنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا قارشى كۆتۈ-
رۈلۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ھېسابلىغان مىرزا مۇھەم-

مەدشاھبەگ ئەمىرلەشكەرلىك مەرتىۋىسىدىن ۋە سەركەردە ـ
لەشكەرلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ خان يارلىقىغا
قارشى چىقتى ـ دە، يارلىقنى ئەكەلگەن پەرمانچىبەگ داۋۇت
ھاجى قۇشقاچىنى قولغا ئالدى ھەمدە ئۇچتۇرپانغا چاپارمەن ماڭدۇ-
رۇپ، ئەھۋالدىن شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى خەۋەر-
لەندۇردى.
شۇنداق قىلىپ ئاقسۇ ھېچقانچە كۈچىمەيلا مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخاننىڭ قولىغا ئۆتتى.
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا كېلىپ جايلاشقاندىن
كېيىن، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئۆزىنى سەئىدىيە سەلتەنە-
تىنىڭ خانۇخاقانى دەپ جاكارلىدى ـ دە، ئۇچتۇرپان لەشكەرلە-
رى بىلەن ئاقسۇ لەشكەرلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ، لەشكەرلەرنى
قايتىدىن تەرتىپكە سالدى ھەمدە قوشۇننى ئىككى تارامغا ئايرىپ
بىر تارامغا مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ ئەمىرلەشكەر بولۇپ قەش-
قەرگە، يەنە بىر تارامغا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەمىر لەشكەر
بولۇپ مارالبېشى ئارقىلىق ئاستانىگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن
يۈرۈپ كەتتى. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سىڭلىسىنىڭ قوشۇ-
نى بىلەن ماڭىدىغان بولدى.
مىلادىيە 1680 ـ يىلى ئۆرۈك مەي بولۇپ پىشقان مەزگىل-
دە، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئاستانىگە يېتىپ كەلدى ـ دە، ئالتۇن
دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىكتە چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇپ
جايلاشتى.
تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئاستانە بوسۇغىسىدا پەيدا
بولغان ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۆرگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ سېپىلنىڭ كۆزنىتىش مۇنارىدىن ئۇچۇپ
چۈشكىلى قىل قالدى. چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ بىر



ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمىدى. سەركەردە ـ نۆكەرلىرىنىڭ يۆلەش-
تۈرۈشى بىلەن سېپىلدىن ئاران تەستە چۈشۈپ تۆت ئات قېتىلغان
شاھانە مەپىگە جايلاشتى ـ دە، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ماڭدى.
شاھنىشىنغا كىرىپ تەختكە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كې-
يىن، مۇلازىملار سۇنغان ئالتۇن كاسىدىكى مۇزدەك شەربەت
بىلەن ۋەھىمىدىن قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەمدىۋالدى، ئاندىن
بىر ئاز ئېسىگە كېلىپ ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى:
— پەرمان! شەھەرنىڭ بارلىق سېپىل ـ قوۋۇقلىرى قات-
تىق مۇھاپىزەت قىلىنغاي. ناماز شامدىن تارتىپ بامدات ۋاقتى-
غىچە كېچىسى يول يۈرۈش تەقىب قىلىنغاي. خىلاپلىق قىلغۇ-
چىلارنىڭ كاللىسى سۈرۈشتە قىلىنمايلا ئېلىنغاي.
ھىدايىتۇللا ئىشان بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قول باغلاپ
تۇرغان ئەمىرلىرىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن گېپىنى
يەنە داۋاملاشتۇردى:
— جانابىي ئەمىرلىرىم، تۇزكور مۇناپىق مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخاننى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن يوقىتىش
ھەققىدە ياخشىراق تەدبىر كۆرسەتكەيسىزلەر.
ۋەھىمىدىن كاللىسى قۇرۇقدىلىنىپ قالغان بۇ ئەمىرلەر
خۇددى ئەقلىدىن ئازغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە سالپىيىپ
تۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ياۋغا قارشى ئوتتۇرىغا
قويغۇدەك بىرەر جەڭ تەدبىرى يوق ئىدى. ئوردىدا يۇقىرى مەن-
سەپلەرنى ئىگىلەپ تۇرۇشقان بۇ ئەمىرلەر خانىقا ـ تۇنەكخانىلار-
دا، سورۇن ـ سەينالاردا زىكرى ـ سۆھبەت، ھەلقى ـ ساما
سېلىشقىلا يارايتتى. ئىشان خوجىسىنىڭ ھەربىر سۆزلىرى ئۇ-
چۇن «پىرىمىنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى» دەپ دوست تارتىپ
بېرىشنى بىلەتتى. خېلى ئۇزاق كۈتكەن ئىشاننىڭ ئۈمىدى ئاخى-
رى يوققا چىقتى.
— ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا جاۋىلداپ توختىمايدىغان زۇۋانىڭلار

ئەمدى يەملىشىپ قالدىمۇ، تەقسىرلەر؟ — دېدى ئىشان تەنە قىلىپ، — گەپ قىلىڭلار، مۇرتەت، تۇزكورلارغا تاقابىل تۇ-رۇش تەدبىرىنى كۆرسىتىڭلار.

ئەمىرلەر يەر تېگىدىن بىر - بىرىگە قاراشتى، ئارىدىن بىرەرىنىڭ ياخشىراق تەدبىر كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنى بۇ تەڭقىس-لىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلىشەتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن نەپسى قىسىلىپ گىژ - گىژ ئاۋاز چىقىرىپ تىنىشاتتى، ۋۇجۇدىنى باسقان قارا تەردىن تون - سەرپايىلىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

— قۇتبىل ئەقتاب ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — توپ ئىچىدىن ئىگىرىغاندەك زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، — قۇتىرىغان قاۋاندەك باستۇرۇپ كەلگەن ئول دەھرىي ياۋغا تاقابىل كەلمەك بەسى مۇشكۇلدۇر. بەختىمىزگە يارىشا ئاستانىنىڭ سېپىللىرى ئېگىز، خەندەكلىرى چوڭقۇر، قوۋۇقلىرى مۇستەھكەمدۇر. نا-قابىل ئەمىرلىرىنىڭ كالتە پەمچە ئاستانىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ ياتقاچ، غالدان خان خوجامغا تېزدىن چاپارمەن ماڭدۇر-ساق، غالدان خان خوجامنىڭ ھەمدەمچى باھادىرلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن تۇزكور مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان لەشكەرلىرىگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ يوقاتساق.

شۇ تاپتا ئاپاق خوجىنىڭمۇ غالداندىن ياردەم سورىغۇسى بولسىمۇ، ئەمما موڭغۇللارنىڭ ئۆزىنى قىلچىلىك كۆزگە ئىلماي-دىغانلىقىنى، ئەمىرلىرى ئالدىدا موڭغۇل خانغا يۈكۈنۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا تارتىدىغان خورلۇقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يالتىيىپ قالغانىدى. ناۋادا ئۇ موڭغۇللارنىڭ ياردىمى-سىزلا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان لەشكەرلىرىنى تارمار كەلتۈ-رەلىسە، شاھنىشىندىكى مۇنۇ نان قېپى ئەمىرلىرى ئالدىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەل - يۇرت ئالدىدىمۇ يۈز - ئابرۇيى ھەسسى-لەپ ئاشاتتى. غالدان بۆشۈكتۈخان ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيىمۇ



خىلىلا چوڭىياتتى. مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۇ ھې-لىقى ئەمىرنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرىگە قەتئىي قارشى چىقتى.

— موڭغۇل خان خوجامنىڭ باھادىر لەشكەرلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەك ئول تۇزكور مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ لەشكەر-لىرى قانچىلىك ئىدى، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆزىنى يۇرەكلىك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — ئاستانىدىكى نەچچە تۇمەن-لىگەن لەشكەرلىرىمىز، باھادىر سەركەردىلىرىمىز، يەنە تېخى رەئىيەت ئارىسىدىكى لەكمىڭلىغان مۇرىتىل ھىدايەتچى غازىلىرى-مىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماسمۇ؟ — ئىشان شۇنداقلا پو ئېتىپ سۆزلىۋىدى، ئۆزىنىڭ راستىنلا شۇنداق قۇدرەتلىك كۈچى بار-لىقىغا بىردىنلا ئىشىنىپ قالدى - دە، ھېلىقى تەدبىر كۆرسەت-كەن ئەمىرگە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى، — مىرغەزەپ!

— لەببەي، خان خوجام!

جالالاتلار بېشى توپ ئارىدىن ئۆمىلىگەندەك مېڭىپ ئالدىغا چىقتى.

— مۇرتەت ياغى بوسۇغىمىز تۇۋىدە دېۋەيلەپ تۇرغان ۋاقىتتا سەلتەنىتىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈپ، ياۋنى كۆككە كۆتۈر-گەن مۇنۇ قورقۇنچاق ئەمىرنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن!

— ئاھ تەڭرىم!

توپ ئىچىدىن ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مىرغەزەپبەگ جالالاتلارنى بۇيرۇپ ھېلىقى ئەمىرنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە شاھنىشىندىن ئاچىقىپ كەتتى. شۇ ھامان باشقا ئەمىرلەر لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ كالۋالاشقان تىللىرىنى ئىشقا سېلىپ ھىدايىتۇللا ئىشانغا مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى.

— سۇلتانۇل مۇھەققىقىن پىرى بۇزرۇكىمىز قۇدرەتلىك-تۇر.

— قۇتبىل ئەقتاب ئىشان خان خوجىمىز كەشپۇ كارامەتلىك

ئادالەتلىك زۇلپىقارىنى شۇنداقلا بىر شىلتىدىغان بولسا، ئول
تۇزكور مۇرتەتلەرنىڭ باشلىرى بېغىشىدىن ئۈزۈلگەن ئامۇتتەك
يەرگە تورۇكلاپ چۈشكۈسىدۇر.

— بىزگە جانابىي قىبلىگاھىمىز مەدەتكار.

— نۇسبەتكە يۈزلەنگۈچى دۇئالىرىنى بەرسۇنلار، ئول تۇز-
كور ياغىغا ياغى بولغايمىز.

ماختاش سادالىرى ئىچىدە ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمە تارقىلىپ
خېلىلا ماغدۇرىغا كېلىپ قالغان ھىدايىتۇللا ئىشان قەددىنى
رۇسلاپ تەختتە قايتىدىن گىدىيىپ ئولتۇردى.

— پەرمان! بارلىق سەركەردە - لەشكەرلەر پۇختا جەڭ
تەييارلىقى كۆرگەي. ئەتە ناشتىدىن كېيىن ئول دەھرىي مۇرتەت-
لەر بىلەن جەڭ قىلغايمىز. ھازىرلا قەشقەر، يېڭىسارغا چاپارمەن
ماڭغاي. نائىب، ئەمىر خۇدابەردى خەلىپە قەشقەر لەشكەرلىرىد-
نى، مىرزا قاراقچىبەگ يېڭىسار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاستا-
نىگە ھەمدەمگە كەلگەي.

ئەتىسى ئاستانىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى ناللىك چىرقىراپ
ئېچىلدى - دە، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۈچ تۈمەن سوپى لەشكەر-
لىرى «ھۇم، ئاللا، ھەق دوست»، «ھۇم، ئاللا، ياپىرىم»
دېگەن جەررە - سامالىرى بىلەن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ كەلدى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى جەڭگە ئۇندەش ھەققىدە سەركەر-
دىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ ئولتۇرغان مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخان بىلەن مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم ھىدايىتۇللا ئىشان لەش-
كەرلىرىنىڭ جەڭگە چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇشتى - دە، بارگاھى ئالىيدىن چىقىشتى. بىر
چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ھەر ئىككىلى تەرەپ
ئىككى ئوق يېتىم ئارىلىق قالدۇرۇپ، سەپراس بولۇپ
تۇرۇشتى.

بېشىغا ئالماس دۇر قادالغان شاھانە سەللە، ئۈچىسىغا



ئىشانچە سوفكىپەن تون كىيىۋالغان ھىدايىتۇللا ئىشان ئاق ئار-
غىماق ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ - ئوڭ سول تەرد-
پىدە موللا ساقى بىلەن ئەمىرلەشكىرى مىرزا سادىقبەگ ۋە تولۇق
جەڭ كىيىمى كىيىشكەن يىگىرمىگە يېقىن سەركەردىسى ئاتلىق
تۇرۇشاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان ئاق ئارغىماقنى يەڭگىل دېۋىتى-
ۋېدى، باشقىلارمۇ ئىشانغا ئەگىشىپ ئاتلىرىنى بىقىنداشتى.
ئۇلار ئۆز لەشكەرلىرى سېپىدىن يېرىم ئوق يېتىم ئالدىغا ئىلگى-
رىلەپ توختاشتى. ئۇنىڭغىچە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن
مەلىكە مۇھتەرەم خېنىممۇ ئون نەچچە سەركەردىسىنى ئەگەشتۇ-
رۇپ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا قاراپ ئات سالدى - دە، بىر
ئوق يېتىم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختاشتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئارقا تە-
رىپىدىكى لەشكەرلەر كۆتۈرۈۋالغان چوڭ تۇغقا نەزەر تاشلىدى.
«بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ خانۇخاقانى» دېگەن ئالتۇن رەڭ-
لىك خەت ۋالىلداپ تۇرغان كۆك رەڭلىك تۇغ ھەيۋەت بىلەن
لەپىلدەپ تۇراتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان تۇغقا مەنسىتمەسلىك نەزد-
رى بىلەن شۇنداقلا قارىۋەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخانغا ئاداۋەت كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكتى.

— ئۇيات! ئۇيات! — دەپ ۋارقىراپ سۆز باشلىدى
ئىشان، — ئۆز پىر بۇزرۇكىڭىزگە قىلىچ يالىڭاچلاشتىن ھايا
قىلمامسىز، ئى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان. بۈيۈك سەلتەنەتكە
سەرگەشتىلىك قىلىپ، ئاستانە بوسۇغىسىغا شۇنچىۋالا مۇر-
تەت لاۋۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىشىڭىز، ئۇلۇغ موڭغۇل خان
خوجامنىڭ ئەجەل قىلىچىدىن ئىت يىمى بولمىش ئەرزىمەس جې-
نىڭىزنى تىلەپ ئامان قالدۇرۇپ قويغانىمىزنىڭ تەشەككۈرىمى-
دۇر؟

— كايىمىغايلا، پىرى بۇزرۇك ئەزىز، — دېدى مۇھەممەد-
ئىمىن باھادىرخان ئىشانغا تەۋازۇ بىلەن سالام قىلىپ، — ئۇيات

ۋە هايادىن ئېغىز ئېچىش جانابلىرىدەك سۇلۇك پېشۋاسى پىرى بۇزرۇكقا زىنهار مۇناسىپ كەلمەس. ھەق ۋە ئادالەتتىن سۆز ئاچقاندا بول بىپايان سەئىدىيە تەسەررۇپى ھەقىقىي تەخت ۋارىسى بولمىش بىزلەركىم سەئىدىيە شاھزادىلىرىنىڭ ئاتا مىراس زېمىندىلىرىدۇر. ھەزرەتلىرىنىڭ بابائى - پەدەرلىرى بىزلەرنىڭ خانۇ خاقان بولمىش بابائى - پەدەرلىرىمىزگە دۇئاگۇيلۇق قىلىپلا ئۆتكەن، خالاس. ھالا بۇ كۇنلەرگە كەلگەندە جانابىي پىر بۇزرۇكىمىز ئۆز نېسىۋىسىگە ناشۇكۇرلۇك قىلىپ، زورلۇق بىلەن تاغام سۇلتان ئىسمائىلخاندىن تەخت - سەلتەنەتنى سويۇپ ئالدىلا ھەم بۇل ئەزىز تۇپراقنى بىگۇناھ ئاۋامنىڭ، ھۆرلۇك ئۇچۇن تىركەشكەن ئوغلانلارنىڭ قېنى بىلەن بويىدىلا. شۇنداقتىمۇ بۇگۇنگىچە ئالاھىدە ئىنساپ - تەۋپىقلىرىنى تىلىدۇق، ئەمما ئىنساپ، سىلە - رەھىم قىلماق تۇگۇل ئۆزگە سۇلۇكتىكى ھەم سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاۋامنىڭ بېشىغا بىسيار زۇلۇملارنى سالدىلا. ئەسلىدە ئۇيات ۋە ھايانى ھەزرىتىم قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئېيتىسلاچۇ، ئى پىرى بۇزرۇك ئەزىز، نەدىمۇ پىرى ئەزەم بولغۇچىنىڭ ساداقەتمەن مۇرىت - مۇرشىدلىرىنىڭ مال - مۇلۇك، زېمىنلىرىنى بۇلاپ ئالغىنى بار؟ قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇستىگە ياتلارنى باشلاپ كەلگىنى بار؟ بۇ ھاياسىزلىقنى ئاللا راۋا كۆرەرمۇ؟

— ئى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، پىرغا ھاقارەت كەلتۇرگەنلىكىڭىز ئۇچۇن سىزدىن كۇپۇرلۇق ئۆتتى. دەرھال ئاتتىن چۇشۇپ توۋا قىلىڭ - دە، بىزنىڭ تون - سەرپايىمىزنىڭ پەشلىرىدىكى خاك - چاڭلارنى كۆزىڭىزگە سۇرتۇپ گۇناھىڭىزنى تىلەڭ، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزلىرى يۇرىكىگە بىگىزدەك سانجىلىپ، ۋۇجۇدىنى ئازابلاپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئاللادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەستۇر. سەلتەنەتنىڭ



بىزلەرگە مەنسۇپ بولۇشى ئاللانىڭ ئىرادىسىدۇر. بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇك بۇ دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان رەڭۋاز مەئىشەتلىرىدىن ئالىلقاچان قول ئۇزگەنمىز. پەقەت ياراتقان ھەقتائالا ئىگەم بۇيرۇغانلىقى ئۇچۇنلا بۇل سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇپ، نادان رەئىيەتنى سائادەت يولىغا باشلاپ رەھنەما بولغانمىز. سىزمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ، ئۆز نېسىۋىڭىزگە شۇكرى قىلغانىڭىز ئەۋزەل، بولمىسا پىر قارغىشىغا كېتىپ، دۇئايىبەت بولغايسىز.

— ھاياسىز، ناشۇكۇرنىڭ قارغىشى ئۆز بېشىغا مالامەت تېشى بولۇپ تەگكەي. ئى پىرى بۇزرۇك، چىرايلىقچە سەلتەنەتنى قايتۇرمىسىلا، قان تۆكۇشتىن ئۆزگە ئامالىمىز يوقتۇر، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىقىگە ئاللا ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئۇياتسىز ئۇياتمىسا، ھايا ئىگىلىرىنىڭ ئۇيىتىشى قورقۇنچاقلىق سانىلۇر، قېنى سەركەردىلىرىنى مەيدانغا چۇشۇرگەيلا، بىر قەپەس تۇتۇشۇپ كۆرگەيمىز.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان «گەپ تۇگىدى» دېگەننى قىلىپ سەركەردىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆز سېپىگە قايتتى.

سەركەردىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ سوپى لەشكەرلىرى سېپىگە قايتىپ كەلگەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆڭلىنى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ بايامقى سۆزلىرى پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى. جەڭدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى خېلىلا يوقاتقان ئىشاننىڭ ئىچىگە قايتىدىن ۋەھىمە چۇشكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇنۇگۇن شاھىنىشىندا ئەمىرلىرى مەدھىيىلىگەندەك ئاشۇنداق كارامىتى بولسا ئىدى، قاشتېشى كەمىرىگە ئېسىۋالغان، سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئالماس دەستىلىك زۇلپىقارنى شۇنداقلا بىر شىلتىش بىلەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ بېشىنى خۇددى قوشقاچنىڭ بېشىنى ئۇزگەندەك كېسىپ تاشلىسا...

— ئېھ تەڭرىم، ئۆزۇڭ مەدەت قىلغايسەن!

ئىشان خوجىسىنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىنى ئاڭلىغان سەر-
كەردە مىرزا سادىقبەگ جەڭگە چۈشۈپ بىرىنچى بولۇپ ئەجىر -
تۆھپىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پولات نەيزىسىنى ئويناتقىنىچە
ئات سېلىپ چىقتى - دە، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋەتلىك نەرە
تارتقىنىچە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا تىل سالدى:
— ئەي ئىززىتىنى بىلمىگەن تۈزكور مۇھەممەدئىمىن خان،
ئۆزۈڭچە سەئىدىيە شاھزادىسىمەن دەپ قۇتىبىل ئەقتاب ئىشان
خان خوجامغا يۈت ئاتقۇدەك بولدۇڭمۇ، قېنى نوچى بولساڭ
مەيدانغا چۈش. پىرى بۇزرۇكنى تونۇمىغان كور كۆزۈڭنى نەي-
زەمنىڭ ئۇچى بىلەن ئېچىپ قوياي.
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئەمدىلا ئېغىز ئۈمەللەپ بولغۇ-
چە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قارا تۇلپارى مىرزا سادىقبەگكە
قاراپ ئوقتەك ئۇچتى.
بېشىغا ئالتۇن قۇببىلىق دۇبۇلغا، ئۇچىسىدىكى ئوق ئۆت-
مەس مىسران دالدىلىغۇچنىڭ ئۈستىدىن ئوتقاشتەك قىزىل ئە-
رەنچە تون كىيىۋالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قارا تۇلپار ئۈس-
تىدە بەئەينى بىر پارچە يالقۇندەك كۆرۈنەتتى. ئىككى باھادىر
ئات ئۈستىدە ئۇن - تىنسىزلا نەيزىۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى.
قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، بەستلىك كەلگەن مىرزا سادىقبەگ-
نىڭ ھەربىر ئۇرغان نەيزىسى خۇددى تاغنى تېشىپ ئۆتكۈدەك
كۈچ بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئەمما، كۆزى ئۆتكۈر، قولى چاققان
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھەرىكىتى چاقماقتەك تېز ئىدى.
قولىدىكى يەڭگىل، قىسقا پولات نەيزىسى مىرزا سادىقبەگنىڭ
ئوڭ - سول كۆكرىكى ھەمدە باش - بويۇن قىسمىدا خۇددى
چاقماقتەك ۋىلىلدايتتى. ئۆزى بىلەن ئېلىشىۋاتقان سەركەردىنىڭ
بىر قىز بالا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن مىرزا سادىقبەگ مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاققان بولغىنى بىلەن، نەيزە
ئۇرۇشىنىڭ ئانچە تورلۇق، كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ھېس قى-



لىپ، ئۇنى نەيزىۋازلىق ماھارىتى ئۈستۈن بولسىمۇ ئانچە ئەمە-
لىي جەڭ كۆرمىگەن ياش سەركەردە بولسا كېرەك دەپ پەرەز
قىلدى - دە، تىرىك تۇتۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىم نەيزىۋازلىقتا ھەقىقەتەن مىرزا سادىقبەگنىڭ
تەڭتۇشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەيزىسى قىسقا بولغاچقا،
ھەدېگەندە رەقىبىنىڭ قوينىغا كىرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئى-
دى. شۇڭا، ئۇ قوتازدەك كۈچلۈك مىرزا سادىقبەگنى پەنت
ئىشلىتىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كويىغا چۈشتى - دە، چاندۇرغاز-
دەك بىر ھىيلە ئىشلىتىۋىدى، پەيت كەلدى دەپ ئويلىغان مىرزا
سادىقبەگ «يا پىرىمدىن مەدەت» دەپ نەرە تارتقىنىچە، نەيزىسىنى
تەتۈر پىرقىرىتىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بېشىغا چەنلەپ
ئۇردى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ئوڭ
يانغا ئېلىپ قارا تۇلپارنىڭ قورسىقىغا چاپلاشتى. دەل شۇ چاغدا
بوغقۇچى ئانچە چىڭ چىگىلمىگەن دۇبۇلغىسى بېشىدىن چۈشۈپ
كەتتى. مىرزا سادىقبەگنىڭ نەيزىسى ۋىششىدە ئاۋاز چىقىرىپ
ئۆتۈپ كېتىشى ھامان، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يەرگە چۈشۈپ
كەتكەن دۇبۇلغىسى بىلەن كارى بولماي، ئاتنىڭ قورسىقىدىن
كۆتۈرۈلۈپ ئېگەرنىڭ ئۈستىگە چاققانلىق بىلەن قوندى. شۇ
ھامان ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىغا يوشۇرغان قىرىق بىر تال سۇمبۇل
چېچى خۇددى شامال سوققان مەجنۇنتالدەك يېيىلىپ، خىپچىدەك
بېلىدە تەكشى سويلىدى. باياتىن بېرى ئۆزى بىلەن ئېلىشقان
سەركەردىنىڭ بىر قىز بالا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن مىرزا سادىقبەگ
مەلىكىنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىغا، ئاينى خىجىل قىلغۇچى
گۈزەل جامالىغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم نەيزىسىنى مىرزا سادىقبەگنىڭ
گېلىغا گاچچىدە سانجىدى. تىغ زەربىسىدىن ۋارقىراشقىمۇ ئۈل-
گۈرمىگەن مىرزا سادىقبەگ ئات ئۈستىدىن خۇددى بىر تاغار
گۆشتەك گۈلۈپپىدە يىقىلدى.

شۇ تاپتا ئىككى سەركەردىنىڭ ئېلىشىشىنى كۆزىتىپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى يەردە جان تالىشىپ ياتقان سەركەردىسى مىرزا سادىقبەگكە ئەمەس، بەلكىم قىرىق بىر تال سۇمبۇل چاچلار ئارىسىدا خۇددى بۇلۇت يېرىپ چىققان ئايدەك كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ گۈزەل جامالىغا، قىزىل تون ئىچىدىكى تال چىۋىقتەك بويىغا تەسۋىرلىگۈسىز بىر شەيدالىق بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى تونۇغان بىر قىسىم سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى قايىللىق بىلەن تىلغا ئالدى.

— پاھ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىكەن.

— شۇنداق، سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ جىيەن قىزى.

— مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى.

— ئۆز ۋاقتىدىكى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر سەركەردىسى.

— كاتتا مەرگەن ـ دە ئول مەلىكە.

— ئاتقان ئوقىنى چىنىگەن نەرسىگە تەگكۈزمەي قالمايدۇ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى تىرىك تۇتۇۋالسىلا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى ئاسانلا چېكىندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن ھىدايىتۇللا ئىشان سەركەردىلىرىگە قاراپ ئەمىر قىلدى:

— قېنى جانابىي سەركەردىلىرىم، قايسىڭلار بۇ جادىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىسىلەر.

— ئول مەلىكىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىپ ئىشان خان خوجامغا تارتۇق قىلغايمەن، — دېدى توپ ئىچىدىن بىر سەركەردە ئۆز سېپىگە قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ ئات سېلىپ.

مىرزا ئابباس خەلپە ئىسمىلىك بۇ سەركەردە بايام مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن مىرزا سادىقبەگنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىنى كۆرۈپ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ نەيزىۋازلىق ماھارىتىنى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىكەن دەپ پەرەز قىلغانىدى. شۇڭا، زور ئىشەنچى بىلەن مەيدانغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ تۇرلۇك جەڭ قوراللىرىنى ئىشلىتىش ماھارىتىدىن باشقا ئۆزگىچە سىرتماق تاشلاش ماھارىتى بار ئىدى. ھەر دائىم ئوتتۇرا بارماق توملۇقتىكى ئون ئالتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى مەشۇت تانىسىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. مەيلى شىكاردا، مەيلى جەڭدە بولسۇن مەشۇت تانىسىنى سىرتماق قىلىپ شۇنداقلا تاشلىسا ھەرقانچە يۈگۈرۈك ئات، بۇغا ـ جەرەن ياكى ئادەم بولسۇن نەقلا باغلىنىۋالاتتى. شۇڭا، سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئارىسىدا «سىرتماق» دېگەن لەقەممۇ بار ئىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھىدايىتۇللا ئىشان قوشۇنىدىن يەنە بىر سەركەردىنىڭ ئۆزىگە قارشى ئات سېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى رەقىبىگە قارىتىپ بۇرىدى. ئاي شەكىللىك قىلىچ بىلەن پولات نەيزە بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ دۇبۇلغىسىغا تىقىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن چاچلىرى توختىماي سىلكىنەتتى. بىرنەچچە مەرتەم تۇتۇشقان مىرزا ئابباس خەلپە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ نەيزىۋازلىق ماھارىتىنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك ئانچە خام ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئەمەس كۆكرىكىنى نىشانلاپ چاقماق تېزلىكىدە سانجىلىۋاتقان پولات نەيزىدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئۆتۈپ قالغانىدى. مىرزا ئابباس خەلپە بۇنداق ئېلىشىشنىڭ نەتىجىلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، سىرتماق تاشلاشقا پۇرسەت ئىزدىدى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى شاققىدە يانغا بۇراپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدىن بەش ـ ئالتە قەدەم يىراقلاشتى ـ دە، ئېگەرنىڭ بېشىدىكى مەشۇت تانىنى قولىغا ئېلىپ، مەلىكىنىڭ بېشىنى نىشانلاپ چاققانلىق بىلەن تاشلىدى. چەمبەر شەكلىدە ئۇچۇپ كەلگەن سىرتماقنى مەلىكە نەيزىسى بىلەن چاقماق تېزلىكىدە توسۇۋەتتى، كەمەنبېغىغا ئال-

ـمدەك چوڭلۇقتا تۆمۈر ئورنىتىلغان سىرتماق يان تەرەپكە قىيـ
ـسىيىپ بوشقا كەتتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئېتىنىڭ بېشىنى
بۇراپ ئۆز سېپىگە قاچتى. مەلىكىنى يېڭىلدى دەپ ئويلىغان
مىرزا ئاببا خەلىپە مەشۈت تانىنى قايتىدىن يىغدى ـ دە، قايتا
سىرتماق تاشلاپ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆتۈكىنىڭ پاشىنىسىغا ئورنىـ
ـتىلغان تۆمۈر زىخ بىلەن ئېتىنى ئاچچىق بىقىندىدى. ئاغرىققا
چىدىمىغان ئات جېنىنىڭ بارىچە چاپتى. بۇ چاغدا مەلىكە مۆھتەـ
ـرەم خېنىم نەيزىسىنى ئېگەرگە ئىلىپ قويۇپ، ياسىنى ئوقلاپ
ئۈلگۈرگەنىدى. مەلىكىگە خېلىلا يېقىنلىشىپ قالغان مىرزا ئابـ
ـباس خەلىپە سىرتماقنى قايتا تاشلاش ئۈچۈن بېشىدىن ئېگىز
كۆتۈرۈپ شۇنداقلا چۆرۈشىگە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۇزەڭـ
ـگىگە دەسسەپ، ئارقىسىغا شاققىدە ياتتى ـ دە، مەھكەم تارتىپ
تولۇن ھالەتكە كەلتۈرگەن يانىڭ كىرىچىنى ۋاشىشىدە قويۇۋەتتى.
مەلىكىنىڭ ئاتىنىڭ ئۈستىدىلا ئوڭدىسىغا ياتقىنىنى كۆرۈپ نېمە
بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغان مىرزا ئاببا خەلىپىنىڭ دەل
قاڭشىرىغا يا ئوقى زەرب بىلەن سانجىلدى. شۇ ھامان چىدىغۇسىز
ئاغرىق ئازابى مىرزا ئاببا خەلىپىنىـڭ پۈتكـۈل ۋۇجـۇدىغا
تـارقىدى ـ دە، كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت چاقناپ كەتتى، ئوڭ
قولىدىكى بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇۋاتقان سىرتماقنىڭ ھالقىسى
دەل ئۆزىنىڭ بوينىغىلا كىيىلىپ قالدى. ئۇ سىرتماقنى تاشلاپ
قاڭشىرىغا سانجىلىپ تۇرغان يا ئوقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قولىـ
ـنى ئوققا ئۇزاتتىيۇ، ماغدۇرى يەتمەي ئالدىغا ئېڭىشىپ قالدى.
قارا تۈلپارنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتقان مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم ئوقتەك چىپىپ كېلىۋاتقان ئاتىنىڭ ئۈستىدىكى مىرزا
ئاببا خەلىپىنىڭ بوينىدىكى سىرتماقنىڭ بېغىنى چەبدەسلىك
بىلەن قولىغا ئېلىپ ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا باغلىدى ـ دە، قارا
تۈلپارنى ئۆز سېپىگە قارىتىپ بىقىندىدى. مىرزا ئاببا خەلىپە
بولسا بوينىدىكى سىرتماقنىڭ تـارتىشىدىن يـەرگە ئـۇچـۇپ



چۈشتى ـ دە، قارا تۈلپارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن
توپا ـ چاڭدا خۇددى ئېشەكنىڭ تاپىدەك سۆرىلىپ قالدى. نەچچە
يۈزلىگەن بۇغا ـ جەرەنلەرنى سىرتماق تاشلاپ تۇتۇپ داڭق چىقارـ
ـغان بىچارە مىرزا ئاببا خەلىپە ئاشۇ سىرتماقنىڭ ئۆزىنىڭ
بوينىغا چۈشۈشىنى زىنھار خىيال قىلمىغانىدى. ئۇ ئاشۇ سۆرەلـ
ـگىنىچە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان قوشۇنىنىڭ سېپىگە يېتىپ
كەلگەندە، ئاللىقاچان بوغۇلۇپ ئۆلگەنىدى.
سىڭلىسىنىڭ شۇ قەدەر جەڭبازلىق ماھارىتىدىن سۆيۈنگەن
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ۋۇجۇدى قايتىدىن جاسارەتكە تولـ
ـدى ـ دە، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان
بەردى.
قاراپ تۇرۇپ ئىككى سەركەردىسىدىن ئايرىلغان خوجا ھىداـ
ـيىتۇللا ئىشان ئۇر ـ چاپ بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋنى
كۆرۈپ، لەشكەرلىرىگە چېكىنىشكە پەرمان بەردى ـ دە، شەھەرـ
ـگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە قاچتى. سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر
يا ئوقى، چاچما ئوقلۇق مىلتىق ۋە توپ ئوقلىرى بىلەن مۇداپىئە
قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە بىخەتەر چېكىنىپ
كىرىۋالدى ـ دە، ئالتۇن دەرۋازىسىنىڭ قۇيما پولاتتىن ياسالغان
قوۋۇقىنى تاقاپ، خەندەكنىڭ ئاسما كۆۋرۈكىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

## 9

ھەپتىدىن بېرى ئوردىغا بېكىنىۋالغىنىچە قەشقەر، يېڭىسارـ
ـدىن كېلىدىغان ھەمدەمچى قوشۇنىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تاقىتى تاق
بولغان ھىدايىتۇللا ئىشان بوگۈن قاتمۇ قات مۇھاسىرىدە قالغان
ئاستانە سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۆزىتىش مۇنارىسىدىن
سىرتقا نەزەر تاشلىدى. سېپىلنىڭ سىرتى مۇھەممەدئىمىن باھاـ

دىرخان لەشكەرلىرىنىڭ سان ـ ساناقسىز قارارگاھلىرى بىلەن
تولۇپ كەتكەنىدى. پۈتۈنلەي جەڭ كىيىمى كىيىشىپ، تۈرلۈك
جەڭ قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللانغان لەشكەرلەر رەتلىك
سەپ تۈزۈشۈپ سېپىل ئەتراپىنى چارلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ روھىي
ھالىتى تولىمۇ كۆتۈرەڭگۇ، بەستىدىن جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتـ
تى. سېپىل ئۈستىدىكى سوپى لەشكەرلىرىنىڭ سولغۇن، غەمـ
كىن چىرايىغا قاراپ ئىشاننىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى.
ۋۇجۇدىنى باش ـ ئاخىرى يوق چىگىش غەم باستى.

«... تەڭرىم ماڭا بۇ ئەلنىڭ سەلتەنىتىنى خۇددى قارا
قىشنىڭ تەپتى يوق ئاپتىپىدەك غىل ـ پاللا كۆرستىپ قويۇپ،
يەنە قايتۇرۇۋالارمۇ؟ تۇزكور مۇھەممەدئىمىن راستىنلا غالىب
كېلەرمۇ؟ ئېھ تەڭرىم، ئېھ بابائى ـ پەدەر بۇزرۇكلىرىم، سىدـ
لەرگە كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ تىۋىنغىنىمنىڭ ئىنئامى شۇنـ
چىلىكمىدۇر؟ بۇ ئەل ـ يۇرت ئاشۇ سەئىدىيە ئەۋلادلىرىنىڭ
سورىشغىلا بەخشەندە قىلىنغان بولغىيمىتى. سەلتەنەتنى قولۇمغا
ئېلىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىمىدىم ـ ھە! شاھزادە
يولۋاسخاننىڭ ئالدىدا ئۆمىلىدىم. سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئىدـ
شەنچىسگە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىم. ئۆزگە
يۇرتلاردىكى خان ـ سۇلتانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن
قىلمىغانلىرىم قالمىدى، نۇرغۇن مال ـ دۇنيالىرىمدىن ئايرىلـ
دىم. بۇتپەرەسلەرنىڭ كاتتىسى دالاي لامانىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ
بېرىپ ئاياغلىرىنى سۆيدۈم، ئىشەنچىسگە ئېرىشىش ئۈچۈن
بۇت ـ ئەۋلىيالىرىغا باش قويدۇم. موڭغۇل خان خوجامنىڭ
كەينىدىن قوتۇر ئېشەكتەك سوكۇلدىدىم، مىڭلىغان غالچا يىدـ
گىت، غالچا چوكانلارنى ئىنئام قىلدىم. ئەل ـ رەئىيەتنىڭ
غەزەپ ـ نەپرىتىگە، پىتنە ـ پاساتلىرىغا قارىماي قىلغان شۇنچىدـ
ۋالا ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سەلتەنەت ئۈچۈن ئىدىغۇ ئاـ
خىر. ئاۋام ـ رەئىيەت مەندەك قۇتبىل ئەقتاب، سۇلتانۇل مۇـ



ھەققىقىنغا ئەگەشمەي نېمىشقا ئاشۇ دەھرىي سەئىدىيە شاھزادىلدـ
رىگە ئەگىشىدىغاندۇر. بۇ ئەل ـ يۇرتقا مەڭگۇ خانۇ سۇلتان
بولۇش ئۈچۈن چوقۇم سەئىدىيە جەمەتىدىن بولۇش شۇنچىۋالا
زۆرۈرمىدۇر؟ ئاۋام ـ رەئىيەت سەئىدىيە جەمەتىدىكىلەرنىڭلا
خانۇ سۇلتانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن، ئۆزگىلەرنى تەختنى
سويۇپ ئالغان دەپ قاراپ ھىمايە قىلمايدىكەن. ۋادەرىخا، بۇنى
بۇرۇنراق چۈشىنىپ يەتكەن بولسام، سەئىدىيە جەمەتىدىكى مەلدـ
كىلەرنىڭ بىرەرىگە ئۆيلىنەر ئەمەسمىدىم...»

ھىدايىتۇللا ئىشان ھەسرەتلىك خىياللارغا ئەسىر بولغاچ
ئوردىغا كىردى ـ دە، ئوردا بېغىدىكى لالىزار قەسىرگە كېلىپ،
ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، بىكاۋۇل
ئەمىرىنىڭ ئۇلپەتچىلىكىدە شاراب ئىچىشكە باشلىدى. ئارـ
قىمۇ ئارقا ئىچىلگەن، ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلغان كۈچلۈك شاراب
ئۇنى تېزلا مەست قىلدى ـ دە، كۆڭلىدىكى خەستىلىكلەرنى
كۆتۈرۈۋەتتى. مەست ۋۇجۇدىنى شېرىن خىياللارغا ئەسىر قىلدـ
دى. ئۇ سەئىدىيە جەمەتىدىكى بىرەر مەلىكىگە ئۆيلىنىش خام
خىيالىنى سۇرۇۋىدى، كۆز ئالدىدا بىردىنلا ھېلىقى كۈندىكى
جەڭدە باھادىرلىق كۆرسەتكەن مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمنىڭ گۈـ
زەل جامالى زاھىر بولدى.

«... بىر چىنە شەربەت بىلەن قوشۇپ ئوتلىۋەتكۈدەك مەلىكە
ئىكەنا كاساپەت. باھادىرلىقىنى دېمەمدىغان تېخى. ناۋادا نىكاـ
ھىمدا ئاشۇنداق سەئىدىيە مەلىكىلىرىدىن بىرەرى بولسا ئىدى،
شاھزادە مۇھەممەدئىمىن خانمۇ بۇ دەرىجىدە سەلتەنەت دەۋاسى
قىلماس ئىدى. ئاۋام ـ رەئىيەتمۇ مېنىڭ سەلتەنىتىمنى ھىمايە
قىلار ئىدى. توغرا، بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ مەلىكىنى قولغا
چۈشۈرەي، ئىشان خانلىق سەلتەنىتىمنىڭ تاجىسىغا گۈل قىلىپ
قىساي. ئاھ تەڭرىم، شۇ نازۇك بەدەننىڭ ۋىسالىغا يېتەرـ
مەنمۇ ـ ھە!...».

ئىشق ۋەسۋەسىسى ئىشانىنىڭ مەست تۈيغۇلىرىنى لەرزىگە
سالماقتا ئىدى. شۇ تاپتا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى بۇنىڭـ
دىن بەش ـ ئالتە يىللار ئىلگىرى سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ ھوـ
زۇرىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەندە يۈرىكىگە تۇتاشقان ئىشق ئوتلىرى
ئىشانىنىڭ ۋۇجۇدىنى قايتا ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئىشان شېرىن
خىياللار ئىلكىدە يەنە بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچىۋەتكەندىن
كېيىن پەي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.
... گۈزەل ئېرەمباغ. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى نىكاھىغا
ئالغان ھىدايىتۇللا ئىشان بەئەينى يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەرـ
دەك قىن ـ قىنىغا پاتماي شاشلىق قىلاتتى. مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم ئىشانغا نازلىق بېقىپ، شەھلا كۆزلىرىنى مۇھەببەتلىك
ئوينىتىپ، كېيىكتەك تاقلاپ قاچاتتى. ۋۇجۇدىدا يىگىتلىك قېـ
نى قايىنىغان ئىشان ئۇنى چەبدەسلىك بىلەن قوغلايتتى. مانا،
ئىشان ئاخىرى ئۇنى قوغلاپ يەتتى ـ دە، كۈچلۈك بىلەكلىرى
بىلەن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. غۇنچىدەك لەۋلىرىگە تەشنا لەۋلەـ
رىنى ياقتى. مەلىكە ئۇنىڭ قوينىدا خۇددى بېلىقتەك پىلتىڭلايتـ
تى...
دەل شۇ چاغدا قۇلىقى تۈۋىدە ئاڭلانغان خىرقىرىغان ئاۋاز
ئىشانىنىڭ شېرىن پەيزىنى بۇزۇۋەتتى. ئىشانىنىڭ بېشىدا مىرزا
ئىدرىسبەگ بىزەڭلىك بىلەن خىرىلداپ سۆزلەۋاتاتتى.
— يېڭىلىشتىلا، ئالىيجانابىم، ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەر بۇـ
يۇك سەلتەنىتىمىز بىلەن قارشىلىششقا زىنھار پېتىنالماس.
ھەممە بالا ـ قازا مۇھەممەدئىمىن خان باشچىلىقىدىكى دەھرىي
سەئىدىيە جەمەتىنىڭ توپىلىڭىدىن كېلىۋر. ئول رىياكـار ئازغۇنـ
لاردىن ئېھتىيات قىلماقلىق كېرەك.
نەدىكى قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ ۋىسال شادلىقىغا ھالاقىت
يېرىۋاتقان مىرزا ئىدرىسبەگكە قاراپ ئىشان غەزەپ بىلەن ۋارقىـ
رىدى:



— يوقال! كۆزۈمدىن دەرھال يوقال، قارغىش تەگكۈر!
مىرزا ئىدرىسبەگ پەرۋاسىز ھالدا ئىشانىنىڭ بىلىكىگە مەھـ
كەم ئېسىلىۋالدى. غەزىپى چېكىگە يەتكەن ئىشان مەلىكە مۆھتەـ
رەم خېنىمنى مەھكەم قۇچاقلىغان پېتى جاللاتنى تۈۋلىدى.
— مىرغەزەپبەگ! مىرغەزەپبەگ...
مىرزا ئىدرىسبەگ ئىشانىنىڭ بىلىكىگە تېخىچە ئېسىلىپ
تۇراتتى. ئەمما، ئىشان جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغان بولسىمۇ
ئاۋازى پەقەتلا چىقمايۋاتاتتى. ئىشان ۋارقىرىغان پېتى چۆچۈپ
كۆزىنى ئاچتى ـ دە، ئۆزىنىڭ مەستچىلىكتە ئۇخلاپ قالغانلىقىـ
نى، بايام كۆرگەنلىرىنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئىشانىنىڭ بېشىدا بىكاۋۇلبەگ بىلەن موللا ساقى خەلپە ۋە مىرزا
دىۋانىنىڭ ئەمىرى قول باغلاپ تۇراتتى.
— يامان چۈش كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامىلا، ئالىيجانابـ
ىم، — سورىدى موللا ساقى ئېھتىياتچانلىق بىلەن.
ئىشان بايام كۆرگەن چۈشىنى تېزلا ئېسىگە ئالدى ـ دە،
موللا ساقىنىڭ سوئالىغا مۇجمەللا جاۋاب بەردى:
— ياخشى ـ يامانلىقى قۇرۇسۇن ئول چۈشنىڭ.
شۇ تاپتا ئىشانىنىڭ ۋۇجۇدىدا چۈشىدىكى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنى باغرىغا باسقاندىكى لەززەتتىن كۆرە، مىرزا ئىدرىسبەگ
ئېيتقان سۆزلەرنىڭ دەھشىتى بەكرەك ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئىـ
شان مىرزا ئىدرىسبەگنىڭ ئورۇنلۇق مەسلىھەتىگە كىرمەي،
يوقىلاڭ گۇمان بىلەن ئۇنى ھەج قىلىپ كېلىش باھانىسى بىلەن
مەككىگە پالىغىنىغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان يېدى. ئوردىسىدا
مىرزا ئىدرىسبەگچىلىك ئەقىلدارنىڭ يوقلۇقىدىن قاتتىق ئۆكۈنـ
دى. يۈرىكى پۇشايمان ئازابلىرىغا چىلىشىپ مۇشۇك تاتىلىغانـ
دەك ئاچچىق ئېچىشتى.
— ئالىيجانابىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى موللا ساقى
زورىغا گېلىنى قىرىپ قويۇپ.

— خوش، — دېدى ئىشان موللا ساقى بىلەن بىكاۋۇلبەگكە ئاداۋەت بىلەن قاراپ.

— قەشقەرگە ئەۋەتكەن چاپارمەن قايتىپ كەلدى.

ئىشان بىرئاز ئۇمىدلىنىپ قەددىنى رۇسلىدى.

— خوش، ھەمدەمچى لەشكەرلەر يولغا چىقىپتىمۇ؟

— ناھايىتىمۇ ئەپسۇس، قەشقەر بىلەن يېكەنسار قولدىن كېتىپتۇ.

ھىدايىتۇللا ئىشان چايان چاققاندەك چۆچۈدى، لەۋلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدىدى.

ئىشاننىڭ غەزەپلىك تۇرقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن موللا ساقى چاپارمەندىن ئاڭلىغانلىرىنى تېز - تېز سۆزلەشكە باشلىدى:

— تۇزكور مۇھەممەدئىمىن خانغا ئاقسۇنى تاپشۇرغان ئاسىي مۇناپىق ئەمىرلەشكەر مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ بىر بۆلەك لەشكەرنى باشلاپ ئاقسۇدىن ئۇدۇل قەشقەرگە يۈرۈش قىلغانىكەن، قەشقەر ئەمىرى خۇدابەردى خەلىپە مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىت بوپتۇ. قەشقەر لەشكەرلىرى ئاسىيلارغا ئەل بوپتۇ. قەشقەرنى ئېلىپ ئاستانىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن ئاسىي قوشۇنغا يېكەنسارنىڭ ھاكىمبېگى مىرزا قاراقچىبەگ ئۇرۇشمايلا ئەل بولۇپتۇ. ھازىر ئۇلار يېكەنسار قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە دەھرىي مۇھەممەدئىمىن خان قوشۇنلىرىغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن ئاستانىگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ...

— بەس! — دېدى مەلۇماتنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىغان ھىدايىتۇللا ئىشان قولىنى سىلكىپ.

موللا ساقى گېپىنى چىپپىدە توختىتىپ، ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ تېخىمۇ بەك ئېگىلدى.

ھىدايىتۇللا ئىشان كۆزىنى يۇمۇپ خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئوتياشلىقتىكى قارانچۇقتەك مىدىر - سىدىر



قىلماي ئۆرە تۇرغان موللا ساقىغا قاراپ زۇۋان سۈردى:

— بۇ پەلەك بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن ئوخشايدۇ، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك، ئى زاتىل ئەقتابىم.

ئىشاننىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىدىن موللا ساقى مۈگدەك ئۈيقۇسىدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى:

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي. ئەھۋال بۇل دەرىجىگە يەتكەندە كۇچلۇك ياۋ بىلەن ياغى قىلماق ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەستۇر. كالتە پەمىچە ئاستانىنىڭ سېپىللىرى ئېگىز، خەندەكلىرى چوڭقۇر، قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم، ئوزۇق - تۈلۈكىمىز يېتەرلىك. شۇڭا، ئاستانىنى مەھكەم قورۇقدىغاچ، موڭغۇل خان خوجامغا چاپارمەن ئەۋەتىپ ھەمدەم سورىساق، موڭغۇل باھادىرلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئول دەھرىي مۇھەممەدئىمىن خاننى تەسەررۇپىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز، بەلكىم كاللىسىنى ئېلىپ بۈيۈك سەلتەنىتىمىزگە سەرگەشتىلىك قىلغان گۇناھى ئۈچۈن سازايى قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئۆتكەندە مۇشۇنداق تەدبىرنى كۆرسەتكەن ئەمىرنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان، مانا ئەمدى بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغاندا نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايلا موللا ساقىنىڭ تەدبىرىگە قوشۇلدى.

— موڭغۇل خان خوجامدىن ھەمدەم تىلىمەكتىن ئۆزگە ئامالىمىزمۇ يوقتۇر، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان ھەسرەتلەنگەن ھالدا ۋە بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي تۇرغان مىرزا دىۋاننىڭ ئەمرىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — دەرھال ياردەم تەلەپ قىلىپ موڭغۇل خان خوجام ھۇزۇرىغا مەلۇمات يوللانسۇن. مەلۇمات ھازىرلا يولغا سېلىنغاي.

## 10

نامازدىگەر ۋاقتى...

موڭغۇل خانى غالداندىن لەشكىري ياردەم سوراپ يولغا سالغان ئەلچىسىنىڭ مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننىڭ چارلىغۇچى لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى ھىدايىتۇللا ئىشان زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ تاپتا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سىڭلىسى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق سەركەردىلەرى بىلەن بارگاھى ئالىيدا لەشكىري كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

— ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئاستانىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يېتىۋەرمەي دەرھال تېگىش قىلايلى.

— ئۈششۈك ھەرىسى ئۆلەر ۋاقتىدا ئاسان چاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھىدايىتۇللا ئىشان ھازىر بەئەينى ئۈششۈك ھەرىسى مىسالىدۇر. ئۇ نەشتەر سانجىپ بولغۇچە دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىنىمىز ياخشى.

— ئاستانىنىڭ سېپىل - قوۋۇقلىرى ھەم ئېگىز، ھەم مۇستەھكەم ئىكەن. ئەگەر تېگىش قىلىدىغان بولساق لەشكەرلىرىمىزنى كۆپلەپ تالاپەتكە ئۇچرىتىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

— بۇمۇ بىر ھېسابتا توغرا، بىھۇدە ئۆلۈم - يېتىم لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئالىيلىرى بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرگەي.

— ئەگەر ئاستانىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يېتىۋەرسەك، ھىدايىتۇللا ئىشان موڭغۇللاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ يەنە ئەلچى ماڭدۇرۇشى مۇمكىن. بەختىمىزگە يارىشا، بۇ نۆۋەت ئەلچىلەرنى تۇتۇۋالغىنىمىز بىلەن يەنە بىر نۆۋەت قولىمىزغا چۈشۈپ قېلىشى ناتايىن. ئول چاغدا ھەمدەمگە كەلگەن موڭغۇل لەشكەرلىرى بىلەن ئىشاننىڭ سوپى لەشكەرلىرى ئارىسىدا قىينىلىپ قېلىشى-



مىز مۇمكىن.

شۇ تاپتا ئىككى تەرەپ بولۇپ قالغان سەركەردىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ تەكلىپىنى قوللىشىنى بىلەلمىگەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ تەكلىپى يوللۇق بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇ باياتىن بېرى ئۈن - تىنسىز خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان سىڭلىسىغا «قېنى سىزمۇ بىر نېمە دەپ باقمامسىز» دېگەننى قىلىپ قاراپ قويدى. ئاكىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم دەرھال خىيالدىن باش كۆتۈردى - دە، يەڭگىل يۆتىلىۋېتىپ سۆز باشلىدى:

— جانابىي سەركەردىلەرنىڭ بەرگەن تەكلىپلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ باشقىچىرەك ئويۇم بار. بىلمىدىم تەكلىپىم مەقبۇل كېلەرمىكىن.

ھەممەيلەن مەلىكىنىڭ ئاغزىغا ئۈمىد بىلەن قاراشتى.

— ئاستانىگە ھازىرلا ھۇجۇم باشلىساق موڭغۇل خان خوجىسىغا چەكسىز ئىشەنگەن ھىدايىتۇللا ئىشان جاھىللىق قىلىپ ئاسانلىقچە تەسلىم بولمايدۇ. ئاستانە سېپىلى مۇداپىئەلىنىشكە ھەمدە ئوقيا، مىلتىق، توپ ئوقلىرى بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئەپلىك، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاستانىگە ھۇجۇم قىلساق، بىھۇدە چىقىم تارتىشىمىز تۇرغانلا گەپ، ئەمما شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يېتىۋەرگىنىمىزنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر. چۈنكى، ئاستانىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى مول، سۈيى يېتەرلىك، ئۇلار مۇھاسىرىگە خېلى ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. مۇشۇ يوسۇندا جەڭ قىلماي يېتىۋەرسەك لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى سۇسلاپ كېتىدۇ. ئىسسىق ئۆي، ئاسايىشلىق ماكانىنى سېغىنىپ جەڭدىن رايى قايتىپ كېتىدۇ. ناۋادا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەلچىلىرى غالداننىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، موڭغۇل لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ قالسا ئىككى ياۋنىڭ ئوت-

تۇرىسىدا قىلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، مېنىڭ تەكلىپىم: سەركەردىلەردىن بىرىنى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەلچىسى سىياقىدا ياساندۇرۇپ غالداننىڭ دەرگاھىغا تېزدىن ماڭدۇرايلى - دە، ھەمدەمگە كەلگەن موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى مۇزداۋاننىڭ ئاقسۇ تەۋەسىدىكى چۆلدە توسۇپ يوقىتايلى، ھەمدەمگە كەلگەن موڭغۇل لەشكەرلىرىنى يوقاتساقلا، بىرىنچىدىن، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تاشقى ياردەمگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەيۋىسى سۇنغان ئىشاندىن ئاستانە ھەم سەلتەنەتنى ئاسانلا سويۇپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، موڭغۇللارنىڭ سەئىدىيە تەسەررۇپىنى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسىنى سۇندۇرغىلى بولىدۇ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرى ئاكىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

— كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا بۇ بولىدىغان تەدبىر ئىكەن. ئەسلىدىمۇ سەئىدىيە باھادىرلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويماي تۇرۇپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلماق مۇمكىن ئەمەس. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەك خوجىسىغا بولغان ئۈمىدىنى يوققا چىقارماي تۇرۇپ ئاستانىنى ئالماق مۇمكىن ئەمەس تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ. جانابىي سەركەردىلەر بۇ تەدبىرگە نېمە دەيدىكىن؟

ئەسلىدىنلا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇتۇشۇپ، ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەت داغلىرىنى يۇيۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن سەركەردىلەر بۇ تەدبىرنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاشتى.

— موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن رەسمىي يوسۇندا بىر تۇتۇشۇپ كۆرەيلى.

— مەن قوشۇلىمەن، ئول مەلئۇنلارنىڭ بىرىنىڭ بېشىنى ئالسامۇ ھېساب.



— كىمنىڭ ھەقىقىي مەرد - باھادىرلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى ئۇلارغا.

— سەركەردە زوردۇن كۆك كۆز موڭغۇل تىلىنى ئوبدان بىلىدىغۇ دەيمەن، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن سەركەردىسىگە قاراپ.

زوردۇن كۆك كۆز ئىسمىلىك بۇ سەركەردە ئەينى يىللىرى ئىلى تەرەپتىن ئۆچتۇرپانغا ئات سودىسى بىلەن چىقىپ، ئاتلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن دەۋا - دەستۇر سەۋەبلىك ئۆچتۇرپاننىڭ ئەمرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا خاس خۇش چاقچاق، گەپ - سۆزلىرى چاققان، ھازىر جاۋاب بۇ يىگىتنى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىر سۆزلىشىپلا ياقتۇرۇپ قالغان ۋە ئوردىدا خىزمەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئەنە شۇنداق سەۋەب بىلەن ئۆچتۇرپاندا تۇرۇپ قالغان بۇ يىگىت خېلىلا يۇقىرى جەڭبازلىق ماھارىتى بىلەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ يېقىن سۆھبەتدىشى ھەم سەركەردىسى بولۇپ قالغانىدى.

زوردۇن كۆك كۆز مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ سوئالىغا موڭغۇل تىلىدا كاسۇر - كۇسۇر بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بېرىپ بارلىق سەركەردىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— سەركەردىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمىدىم، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان كۈلكىسىنى توختىتالمىغان ھالدا.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، موڭغۇل تىلىنى ئول غالدان بوشۇكتۇخاندىنمۇ پۇختىراق بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى زوردۇن كۆك كۆز يەنە قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ياسىنىپ ھازىرلا يولغا چىققايلا. بىز ئەمىرلەشكەر مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىققايمىز.

سەپەر ئۈستىدە تولىمۇ ئېھتىيات قىلغايلا.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئالىيلىرى. بۇ ئىشتىن پەقەتلا چاتاق
چىقمايدۇ.

## 11

ئەمدىلا كۈز ئايلىرىنىڭ كىرىشىگە قارىماي كۈندۈزى تونۇر-
دەك قىزىپ كېتىدىغان يانتاققۇدۇق چۆللۈكى ناماز ئەسىر ۋاقتى-
دىن باشلاپ مۇزتاغ تەرەپتىن كەلگەن غۇر - غۇر شامالدا تېزلا
سوۋۇپ ئادەمنىڭ غولىنى قورۇغۇدەك سوغۇق بولاتتى.

سەركەردە زوردۇن كۆك كۆزنى ئىرەن قابۇرغەگە يولغا
سېلىۋېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر تۈمەنگە يېقىن لەشكىرىنى
ئاستانىنى داۋاملىق مۇھاسىرىگە ئېلىشقا قالدۇرۇپ، قالغان
سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىققان
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئاقسۇ سېپىلىنىڭ سىرتىدا قوشۇننى
تولۇق بىر كۈن دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئىلگى-
رىلەپ، ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى مۇزداۋان يولى
ئۈستىدىكى يانتاققۇدۇق چۆللۈكىدە موگۇل لەشكەرلىرىنى كۈ-
تۈپ ياتقىنىغا بۈگۈن توپتوغرا ھەپتە بولغانىدى. شۇ تاپتا مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخان بارگاھى ئالىيدا مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ،
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق سەركەردىلىرى بىلەن مۇز
داۋان تەرەپكە ياۋ قوشۇنىنىڭ شەپىسىنى تىڭ تىڭلاپ كېلىشكە
ئەۋەتكەن چارلىغۇچىلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— غالدان لەشكەرلىرىنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا ھەمدەم بو-
لۇشقا ئەۋەتمەيمۇ قالارمۇ؟ — دېدى سەركەردىلەرنىڭ بىرى ئارى-
دىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— سەركەردە زوردۇن كۆك كۆز ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي



چاندۇرۇپ قويمىسا بولاتتىغۇ، — دېدى يەنە بىر سەركەردە ئەندى-
شىسىنى يوشۇرماي.

— جانابىي سەركەردىلەر خاتىرجەم بولغاي، — دېدى مۇ-
ھەممەد ئىمىن باھادىرخان خاتىرجەملىك بىلەن، — سەركەردە
زوردۇن كۆك كۆزنىڭ قاملاشتۇرالمايدىغان ئىشى يوق. بۈگۈن
بولمىسا ئەتىگىچە بۇ چۆللۈككە موگۇل لەشكەرلىرىنى خۇددى
بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىدەك يېتىلەپ كەلمىسە ھې-
ساب ئەمەس.

— ئول مەلئۇنلارنىڭ ئەجەل - پەيمانى توشقان بولسىلا،
ئاللاتائالا ئىگەم ئۇلارنى ئۆز ئاياغلىرى بىلەن ماڭدۇرۇپ بۇ
چۆللۈككە ئەۋەتمەي قالمايدۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
خاتىرجەملىك بىلەن.

— سەركەردە زوردۇن كۆك كۆز ياۋ ئەھۋالىدىن ئالدىن
خەۋەر بېرىۋەتسە ئىشلىرىمىز تېخىمۇ پۇختا يۈرۈشكەن بولار
ئىدى، — دېدى مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ تەقەززالىق بىلەن.

سەركەردىلەر ئەنە شۇ يوسۇندا بىر ئاش پىشىم سۆزلىشىپ
ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى.

ناماز ئەسىر مەھەل.

سەركەردە - لەشكەرلەر ئەمدىلا ئەسىر نامىزىدىن پارىغ
بولۇپ تۇرۇشىغا، مۇزداۋان تەرەپتىكى كارۋان يولىدىن چېكىت-
تەك بىر نەچچە قارا - قۇرا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇنى ئەڭ
ئاۋۋال بايقىغان ئېگىز دۆڭدە كۆزەتتە تۇرغان لەشكەر ئەھۋالنى
دەرھال مەلۇم قىلدى. شۇ ھامان بارلىق سەركەردىلەر دۆڭنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ لەشكەرلەر كۆرسەتكەن نىشانغا نەزەر تاشلىدى.
ئالاھازەل بىر چۆگۈن چاي قايىنىمچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇنىڭ
ئاتلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى. ئۇلار راستتىنلا مۇ-
ھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئالدىن چارلىغۇچى لەشكەرلى-
رى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا موگۇلچە مالىخاي، ئۇچى-

سىغا ياندىن ئىزمىلىنىدىغان موڭغۇلچە قارا تون كىيىۋالغان
زوردۇن كۆك كۆزمۇ بار ئىدى.
سالام ـ سەھەت بەجا كەلتۈرۈپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىش-
لاردىن كېيىن، ئۇلار بارگاھى ئالىيغا كىرىپ لەشكىرىي مەرتى-
ۋىسى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى.
— سەركەردە، كۆپ رىيازەت چەكتىلە، — دېدى مۇھەممەد-
ئىمىن باھادىرخان زوردۇن كۆك كۆزگە ئۆز قولى بىلەن بىر
جام مۇزدەك شەربەت تۇتۇپ تۇرۇپ، — ھازىرچە ئىنئامىنىڭ
ئورنىدا بىر جام ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ تۇرسىلا.
— ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — زوردۇن كۆك
كۆز جامنى ھۆرمەت بىلەن قولىغا ئېلىپ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەت-
كەندىن كېيىن قىزىقچىلىق قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، —
قىلىدىغان ئىش ئايغاقچىلىق ئوخشايدۇ. موڭغۇل خانى غالدانغا
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىنئامغا نا-
ئىل بولغانىدىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالىيلىرىغا يەتكۈ-
زۈپ بىر جام شاھانە شەربەت ئىنئام ئالدىم.
سەركەردىلەر خىرىلداپ كۈلۈشتى.
— موڭغۇل خانىنىڭ ئىنئامىنى چىقارسىلا، سەركەردە،
كۆرۈپ باقايلى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ.
— مانا ئۇچامدا تۇرمامدۇ، — دېدى سەركەردە زوردۇن
كۆك كۆز ئۇستۋېشىنى ئىما قىلىپ، — موڭغۇل خانىنىڭ ھۇزۇ-
رىدا بىردەمدىلا موڭغۇل بولۇپ كەتتىمغۇي مەن، راۋان ـ راۋان
سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر ئول لەنتى.
— خوش قېنى؟ — دېدى سەركەردىلەر قىزىقىپ.
— سەن ئۇيغۇرمۇ، موڭغۇلمۇ؟ دەپ سورىدى.
— ئۆزلىرى نېمىدەپ جاۋاب بەردىلە، سەركەردە؟
— نېمە دەيتتىم، ئانام موڭغۇل، دادام ئۇيغۇر دېۋىدىم.
ئۇچاڭدىكى مۇنۇ ئۇيغۇرچە كىيىمىڭ ساڭا ياراشماپتۇ، دەپ مۇنۇ


موڭغۇلچە ئۇستۋاشنى كىيدۈرۈپ قويدى ـ دە، ئۇستۋېشىمغا
شۇنداقلا بىر قارىۋېتىپ، مانا ئەمدى جىڭ موڭغۇلغا ئوخشىدىڭ
دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.
سەركەردىلەر يەنە خىرىلداپ كۈلۈشتى.
— جانابىي سەركەردىنى بۇنىڭدىن كېيىن زوردۇن كۆك
كۆز دېمەي زوردۇن قالماق دېسەك بولغۇدەك، — دېدى مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخان كۈلۈپ، — خوش قېنى، ئەمدى رەسمىي
گەپكە كېلەيلى. موڭغۇل خانى ھىدايىتۇللا ئىشانغا ھەمدەم بو-
لۇشقا قانچىلىك لەشكەر ماڭدۇردى؟
— بىرى كەم ياكى ئارتۇق ئەمەس نەق تۆت تۈمەن.
— تۆت تۈمەن؟ — مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىرئاز
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى، — ئۇلار ھازىر نەدىرەك
كېلىۋاتىدۇ؟
— ئۇلار ئىرەن قابۇرغەدىن يولغا چىققان ھامان، ھەمدەمچى
موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى زەڭگى قونتاجىغا «غالىب
قوشۇننىڭ خەۋىرىنى ئىشان خان خوجامغا ئالدىن يەتكۈزگەچ
تۇراي» دەپ مېڭىپ كەتكەنىدىم. ئوتتۇرىمىزدا ناھايىتى بىر
يېرىم كۈنلۈك مۇساپە بار. پەمىمچە ئۇلار بۈگۈن مۇزداۋاندىن
ئۆتۈپ بولالىسا، ئەتە كەچ بۇ چۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېقىن
بويىغا جايلاشقان سۆگەتلىك جىرانى قونالغۇ قىلىشى مۇمكىن.
— ياۋنىڭ ئەھۋالى بىزگە ئايان بولدى. قېنى جانابىي سەر-
كەردىلىرىم، تەدبىرىڭلار بولسا كۆرسەتكەيسىزلەر، — دېدى مۇ-
ھەممەدئىمىن باھادىرخان.
— مېنىڭچە ئۇلارنى مۇشۇ يەردە توسۇپ ئۇجۇقتۇرايلى.
ئول مۇرتەتلەرنىڭ ئۆلۈكى مۇشۇ چۆلدە قالسۇن، — دېدى سەر-
كەردىلەرنىڭ بىرى.
— يەنە بىر ئىشنى جانابىي سەركەردىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ
قويماقچىمەن، — دېدى سەركەردە زوردۇن كۆك كۆز، — مېنى

ياۋنى بەك قۇدرەتلىك چاغلاپ قاپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشمىسىلا.
ئۇلارنىڭ تەپكىلىك مىلتىق، چاچما توپلىرى بىزنىڭكىدىن خېلىلا
ياخشىكەن. موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ روھىي ھالىتى تولىمۇ كۆ-
رەڭ، جەسۇر، مىنىۋالغان ئاتلىرى بىر - بىرىدىن خىل.

— بۇ تەرىپىنى سەممىزگە سېلىپ قويغانلىرى ياخشى بول-
دى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۆز ئېلىپ، —
مېنىڭچە، ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن بۇ پايانى يوق تۇپتۈز چۆللۈك-
تە جەڭ قىلساق تالاپەت كۆپ بولۇپ قالۇر. چۈنكى، ئاتنىڭ
چېپىشىغا تۈز ياخشى. شۇڭا، چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جىرا-
لىق تاغ قاپتىلىدا قاپساپ جەڭ قىلغىنىمىز ئەۋزەل.

— مېنىڭ ئويۇممۇ ھەم شۇ، — دېدى مىرزا مۇھەممەد
شاھبەگ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قارشىنى قۇۋۋەتلەپ، —
موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ سانى بىزنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىكەن.
ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئاقسۇنى بىتۇيۇق ھۇجۇم قىلىپ تارتىۋالغان-
دى. پەمىچە ئۇلار ھازىر ئالدىنى توسۇپ كۈتۈپ ياتقىنىمىزدىن
بىخەۋەر، قونالغۇلىرىدا تۈزۈك ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرمەس-
لىكى مۇمكىن. شۇڭا، بىز پۈتكۈل قوشۇن بويىچە ھازىرلا
ئىلگىرىلەيلى - دە، ئەتە ئەتىگەن ئۇلار قونالغۇ قىلىش ئېھتىمالى
بولغان جىرانىڭ ئەتراپىنى ئىگىلەپ بۆكتۈرمە قويايلى. تەڭ
كېچىدە سەپەر ھاردۇقىدا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدى-
لىنىپ قارارگاھىنى باسقىن قىلساق نۇسرەت قازانماي قال-
مايمىز.

پۈتۈن قوشۇن بويىچە ئىلگىرىلىگەن مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخاننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى ئەتىسى ئاشۋاقتى مەھەل
بىلەن چۆللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاقىر تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ
كەلدى - دە، ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ قوشۇننى دەم ئالدۇردى.
سەركەردە زوردۇن كۆك كۆزنىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى. ناماز
ئەسىر ۋاقتى بىلەن چارلىغۇچى لەشكەرلەر، موڭغۇل لەشكەرلى-



-رىنىڭ ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى سۆگەتلىك جىرادا ئېقىن
بويلاپ قارارگاھ قۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— ئاللا ئىگەم بىزگە مەدەت بېرىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بارگاھى ئالىيغا كېچەشكە چاقىرغان
سەركەردىلىرىگە قاراپ، — لەشكەرلەر دەرھال غىزالىنىپ بىر
ۋاخلىق ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىپ جەڭگە ھازىرلانغاي. مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىم ئىككى نەپەر ئورۇنباسار سەركەردە بىلەن ئۈچ
مىڭ ئوقياچى، بەش مىڭ ئاتلىق قىلىچۋاز لەشكەرنى ئېلىپ،
شەپە چىقارماي يول يۈرۈپ موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە
ئۆتكەي. تۈن نىسپى بىلەن تاڭ ئوتئاتار يا ئوقى بىلەن ياۋنىڭ
ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك، ئوق - دورا قارارگاھىغا ئوت
قويۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەي. سەركەردە مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ
ئىككى ئورۇنباسار سەركەردە بىلەن بەش مىڭ پىيادە لەشكەرنى
ئېلىپ جىرانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بۆكتۈرمىدە تۇرغاي. سەركەردە
زوردۇن كۆك كۆز ئىككى ئورۇنباسار سەركەردە بىلەن بەش مىڭ
پىيادە لەشكەرنى ئېلىپ جىرانىڭ سول تەرىپىدە بۆكتۈرمىدە
تۇرغاي. مەن قالغان سەركەردە ۋە ئاتلىق - پىيادە لەشكەرلەر
بىلەن ياۋنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا بۆكتۈرمىدە تۇرىمەن. كېچىدە
ياۋنىڭ ئارقا سېپىدىكى ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا
قارارگاھىدىن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلگەن ھامان تەڭلا ھۇجۇمغا
ئۆتىمىز.

لەشكىرىي پەرماننى تاپشۇرۇۋالغان سەركەردىلەر دەرھال
تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بارگاھى ئالىيدىن چىقىپ كەتتى.

تۈن كېچە.

خەتەرلىك، داۋانلىق يوللارنى بېسىپ ھېرىپ ھالىدىن كەت-
كەن موڭغۇل لەشكەرلىرى قورساقلىرىنى توقلاپ، غېمىدە يوق
شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئالدىنقى قېتىملىق سەئىدىيە زې-

مىنىغا قىلغان ھەربىي ئىستىلاچىلىق يۈرۈشىدە نۇرغۇن مال – دۇنيا، چىرايلىق غالچا چوكان، بەردەم غالچا يىگىتلەرنى ئولجا ئېلىپ قايتقان موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە مۇشۇنداق بىر لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ يەنە بىر قېتىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان موڭغۇل لەشكەرلىرى بىھېساب مال – دۇنيا تەمەسىدە شىرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ خورەكنى دۈك تارتىشىۋاتاتتى.

سەركەردە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم باشلاپ ماڭغان ئوقياچى لەشكەرلەر بىلەن چەۋەندازلار تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ياۋنىڭ ئوزۇق – تۈلۈك قارارگاھىغا تۇيدۇرماي يېقىنلاشتى – دە، ئۈچ مىڭ ئوقيادىن بىرلا ۋاقىتتا ئوتئاتار يا ئوقلىرى ئېتىشقا باشلىدى. شۇ ھامان ئوت – سامان دۆۋىلىرىگە تۇتاشقان ئوت غۇر – غۇر تاغ شامىلىدا ئۇلغىيىپ، بىردەمدىلا ئاسمان – پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، كەڭرى جىرانى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. ھەيۋەتلىك ئوت قىپقىزىل تىللىرىنى سوزغىنىچە ئوت – سامان دۆۋىسىدىن ئوزۇق – تۈلۈك دۆۋىسىگە، ئۇنىڭدىن ئوق - دورا دۆۋىسىگە شىددەت بىلەن تۇتاشتى. ئوق – دورىلارنىڭ پارتلاش ساداسى مۇزتاغ باغرىنى زىلزىلىگە سالدى. شۇ ھامان تۆت تەرەپكە بۆكتۈرمىگە قويۇلغان سەئدىيە لەشكەرلىرى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ نەرە تارتىشقىنىچە، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ساراسىمىگە چۈشكەن موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىغا خۇددى قوي قوتىنىغا ئېتىلغان بۆرە توپىدەك تاشلاندى.

موڭغۇل لەشكەرلىرى دەسلەپتە بىرئاز مەڭدەپ، گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن باشلىرىدا ئويناۋاتقان ئەجەل قىلىچىنى كۆرۈپ، كۈچلۈك ياۋغا دۈچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى – دە، دەرھال ئەس – ھوشىنى يىغىپ ياۋغا قارشى قىلىچ ياڭاچلىدى. پۇتكۈل جىرانى ئۇركۈگەن ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، تىغ تەگكەن ئادەملەرنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازلىرى، جان پىدالىق بىلەن



ئېلىشىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قىيقاس – سۈرەنلىرى قاپلاپ كەتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ قاتتىق زەربىدىن جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، ئۇرۇش سېپى تۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن موڭغۇل لەشكەرلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراۋاتاتتى.

جەڭ تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. قىرىق مىڭ لەشكىردىن ئاران ئون مىڭغا يېقىن لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى زەڭگى قونتاجى كەينىدىن سەئدىيە لەشكەرلىرىنىڭ قوغلىمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆلەر – تىرىلىشىگە باقماي قاچقىنىچە، ھەيۋەتلىك مۇز تاغنىڭ داۋانلىق يوللىرىدا ئېتىغا توختىماي قامچا ئۇراتتى. ئەنە ئاشۇنداق ۋەھىملىك قېچىشتا بەش مىڭغا يېقىن لەشكىرى ئات – پاتلىرى بىلەن ھاڭغا مۇدۇرۇپ كېتىپ جېنىدىن ئايرىلدى. مۇزداۋاندىن ھالقىپ بولغاندا بىرئاز ئېسىنى يىغقان زەڭگى قونتاجى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان تۆت – بەش مىڭغا يېقىن تەقى – تۇرقى تولىمۇ ئېچىنىشلىق، ۋەھىمىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىنى ئېغىر غەم تاغلىرى باستى. شۇ تاپتا ئۇ سەئدىيە تەسەررۇپىغا قەدەم بېسىپلا باشلاپ كەلگەن قىرىق مىڭ لەشكىرىنىڭ ئوندىن توققۇزىنى تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن غالدانغا قانداق جاۋاب قىلىشنى بىلەلمەي ئېغىر غەمگە پاتقانىدى. ئۇ ھەربىر قەدەم ئالدىغا ئىلگىرىلىگەندە كۆز ئالدىغا غالداننىڭ رەھىمسىز، دەھشەتلىك چىرايى كېلىۋېلىپ ۋۇجۇدى شۇنچىلىك مۈكچىيەتتى، شۇ تاپتا ئۇنى ئىرەن قابۇرغەدە كۈتۈپ تۇرغىنى رەھىمسىز ئەجەل ئىدى، خالاس.

زەڭگى قونتاجىنىڭ سەئدىيە ئېلىدىكى ئاپاق خوجىغا قارشى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن غالدان ئوردىسىدا ئۆستۈرۈلىدىغان مەنسەپ كۆلاسى ھەققىدىكى شىرىن چۈشلىرى پۈتۈنلەي بەربات بولغانىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭغا

غالدان غەزەپ بىلەن قارىماقتا. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەن سەركەردىلەر مەسخىرىلىك كۈلۈشمەكتە. بېشىنىڭ چوققىسىدا بىر تۇتام كوكۇلىسى بار، ئادەم يۈرىكىنى خامتالاش قىلىپ يېيىشكە خۇمار بولۇپ قالغان سۈرلۈك جاللات ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سۇغۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خەنجىرىنى بىلىمەكتە. خوتۇنى، سۆيۈملۈك بالىلىرى زار - زار يىغلىماقتا... زەڭگى قونتاجىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ شۇ يوسۇندا بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى شاققىدە تارتتى - دە، ئوڭ تەرەپتىكى كۆز يەتكۈسىز قارىغايزارلىق چوڭقۇر ھاڭغا قارىتىپ قامچا سالدى. قامچا زەربىسىگە چىدىمىغان ئات ئېچىنىشلىق بىرنى كىشنىۋېتىپ ئېگىسى باشلىغان تەرەپكە قاراپ چاپتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئاتمۇ، ئات ئۈستىدىكى زەڭگى قونتاجىمۇ تەگسىز چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن لەشكەرلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ھازىرلا ھەممە نەرسىنى دەم تارتىپ كېتىدىغاندەك قارىيىپ كۆرۈنىدىغان تەگسىز ھاڭغا قورقۇمسىراپ قاراپ قېلىشتى.

## 12

شاھنىشىن ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىغانىدى.

ھەمدەمگە كەلگەن قىرىق مىڭ موڭغۇل لەشكىرىنىڭ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان لەشكەرلىرى تەرىپىدىن يانتاققۇدۇق چۆللۈكىدە تامامىي دېگۈدەك ئېچىنىشلىق قىرىپ تاشلانغانلىق شۇم خەۋىرىنى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ۋۇجۇدىنى ئېغىر غەم باسقانىدى. شۇ تاپتا مەھ-



شەر كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ گۆشىيىپ ھېسسىياتسىز ئولتۇرۇشىدىن ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەك تولىمۇ تەس ئىدى. ئىشان ھالقىلىق پەيتتە پەقەتلا ئەسقاتمىغان، بىرەرمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىر كۆرسىتەلمىگەن بۇ نان قېپى، تەمەخور ئەمىرلىرىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن پىغانى ئۆرلەيتتى. تەختنىڭ يېنىدىكى شاھانە كۆرسىدا ئولتۇرغان موڭغۇل باسقاقبېگى دارجە تۆرىنىڭ تۇرقى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېچىنىشلىق تالاپەتكە ئۇچرىغان قىرىق مىڭغا يېقىن موڭغۇل لەشكەرلىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئەمەس، ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ ئەل - يۇرتنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلىپ جۇغلىغان ھېسابسىز مال-دۇنيالىرىنى قانداق قىلىپ ساق - سالامەت ئەكېتىش غېمىدە تولىمۇ سولغۇن ئولتۇراتتى.

«مەن ئۈچۈن بۇ يۇرتتا كىمنىڭ خان - سۇلتان بولۇشى بەربىر، مۇھىمى ھاياتىم ۋە جۇغلىغان دەپىنە - دۇنيالىرىم دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمىسىلا بولدى. بۇ ئەلدىن ھەر يىلى تۆلىتىۋېلىنىدىغان ئولپاننى ئېلىش - ئالماسلىق غالدان بوشۇكتۇخان ئالىيلىرىنىڭ ئىشى. ئى ساكيامۇنى ئامىتا بۇددىھا تەڭرىم، مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرى - غەزىپىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...»

— ئەمدى قانداق قىلساق بولۇر، باسقاقبېگىم؟ غالدان خان خوجام ھەمدەمگە يەنە لەشكەر ئەۋەتەرمۇ؟

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بۇ سوئالى دارجە تۆرىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھىدايىتۇللا ئىشانغىمۇ تەكەببۇر نەزىرى بىلەن قارايدىغان دارجە تۆرە شۇ تاپتا مۈشۈكنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالغان چاشقاندەك شۈمشىيىپ قالغانىدى. ئۇ خىيالىنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ ھىدايىتۇللا ئىشانغا بەئەينى تىلەمچىلەردەك تەلمۈردى. تۈنجى

قىتىم ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ تۇرۇپ راست گېپىنى
قىلدى:

— غالدان بوشۇكتۇخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمدى يەنە ھەمدەمگە
لەشكەر چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد-
ئىمىن باھادىرخان بىلەن سۇلھىگە كەلگىنىمىز ئەۋزەل.

ئاجىز چىراغ نۇرىدەك پىلىلدەپ تۇرغان ئاخىرقى ئۇمىدىمۇ
يوققا چىققان ھىدايىتۇللا ئىشان لەسسىدە بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا
«سۇلھى تەلەپ قىلىش» دېگەن بۇ بىر جۈملە مۇدھىش سۆز
ئىشاننىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى. سۇلھى تەلەپ قىلىش دېگەن
سۆز سەلتەنەتنى، تەختنى تاپشۇرۇپ بېرىش دېگەن سۆز. قۇتبىل
ئەقتاب پىرى بۇزرۇك ئاپاق خوجىنىڭ ئىشان خانلىقىنىڭ ئۆمرى
شۇنچىلىك كۆتە بولۇپ قالارمۇ! بۇ تەخت - سەلتەنەت ئۈچۈن
ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلمىغان، قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىمىگەن
دەيسىز. ئىست، ئىست، تۇگىدى، ھەممىسى تۇگىدى. ياق!
تەخت - سەلتەنەتنى بۇنداق ئالدىراپ تاپشۇرماسلىق كېرەك،
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ياردەمگە كەلگەن موڭغۇل لەشكەرلى-
رىنى يوقىتالىغىنى بىلەن ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى ئاستانىنى
ئالالىغىنى يوق. تەخت ھېلىھەم ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تېگىدە،
شاھانە تاج بېشىدا تۇرۇپتۇ. ئاستانە، سەلتەنەت، تەخت لازىم
بولسا بېرىش كېرەك، لېكىن ئىككى قوللاپ بېرىپ، بارماق
چىشلەپ قېلىپ ئەمەس. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئاتا مىراس
تەختتە ئولتۇرسا ئولتۇرسۇن، ئەمما پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇ-
پىدىكى لەكمىڭلىغان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ سۇلتانۇل
مۇھەققىقىينى بولمىش ھىدايىتۇللا ئىشان ھېچبولمىسا ئاۋۋۇ
موڭغۇل باسقاقبېگى ئولتۇرغان شاھانە كۇرسىدا ئولتۇرۇشى،
سەلتەنەتنىڭ تىزگىنىنى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن تەڭ
تۇتۇپ، بۇ ئەلنى شېرىك سورىشى كېرەك. توغرا، سۇلھىنى ئەنە
ئاشۇنداق تەلەپ قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھىدايە-



تۇللا ئاپاق خوجا ئاشۇ لەكمىڭلىغان سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلى-
رى، ئىخلاسمەن مۇرىتىل ھىدايەتچىلىرى، ساداقەتمەن ھىجابۇل
غەيبلىرى ئالدىدا بېشىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خىياللىرى قاناتلانغانسېرى ۋۇجۇدىد-
دىكى توڭگۇزلار بارغانسېرى قۇتراۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى سۇلھى
تەلەپ قىلىپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا مەكتۇپ يېزىش قا-
رارىغا كەلدى.

— بوپتۇ، ياراتقان ھەقنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ ئوخشايدۇ.
سۇلھى تەلەپ قىلساق قىلايلى. ئەمما، مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خاننىڭ كاپالىتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بولغۇچە شەھەرنىڭ سېپىل -
قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم قورۇقدالغاي، — دېدى ئىشان قاپىقىنى
تۈرۈپ.

سۇلھى تۈزۈلسە ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامان قالىدىغاز-
لىقىنى ھېس قىلىشقان ئەمىرلەر خاتىرجەملىك بىلەن يەڭگىل
تىن ئېلىشتى.

موڭغۇل لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، زەپەر قۇچۇپ
ئاستانىگە قايتىپ كەلگەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئۈچ ھەپ-
تىدىن بېرى ئىككى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپمۇ ئاستا-
نىنى ئالالماي قاتتىق ئىچى پۇشۇپ كېتىپ باراتتى. مۇستەھكەم
ھەم ئېگىز ئاستانە سېپىلى خۇددى مەڭگۈ ئاچقىلى بولماس ھەيـ-
ۋەتلىك داۋاندەك ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى. قىرىق مىڭغا يېقىن
لەشكەرگە قەشقەر، يېڭىسار، مەكىت، قاغىلىق، مارالبېشى،
يوپۇرغا قاتارلىق يۇرتلاردىن ئوزۇق - تۈلۈك توشۇپ ئۈلگۈرمەي-
ۋاتاتتى. ئەگەر كۈز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ قىش كىرىپ قالسا
بۇ لەشكەرلەرنىڭ قورسىقىنى بېقىش تۇگۇل كىيىم - كېچەك،
سوغۇقتىن دالدىلىنىش ئىشلىرىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالاتتى.
ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ئولپان
تاپشۇرۇش ئۈچۈن قات - قات سېلىق سالغان ھىدايىتۇللا ئىشان

ئەل ـ يۇرتنى سويغان پىيازدەكلا قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا،
خەلق لەشكەرلەرنى بېقىش تۈگۈل ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ جان ئېتەل-
مەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى
يۇرتلاردىكى سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتچىلىرى مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخان ھەققىدە تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىپ، خەلق-
نىڭ ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويۇۋاتاتتى. كىشىلەر مۇھەممەدئى-
مىن باھادىرخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە ئىلگىرىكىدەك
ئىللىق چىراي ئاچمايدىغان، قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇ-
لارنى ئويلىغاندا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ غېمى ھەسسىلەپ
ئاشاتتى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئارىسىدىمۇ ئاستانىنى ئېلىش-
تىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىپ قەشقەر، ئاقسۇغا قايتىپ تۇرۇش،
ياندۇرقى يىلى باھاردا ئاستانىگە قايتىدىن لەشكەر تارتىش سادال-
رى بارغانسېرى ئەدەپ قالغانىدى.

ئىككى تايىن بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمىگەن مۇھەممەدئى-
مىن باھادىرخان بارگاھى ئالىيغا بېكىنىۋېلىپ، ھېچكىم بىلەن
كۆرۈشمەي ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرەتتى، خىياللىرى چىگىش
ھەم تەگسىز ئىدى.

بۈگۈن پېشىن نامىزىنى بارگاھى ئالىيدا ئۆزى يالغۇز ئو-
قۇپ، جايىنامازدا ئولتۇرغىنىچە خىيالغا كەتكەن مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخان خۇددى چاقىرىپ قويغاندەكلا كىرىپ كەلگەن مىرزا-
مۇھەممەدشاھبەگ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتارلىق سەركەردى-
لىرىنى كۆرۈپ يەڭگىل باش لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، قىسقىلا
دۇئا تارتقاندىن كېيىن جايىنامازدىن قوپۇپ ئۇلارغا ئەجەبلىنىپ
قارىدى.

— جانابىي سەركەردىلەرنىڭ بىرەر ئىشى بارمىكىن؟

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم ئوردا يوسۇنى بويىچە سۆز قىلىپ، — ھىدايىتۇللا
ئىشان ئوغلى يەھياھ خوجا بىلەن موڭغۇل باسقاقبېگى دارجە



تۆرىنى سۇلھى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىر ئاز جاڭ-
لاندى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇمۇ شۇنداقراق خىيالغا كېلىپ
قالغانىدى. ئەمما، سەركەردىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلى-
كىدىن ھەمدە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلھىنى قوبۇل قىلماسلى-
قىدىن ئەنسىرەپ ھېچكىمگە تىنمىغانىدى. مانا ئەمدى ئىشاننىڭ
ئۆزى سۇلھى تەلەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خېلىلا جايىغا
چۈشتى.

— قېنى ئۇلار؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ قالغانلىقىنى يوشۇ-
رۇپمۇ ئولتۇرماستىن، — دەرھال باشلاپ كىرىڭلار.

— ئىشان بىلەن سۇلھى تۈزمىگىنىمىز ياخشى، خان ئالىي-
لىرى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا
ئېيتىپ، — شۇنچىۋالا جەڭلەرنى قىلىپ ئاز قالغاندا ئول مۇناپىق
ئىشان بىلەن سۇلھى تۈزسەك ياخشى بولماسمىكىن.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان كەسكىنلىك بىلەن قول
سىلكىدى.

— ئاۋۋال كۆرۈشۈپ باقايلى. قالدى مەسلىھەتنى كېيىن
قىلىشارمىز.

سەركەردىلەردىن بىرى چىقىپ كېتىپ يەھياھ خوجا بىلەن
دارجە تۆرىنى بارگاھى ئالىيغا باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، — دېدى بارگاھى ئا-
لىيغا كىرىپ كەلگەن يەھياھ خوجا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا
ئېگىلىپ سالام بېرىپ، — ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيتۇ
دەيدىغان تەمسىل بار. مەن قۇتبىل ئەقتاب پەدەرى بۇزرۇكۇم
ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خان خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ دۇئايىسالام-
لىرىنى ئېلىپ ھوزۇرلىرىغا كەلدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوجىزادەم، قەدەملىرىگە مەرھا-
با، قېنى تۆرگە ئۆتسىلە.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ دوستانە مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ ئەمدىلا يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان يەھياھ خوجىنىڭ چىرايىغا قان، پۇت - قولىغا جان يۈگۈردى.

كىچىكىدىن باشلاپ سۇلۇكى ئىشقىيە تەرغىباتلىرى بىلەن قاتتىق تەربىيىلەنگەن يەھيا خوجا دادىسى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەكسىچە سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن كۆرە، ئەھلى سۇلۇك، ئىشانچىلىق ئىشلىرىغا كۆپرەك خۇشتار ئىدى. سوپىزم تەلىماتلىرىغا ئائىت كىتاب - رىسالىلەردىن باشقا، ھەرخىل ئىلىم، ھۈنەر - كەسپلەر شەرھلەنگەن كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ ياش تۇرۇپلا قانائەتچان، كەڭ قورساق، خۇش پىچىم، خۇي - مىجەز يېتىلدۈرگەنىدى. جەڭبازلىق، ئوۋ - شىكارغا قىزىقماسلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بىرئاز قورقۇنچاق كۆرۈنەتتى.

يەھيا خوجا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشىغا ئۇنىماي پەگاھدىلا ئولتۇردى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاندىن قايتىدىن ئېسەنلىك سورىدى، ئاندىن قوينىدىن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان نەپىس ئىشلەنگەن كۆن قاپنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

— پەدەر بۇزرۇكۇمنىڭ مەكتۇپىنى ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇلازىم يەھيا خوجىنىڭ قولىدىن كۆن قاپنى ئېلىپ مىس پەتنۇسقا سالدى - دە، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا ئۇزاتتى.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان كۆن قاپنىڭ پېچىتىنى بۇزۇپ، مەكتۇپقا ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن خوجا يەھياغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى.

— خوجىزادەم، تەخىر قىلىپ كۈتكەي. سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئاندىن جاۋابىنى بەرگەيمىز.



ئۇ بىكاۋۇلبەگكە قاراپ بۇيرۇق قىلدى.

— خوجىزادىنى ئارامخانىغا باشلاپ ئوبدان كۈتسۇنلەر.

بىكاۋۇلبەگ يەھياھ خوجا بىلەن دارجە تۆرىنى باشلاپ بارگاھى ئالىيدىن چىقىپ كەتتى.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەركەردىلىرىگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن مەكتۇپنى مىرزىسىغا ئۇزاتتى.

— قېنى، مىرزام، مەكتۇپنى ئۈنلۈك ئوقۇسۇنلار، جانابىي سەركەردىلەر تولۇق خەۋەردار بولغاي.

مىرزا گېلىنى قىرىپ قويۇپ، مەكتۇپنى ۋەزمىن ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى.

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئاستانىدە ئۇرغۇن قېتىم ياغى بولۇپ، بىھېساب ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارغا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ پەيلى - مۇددىئالىرىمىزنى بىلمىگەنلىكىمىز سەۋەب بولدى. ئەلھال سىز تولىمۇ جاھىللىق قىلىپ پەيلىڭىزدىن يانمىدىڭىز. بىزلەركىم سائاداتمەن سۇلۇك پېشۋاسى قۇتبىل ئەقتاب سۇلتانۇل مۇھەققىقىن پىرى بۇزرۇك بىگۇناھ مۇرىت - مۇرشىدلىرىمىز بولمىش رەئىيەت ئۇچرىغان بۇ ناھەقچىلىق ۋە زىيادە ئۆلۈم - يېتىمغا چىداپ تۇرالمىغانىمىز ئۈچۈن، سۇلھىگە كېلىش مۇددىئايىمىزنى بايان ئەيلەپ، مەزكۇر مەكتۇپنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمىز.

سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ سەلتەنىتىنى موڭغۇل خان خوجامنىڭ ھەدىيىسى سۈپىتىدە تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن تارتىپ ئەلھەمدۇلىللاھكى، ئىنساپ، دىيانەت بىلەن

تەخت ـ سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ، ئەدلۇئادالەت، خەير ـ
ساخاۋەت بىلەن يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ، نادان
رەئىيەتنى ساداقەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيە يولىغا باشلاپ، ھە-
مىشە مەسنەۋى شېرىپتىن تەلىم بېرىپ، تەرىقەت، مەرد-
پەت، شەرىئەت، ھەقىقەت بابىدا شېكەردەك سۆزلەرنى چې-
چىپ، ئاللادىن ئول گۇناھكار بەندىلەرگە دىيانەت، تەۋپىق،
ئىنساپ، ئىمان، شۇكرى ـ قانائەت تىلەپ، ئۇلارنى توقچى-
لىق، باياشاتچىلىققا باشلىدۇق. رەسۇلۇللا «ئەسسەبرۇ
مىفتاھۇلفەرەھ» دېگەنىكەن. بىزلەر بۇل رەڭۋاز دۇنيانىڭ
پۇچەك پۇلىغا ئەرزىمەيدىغان مەئىشەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ،
ئىت يېمىگە لايىق بالاگەر نەپسىمىزنى يىغىپ، ھەقنىڭ
جامالىغا يېتىش ئۈچۈن كېچەيۇ كۈندۈز زىكرى ـ سۆھبەت،
جەررە ـ سامالىرىمىز بىلەن تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل
بولغان ئاجىز بەندىمىز. بۇل سەلتەنەتتىن قىلچىلىك تەمە-
يىمىز، تارتىشقۇدەك يېرىمىز يوقتۇر. پەقەت ئەل ـ يۇرت
باشپاناھسىز، سەلتەنەت ئىگىسىز قالمىسۇن دەپ، ئاۋام ـ
رەئىيەتكە رەھنەما بولغان يېرىمىز بار، خالاس. قادىر ئاللا
ئىگەم نېمىنى بۇيرۇغان بولسا بەندىسىنىڭ شۇنى كۆرمەي،
قىلماي ئىلاجى يوق. بىزنىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قولى-
مىزغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇرمىقىمىز ئاۋۋال ئاللانىڭ ئىرا-
دىسى، ئاندىن قالسا موڭغۇل خان خوجامنىڭ شەپقەت،
ھەدىيىسىدىن بولغان. ئاللاغا يۈزمىڭ قەتلە شۇكرىكى، بىز
بۇل سەلتەنەتتە ئولتۇرغاندىن بۇيان پۈتكۈل رەئىيەت ـ
سائادەتمەن سۇلۇكى ئىشقىيەگە كىرىپ، پىشىمىزنى تۇتۇپ
بىزگە ئىرادەت قىلدى. مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر سىپىمىز
كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ يەر يۈزىنى قاپلىدى. ئۇلار شۇل
تاپتا بۈيۈك تەخت ـ سەلتەنەتتە بىزلەركىم پىرى بۇزرۇكى-
دىن ئۆزگىلەرنىڭ ئولتۇرۇپ، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى



قولىغا ئېلىشىنى كۆڭلىگە زىنھار سىغدۇرالماس. بەلكىم
غەليان كۆتۈرۈپ ئەلدە تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلۇر. شۇل
سەۋەبتىن سەلتەنەتنى ئەسلىي تەخت ئىگىسى بولمىش سىز
شاھزادە ئالىيلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خېلىدىن بېرى
خوپ كۆرمىگەنىدىم. ئەلھال، سىز بىزنىڭ بۇل رەئىيەتپەر-
ۋەر نىيەت ـ مۇددىئايىمىزنى چۈشەنمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن،
تەختنى لەشكىرىي كۈچ بىلەن سويۇپ بولدىڭىز، ئەگەر
نىيەت ـ ئىقبالىڭىز شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ئارتۇقچە
جەڭگى ـ جېدەل قىلىش ھاجەتسىز. ئاستانىگە خاتىرجەم
كىرىپ تەخت ـ سەلتەنەتنى تاپشۇرۇۋېلىڭ. ئەمما، شۇ
ئىش سەمىڭىزدە بولسۇنكى، لەكىمىڭلىغان سۇلۇكى ئىشقىيە
مۇرىتلىرىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى، نارازىلىقىنى توسۇپ
قالغۇچىلىكىم يوق. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا كۆپ تەڭقىس-
لىقتا قالدىم. سىز بىلەن رەئىيەت مەن ئۈچۈن خۇددى
ئۆز ئۆمىنىڭ قولۇمغىلا ئوخشاش. چۈنكى، قول دېگەننىڭ
ئالىقىنىمۇ گۆش، دۈمبىسىمۇ گۆشتۇر.

بابائى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەئىدىيە خان ـ سۇلتانلىرى-
غا پىرى بۇزرۇك بولۇپ، سەلتەنەت تىزگىنىنى ئەدلۇ ئادا-
لەت بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن دۇئاگۇيلۇق قىلىپ ئۆت-
كىنىنى نەزەردە تۇتۇپ سىزگە كىچىككىنە تەكلىپ بەرمەك-
چىمەن. پىرى بۇزرۇكلارغا ئىرادەت قىلماق، دۇئاسىنى
ئالماق، نەزەر ـ ھۆرمىتىدىن ئۆتمەك ئاللا رازىلىقىدۇر.
سىزنىڭ بابائى ئەجدادلىرىڭىز بىزنىڭ بابائى ئەجدادلىرى-
مىزنى پىرى بۇزرۇك تۇتقانلىقى ئۈچۈن، سىزمۇ بىزگە
ۋاستىلىك مۇرىت ـ مۇرشىد بولىسىز. شۇڭا، بىزلەركىم
پىرى بۇزرۇك بولمىش قۇتبىل ئەقتاب ۋەلىيۇللانىڭ سىز-
لەركىم مۇرىت ـ مۇرشىدلارغا دۇئاگۇيلۇق قىلىشى، سەل-
تەنەت ـ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا رەھنەما بولۇشى قىيامەت-

لىك قەرزىمىزدۇر. شۇل سەۋەبتىن گەرچە بىز بۇل رەڭۋاز
دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان مەئىشەتلىرىدىن قول
ئۈزگەن بولساقمۇ، ئاددىي مۇرىتىل ھىدايەتچى رەئىيەت
بىلەن بۇيۇك تەخت ساھىبى بولمىش سىز خان ئالىيلىرىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا نىزا - ئاداۋەت پەيدا بولۇپ، ئەل ئارىسىدا
بىھۇدە جەڭگى - جېدەل پەيدا بولماسلىقىنى كۆزلەپ،
تەخت - سەلتەنەت تىزگىنىنى شىرىك تۇتۇشنى لايىق كۆر-
دۇم. ئەگەر ئاۋام - رەئىيەتتىن ھايا قىلماي، لەكمىڭلىغان
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى ھېساب-
قا ئالماي تەخت - سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى
يېگانە تۇتىمەن دېسىڭىز ئۇمۇ مەيلى، مەن سەلتەنەتنى سىز-
گە ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىپ بېشىمنى ئېلىپ چە-
قىپ كېتىمەن. تەختتە ئولتۇرغان قۇتلۇق كۈنلىرىڭىزدە
ئەل - يۇرتتا تىنچسىزلىق، ئاۋام - رەئىيەت ئارىسىدا
جەڭگى - جېدەل يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن كۈچۈمنىڭ بارىچە
تىرىشىمەن. ھەر ۋاخلىق نامىزىمدا سىزگە دۇئا قىلىپ
تۇرىمەن. بۇل نەسىھەتلىرىمنى ئوبدان ئويلىنىپ جاۋابىنى
بەرگەيسىز. نامە تامام، ۋەسسالام.
سىزگە ياراتقان ئاللادىن كېچە - كۈندۈز مېھىر -
شەپقەت، بەخت - سائادەت، ئەدلۇ ئادالەت تىلەپ تۇرغۇچى
قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكىڭىز ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق
خوجىدىن دەپ بىلۇرسىز.»

بارگاھى ئالىينىڭ ئىچىنى بىر پەس سۇكۇت قاپلىدى. ئاس-
تانە مۇھاسىرىسىدىن زېرىككەن سەركەردىلەرنىڭ كۆپ قىسمى
شاھزادە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ كۆڭلىنى بىلگەندىن كې-
يىن ئاندىن سۆزلەش ئۈچۈن جىم تۇرۇشتى.
— كىمگە قارا مۇشۇك كۆرسىتىۋاتىدۇ بۇ ئىشان؟ — دەپ



سەكرەپ قوپتى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىشاننىڭ شەرتىگە ئۆك-
تە قوپۇپ، — سۇلھىنى ئۆزى تەلەپ قىلسۇنۇ شەرتنى يەنە
يۇقىرى قويسۇن. لەكمىڭلىغان مۇرىتىل ھىدايەتچىلىرىنى پەش
قىلىپ، پۇتكۇل ئاۋامنى مەن تەرەپتە دەپ قۇم چالمىغا دەسسەپ
تۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان تېخى.
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان باشقا سەركەردىلەرنىڭ لام -
جىم دېمەي تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ ئاخىرى ئۆزى سۆزلەشكە
مەجبۇر بولدى.
— پۇتكۇل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ئاۋام - رەئىيەتنىڭ
تەڭدىن تولىسىنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتنىڭ مۇرىت -
مۇخلىسلىرى ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمماسلىق كېرەك. گەرچە ئى-
شان ھەزرەت لەشكىرىي كۈچتە بىزدىن تۆۋەن تۇرسىمۇ ئاۋامنىڭ
ھىمايىسىگە ئېرىشىشتە بىزدىن خېلىلا ئۈستۈندۇر. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئول مەكتۇپتا يېزىلغىنىدەك بىزلەرمۇ تېگى - تەكتىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ئاشۇ پىرى بۇزرۇكقا مۇرىت - مۇخلىس كېلۇر-
مىز. ئەگەر سۇلھىنى قوبۇل قىلماي، ئىشان ھەزرەتنى ئوردىغا
سىغدۇرالمىساق، پىرى بۇزرۇكنى خارلىغان دېگەن توقا - لەنەت-
كە قالىمىز - دە، ئەل - رەئىيەت ئارىسىدىكى پىتنە - پاسات
تۈگىمىنىگە سۇ باشلاپ بېرىمىز. ئاۋام دېگەن بەئەينى بىر قوي
پادىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى سەركىدىن بىرى قاياققا باشلىسا شۇ
ياققا مېڭىۋېرىدۇ. پۇتكۇل سەئىدىيە تەسەررۇپىدا سۇلتانۇل مۇ-
ھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتاپ، ۋەلىيۇللا دەپ ئېتىراپ قىلىشقا
ئېرىشكەن ھىدايىتۇللا ئىشان ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن جېنى-
نىمۇ ئايىمايدىغان ئاشۇ مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر ئاۋامدىن ئىبارەت
قوي توپى ئارىسىدىكى بىردىن سەركىلەردۇر. ئۇلار ئىشان پى-
رىمىنىڭ ئەمرى دەپ ئاۋام ئارىسىدا شۇنداقلا بىر تەرغىبات ئېلىپ
بارىدىغان بولسا، پىرنىڭ ئەمرىنى خۇدانىڭ ئەمرى دەپ بىلىدى-
غان ئاۋام ياۋاش قوي توپىدىن قوتۇرىغان بۆرە توپىغا ئايلىنى-

دۇ ـ دە، سەلتەنىتىمىزدە ئىچكى نىزا، غەليان كۆتۈرۈلىدۇ،
بىھۇدە قانلار تۆكۈلىدۇ. بۇنداق بىھېساب خۇنرىزلىقتا سەۋەب
بولۇپ سەلتەنەتتە بەرقارار بولغىنىمىزنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى
يوقتۇر. جانابىي سەركەردىلىرىم، بۇلارنى ئەقىل بىلەن ئوبدا-
راق ئويلاپ كۆرسۇنلار.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ سۆزلىرىدىن سۇلھىگە كې-
لىش مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەن سەركەردىلەر قوللايدى-
غانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا
قاينىغان ئەمەس. شېرىك پادىشاھ بولۇش دېگەن قانداق گەپ
ئىكەن ئۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يەنە نارازىلىق
بىلدۈرۈپ، — ئىشاننىڭ لەكمىڭلىغان مۇرىتىل ھىدايەتچىلىرى
بولسا، بىزنىڭ بىرى مىڭغا تېتىيدىغان باھادىر لەشكەرلىرىمىز
بار. مېنىڭچە، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالمىغىنىمىز تۇ-
زۇك، ئەل ـ رەئىيەتمۇ ئەدلۇئادالەتنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۆز
ۋاقتىدا خان ئاتام سۇلتان ئىسمائىلخان سەلتەنەتنى سۇلۇكتىن
مۇستەسنا تۇتۇش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، تۇرلۇك سۇلۇك
تەرغىباتلىرىنى چەكلىگەندىمۇ ئانچە چوڭ ئىشلار بولۇپ كەتمى-
گەن.

— سەۋرچان بولغايسىز، سىڭلىم، — دېدى مۇھەممەدئى-
مىن باھادىرخان ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — تاغام سۇلتان ئىسمائىل-
خاننىڭ زامانىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئوخشاشمايدۇ. ئول
چاغدا خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان پەقەت بىر سۇلۇك پېشۋاسى ئى-
دى، خالاس. ھازىر بولسا يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ ئول-
تۇرغان ئىشان خان خوجىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا تاغام سۇلتان ئىسما-
ئىلخان سەلتەنىتىنىڭ سۇرىدىن ھېيىققان بىلەن ھازىر بىزنىڭ
سەلتەنىتىمىزنىڭ سۇرىدىن زىنھار ھايا قىلماس. ئۇنىڭ ئۇستىگە
يەنە ھەرقاچان موغۇل خانى تەسەررۇپىمىزغا باستۇرۇپ كېلىشى



مۇمكىن. ناۋادا ئاۋامنىڭ دىلىنى چىگىپ قويساق، ئول ئەغيار-
لىرىمىز بىلەن بولغان جەڭدە ھىماتىسىز قالىمىز. ئەل ـ رەئى-
يەتنىڭ ھىماتىسىز سەلتەنەت زىنھار كۆكلىمەس.

— ئالىيلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق، — دەپ
سۆز ئالدى باياتىن بېرى خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان سەركەردە
مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ، — ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجىنىڭ
لەكمىڭلىغان مۇرىتىل ھىدايەتچى ھىماتچىلىرى بولغاندىن
سىرت، موغۇللاردىن ئىبارەت كۈچلۈك يۆلەنچۈكىمۇ بار. ئا-
لىيلىرى ئەمدىلا خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا ئەل ئارىسىدا
نىزا ـ غەليان كۆتۈرۈلۈپ قالسا، سەلتەنىتىمىزنىڭ ئۇلى تەۋرى-
نىپ قېلىشى چوقۇم. شۇڭا، پېقىرنىڭ كالتا پەمىمچىمۇ ھىداي-
تۇللا ئىشان بىلەن ئىتتىپاق ئۆتكىنىمىز ئەۋزەل. ئەمما، مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۆزلىرىنىڭمۇ تورى بار. ئەلمىساقتىن
تارتىپ سەلتەنەتنىڭ پاسبانى يېگانە بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن
كېيىنمۇ چوقۇم شۇنداق بولغىنى ياخشى. چۈنكى بىر ئىشتاننى
ئىككى ئادەم زىنھار كىيگىلى بولماس. مېنىڭچە، ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى شېرىك تۇتۇش تەلىپىنى رەت
قىلايلى، ئەمما ئۇنىڭغا ئەركانى دۆلەتلىك، قوشۇمچە سۇدۇرلار
سەدرىلىك مەنسەپ كۇلاسىنى ئىنئام قىلىپ، شەرىئەت ئەھكامىلى-
رىغا مۇئەككەل بولۇپ، پەقەت جۇمە كۇنىلا يۇرتدارچىلىق تىز-
گىنىنى تۇتۇشقا يول قويايلى. مۇشۇنداق قىلساق، بىرىنچى-
دىن، ئۇنىڭ سەلتەنەتكە پۈتۈنلەي شېرىك بولۇشىنى چەكلىگى-
لى. ئىككىنچىدىن، نارازىلىقىنى پەسەيتكىلى. ئۇچىنچىدىن،
مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرنىڭ ئەل ئارىسىدىكى پىتنە ـ پاساتلىرىدىن
ساقلانغىلى. تۆتىنچىدىن، سەلتەنەتنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى
روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ.

— ئەينى مۇددىئا.

— ھەممىدىن سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئەۋزەل.

— ھىدايىتۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكنىڭ ئىناۋەت - ئابرۇيىنى قوغدىغىنىمىز ياخشى بولدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئۇنداق بولسا ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتكە بېرىلىدىغان جاۋابنى مۇشۇ خۇسۇستا مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرى پۈتۈپ چىققاي، — دەپ ئالدىراش - تېنەش پەرمان چۈشۈردى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان.

شاھىنشىندىكى ھەشەمەتلىك تەختتە ئولتۇرۇپ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ جاۋاب خېتىنى يېنىش - يېنىشلاپ ئوقۇۋاتقان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شۇ تاپتا تەختتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرسىمۇ ئىلاجسىز قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتاتتى.

«... مەيلىلا، ھازىرچە دەھرىي مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ شەرتىگە كۆنمەيمۇ ئامالىمىز يوقتۇر. پالتىنىڭ جۇلدىسى بولسىلا سېپىنى چىقارغىلى بولىدۇ، دەپتىكەن كونىلار. ئاشۇ بىسى يوق پالتىنىڭ جۇلدىسى تەگكىنىگىمۇ بولسا شۈكرى قىلغاچ تۇراي. مۆرتى كەلگەندە بىس چىقارماق ھېچ گەپ ئەمەس...»

ھىدايىتۇللا ئىشان شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئالتۇن تەختنىڭ ئالماس، ياقۇتلاردىن كۆز قۇيۇلغان يانلىقىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ سىلايتتى.

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشان سۈلھىگە كېلىپ جۇمە كۈنى شېرىك پادىشاھلىق قىلىش كېلىشىمىنى رەسمىي ئىمزالىدى. مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان لەشكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغىنىدىن بۇيان ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە ئۇھ دېگۈدەك ماجالى قالمىغان ئاستانە پۇقرالىرى يەڭگىل تىن ئالدى.



## 13

مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان سەئىدىيە خانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى رەسمىي خان دەپ ئېلان قىلىپ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەلدە نىسپىي تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىككى سۆزىنىڭ بىرىدە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا «ئالىيھەزرىتىم»، «قىبلىگاھىم» دەيدىغان خۇشامەت سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ، قول باغلاپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان ئازنا كۈنى سەلتەنەت پاسىبانى بولۇپ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىمتىياز - نېسىۋىسىگە شۈكرى - قانائەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ كۈنلەردە كىچىك پېئىل، تاتلىق سۆز، ھۆرمەت - ئېھتىرامچان، خۇش مۇئامىلىلىك بولۇپ قالغان ھىدايىتۇللا ئىشانغا يالغۇز مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانلا ئەمەس، خېلى كۆپ ئوردا ئەركانلىرى قايىل بولۇپ قالغانىدى.

كۆرۈنۈشتە تولىمۇ ياۋاشلىشىپ قالغاندەك، ئۆز نېسىۋىسىگە قانائەت قىلىۋاتقاندەك، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ خانلىق سەلتەنىتىنى چىن يۈرىكىدىن ئېتىراپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ۋۇجۇدىنىڭ سەلتەنەت سەۋداسى بىلەن ئىشق سەۋداسىدا پۇچىلىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان شاھىنشىنغا ھەر قېتىم كىرگىنىدە، شاھ سۇپا ئۈستىدىكى ئالتۇن تەختتە سۆلەت بىلەن ئولتۇرغان سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا شۇنداقلا قاراش بىلەن چىرايى تاتىرىپ كېتەتتى، يۈرىكى رەشىك، ئاداۋەت، ئارمان سەۋداسىدا پىژىلدايتتى. تەڭرىدىن، پىرى بۇزرۇكلىرىدىن، مازار - ماشايىخلاردىن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا ئۆلۈم - ھالاكەت تىلەيتتى. ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، ئوردا ئەر-

كانلىرى قاتاردا ئولتۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ گۈزەل
جامالىغا نەزەر تاشلىغىنىدا بولسا، يۈرىكىگە قايتىدىن تۇتاشقان
ئىشق ئوتلىرى يېلىنجاپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى گۈلخان ئارىسىدا
قالغاندەك ئېرىپ سىمابتەك تىترەيتتى. مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمغا ئۆيلىنىپ سەئىدىيە خان جەمەتىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىش
ۋەسۋەسىسى ئېخمۇ بەك كۈچىيەتتى، بىر ئامالىلارنى قىلىپ
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى نىكاھىغا ئېلىش ھەققىدە كېچە ـ
كېچىلەپ تەدبىر ـ پىلان تۈزەتتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدا
ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىشقا پۇرسەت
ئىزدەيتتى.
مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تالالاپ ئولتۇرمايدىغان
ئىشان كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتتى.
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خەلىپە ـ سوپىلىرىنى ئىشقا سېلىپ
مەخپىي پىلانلىشى بىلەن ئەشەددىي مۇرتىل ھىدايەتچىلىرى
سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەلتەنىتىگە قارشى ئاستانە
ۋە قەشقەردە بىر قېتىمدىن چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس
توپىلاڭ پەيدا قىلدى. ئاۋام ـ خەلق بىلەن قارشىلىشىپ قېلىش-
تىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بۇ
توپىلاڭنى لەشكىرىي كۈچ بىلەن تىنچىتىشقا ئامالسىز قېلىپ
ئوردىدا جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئەمما، بۇ توپىلاڭنى لەشكە-
رىي كۈچ ئىشلەتمەي تىنچىتىشقا ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ھېچقايسى-
سىنىڭ كۆزى يەتمىدى. مانا مۇشۇنداق تەڭقىسلىقتا تۇرغان پەيت-
تە ھىدايىتۇللا ئىشان دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆزىنىڭ
سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتابلىق سالاھىيىتى بىلەن بۇ
توپىلاڭنى تىنچىتالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ـ دە، ئاستانە كوچى-
لىرىدا بىر ھەپتىدىن بېرى بارغانسېرى ئەدەۋاتقان مۇھەممەدئى-
مىن باھادىرخان سەلتەنىتىگە قارشى توپىلاڭنى بىر ئاش پىشىم



ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق شىپپىدە توختاتتى، ئاندىن
قەشقەرگە بېرىپ، بۇ شەھەردىكى ئۆۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك
بولۇپ كەتكەن خەلقنى پەيلىدىن ياندۇردى.
بۇ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خانغا تۇنجى قېتىم كۈچ ـ قۇدرىتىنى، كەشپۇ كارامىتىنى كۆر-
سىتىپ قويۇشى ئىدى. بۇ ئىش يالغۇز مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خانىڭلا ئەمەس، باشقا ئوردا ئەركانلىرىنىڭمۇ ھىدايىتۇللا ئىشان-
غا بولغان ئىخلاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەپ، ئىلگىرىكى سۇل-
تان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇللاخان-
لار دەۋرىدىكى سەلتەنەت شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن
باش قاتۇرۇۋاتقان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭمۇ ھىدايىتۇللا ئى-
شانغا بولغان قارىشىدا خېلىلا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇ ھىدا-
يىتۇللا ئىشاننىڭ پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى ھۆرمەت ـ
ئىناۋىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن، سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ئۇلى-
نى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھىدايىتۇللا ئىشانغا تايانماي بولمايدى-
غانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.
بىر قېتىملىق سۈيىقەستلىك ھىيلە ـ مىكىر بىلەن مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخانىڭ ھۆرمەت ئىخلاسىغا ئېرىشۋالغان ھىدا-
يىتۇللا ئىشان يۈرىكىنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆرتەپ كەلگەن مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمغا ئۆيلىنىشتىن ئىبارەت ئىشق سەۋداسىنى مۇ-
ھەممەدئىمىن باھادىرخانغا بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى.
— ئى ئادالەتپاناھ قىبلىگاھىم، سىلى ئاتا، بىز بالا بولۇپ،
گۆش بىلەن سۆڭەكتەك، ياغ بىلەن بۆرەكتەك تۇغقاندارچىلىق
قىلىشىپ، ئەل ـ يۇرتتا كۆرۈلگەن تەپرىقىچىلىك، توپىلاڭ ـ
غەلىيانلارنى بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ بېسىقتۇرۇپ بۈيۈك سەل-
تەنىتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقى، تىنچلىقى ئۈچۈن تەڭ كۈچ چىقار-
ساق، ئول چاغدا بىزلەرگە ھېچبىر ئىنسان بالىسى ئەغيار

بولۇشقا پېتىنالماس دەپ ئويلايمەن.

— ھەزرەتلىرى بولسا پۈتكۈل ئەل ـ رەئىيەت قول بەرگەن
قۇتبىل ئەقتابتۇر. ئەھلى سۇلۇكنىڭ سۇلتان مۇھەققىقىنى ۋە-
لىيۇللاسىدۇر، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئىشاننىڭ
مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، —
پىرى بۇزرۇكۋارنىڭ نەزىرى گۈلزارلىقىمىزدا ئۆسكەن ناتىۋان
بىر غۇنچىگە چۈشكىنى ئەلۋەتتە ئۇل ئاجىزەمىزنىڭ بەخت ـ
تەلىيىدۇر. ھەزرەتلىرىگە قېيناتا بولۇپ، خۇدايى ھەمراھلىق
مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش بىز مۇخلىسلىرى ئۈچۈن كاتتا شەرەپ-
تۇر. ئەمماكى ھەزرىتىمىنىڭ كۆڭلىنى زىنھار يەردە قويۇش نى-
يىتىمىز بولمىسىمۇ، كىچىككىنە قىيىنىلىدىغان يېرىمىز
باردۇر.

— قېنى ئۇل مۇشكۇلاتنى ئاڭلاپ باقسام، — دېدى ھىدايە-
تۇللا ئىشان ھاياجان ئىلكىدە سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى بېسىپ تۇ-
رۇپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نەپسى تېزلىشىپ، تاڭلايلىرى قۇرۇپ
كېتىپ باراتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۈتۈلمىگەن بۇ تەلىپى مۇھەممەد ئى-
مىن باھادىرخانغا دەماللىققا تاسادىپىي تۇيۇلغان بولسىمۇ، نۆۋەت-
تىكى داۋالغۇپ بىردە تىنچىپ، بىردە تىنچىماي تۇرغان ۋەزىيەت-
نى دەڭسەپ كۆرۈۋىدى، يەنىلا ئىشانغا قېيناتا بولۇشنىڭ ئۆزى-
نىڭ خانلىق سەلتەنىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە زور پايدىسى
تېگىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خان ئىشاننىڭ بۇ تەلىپىنى ئاسانلىقچە رەت قىلىۋېتىشكە بولماي-
دىغان نازۇك مەسىلە ئىكەنلىكىنى، سەلتەنەت ئۈچۈن زور تەھ-
دىت بولۇپ تۇرغان ئىشانغا قېيناتا بولۇشتىن باش تارتسا، ئاران
تەستە ئەسلىگە كەلتۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىدا ئىتتىپاقلىق،
تىنچلىق بۇزۇلۇپ، قايتىدىن نىزا ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك پەيدا
بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىداي-



تۇللا ئىشاننىڭ نەسەب ـ مەرتىۋىسىمۇ سەئىدىيە مەلىكىسى بول-
غان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ماس كېلەتتى. مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنى ياتلىق قىلىش ئىشىمۇ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئوب-
دان ئويلانمىسا بولمايدىغان زىل ئىش ئىدى. ئىلگىرى مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخان چوڭ خانىشنى ئارىغا سېلىپ، سىڭلىسى-
نىڭ ئاستانىدىن ئايرىلماسلىق شەرتى ئاستىدا نىكاھ ئىشىنى بىر
تەرەپ قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئېگىز
ئوقۇرغا ئېسىلماسلىقنى ئويلاپمۇ ياكى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم-
نىڭ جەڭگاھلاردا قىلىچ يالىڭاچلاپ، يۈزنى ئوچۇق قويۇپ يۈر-
گەن ئەركەك مىجەزىدىن ھېيىقىپمۇ، ئەيتاۋۇر بىر قىسىم ئوردا
ئەركانلىرى ئوغۇللىرىنى ئۆيلەش ئىشىدا مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان
بولسا سىڭلىسىنى ياتلىق قىلىپ ئاكىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش
غېمىدە پات ـ پات باش قاتۇراتتى. مانا بۈگۈن كۈتمىگەن يەردىن
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۆيلىنىش تەلىپى مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خاننىڭ غېمىنى خېلىلا يەڭگىللىتىپ قويدى.

— پىرى بۇزرۇكۇمغا مەلۇملۇق، — دېدى مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخان ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىشانغا ۋەزمىن ئا-
ھاڭدا سۆزلەپ، — بىزنىڭ ھەزرەتلىرىگە دەماللىققا جاۋاب بې-
رەلمەسلىكىمىزدىكى مۇشكۇلاتىمىز شۇلكى، بىرىنچىدىن، مەلى-
كە مۆھتەرەم خېنىم بىزگە سىڭىلدۇر، پۇشتىمىزدىن تامغان
پەرزەنتىمىز ئەمەستۇر. ئىككىنچىدىن، ئۇل مەلىكە سەلتەنىتى-
مىزنىڭ سىپاھبەگلىرىدىندۇر. بىزلەرنىڭ ئاتلىق سالاھىيىتى-
مىز بىلەن مەجبۇرلاش ھەققىمىز يوقتۇر. شۇڭا، بۇ نازۇك
ئىشقا يەنىلا مەلىكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن جاۋاب ئالغىنىمىز
خوپراقتۇر.

— ئانھەزرىتىمىنىڭ مۇددىئاسى بىزگە پۈتۈنلەي ئايان بول-
دى. ھىممەتلىرىگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا، — دېدى ھىدايىتۇللا

ئىشان **ھاياجان** بىلەن تـەشـەككۈرىنى بىلدۈرۈپ، — ئەلۋەتتە
نىكاھ **ئىشى** رىزالىقسىز زىنھار روياپقا چىقماس. ئۇنداقتا مەلىكە
**مۆھتەرەم** خېنىم ھۇزۇرىغا ئەلچى كىرگۈزەي. جانابىي قىبلىگا.
**ھىممۇ** ئىككى ئېغىز نەسىھەتلىرىنى ئايىمىغايلا. پىر رىزاسى —
**خۇدا** رىزاسى دەپتىكەن. ئالىيلىرىدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى
بولۇپ ئۆتكەيمەن.

— بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولغايلا، ھەزرىتىم، — دېدى
مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ۋەدە بېرىپ، — ئىمكان بار مەلىكە.
دىن رازىلىق ئېلىشقا تىرىشقايمەن.

سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاندىن جاۋاب ئېلىۋالغان
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان يۈزىنى داپتەك قىلىپ، موللا ساقى
خەلپىسى ئارقىلىق مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئىشق مەكتۇپى
يوللىدى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۆزىگە ئاشىقى بىقارار بولۇشىنى
ھەمدە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمى.
گەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىشاننىڭ تەكلىپىنى كەسكىنلىك
بىلەن رەت قىلىپ بىر پارچە خەت يازدى.

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھىدايىتۇللا ئىشان ھەزرەتلى.
رى. بۇ دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان مەئىشەت ـ
لەززەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، خۇدايى ئىشانلىق يولىدا ئىبا.
دەتكە مەشغۇل بولغان جانابلىرىدەك سۇلۇك پېشۋاسىنىڭ
چاچ ـ ساقاللىرىغا قىرو چۈشۈشكە باشلىغاندا، ئىشق بالا.
سىغا مۇپتىلا بولۇپ، ۋىسال لەززىتىدىن شاراپ ئىچىشنى
دەۋا قىلىپ يازغان مەكتۇپلىرىنى كۆرۈپ، ھەم كۈلگۈم
كەلدى، ھەم ھەيران قالدىم. ئەلۋەتتە، ئاشىق بولۇش زىن.
ھار گۇناھ ئەمەستۇر. ئۇلۇغ ياراتقان ئاللا ئىگەم ئادەمئاتى.
مىزنى ھاۋائانىمىزغا ئاشىق قىلغاندىن بېرى ئىنسانلار ئارد.



سىدا ئاشىقلىق پەيدا بولغان. ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇپىدىكى
ئىشق بابىدىن تىزغان گۈلدەستىلىرى مېنى زىنھار جەلىپ
قىلالمىدى. دېمەكچىمەنكى، ئاشىقلىق ھەققىدىكى چۈشەن.
چىلىرى، بەرگەن تەبىرلىرى تولىمۇ چولتا ئىكەن. ھەز.
رەتلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىشق بىلەن مېنىڭ نەزىرىمدىكى
ئىشق زىنھار ئوخشىمايدىكەن. قۇلاق سالغايلا:

‹ئىشق ـ يۇلتۇزدۇركى پارلاپ تۇرغان، ئىنسان كۆ.
زىنىڭ نۇر ۋە روشەنلىكى ئۇنىڭدىن؛ گۆھەردۇركى جۇلالاپ
تۇرغان، ئادەملىك تاجىنىڭ زىنىنتى ۋە باھاسى ئۇنىڭدىن؛
ئىشق مىسالى قۇياشتۇركى ئوچۇق چىققان، مىسكىن دىللار
تىكەنزارلىقى ئۇنىڭدىن گۈلشەن؛ تولۇن ئايدۇركى نۇر چې.
چىپ تۇرغان، قاراڭغۇ دىللار شەبىستانى[1] ئۇنىڭدىن روۋ.
شەن؛ دېڭىزدۇركـى پايـانسىـز، ھـەر دولقۇنى يـۈزلەپ
ئەقىل ـ ھوش كېمىسىنى چۆكتۈرگەن؛ شولادۇركى ئوت.
لۇق، كۆپ جانۇ كۆڭۈلنى ئېرىتىپ سۇ قىلغان؛ چاقماق.
تۇركى يالتىراپ چاققان، كۆپ جانۇ كۆڭۈلنى كۈل قىل.
غان؛ ئەجدىھادۇركى قانخور، ئالەمنى دەم تارتماق ئاڭا
مەقسەت؛ پادىشاھدۇركى غەزەپلىك، مەقسىتى ئالەم ئەھلى.
نى بىر يولى ئۆلتۈرمەك.»[2]

مانا بۇلار مېنىڭ ئىشق بابىدىكى تەبىرلىرىمدۇر. ئەل.
ۋەتتە ئاشىقلىق يالغۇز ئىنسانغىلا قارىتىلغان ئەمەس. ياش.
لارنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىنغا باشلاپ كېلىشتىن
ھايا قىلمىغان ھەزرىتىمگە ئىشقىنىڭ باشقا بابلىرىدىن سۆز
ئېچىشنى راۋا كۆرمىدىم. تۆۋەندىكى نەزمە ھەزرىتىمنىڭ
تەكلىپىگە بەرگەن جاۋابىم بولۇپ قالغاي.

① شەبىستان — قاراڭغۇ ماكان.
② ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»تىن.

بىراۋنىڭكىم بېرىپ مۈلكىنى بەرباد
قىلۇرسەن نازەنىن كۆڭلىنى ناشاد.
شىكەستىغە سەتەم ياسىن قۇرارسەن،
ئىشتىدىم ئىشق لافىن ھەم ئۇرارسەن①. »

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان نىيىتىدىن يانماي موللا ساقى خەلىپىنى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەۋەتتى. بۇ قېتىم مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىشاننىڭ تەلىپىگە جاۋابەن تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتتى.

«ئېشەك مونچىقى تاجغا مەنسۇب ئەمەس،
دەرگاھ سالار شاھلەرگە مەرغۇب ئەمەس. »

بۇ جاۋابنى ئوقۇپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ئاسانلىقچە ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھىدايىتۇللا ئىشان سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا بېسىم ئىشلىتىش مەقسىتىدە، قەشقەر، ئاستانە ۋە خوتەندىكى مۇرىتىل ھىدايەتچىلىرگە مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ يەنە بىر قېتىم سەئىدىيە سەلتەنىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگۈزدى. بۇ يۇرتلاردىكى تۇمەنلىگەن مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرنىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىنى بىكار قىلىپ ئورنىغا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىشانلىق سەلتەنىتىنى تىكلەش ساداسى سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى يەنە بىر قېتىم چۆچۈتتى.

① ئەلىشىر نەۋائى «پەرھاد ۋە شېرىن» دىن:

باشقىلارنىڭ ئەل - يۇرتىنى ۋەيران قىلىپ،
نازىنىننىڭ كۆڭلىنى قايغۇغا سالىسەن.
ئۇنى يارىلاندۇرۇش ئۇچۇن زۇلۇم ئوقياسىنى قۇرۇسەن،
شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئىشقتىن لاپ ئۇرۇسەن.



— پىر بۇزرۇكۇم قۇتبىل ئەقتابلىق ئابرۇيى - ئىناۋەتلىرى بىلەن ئول ئازغۇن رەئىيەتكە يەنە بىر قېتىم نەسىھەت قىلىپ، ئەل - يۇرتنى تىنچىتقان بولسىلا، — دەپ ئىلتىجا قىلدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا.

— ۋۇجۇدۇم مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئىشقى پىراقىدا كاۋاپ بولۇپ ئۆرتەنمەكتە. ئول ئازغۇن رەئىيەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ مەسىلە - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلغۇدەك ماجالىم يوقتۇر. بۇل ئىشق بالاسى ئاخىرى جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئىشان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، — ئەگەرچەندە يۈرىكىمنى ئارامسىز كۆيدۈرۈۋاتقان ئىشق بالاسىغا ئاز - تولا دەۋا تېپىلسا ئەردى، ئول چاغدا دىلخەستە كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ، سەلتەنىتىمىز ئۇچۇن خىزمەت قىلالىغان بولار ئىدىم.

ئىشاننىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى چاقىرتىپ جىددىي سۆزلەشتى.

— سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن ئاجىزەلىرىنىڭ نىكاھ ئىشىنى بىرلەشتۈرۈۋالمىغايلا، ئالىيلىرى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاكىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، — ئول ئىشان مېنىڭ خىلىم ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا، — ئەمما سەلتەنىتىمىزنىڭ تەقدىرى سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى، سىڭلىم.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— زىيادە مېھرىبانلىق بىلەن يۇرت سورىغىلى بولماس. كىچىك ۋاقتىمدا جەننەتماكان خان ئاتام سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ قىلىچىدىن قان تامدۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەم سەل-

تەنەت سۇرەلمەيدۇ دېگەن سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مېنىڭچە،
قولىمىزدا نەچچە تۇمەنلىگەن باھادىر لەشكەرلەر تۇرۇپ، سەلتە-
نەتكە قارشى چىققۇچى غەلىيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئىشىدا ئۇل
ئىشانغا يېلىنىش ھاجەتسىز.
— بىراق شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ، سىڭلىم، ئاشۇ
قولىدا قورال دەيدىغان نەرسىدىن ئەسەر يوق رەئىيەتكە لەشكەر
ئىشلەتسەك دۇرۇس بولماس. قىلىچقا تايانغان سەلتەنەتنىڭ ئۆمە-
رى كۆتە بولۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاۋام - رەئىيەت بىلەن دۇشمەن-
لىشىپ تۇرۇپ ئەلنىڭ قارغىشىغا، پىتنە - پاساتىغا قېلىپ
سەلتەنەت سۇرگىنىمدىن، تەختنى ئۇل ئاۋامنىڭ رايىغا تاپشۇر-
غىنىم مىڭ ئەۋزەل.
— راستىنلا ئۇل ئىشانغا تايانمىقىمىز شۇنچە زۆرۈرمۇ،
ئاكا؟
— ئەلۋەتتە زۆرۈر، ھازىر بۈيۈك سەئىدىيە تەسەررۇپى
بەئەينى ئۈچ پۇتلۇق داڭقانغا ئوخشاشتۇر. ئۇل داڭقاننىڭ بىر
پۇتى مەن بولسام، قالغان ئىككى پۇتى سىز بىلەن خوجا ھىدايە-
تۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكتۇر. ئاشۇ ئىككى پۇتتىن بىرى بولمى-
سا داڭقاننىڭ ھامان ئۆرۈلۈپ چۈشكىنى چۈشكەن. ئىشان ھەز-
رەتكە تايانماي تۇرۇپ ئىككىمىز ئۇل داڭقاننى زىنھار ئۆرە قىلىپ
بولالماسمىز. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، سىڭلىم،
ئەل - رەئىيەتكە تايانماي، ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي تۇرۇپ،
سەلتەنىتىمىز زىنھار كۆكلىمەس. لەشكەرلىرىمىزنىڭ كۈچ -
قۇدرىتىنى ئىشان ھەزرەتنىڭ ئەل - رەئىيەت ئارىسىدىكى
ئىناۋەت - ھۆرمىتىگە تەڭ قىلىپ بولماس.
ئەلۋەتتە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغىمۇ سەئىدىيە خانلىقى-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بەش قولدەك ئايانىدى.
ئەل - يۇرت ئارىسىدا مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ھۆرمىتى-
دىن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ھۆرمىتىنىڭ ئۇستۇن ئىكەنلى-



كىنى، ئىشاننىڭ نەچچە تۇمەنلىگەن مۇرىتىل ھىدايەتچىلىرىنىڭ
ئاددىي، نادان خەلقنى ھەرقاچان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان
سەلتەنىتىگە قارشى قوزغىيالايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. مۇ-
شۇنداق ۋەزىيەتتە ھىدايىتۇللا ئىشانغا يېقىنلىشىشقا بولاتتىكى،
زىنھار يىراقلىشىشقا بولمايتتى. شۇ تاپتا مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخانمۇ خانلىق سەلتەنىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىڭلىسىنى
ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن توي قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.
— بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئامال بولمىسا، خان ئاليلىرىنىڭ
مەيلىچە بولسۇن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر پەس
سۈكۈتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەمما جاۋابنى ھىدايە-
تۇللا ئىشانغا ئۆزۈم بېرىمەن.
— بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ھىممى-
تىڭىزگە جەننەتماكان بابائى ئەجدادلىرىمىز مىڭلاپ تەسەننا ئېيت-
قاي، سىڭلىم، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان رازىمەنلىك
بىلەن.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ رازىلىق بەرگىنىنى ئاڭلىغان
ھىدايىتۇللا ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئۈچىنچى نۆۋەت
رەسمىي يوسۇندا بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرىنى ئەلچىلىككە
كىرگۈزدى.
— نىكاھ غايىب دەپتىكەن. تەقدىر - ئەزەل پېشانەمگە ئۇل
ئىشان ھەزرەت بىلەن ھالال جۈپ بولۇشنى پۈتكەن ئوخشايدۇ.
ئەمما ئىشان ھەزرەت تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتىمگە قوشۇلسا، بۇ
نىكاھقا رازىلىق بېرۈرمەن، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
ۋە ئالدىن يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر پارچە خەتنى ئەلچىلەرگە
بەردى. خەتكە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتى
پۈتۈلگەنىدى:

«بىرىنچى شەرت: مەن سىلىنىڭ ئەقدە نىكاھلىرىغا

ئۆتكەندىن كېيىن، دىنىي تەرىقەت ئىشلىرىدا ئەھلى هاكىمىيەتكە مۇخالىپ ھەرقانداق ۋەقە يۈز بەرسە دەرھال چەكلەشلىرى لازىم. يەنە شۇنى ئالاھىدە سەمىلىرىگە سالىمەنكى، ئەھلى هاكىمىيەتكە قارشى چىققان ھەرقانداق كىشىگە غەزەپ قىلسام ئۆلتۈرمىگۈچە قويمايمەن، زىنھار ئارىغا چۈشمىسۇنلار. چۈنكى، سەلتەنەت ـ هاكىمىيەتكە ئەھلى سۈلۈك ماجىرالىرى ئارىلىشىپ قالسا، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىپ كېتىدۇ، ئەل ـ رەئىيەت خاتىرجەم بولالمايدۇ.

ئىككىنچى شەرت: ئۆز ھىدايەتلىرىگە ماس ھالدا ئەھلى سۈلۈكتىكىلەرنى شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە خانلىق قانۇن ـ جاساقلارغا بەجانىدىل بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى سۈلۈكى ئىشقىيە تەرىقىتىگىلا ئەمەس، خان ئالىيلىرىغا — ئەھلى هاكىمىيەتكە ھەمنەپەس قىلغايلا. مېنىڭ نەسەبىم بۈيۈك سەئىدىيە خانلار نەسەبىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر كىشى مەندىن خەير ـ ئېھسان، سەدىقە ـ زاكات ۋە ساخاۋەت ـ ياردەم تەلەپ قىلسا، ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ خەزىنىسىدىن خالىغانچە بېرىۋەرمەن، بۇنىڭغا زىنھار نەزەر كۆزىنى سالمىغاي.

ئۈچىنچى شەرت: گەرچە ئىشان ھەزرەتنىڭ ئىلگىرىكى ئاغىچىلىرىدىن بىرنەچچە ئوغۇل پەرزەنتى بولسىمۇ، ئەمما ھەزرىتىمنىڭ سۇلتانۇل مۇھەققىقىنلىق، قۇتبىل ئەقتابلىق، پىرى ئەزەملىك ۋەلىئەھدى — ۋارىسى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن دۇنياغا كەلگەي. بۇنىڭغا باشقا ئاغىچا ـ خېنىملار ۋە خوجىزادىلەر زىنھار غوۋغا كۆتۈرمىگەي.

ئىشان ھەزرەتلىرى ئول ئۈچ شەرتىمنى مەقبۇل كۆرسە، دەرھال ۋەدە دەستەك پۈتۈپ مۆھرىنى بېسىپ بەرگەي. شۇل چاغدا بۇ نىكاھقا رازىلىق بېرىۋەرمەن.»



خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ۋىسالىغا يېتىش خۇشاللىقىدا بۇ شەرتلەرنىڭ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا دەرھال ۋەدە دەستەك يېزىپ، يېقىن خەلىپە ـ سوپىلىرىنىڭ ۋە ئوردا ئەركانلىرىنىڭ گۇۋاھلىق ئىمزاسىنى قويدۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىشان پىرىئەزەملىك مۆھرىنى باستى ـ دە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئەۋەتىپ بەردى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بەتنىيەتلىك قىلىپ، سەئىدىيە سەلتەنىتىگە ئاسىيلىق قىلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بىرىنچى شەرتى ئارقىلىق خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان باشچىلىقىدىكى سۈلۈكى ئىشقىيە سەلتەنىتىنىڭ ئەدلىيە، قانۇن ـ جاساق ھوقۇقىنى، ئىككىنچى شەرتى ئارقىلىق خەزىنە ـ مالىيە ھوقۇقىنى؛ ئۈچىنچى شەرتى ئارقىلىق تەخت ۋارىسى ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى ھىدايىتۇللا ئىشان زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ كۆيئوغۇل بولۇش ھېلىسى بىلەن سەئىدىيە خان جەمەتىگە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىش مۇددىئاسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئوتتۇز مىڭ ئات، ئوتتۇز مىڭ كالا، ئۈچ مىڭ تۆگە ۋە ئوتتۇز مىڭ قوي ھېسابىدىكى مال ـ دۇنيا سەرپ قىلىپ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

# ئون بىرىنچى باب

# شەيتان ئەلچىسى

## 1

مىلادىيە 1681 - يىل كۈز.

ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ۋاقىتلىق قول ئۈزۈپ، پات يېقىندا دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتىنىڭ غېمىدە، ھەرەمدىن سىرتقا چىقماي تۇرغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقانىدى. تويدىن كېيىن ئېرى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاكىسى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەلتەنىتىگە كۆرسەتكەن چەكسىز ساداقىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلى خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئىلگىرىكىدەك ئانچە ئارىلىشىۋالماس بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ بويىدا قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ۋۇجۇدىدا بىخلانغان پەرزەنت ئىشقى، ھىدايىتۇللا ئىشانغا بولغان ئاياللىق مېھىر - مۇھەببىتىنىمۇ بىخلاندۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن كۆرە پەرزەنت غېمىدە كۆپرەك خىيال سۈرەتتى. ئۇ قورسىقى ئالتە ئايلىق بولغاندا، ئاكىسى سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىدىن ۋاقىتلىق ئىستىپا بېرىش توغ-



رۇلۇق خەت يازدى ۋە ئېرى ھىدايىتۇللا ئىشاننى بۇ مەنسەپكە تەيىنلەشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇ كۈنلەردە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ساختا ساداقىتىگە ۋە تۇرلۇك سېھىرىي ئەپسۇنلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتىغا ئايلانغان سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان نېرى - بېرىسىنى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا سىڭلىسىنىڭ تەۋسىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ۋاقىتلىق ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى.

خانلىقنىڭ مۇھىم بىر ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ئىشان سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى كۆزدىن يوقىتىپ، سەلتەنەتنى قايتىدىن قولىغا ئېلىش ئۈچۈن جىددىي تەدبىر تۈزۈشكە كىرىشتى.

قوغۇن ۋاشاڭ بولغان مەزگىللەر بولغىنىغا قارىماي كېچە ھاۋاسى خېلىلا ئىللىق ئىدى. بۈگۈن شام نامىزىنى ئالايىتەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا ئوقۇغان ھىدايىتۇللا ئىشان دۇئا تارتىپ بولغاندىن كېيىن، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ نېپىز يىپەك كۆڭلەككە پاتماي يوغىنىغان قورسىقىنى يەڭگىل سىلىدى.

— پەمىچە كۆزلىرىنىڭ يورۇشىغا ئانچە ئۇزۇن قالمىدىغۇ دەيمەن، ئاغىچا؟

— شۇنداق، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىشاننىڭ كۆيۈنگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، — ئەمما كۆڭلۈمدە يامان بىر ئەندىشە بار. شۇ تاپتا خۇدايىمدىن تېزرەك يەڭگىشىمنى تىلىسەمۇ، ئەمما تۇغۇتنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەزرىتىم.

— زىنھار تەشۋىشتە بولمىغايلا، يارانقان ئاللا ئىگەم ئۆزى ئاسانلىق بېرىدۇ، — ئىشان مەلىكىنىڭ تولۇپ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن، ئەمما بىرئاز داغ چۈشكەن مەڭزىنى يەڭگىل

سىلاپ ئەركىلەتتى، — نىمانچىۋالا ئىشقلىرى ياماندۇر سىلد-
نىڭ، ئاغىچا، يۈرىكىمدىكى ئىشق ئوتلىرى بىر پەس بېسىقسا
كاشكى.

ئىشاننىڭ شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە
قاراپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم پىسسىڭىدە كۇلۇپ قويدى.

— تەسەللىلىرى بىھاجەت، ھەزرىتىم، كۆرۈۋاتىدىلا تۇرقد-
مىز مۇشۇ، — دېدى مەلىكە يوغان قورسىقىنى قوشلاپ ئالتۇن
ئۈزۈك سالغان بارماقلىرى بىلەن سىلاپ، — ھاجەتلىرىدىن چد-
قالماس بولۇپ قالدۇق، شول تاپتا يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقان
ئول ئوتنىڭ ھەرەمدىكى توقال، سېكىلەكلەرنىڭ ئىشق - پىراقى
ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىلىكىمىز بار. خىجىل بولماي چىقىۋەرسد-
لە. ھەزرەتلىرىدىن زىنھار رەنجىمەيمەن.

— يوقسۇ، ئاغىچا، كۆڭلۈمگە شەك كەلتۈرمىگەيلا. بۈگۈند-
دىن باشلاپ كۆزلىرى يورۇپ بولغۇچە ھەر كېچە ھۇجرىلىرىدا
ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ تۈنەيمەن.

ئىشاننىڭ ياغلىما گەپلىرى مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەت-
تى. ئەس - يادى ساق - سالامەت يەڭگىشىنىڭ غېمىدە قالغان
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم شۇ تاپتا ئىشاننىڭ كۆڭلىدىكى ئالىلىقاد-
داق تەقەززالىقنى، نېمىنىدۇر كۈتۈپ، پات - پات سىرتقا قاراپ
قويۇۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئىشان
تىت - تىت بولۇپ كېتىپ باراتتى. نىھايەت، خىزمەتكار ئايال
ھۇجرىغا يەڭگىل قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى.

— قۇتبىل ئەقتاب پىر بۇزرۇكقا مەلۇم بولغاي، خان ئالىيد-
لىرى ھۇزۇرىدىن چاپارمەن كەپتۇ. قىبلىگاھىمىنىڭ پىرى بۇز-
رۇكۇم بىلەن كۆرۈشىدىغان جىددىي ئىشى بار ئىكەن.

— قانداق ئىشلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟ — سورىدى ئىشان جىد-
دىيلەشكەن قىياپەتتە.

— ئاقسۇ تەرەپتە غەليان كۆتۈرۈلگەن ئوخشايدۇ. تەپسد-



لاتىنى ئىشان پىرىمنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزىمىز دەيدۇ.

— يەنە غەليان كۆتۈرۈلۈپتىمۇ؟ — مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
خېلىلا تىنچىپ قالغانىدى، يەنە نېمە ئىش بولغاندۇر؟ — مەلىكە
ئىشانغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى، — خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇ-
رىغا چاپسان بارسىلا، ھەزرىتىم. قېشىمدا خىزمەتكارلار بولغاد-
دىكىن مەندىن زىنھار ئەنسىرىمىگەيلا. سەلتەنەت ئىشلىرى ھەمد-
مىدىن ئەۋزەل.

ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدىن قىيالمىغان قىياپەتتە
ئورنىدىن تۇردى - دە، سىرتقا چىقتى.

تۆت ئات قېتىلغان ئۈستى يېپىق ھەشەمەتلىك مەپىدە ئولتۇ-
رۇپ ئوردىغا قاراپ كېتىۋاتقان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يۈرىكى شۇ
تاپتا ھاياجان بىلەن سوقماقتا ئىدى. ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى
ئابدۇرۇسۇل خەلىپە بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ قوزغىغان
بۇ قېتىمقى غەليان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سۇلتان مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخاننى كۆزدىن يوقىتىپ، بۈيۈك سەئىدىيە سەل-
تەنىتىنىڭ ئالتۇن تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۈزگەن سۈيد-
قەستلىك پىلانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى. غەليانىنىڭ كۆتۈرۈل-
گەنلىكىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، ئەھ-
ۋالنى سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا مەلۇم قىلىشقا چاپار-
مەن ئەۋەتىپ، ئۆزى ئالايىتەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھۇج-
رىسىغا كېلىپ ئولتۇرغانىدى. بۇ سۈيىقەستلىك پىلانىنىڭ پاش
بولۇپ قېلىشىدىن، شۇنداقلا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئد-
شەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئىشان پىلانىنى مانا
مۇشۇنداق ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى ھەمدە سۇلتان مۇھەممەد-
ئىمىن باھادىرخاننى قەستلەش ۋاقتىنىمۇ مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمنىڭ تۇغۇت مەزگىلىگە توغرىلىغانىدى.

ئوردىنىڭ ئادالەت سارىيىغا ئالدىراش - تېنەش كىرىپ

كەلگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، غەمكىن ئولتۇرغان مۇھەممەد-
ئىمىن باھادىرخاننى كۆرۈپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن
سالام بەردى - دە، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق قىياپەتتە ئالدىراش
دېدى:
— جانابىي قىبلىگاھىمنىڭ ئەزىز تېنى سالامەت بولغاي.
— تەپرىقچىلىك، ئاقسۇدىكى مۇناپىق ئاسىيلار سەلتەنىتى-
مىزگە قارشى غەليان كۆتۈرۈپتۇ، ئەركانى دۆلەت جانابلى-
رى، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان غەزەپلەنگەن ھالدا.
— زىنھار ئاچچىقلانمىغايلا، ئانھەزرىتىم، غەزەپ ئەزىز تەن-
لىرىنى كېسەلگە دۇچار قىلار، — دېدى ئىشان كۆيۈنگەن قىيا-
پەتتە، — ئول غەلياننىڭ بائىسى سۇلۇك ماجىراسىمىدۇر
ياكى...
— يوقسۇ، زىنھار سۇلۇك ماجىراسى ئەمەستۇر. ئاقسۇ
ئەمىرى ئابدۇرۇسۇل خەلىپە دېگەن مۇناپىق جانابىي قۇتبىل
ئەقتابىمۇ ھەمدە بىزلەركىم بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسى خانۇسۇل-
تانغىمۇ قارشى چىقىپتۇدەك، ئاقسۇدا بىسيار لەشكەر جۇغلاپ
ئاستانىگە باستۇرۇپ كېلىشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇدەك.
— يا ھەزرەت، ئول مۇرتەت ئەمىرنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇ-
قىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى ئىشان ياقىسىنى تۇتۇپ، —
يارلىق چۈشۈرگەيلا، ئالىيلىرى، ئۆزۈم خان لەشكەرلىرىنى باش-
لاپ بېرىپ ئول ئاسىي ئەمىرنى تۇتۇپ غەلياننى تىنچىتقايمەن.
— بۇ نۆۋەت ھەزرەتلىرىنى ئاۋارە قىلىساق بولماس. سۇلۇك
ماجىراسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان غەليان بولسا ئىدى، ئەل-
ۋەتتە پىر بۇزرۇكۇمنىڭ بارغىنى تۈزۈك بولار ئىدى، ئەمما بۇ
سەلتەنەت ماجىراسىدۇر. شۇڭا ئۆزۈم شەخسەن لەشكەر تارت-
قايمەن.
— جانابىي دۆلەتپاناھىم بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ يېگانە
پاسىبانىدۇر. بۇنچىلىك ئىشلارغا ئۆزلىرىنى جۇۋۇتساق ياخشى


بولماس. يەنىلا مېنىڭ لەشكەر تارتىپ بارغىنىم ئەۋزەل. چۈن-
كى، بىزلەركىم سائادەتمەن ئەھلى سۇلۇك پېشۋاسى خان ئالىي-
لىرىغا ۋاكالىتەن لەشكەر تارتساق، ئول مۇرتەت ئەمىرنىڭ ئاز-
دۇرۇشى بىلەن يولدىن چىققان نادان رەئىيەتنى سائادەت يولىغا
قايتۇرۇپ، بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ تۇغ - ئەلەمى ئاستىغا جەم-
ئىي قىلىشىمىغا كۆپ پايدىسى بولۇر. غەليان ئۆلۈم - يېتىم-
سىز، ياخشىلىق بىلەن بېسىقار.
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئىشاننىڭ ساداقىتىدىن سۆيۈن-
گەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، — ئەمماكى شۇل تاپتا ئاجى-
زەمىز مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇر-
دۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ھەزرىتىمنى مۇشكۇل ئىشقا بۇيرۇساق ياخ-
شى بولماس.
— مۆھتەرەم ئاغىچا خېنىمنى ئاۋۋال ياراتقان ئاللاتائالا
ئىگەمگە، ئاندىن قالسا، جانابىي قىبلىگاھىمغا تاپشۇردۇم، قىل-
چىلىك ئىككىلەنمىگەيلا، ئالىيلىرى، ھەممىدىن سەلتەنىتىمىز-
نىڭ تىنچلىقى ئەۋزەل.
— مەيلى ئۇنداق بولسا، پىرى بۇزرۇكىمىزنى جاپادا قويىدى-
غان بولدۇق، — دېدى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئىشاننىڭ
تەلىپىگە قوشۇلۇپ، — قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى مىرزا مۇھەم-
مەدشاھبەگ ھەزرىتىمگە ھەمدەمدە بولغاي.
مىرزا مۇھەممەد شاھبەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خوجا ھىداي-
تۇللا ئىشاننىڭ چىرايى پۈرۈشتى، يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن
دۈكۈرلەپ كەتتى. شۇ تاپتا ئىشان ئۆزۈندىن بېرى پىلانلاپ مىڭ
تەستە قۇراشتۇرغان سۇيىقەستىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قاتتىق
ئەنسىرەۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئالمان - تالمان مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخاننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.
— قەشقەرنىڭ تىنچلىقى سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن ئاقسۇ-
دىنمۇ مۇھىمدۇر، — دېدى ئىشان دەرھال سەۋەب كۆر-

ستىپ، — گەرچە مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرى ئورۇنبا-
سار ئەمىرلەشكەر بولۇپ پېقىر بىلەن بىللە بارسا ئول رىياكار
مۇرتەتلەرنىڭ غەليانىنى باستۇرۇش كۆپ ئاسانغا چۈشسىمۇ، ئەم-
ما قەشقەردىن ئول سەركەردىنى بىر قەدەممۇ نېرى قىلىشقا
زىنھار بولماس. لەشكىري دىۋاندا باھادىر سەركەردىلەردىن خې-
لىلا بار. پېقىر ئاشۇ سەركەردىلەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا يۈرۈش
قىلغايمەن. ئەمما، بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ھەر ئېھتىمالغا قارشى
لەشكەر - سەرۋازلارنى كۆپرەك ئېلىۋالغىنىمىز خوپراقتۇر.
شۇڭا ئانھەزرىتىم مىرزا مۇھەممەدشاھبەگنى قەشقەرنى مۇقىم
ساقلاپ يېتىشقا، قەشقەر لەشكەرلىرىنى پېقىر باشلاپ ماڭغان
خان لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشقا يارلىق
چۈشۈرسىلە، تېزلا نۇسرەت قازىنىشقا تىلخەت بەرگەيمەن.
ئىشاننىڭ تەكلىپىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلگەن سۇلتان مۇھەم-
مەدئىمىن باھادىرخان ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، قەشقەر
لەشكەرلىرىنى دەرھال يولغا چىقىپ مارالبېشىدا خوجا ھىدايە-
تۇللا ئىشان باشلاپ ماڭغان جازا يۈرۈشى قىلغۇچى خان لەشكەر-
لىرىگە قوشۇلۇشقا، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننى پۈتكۈل سەئىدىيە
لەشكەرلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق سانغۇنلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا
يارلىق چۈشۈردى.
شۇنداق قىلىپ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ھېچقانچە كۈچىمەيلا
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ لەشكىري ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي چاڭگىلىغا
كىرگۈزۈۋالدى.

## 2

كېچە. تۈن پەردىسگە ئورالغان ھەيۋەتلىك ئوردا سېپىلى
تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇن قەدەم ئارىلىقتا بىر دېگۈدەك



ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇللار مۈگدەپ قالماسلىق ئۈچۈن سېپىل
ئۈستىدە توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تۇراتتى. ئاقسۇدا
كۆتۈرۈلگەن غەليان سەۋەبلىكمۇ سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھا-
دىرخاننىڭ كۆڭلى كېچىلىك بەزمىنى خالىمىغان بولسا كېرەك،
ئوردا ئىچى گۆرىستان تىمتاسلىقىغا چۆمگەنىدى. ئوردا سېپىلى-
نىڭ ئۈستىدىكى كۆزىتىش مۇناردا تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ
قۇلىقىغا شەھەرنىڭ ئالتۇنلۇق مازىرىغا يانداش سېلىنغان خانىقا-
دىكى سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ جەررە - سامالىرىدىن كۆتۈرۈلگەن
«ھۇ - ھۇ» سادالىرى تولىمۇ ئاجىز ئاڭلىناتتى.
تۇيۇقسىز ئوردا سېپىلىنىڭ كۈنپېتىش يان قوۋۇقى تۈۋىگە
خۇددى غايىبتىن پەيدا بولغان تۈن ئەرۋاھلىرىدەك ئۇن نەچچە
قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى - دە، بىر - بىرىدىن بەستلىك
گەۋدىلىرىنى سېپىلنىڭ سوغۇق، مۇستەھكەم تېمىغا چاپلاپ تۇ-
رۇپ، ئىتنى دوراپ بىرنەچچىنى هاۋشىدى. شۇ ھامان سېپىل
ئۈستىدىن ئىتنى قوغلىغان «چاغ - چاغ! » دېگەن ئاۋاز ئاڭلان-
دى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆلەڭگىلەر يان قوۋۇقنىڭ تۈۋىگە شى-
پىرلىغىنىچە يۈگۈرۈشتى. ئۇنىڭغىچە ئېغىر تۆمۈر دەرۋازا بىر
ئادەم پاتقۇدەك چوڭلۇقتا شەپىسىز ئېچىلدى. كۆلەڭگىلەر دەر-
ھال ئۆزلىرىنى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئېتىشتى. ھەش - پەش
دېگۈچە دەرۋازا يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىدە شەپىسىز يېپىلدى.
— مۆھتەرەم ھىجابۇل غەيب غازىلىرىمغا ئۆزۈم يول باشلاي-
مەن، — دېدى قارا كۆلەڭگىلەرگە ئۆز قولى بىلەن دەرۋازا
ئېچىپ بەرگەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان تەرىپىدىن ئوردا مۇھاپى-
زەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ۋاقىتلىق ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن موللا
نەقى خەلىپە پەس ئاۋازدا سۆزلەپ، — قۇتبىل ئەقتاب پىرى
بۇزرۇكىمىزنىڭ ئەمرىنى بەجانىدىل، تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن
قىلچىلىك شەپە چىقىرىشقا، ئىز قالدۇرۇشقا، كالانپايلىق قى-
لىشقا بولمايدۇ، ھەرىكىتىمىز تېز، قولىمىز چاققان بولغاي.

— پىرىمنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى، — دەپ تەڭلا پىچىرلاشتى كۆلەڭگىلەر يەنە بىر قېتىم قەسەم ئىچىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋازى تۇن قوينىدا يەڭگىل گۇرۇلدىدى.

ئۇلار موللا نەقى خەلىپىگە ئەگىشىپ ئوردا ئىچىدە خۇددى ئەرۋاھلاردەك شەپىسىز يۇرۇپ كەتتى. ھەرەمگە يانداش سېلىنغان ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. موللا نەقى سارايىنىڭ دەرۋازىسىنى يەڭگىل قاقتى. دەقىقە ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، سۇلتانىنىڭ خاس نۆكىرى چىقتى.

— نېمە ئىش؟

— ئانھەزرىتىمگە يەتكۇزىدىغان جىددىي مەلۇمات بار.

— ئانھەزرىتىمنى بۇ كېچىدە بىزەۋىتە قىلغىلى بولماس. مەلۇماتنى تاڭ ئاتقاندە يەتكۇزسۇنلار، — دېدى نۆكەر قاپىقىنى تۈرۈپ.

— مەندە قىبلىگاھىم بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا دەخلىسىز كۆرۈشۇشكە بېرىلگەن دەستەك بار، — دېدى موللا نەقى قوينىدىن بىر تال شاھانە كۆن قاپنى چىقىرىپ، — ناۋادا خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرمەي سەلتەنەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا دەخلى يەتسە كالللىرى بىلەن جاۋاب بەرمەكلىرى تەس بولارمىكىن، بېگىم.

موللا نەقىنىڭ ھەيۋىسى دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى.

— شۇنچىۋالا جىددىي مەلۇماتمىدى ئۇ، — دېدى نۆكەر بىرئاز يۇمشاپ، تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ.

— شۇنداق، ئاقسۇدىكى ئاسىي غەليانچىلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم لەشكىرىي مەلۇمات.

— ئۇنداقتا كىرسىلە، ئەمىر بېگىم.

— ئانھەزرىتىم؟

— خاس كۇتۇپخانىسىدا.

— باشقا پەنسادلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟



— ئارام ئېلىۋاتىدۇ.

— ئارام ئېلىۋاتىدۇ؟ — دېدى موللا نەقى قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىزلەر بولساق بىردەممۇ ئارامچىلىق يوق كېچىنى كېچە دېمەي پالاقلايمىز، پەنساد بەگلىرىم بولسا ئانھەزرىتىمنىڭ ئامانلىقى بىلەن كارى بولماي بەخۇدۇك ئۇيقۇدا.

— چوڭ ئىش چىقماس دەپتىمىز، ئەمىر بېگىم، — دېدى نۆكەر بىرئاز تەمتىرەپ، — بولمىسا مەن ئۇلارنى ھازىر ئويغىتاي.

— ھاجەتسىز.

موللا نەقى خەلىپە شۇنداق دېدى - دە، بىتۇيۇق تۇرغان نۆكەرنىڭ بوينىغا كۈچلۈك بىلەكلىرىنى يۆگەپ قاتتىق قىستى ۋە زەرب بىلەن بىرنەچچىنى سىلكىدى، شۇ ھامان يۇلۇنى ئۇزۇلگەن نۆكەر ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جان ئۈزدى.

نەچچە كۈندىن بېرى بۇ سارايغا كۈندۈزى تولا كىرىپ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى تولۇق بىلىۋالغان موللا نەقى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان كۆلەڭگىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ سارايىنىڭ ئىچىگە كىردى - دە، ئۇدۇل كۇتۇپخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئىككى تال شام ياندۇرۇلغان قوبۇلخانىغا دۇچ كەلدى. قوبۇلخانىدىن ئۆتكەندە ئاندىن كۇتۇپخانىغا كىرگىلى بولاتتى. سۇس شام يورۇقىدا تۆت نەپەر مەھرەم يىگىت شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئارۋاڭ - سارۋاڭ يېتىشىدىن ئۇلارنىڭ مۇگدەپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆلەڭگىلەر موللا نەقىنىڭ ئىشارىتى بىلەن يىگىتلەرگە تاشلاندى - دە، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، گاللىرىنى مەھكەم سىققىنىچە قىمىر قىلدۇرماي بېسىۋېلىشتى. يىگىتلەر ئاجىز تېپىرلاشقىنىچە جان بەردى. ئۇنىڭغىچە موللا نەقى كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكىنى پەم بىلەن ئاچتى - دە، ھەشەمەتلىك تۆشەكتە يېنىنى قويۇپ ياتقىنىچە ئۇخلاۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننى كۆرسىتىپ شېرىكلىرىگە ئىشارە قىلدى. شۇ

هامان ئۇن نەچچە قارا كۆلەڭگە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا تەڭلا تاشلاندى ـ دە، هايت ـ هۇيت دەپ بولغۇچە گىلىغا گاچچىدە خەنجەر ئۇرۇپ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ باشسىز تېنى بىرنەچچىنى خارتىلدىغاندىن كېيىن تىپىرلاپ جىم بولدى. ئۇلار كۆتۈپخانىغا قانداق شەپىسىز كىرگەن بولسا، يەنە شۇنداق شەپىسىز يېنىپ چىقىشتى. قاپقارا تۇن پەردىسى بۇ جىنايەتكارانە پاجىئەنى پۈتۈنلەي يوشۇرۇپ قالدى. موللا نەقى قاتىللارنى ئوردا سېپىلىنىڭ ھېلىقى يان دەرۋازىسى ئارقىلىق شەپىسىز چىقىرىۋەتتى ـ دە، ئاندىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر تال ئارغامچىنى سېپىلنىڭ قوختىسىغا باغلاپ تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ، خۇددى بىراۋلار مۇشۇ ئارغامچىغا يامىشىپ ئوردىغا كىرگەندەك ساختا كۆرۈنۈش ياسىدى. ئاندىن بەخۇدۇك ئۇخلاۋاتقان قاراۋۇللار بېشىنى ئويغىتىپ ۋارقىرىدى:

— قوپسىلا، غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەرمەي قاراۋۇللارنى تەكشۈرسىلە، كۆنپېتىش يان دەرۋازا بىلەن مەرىپەت سارىيىنىڭ ئەتراپىغا كۆپرەك قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرسىلا.

قاراۋۇللار بېشى موللا نەقىنىڭ خۇپتەندىن ئاۋۋال كۆنپېتىش يان دەرۋازا بىلەن مەرىپەت سارىيىغا تۇتىشىدىغان يولدىكى قاراۋۇللارنى يۆتكىۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىپ، مانا ئەمدى تەڭ كېچىدىن ئاشقاندا يەنە قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدىكى تۇتامى يوق بۇيرۇقىدىن بىزار بولغان بولسىمۇ، نارازىلىق بىلدۈرۈشكە پېتىنالماي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ئۈچۈن دەرھال سىرتقا ماڭدى.

سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئەجەل شارابىنى ئىچىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاچچىق تولغاق ئازابىدا قاتتىق ئىڭراۋاتاتتى. تۆت نەپەر ئىنىكئانا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ چېپىشىپ يۈرەتتى. ناماز بامدات ۋاقتى بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۆزى



يورۇدى. تۇغۇلۇپلا قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىغان بۇ بوۋاق ئوغۇل ئىدى.

## 3

سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك يېغىۋاتقان يامغۇرغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولغانىدى. كۈز يامغۇرىنىڭ تەسىرىدە تېزلا سوۋۇپ كەتكەن ھاۋا نېپىزرەك كىيىنگەن ئادەمنىڭ غولىنى قورۇپ، تېنىنى جۇغۇلدىتاتتى. ئاستانە ئاسمىنىنى قاپلىغان قارا بۇلۇت ھېچ تارقىلىپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يامغۇر سۈيى ئاستانە كوچىلىرىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا يىغىلىۋېلىپ كونا، ئاجىز ئۆيلەرنى ئۆرۈۋەتكەنىدى. ماكانسىز قالغان كىشىلەر دالدىلانغۇدەك جاي تاپالماي، كوچا ـ كويلاردا شۈمشىيىپ يۈرۈشەتتى. بىر قىسىم باي ساخاۋەتچىلەر ھويلا ـ قورۇلىرىدا ۋاقىتلىق لاپاس ياساپ، داش قاينىتىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ئېغىر مۇسىبەت ۋە يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاستانە خەلقىنىڭ چىرايى تولىمۇ غەمكىن ۋە بىچارە كۆرۈنەتتى.

بىرلا «كەشپۇ كارامىتى» بىلەن ئاقسۇدىكى «غەليان»نى تىنچىتىپ، ئاسىي نائىب ئەمىر ئابدۇرۇسۇل خەلىپىنى ئەل قىلغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ «قاتتىق چۆچۈدى» ـ دە، ئابدۇرۇسۇل خەلىپىنى يەنىلا ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ھەتتا قەشقەرنىڭ ھەمدەمچى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگىچە ئەگەشتۈرۈپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ ئاستانىگە قايتىپ كەلدى.

— ھەرقانداق بولسا خۇدا ئاسانلىق بېرىپ تىنچ - ئامان يەڭگۈۋاپلا، ئاغىچا خېنىم، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتكەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا تەسەللى بېرىپ، — سىلى بۇ ئەھۋاللىرى بىلەن ئوردىغا چىقىپ مەرھۇم ئانىھەزرىتىمنىڭ قاتىلىنى تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا. ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇل مۇرتەت خۇنرىزنى تېپىپ شاپائەتلىك قىبلىگاھىمنىڭ خۇن - قىساسىنى ئالمايدىغان بولسام سۇلتانۇل مۇھەققىقىنلىكىم ھارام بولغاي.

تۇغۇتىدا زىيادە خۇن تەۋرەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىلاجسىز ھىدايىتۇللا ئىشانغا يېلىندى.

— مەرھۇم ئاكامنىڭ قاتىلىنى تېپىپ جازالاپ بەرمەيدىغان بولسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولماسمەن، ھەزرىتىم.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا بىرمۇنچە ۋەدە - تەسەللىلەرنى بېرىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ئوردىغا چىقىپ شاھنىشىندا جىددىي كېڭەش چاقىردى. ئوردىنىڭ كۈنپېتىش يان دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئەللىك نەچچە لەشكەر بىلەن موللا نەقى خەلپىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەرىپەت سارىيىغا بارىدىغان يولدىكى قاراۋۇللارنى باشقا تەرەپكە يۆتكىۋەتكەن ياساۋۇللار بېشىنى ھەممە سۇلتان مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننىڭ شۇ كېچىدىكى ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇپ نۆۋەتچىلىك قىلغان يۈز نەچچە نۆكەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ دەرھال كاللىسىنى ئالدۇردى ھەمدە خاننىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان بەش يۈز نەپەر پەنساد يىگىتلەرنى سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ چەت - يىراق لەشكەرگاھلىرىغا ئون - ئون بەشتىن بۆلۈپ ئەۋەتىپ تېرىقتەك چېچىۋەتتى - دە، ئوردىنىڭ ئىچىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تازىلاپ، سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانغا ساداقەتمەن ئەمىرلەرگە ئۆزىنىڭ سۈر - ھەيۋىسىنى نامايان قىلدى.



شاھنىشىن ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتى قۇرۇلۇپ، بىر قېتىمدىلا بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ھەشەمەتلىك خان سارىيى قاتتىق ۋەھىمە ئىلكىدە سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. قورقۇنچتىن پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغان بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرى لاغ - لاغ تىترىشەتتى. شۇنداقلا، بېشىنى كۆتۈرسە ئىشان تەرىپىدىن دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ تونلىرىنىڭ ياقىسى ئىچىگە باشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كىرىپىدەك تۈگۈلەتتى.

ئالتۇن تەختتە ھازىرلا ئولتۇرغۇسى بولسىمۇ بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن، ئەل ئارىسىدا پىتنە - پاسات تارقىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى بوش تۇرغان تەختكە ئىختىيارسىز پات - پات چۈشۈپ كېتەتتى، تەڭداشسىز ھوقۇق - ئىمتىيازنىڭ سىمۋولى بولغان ئالتۇن تەخت ئىشاننى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى.

«... ئاھ تەڭرىم، ئىنايىتىڭگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى. بۇ ئالتۇن تەخت يەنە مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتىدىغان بولدى. توغرا، ئالدىراقسانلىق قىلمىغىنىم ئەۋزەل. ئاۋۋال دەھرىي مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننىڭ يېقىنلىرىنى، ساداقەتمەن ئەمىر - مەنسەپدارلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن يوقىتاي. ئىشقىلىپ، بۇ تەخت ھامان مېنىڭ ئىلكىمدە. قاچان ئولتۇرسام بولۇۋېرىدۇ...»

ئەنە ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئولتۇرغان ئىشان ۋەھىمە ئىلكىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە ئۆرە تۇرغان ئەمىرلىرىگە قاراپ، چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەرھۇم جەننەتماكان ئانھەزرىتىم بىلەن سەلتەنەت تىزگىنىنى شېرىك تۇتۇپ، بىرلىكتە يۇرتدارچىلىق قىلىش خۇسۇسىدا ئەھدۇ پەيمان تۈزۈشكىنىمىزدىن بېرى، كۆڭۈللىرىمىزدىكى رەنجۇ ئاداۋەتلەر يۇيۇلۇپ، ئاتا - بالا بولۇشۇپ تولىمۇ مېھرىبان ئۆتۈشكەندۇق، ئاتقان ئوقلىرى بولۇپ، چېنىگەن يېرىگە دەل تېگىپ، بۇيۇك سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقى، ئەل - رەئىيەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بىھېساب تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەندۇق. ئول جەننەتماكان قىبلىگاھىمىز بۇيۇك سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئەل - يۇرتقا ئادالەت ۋە شاپائەت يامغۇرىنى ياغدۇرسا، بىزلەركىم ئوردا ئەركانلىرى پەرمانبەردار بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ، ئەل - رەئىيەتكە بىرلىكتە رەھنەما بولۇپ، ئاسايىشلىق ئىلكىدە خاتىرجەم ياشىغايمىز دەپ كۆپۈرانە خام خىيال ئەيلىگەنىكەنمىز. ۋادەرىخا! ئول مۇرتەت ئەغيارلىرىمىز بىزلەرنىڭ ئاستانىدىن يىراقتا تۇرغانىمىزدىن پايدىلىنىپ قىبلىگاھىمىزغا قەست قىلىپ، يۈرەك - باغرىمىزنى داغلىشىنى زىنھار ئويلىمىغانىكەنمىز. داغدا قالدۇق، نادامەتتە قالدۇق، رازى - رىزالىق بېرىشەلمەي، دىدارىغا ئاخىرقى قېتىم قېنىۋالالماي ھەسرەتتە قالدۇق.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ بىر پەس ھازا ئاچقاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئەگىشىپ خىرتىلداپ يىغلاۋاتقان ئوردا ئەركانلىرىغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— كېچە جەننەتماكان ئانھەزرىتىمنىڭ ھەسرەت - پىراقىدا يۈرىكىمنى داغلاپ، كۆزۈمنى ياشلاپ، دۇرۇت - نىجات ئوقۇپ روھىي پاكلىرىغا ئاتاپ ئۇرۇپ ئولتۇرسام، بابائى بۇزرۇك پىر دەستىگاھلىرىمنىڭ مەدىتى بىلەن كۆزۈمگە ئول مۇرتەت خۇنرىزلارنىڭ تۇڭگۇز مەسەللىك بەتبەشىرە چىرايى ئايان بولدى. شۇل تاپتا جاھان ئەينىكىدەك سۈپسۈزۈك كۆڭلىمىز ئول قاتىللارنىڭ كىملىكى، نەدىلىكىنى تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. ئاللا ئالدىدا قەسەمكى،



پات - يېقىندا ئول ئاسىي، مۇرتەت خۇنرىزلارنى بىر - بىرلەپ جازالاپ، مەرھۇم قىبلىگاھىمىزنىڭ خۇن قىساسىنى تولۇق ئالغايمىز، — ئىشان ئەمدى بىر چەتتە پەرمان كۈتۈپ تۇرغان مىرزا دىۋانبېگىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — پەرمان! تەسەررۇپىمىزدىكى ھەرقايسى يۇرت - ئايماقلارنىڭ نائىب ئەمىرلىرى، سىپاھبەگلىرى جەننەتماكان قىبلىگاھىمىزنىڭ مۇسىبەت تەزىيەسى ئۈچۈن دەرھال ئاستانىگە جەمئىي بولغاي. ھەرقانداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ سەركەشلىك قىلغۇچىلار قاتتىق جاساققا تارتىلىدۇ.

سەلتەنەتنىڭ ئەڭ ئالىي لەشكىرىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ چۈشۈرگەن يارلىقى تولىمۇ قاتتىق ئىدى. يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ بەگلىرى ۋە لەشكەر باشلىقلىرى بىر - بىرلەپ ئاستانىگە كېلىشكە باشلىدى. سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كۆڭلىگە قاتتىق گۇمان چۈشكەن قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى مىرزا مۇھەممەد شاھبەگمۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاستانىگە بېرىش - بارماسلىق ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئۇزاق باش قاتۇردى. ئاخىر ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نىيەت - مۇددىئاسىنى بىلىپ بېقىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يول تۇتۇش مەقسىتىدە ئاستانىگە كېچىكىپ يولغا چىقتى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرىمۇ مىرزا مۇھەممەدشاھبەگنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپلا قالغانىدى.

مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان قازا قىلىپ ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغاندا، پېشىن ۋاقتى بىلەن ئاستانىگە يېتىپ كەلدى - دە، كۆڭلى تارتمىغان ھالدا ئوردىغا كىرىپ كەلدى.

ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن ئەمىرلەر ۋە ئوردا ئەركانلىرى بىلەن شاھنىشىندا ساقلاپ، تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان خوجا

ھىدايىتۇللا ئىشان، شاھىنشىنىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ سالام
بەرگەن مىرزا مۇھەممەدشاھبەگكە قەھر - غەزەپ بىلەن
چەكچەيدى.
— تۇتۇڭلار مۇنۇ رىياكار قاتىلنى!
ئىشان ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىنى
ئۈستىگە ئالغان موللا نەقى خەلىپىگە مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ،
شاھىنشىنىنىڭ ئەتراپىغا مىڭغا يېقىن سوپى لەشكەرلەرنى مۆكتۈ-
رۈپ قويغانىدى. ئىشانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپلا موللا نەقى بىر
توپ لەشكەرنى باشلاپ كىردى - دە، ئاۋۋال قەشقەر ئەمىرى
مىرزا مۇھەممەدشاھبەگنى، ئاندىن خوتەننىڭ نائىب ئەمىرىنى،
يېڭىسار قەلئەسىنىڭ ھاكىمبېگىنى ۋە مۇھەممەدئىمىن باھادىر-
خانغا ھەمدەم بولۇپ ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ كەلگەن بىر قىسىم
سەركەردە - ئەمىرلەرنى ھايت - ھۇيت دېگۈچە چەمبەرچاس
باغلىۋەتتى.
— بۇ نېمە ئىش، ئىشان ھەزرەتلىرى، قايسى گۇناھىمىز
ئۈچۈن بۇ خورلۇق - زۇلۇمنى راۋا كۆردىلىكىن؟ — سورىدى
باغلاقتا چۈشۈپ قالغان مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ ئۆزىنى تەمكىن
تۇتۇشقا تىرىشىپ.
— ئى بىھايا ئاسىي مۇناپىقلار، — دەپ ۋارقىرىدى ھىداي-
تۇللا ئىشان قولىنى غەزەپ بىلەن شىلتىپ، — سەنلەر جەننەتما-
كان ئانھەزرىتىمنىڭ بىسيار شەپقىتىگە ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىش-
كەن كاتتا مەنسەپدارلار تۇرۇقلۇق، ئىپلاس نىيەت - مۇددىئال-
رىڭنى بىر قىلىشىۋېلىپ، قارا مۇسۇلمان سۇلۇكى ئىسھاقىيە-
چىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، خان ئائىلىرىنىڭ ئەزىز
جېنىغا قەست قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە تېخى ئۆزلىرىڭنى گۇناھ-
سىز چاغلىشامسەن؟
— بىزگە دەلىل - ئىسپات كېرەك، — دەپ چۇرقىراشتى
باغلاقتا چۈشكەن ئەمىرلەر قاتتىق چۆچۈشۈپ.



— سەنلەرنىڭ سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرتەتلىرىنىڭ پېشۋاسى
بولمىش مەخدۇمزادە دانىيال خوجا دېگەن توڭگۇز بىلەن يېزىشقان
خەتلىرىڭ ئاللىقاچان قولىمىزغا چۈشتى، — دېدى ئىشان كۆ-
كەرمىلىك بىلەن، — ئەمدى بۇ جىنايەتلىرىڭدىن زىنھار تېنى-
ۋالالمايسەن.
— ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقۇمدا نېمە قىلسۇن دېگەندەك
گەپ بولدىغۇ بۇ، — دېدى خوتەننىڭ نائىب ۋە ئەمىرى غەزەپ
بىلەن بوغۇلۇپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قىز-
غۇچ ساقاللىرى دىر - دىر تىترەيتتى، — تۆھمەت قىلمىغايلا،
ئىشان ھەزرىتىم، تۆھمەتخورلۇقنى ياراتقان ھەقمۇ كەچۈرمەيدۇ.
— سەۋرى قىلسىلا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى بۇ شۇم
تەقدىردىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن مىرزا مۇھەممەد-
شاھبەگ خوتەننىڭ نائىبى ۋە ئەمىرىگە قاراپ، — ئول توڭگۇز
مەسەللىك ئىشان ياراتقان ھەقتىن بىرئاز بولسىمۇ ھېيىققان
بولسا ئىدى، شۇ چاغقىچە ئۆزىنى قۇتبىل ئەقتاب، ۋەلىيۇللا،
سۇلتانى مۇھەققىقىن دەپ ئاتاپ، پەيغەمبەرلەر، ئۇلۇغلار بىلەن
ئۆزىنى تەڭ قويۇشتىن ھايا قىلغان بولار ئىدى. ئۆز قوۋمىنىڭ
بېشىدا يات قوۋملارنىڭ قىلىچىنى ئويناتماس ئىدى. ئىست
جەننەتماكان خاقانىمىز سۇلتان مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان شەي-
تان لەنتىگە ساۋاق بەرگۈچى ئول ئىشانىنىڭ دامىغا چۈشۈپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋاقىتسىز ئەجەل شارابىنى تېتىدى. مانا
ئەمدى ئوچۇق - ئاشكارا تۇرۇپتۇكى، ھەممە خۇنرىزلىقنى،
ئاسىيلىقنى، مۇرتەتلىكنى ئۆزى قىلغان ئول مەلئۇن ئۆزىنىڭ
جىنايىتىنى بىزگە دۆڭگەپ قويۇپ، ئانھەزرىتىمىزنىڭ يېقىن
بۇرادەرلىرى بولمىش بىزلەرنى كۆزدىن يوقىتىپ بۈيۈك سەلتە-
نەتنى ئوڭچە ئىگىلىۋالماقچى.
— راست دەيدىلا، مىرزا مۇھەممەدشاھبەگ جانابلىرى. ئى-
شان ھەزرەتلىرى غالدان خوجىسىنىڭ تاۋۇقىنىڭ تېگىدىكى ئاش-

نىڭ يۇقۇندىسىنى سېغىنىپ قالغان گەپ.
سەركەردە زوردۇن كۆك كۆزنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيت-
قان سۆزلىرىگە مىرزا مۇھەممەد شاھبەگدىن باشقا ھېچكىم
كۈلمىدى.
— ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار بۇ مۇرتەتلەرنىڭ! — دەپ
بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى ھىدايىتۇللا ئىشان لاغ - لاغ تىترىگىنىچە.
لەشكەرلەر باغلاقلىق ئەمىرلەرنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە
سىرتقا ئاچىقتى - دە، گەپ قىلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي خۇددى
قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلاشتى.
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ يې-
قىن دوستلىرىنى ئەنە ئاشۇنداق ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ
قارىسىنى ئۇشتۇدى ۋە پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە مۇھەممەدئىمىن
باھادىرخاننىڭ قىساسىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن سۇلۇكى ئىسھا-
قىيە مۇرىتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، جازالاش، ئۇ-
رۇش، ئۆلتۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قەدىمي زېمىننىڭ باغرى
يەنە بىر قېتىم قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى.
پۈتكۈل سەلتەنەتنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قولىغا تولۇق
ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ھېس قىلغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بارلىق
دەرد - ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ لام - جىم دېمىدى.
قايتىدىن خانلىق تەختكە ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان چوڭ
ئوغلى يەھياھ خوجىنى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى. باشقا
يۇرتلارغىمۇ يېقىن مۇرىت - خەلىپىلىرىنى مەنسەپدار قىلىپ
ئەۋەتتى. ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساداقەتمەن
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن تەيىنلەندى.
شۇنداق قىلىپ، ئاران تەسلىكتە ئەسلىگە كەلگەن بۈيۈك
سەئىدىيە خانلىقى قايتىدىن تولۇق گۇمران بولۇپ ئاپاق خوجىنىڭ
ئىشان خانلىقى رەسمىي باشلاندى.
شۇ كۈنلەردە ئاستانە رەستىلىرىدە چاچلىرى سالۋاراپ



ئۆسۈپ ساغرىسىغا چۈشكەن، تىلىم - تىلىم قورۇقلار باسقان
چىرايىدىكى غەمكىنلىككە يات ھالدا بىر جۈپ كۆزلىرى
ئەقىل - ئىدراك بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان بىر دەرۋىش پەيدا
بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كوچا - رەستىلەردە مۇڭگۇز دەستىلىك
ساپايىسىنى جالداقشىتىپ چالغىنىچە توختىماي تەلقىن ئېيتاتتى.

مۇسۇلمان - مۇسۇلماننى قىلدى قەتىل،
ناھەق تۇتۇپ ھەق ئىشلارنى قىلدى باتىل،
مۇرىت پىرىغا قىلمىدىلەر يۈزۈ خاتىر،
ئەجەب شۇملۇق زامانلەر بولدى، دوستلار.
ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھ - ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق،
دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىدا ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىگە ياغدى، دوستلار①.
......

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئۆلۈمىگە ئۇلىشىپلا ئوردىدا
يۈز بەرگەن پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقتىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ يۇرد-
كى پوكۇلداپ كەتكەن ئاستانە خەلقىنىڭ دەرۋىشنىڭ جېنىنىڭ
بارىچە توۋلاپ ئېيتىۋاتقان بۇ تەلقىنىنىڭ تېگىگە يەتكۈچىلىك
ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئاندا - ساندا قۇلاق سالغۇچىلارمۇ ھەس-
رەتلىك باش چايقاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشقىنىچە ئاستا كېتىپ
قېلىشاتتى.

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

# 4

تەختتە ئىشان خان خوجىلىق سەلتەنەت نامى بىلەن ئۇچچى ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا چىۋىن يەۋالغاندەك غەش ئىدى. چۈنكى، ئاستانە ۋە باشقا يۇرتلاردىكى تېخىچىلا ئىشقىيە سۇلۇكىگە كىرىشنى رەت قىلغان، ھەرقانداق تەرىقەت ئەھكاملىرىنى چەكلەپ، «قۇرئانى كەرىم» دە كۆرسىتىلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزلىرىگە تەۋرەنمەس ئېتىقاد - مىزان قىلغان يۇقىرى ئابرۇيلۇق دىنىي ئۆلىمالار، ئالىم، فازىل كىشىلەر «قۇرئانى كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»، «سەھىھۇل بۇخارى»··· قاتارلىق دىنىي كىتابلارنى ۋە بىر قىسىم ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ كىتاب، رىسالە، شەرھى، بايانلىرىنى پاكىت قىلىپ سۆزلەپ، ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى يۇرتلاردىكى سۇلۇك تەرغىباتى ئېلىپ بېرىۋاتقان خەلىپە - سوپىلىرىنىڭ مەسىلە - مەرۇپ، تەرغىباتلىرىغا قارشى جانلىق مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، ئەجەللىك زەربە بېرىۋاتاتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان بۇنداق مۇنازىرىلەرگە ھەر قېتىم دۇچ كەلگىنىدە ۋە ئەرز - شىكايەت قىلىپ كەلگەن خەلىپە - سوپىلىرىنىڭ دادلاشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، خان ئىشانلىق ئابرۇيى - ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ كېتىپ بارغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ يۈرىكى زەردابقا توشاتتى، كۆكۈيۈن چاققان ئېشەكتەك چىچاڭشىپ كېتەتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مەسچىت - خانىقالاردا، جۈمە، مېيىت ۋە ھېيت - ئايەم نامازلىرىدا، دىنىي مۇراسىملاردا، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا مەسىلە - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىشنى قولدىن بەرمەيتتى، ئۇتۇق سۆزلەپ ئىشقىيە سۇلۇكىنى تەرغىب قىلاتتى، سوپى - دەرۋىشلىرىنى ئۆزىگە ھەمدەم بولۇپ گۇپپاڭچىلىق قىلىشقا بۇي-



رۇيتتى. سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئۆزى ۋە ئىشان خانلىق سەلتەنىتى ھەققىدىكى دەبدەبىلىك داڭلاش، ماختاشلىرىنى قىلچىلىك خىجىل بولماي ئاڭلايتتى، ئاڭلىغانسېرى چايغا سالغان قەنتتەك ئېرىپ ھاياجانلىناتتى. ئىشان خانلىق سەلتەنىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئاۋام - خەلق ئارىسىدا ۋاستە تاللىماي تەرغىبات ئېلىپ باراتتى.

تەختتە ئولتۇرغان بۇ بىر يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئاستانىدىن قەشقەرگە كېلىپ دادىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان قەشقەر خەلقىگە كۆرۈنۈش قىلىپ، سەلتەنەت سۈر - ھەيۋىسىنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە ھېيتكاھ جامەسىگە كېلىپ بۈگۈنكى جۈمە نامىزىغا ئىمامەتچىلىك قىلدى.

بىر كۈن ئاۋۋال ئىشان خان ئاپاق خوجىنىڭ جۈمە نامىزىغا ئىمامەتچىلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىگە جاكارچى چىقىرىلغاچقىمۇ، بۈگۈن جۈمە نامىزىغا كەلگەن نامازخانلار جامە ئىچىگە پاتماي قالغانىدى. بۇ تۈمەنلىگەن نامازخانلار ئىچىدە مۇسۇلمانچىلىق پەرزىنى ئادا قىلىشنى كۆزلەپ كەلگەنلەرمۇ، قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇك ئىشان خان خوجىسىغا بىر قېتىم بولسىمۇ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش شەرىپىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ساۋاب ئىزدەپ كەلگۈچىلەرمۇ، خان ئىشان خوجىنىڭ چىراي تۇرقىغا قىزىقىپ، مەسىلە - مەرۇپىنى ئاڭلاپ بېقىش مۇددىئاسىدا مەسچىت ئاتلاپ كەلگەنلەرمۇ، ئەپلىك پۇرسەت تاپسىلا ھىدايىتۇللا ئىشاننى بىر خەنجەر بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇپ، يېقىندىن بېرى قاتتىق خورلۇق ۋە زۇلۇم تارتىۋاتقان سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قويۇنلىرىغا پىچاق تىقىپ كەلگەن ئەشەددىي سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىمۇ بار ئىدى.

ھەر ئېھتىمالغا قارشى پۇختا قوغدىنىش تەدبىرى كۆرگەن

ئاپاق خوجا ھېيتكاھ جامەسىنىڭ نەقىشلىك مېھرابىدا نامازخان-
لارغا يۈزلىنىپ تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ دەل ئۇدۇ-
لىدا ئىككى قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ قەشقەرنىڭ نائىبى ۋە ئەمە-
رى، چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا يۈز نەپەر تولۇق قوراللانغان
ساداقەتمەن سوپى نۆكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا نامازخانلار بىلەن
ئىشاننىڭ ئارىلىقىدا قېلىن بىر قەۋەت ئادەم تېمى ھاسىل قىلىپ
ئولتۇرۇشاتتى. ناماز جۈمەنىڭ ۋاقتى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان
ھېيتكاھ جامەسىنىڭ ئىمامى ئاۋازىنى جاراڭلىق چىقىرىپ
«سەپراس!» دەپ توۋلىدى. شۇ ھامان جامەنىڭ ئىچى ۋە سىرتى-
دا سانجاق - سانجاق ئولتۇرۇشقان نامازخانلار گۈررىدە ئورۇنلى-
رىدىن تۇرۇشۇپ تاناپتەك سەپ تۈزۈشتى - دە، ئىچىدە جۈمە
نامىزىغا نىيەت - ئىخلاسىنى بىلدۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ
قۇلاق قېقىشتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئورنىدىن تۇرۇپ قىبلىگە يۈزلەندى -
دە، پەرز - سۈننىتى بولۇپ جەمئىي ئالتە رەكەت جۈمە نامىزىنى
باشلاپ ئوقۇپ، تاماملىدى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن پېشىن نامى-
زىنىمۇ ئەنە شۇ يوسۇندا ئوقۇپ تاماملىدى. ئاندىن نامازخانلارغا
يۈزلىنىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامى-
نىڭ مۇبارەك نامىدىن باشلاپ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئىسمىغىچە
زىكىر قىلىپ دۇئاسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يۈزىنى سىيپىدى.

ناماز ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن بىر قولىغا قىلىچ، بىر
قولىغا «قۇرئانى كەرىم»نى ئېلىۋالغان ئاپاق خوجا مېھرابىنىڭ
يېنىدىكى توققۇز پايىلىك ھەشەمەتلىك مۇنبەرگە چىقتى - دە،
قىلىچىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، «قۇرئانى كەرىم»نى كۆكرى-
كىگە بېسىپ تۇرۇپ تەبلىغ ئېيتىشقا باشلىدى.

— ئى ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق رەئىيەتلىرى،
سائادەتمەن ئەھلى - ئىشقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ ئىخلاسمەن
مۇرىت - مۇرشىدلىرى، بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتابى سۇلتانۇل



مۇھەققىقىن پىرى بۇزرۇك ۋەلىيۇللا خان ئىشان بۇل ئۇلۇغ جۈمە
كۈنىدە سىزلەركىم پۇقرايۇ ئۈممەتلىرىم بىلەن جەمئىي بولۇپ،
زىكرى - سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغانىمدىن تولىمۇ خۇرسەندى-
مەن. شۇل سەۋەبتىن سىزلەركىم ئەھلى ئۈممەتلىرىمنى سائادەت-
مەن ئەھلى سۇلۇككە كىرىشكە دەۋەت قىلىپ ئىككى كەلىمە ۋەز-
نەسىھەت قىلماقچىمەن. ھەرنەكىم ئۆزىنى مۆمىن مۇسۇلمان ھې-
سابلىغۇچى سۇلۇككە كىرگەي. مەگەر بىرەرىكىم ئاللانىڭ بىر-
لىكىگە، پەيغەمبەرنىڭ بەرھەقلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، كۈنىگە
بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىپ، سۇلۇككە كىرمەيدىكەن، ئۇنىڭ
مۇسۇلماندارچىلىق پەرز - سۈننەتلىرى تولۇق ئادا بولماس،
جەننەتۇل رىزۋاندا ھەۋزىكەۋسەرنى ئېتىيالماس. مەھشەر كۈنى
ھەقتائالا قازى بولغاندا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھىكە-
بىرلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىپ بولالماس؛ ناۋادا بىزلەركىم قۇت-
بىل ئەقتاب ۋەلىيۇللانى پىرى بۇزرۇك تۇتۇپ سۇلۇككە كىرسە
ياراتقان ھەقتىن ئول مۇرىت - مۇرشىدنىڭ بارلىق گۇناھىكەبىر-
لىرىنى مانا بىزلەركىم پىر بۇزرۇكلىرى تىلىگەيمىز. چۈنكى،
پىرى بۇزرۇك ئىش - ئەمەلىمىزنى كۆرگۈ[1]كەبى كۆرسىتۇر؛
زېھنىمىزنى، پىكرىمىزنى قىلىچ كەبى ئۆتكۈر قىلۇر؛ ساۋابىنى
گۇناھتىن، ھالالنى هارامدىن، تازىنى چىركىندىن ئايرىپ بې-
رۇر؛ توغرا يولغا باشلامچىلىق قىلىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-
لىك بولۇشىمىزغا كاپالەتلىك قىلۇر. ھەرنەكىم ئەڭ ئاۋۋال ئۆز
نەپسى بىلەن جەڭ قىلىپ ياخشى خۇلق يېتىلدۇرسۇن. ھەرنە-
كىمگە سائادەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزغۇچى ئەھلى سۇ-
لۇك - تەرىقەت ئەھكاملىرىمىزدا ياخشى خۇلقلار بىلەن خۇلقلان-
ماق ۋاجىپتۇر. سۇلۇك ئەھلى ئۈچۈن خۇلقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى
رىيازەتتۇر. ئۇ سۇلۇك ئەھلىنى سائادەت يولىغا باشلىغۇسىدۇر.

[1] كۆرگۈ — ئەينەك.

رىيازەت چەكمەكلىك بولۇ رەڭۋاز دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزى-
مەيدىغان مەئىشەتلىرىدىن نەپسىنى تارتىپ، ئىت يېمى بىلەن
بېقىشقا يارالغان، روھى بەند قىلىنغان بول ئەرزىمەس تەننى
ئەيش - ئىشرەت، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، كۆڭۈل
ئاچماق لەززىتىدىن مەھرۇم قىلماق دېمەكتۇر. شۇل سەۋەبتىن
رىيازەت چەككۈچىلەر ئاقىل ۋە پازىل سانىلۇر. بۇنداق كىشىلەر
ئاللاغا مەقبۇل بولۇپ ھەققە ئاسان ئۇلىشۇر. ئەۋلىيالار دەيدۇ-
لەركى، رىيازەت سائادەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. سۇلۇك ئەھلىلە-
رى ئۈچۈن ياخشى خۇلقلارنىڭ يەنە بىرى قانائەتتۇر. قانائەت
بۈگۈن بۇنى يېدىم، ئەتە ئۇنى يېسەم دەپ كۈپۈرانە خىياللاردا
بولماي، ئېرىشكەن بايلىق ۋە نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلماقلىقتا،
بېشىمىزغا كەلگەن پېقىرلىك، مۇسىبەت، پالاكەتلىرىگە چىداپ
سەۋرى قىلماقلىقتا ئەيتۇلۇر. قانائەت — ھەسەت، تەمە —
ھېرىس، خارلىق كەبى ئىللەتلەرنىڭ داۋاسى بالاگەر ۋە تەمەگەر
نەپسىمىزنىڭ غىناسىدۇر. قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ئول خە-
زىنىگە ئېرىشكۈچى ۋۇجۇدىدا قانائەتسىزلىكتىن پەيدا بولىدىغان
ھەسەتخورلۇقتىن قۇتۇلۇر، ئۆمرىنى شەۋق ۋە راھەتتە ئۆتكۈ-
زۇر.

ھىدايىتۇللا ئىشان جامە ئىچىدە تىمتاس ئولتۇرغان ناماز-
خانلارغا تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ۋەز - نەسىھەتى-
نى داۋاملاشتۇردى.

— سۇلۇك ئەھلىلىرى ئۈچۈن ياخشى خۇلقلارنىڭ يەنە بىرى
سەبرىدۇر. سەبرى دەپ بېشىمىزغا كەلگەن بالا - قازالارغا چى-
داملىق بولماقلىقتا ئەيتىلۇر. ئىنسان ھەرقانداق ئىشتا سەبرىچان
ۋە چىداملىق بولسا سائادەت يولىغا ئاسان ئۇلىشۇر. نەپسىنى
سەبرى بىلەن بويسۇندۇرغان كىشى ھالاكەتتىن، مەغرۇرلۇقتىن
ساقلىنۇر. سۇلۇك ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئول ياخشى خۇلقلارنىڭ
ئەڭ كاتتىسى مۇلايىملىقتۇر. مۇلايىملىق دەپ ھەرقانداق ئىشقا



ئاچچىقلانمايدىغان، ياۋاش - يۇمشاق تەبىئەتلىك بولماققا ئەيتى-
لۇر. مۇلايىملىق ھەركىمگە ماقۇل كېلىدىغان بىر ئېسىل سۈپەتى-
تۇر. نەپسىنىڭ راھىتى، قەلبىنىڭ ماتانىتى[①]، پىكرىنىڭ سالا-
مىتى، ۋىجدانىنىڭ ھالاۋىتى مۇلايىم تەبىئەتلىك بولماقلىق بىلەن
ھاسىل بولۇر. تۇرلۇك ناشۇكۇر ھەۋەس ۋە ئارزۇلار ئۇستىدىن
پەقەت مۇلايىملىق ۋە ياۋاشلىق بىلەنلا غالىب كەلگىلى بولۇر.
شۇڭا، «ئەلھىلمۇ سەييىدۇل - ئەخلاق»[②] دەيدۇ ئەۋلىيالار. سۇ-
لۇك ئەھلى ئۈچۈن باش تارتىپ بولماس خۇلقلارنىڭ بىرى ئىتا-
ئەتتۇر. ئىتائەت دەپ بويسۇنماققا ئەيتىلۇر. پىرى بۇزرۇكلارنىڭ
ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلماق پەرزدۇر ھەم ئەڭ ياخشى
سۈپەتلەردىندۇر. بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولماق ئۈچۈن پىرى بۇز-
رۇكلارنىڭ پايدىلىق كېڭەش - مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇق-
لىرىغا پەرمانبەردار بولماقلىق لازىمدۇر. سۇلۇك ئەھلى ئۈچۈن
غەزەپكە كەلمەك جايىز ئەمەستۇر. چۈنكى، غەزەپلەنمەك پىرى
بۇزرۇكلارغا، خان - پادىشاھلارغا ئاللا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىم-
تىيازدۇر. سۇلۇك ئەھلى ئۈچۈن غەزەپلەنمەك ساراڭلىقتۇر.
ساراڭلىق بىتەھقىق نادامەت كەلتۈرۈر. ئەقىلنى غەزەپكە سالغۇ-
چى سۇلۇك ئەھلى ئەقىلنى ھارارەتلىك ئوتقا ياقمىشلەر، غەزەپ-
تىن كۆرە ئىتائەتنى، يۇمشاقلىقنى ئىختىيار قىلغۇچىلار ھېچبىر
تەھلىكىگە ۋە ئازابقا دۇچار بولمىغايلار. بابائى پىرى بۇزرۇك
ئەۋلىيالىرىمىز ئەيتىدۇرلەركى: «غەزەپ ۋە قەھرى ۋۇجۇد ئىق-
لىمىنىڭ دەھشەتلىك ئاپىتىدۇر. غەزەپ ھالاك قىلغۇچى بىر
ئىللەتتۇركى، ئۇنىڭ بىردىنبىر دەۋاسى سەبىر ۋە ئەپۇدۇر.»
شۇڭا، سۇلۇك ئەھلىلىرى غەزەپكە كەلمەكتىن ھەزەر قىلمىقى
لازىمدۇر.

ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاخىر-

① ماتانەت — چىدام، ئېغىر - بېسىق.
② ئەلھىلمۇ سەييىدۇل - ئەخلاق — مۇلايىملىق خۇلقلارنىڭ باشلامچىسىدۇر.

لاشتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان
نامازخانلارغا تەمەننا ئىلكىدە نەزەر تاشلىدى.
— ئىشان خان خوجامدىن ئىككى كەلىمە سۆز ئىشتىپ
كۆڭلىمىزدىكى چىگىشنى يېشىۋېلىشقا مۇمكىن بولۇرمۇ؟ —
دېدى ئوتتۇرىدىكى سەپتە ئولتۇرغان ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى
بومبا ساقال، ئۆلىما سۈپەت بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھىدا-
يىتۇللا ئىشانغا تەۋازۇ بىلەن سالام بېرىپ.
ماختاش سادالىرىنى تەمە قىلىپ تۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان
تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن بىرئاز خۇدۇكسىرىدى. شۇنداق-
تىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ دېدى:
— قېنى خوش، ئەزىز، نام - شەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟
— ئەزىزانە قەشقەر رەئىيىتى پېقىرنى پالتۇ ئەئلەم دەپ
ئاتىشۇر، — نام - شەرىپىنى ئاددىيلا ئېيتىپ بەردى بومبا ساقال
كىشى.
«پالتۇ ئەئلەم» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ ھىدايىتۇللا ئىشان-
نىڭ ئەزايى تىكەنلەشتى. ئۇ سۇلتان ئىسمائىلخان دەۋرىدە قەش-
قەردە نائىب ئەمىر بولۇپ تۇرغان مىرزا ھەيدەر دوغلاتىنىڭ
سۆھبىتىدە پالتۇ ئەئلەم بىلەن بىرنەچچە قېتىم مۇنازىرىلىشىپ
دەككىسىنى يېگەنىدى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتكەن
بولسىمۇ، پالتۇ ئەئلەمنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالغىنى بىلەن
ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بۇخارا، ھىندىستان، باغداتلار-
غىچە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان پالتۇ ئەئلەم شۇ تاپتا ھىدايە-
تۇللا ئىشاننىڭ مەنمەنچى، كۆرەڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى.
— بايا ئىشان خان خوجامنىڭ ئاغزىدىن رىيازەت، قانائەت،
سەبر، مۇلايىملىق، ئىتائەت، غەزەپ بابىدىكى ياخشى خۇلقلار
جۇملىسىدىن نەسىھەت - كەلىمىلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيرەتتە
قالدۇق. ئەلۋەتتە ھەرقانداق ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئول ياخشى خۇلق-
لارنى يېتىلدۇرمەك ئىمانى ۋاجىپتۇر. ھەيرەتتە قالدۇقكى،



ئىشان خان خوجام بۈيۈك سەلتەنەت تەختىدە بەرقارار بولغاندىن
بېرى قۇتبىل ئەقتابلىق ئۇنۋانى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى
ۋەسەللەمنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى دەرىجىسىدە كۆپتۈرۈۋېتىلدى.
مۇسۇلماندارچىلىق پەرز - ۋاجىباتلىرىمىزدا شەرىئەت ئەھكاملى-
رىدىن كۆرە تەرىقەت ئەھكاملىرى كۆپ تەرغىب قىلىندى. مەس-
چىت - مەدرىسىلىرىمىز خانىقا - تۈنەكخانىلارغا ئۆزگەرتى-
ۋېتىلدى. بۇنىڭ بائىسى نېمىكىن؟
— پىرلارنىڭ جەزبى تەجەللىياتى مۇرىت - مۇرشىدلىرىغا
باقىي ئالەمنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى بىلدۈرۈپ، سائادەت يولىغا
باشلاپ ھەققە يېقىنلاشتۇرىدۇ. شەرىئەت بولسا پەيغەمبەر سەللەل-
لاھۇ ۋەسسەللەمنىڭ ھۆكمى. تەرىقەت بولسا ئاللانىڭ ھۆكمى-
دۇر. پەيغەمبەر ئاللانىڭ ھۆكمى ئارقىلىق شەرىئەت ئېلىپ بارد-
دۇ. شۇنداق ئىكەن، ئېيتسىلاچۇ، ئى پالتۇ ئەئلەم، ئاللانىڭ
ھۆكمى چوڭمىدۇر ياكى پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى چوڭمىدۇر؟ —
ھىدايىتۇللا ئىشان پالتۇ ئەئلەمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن ناماز-
خانلارغا يۈزلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئى مۇسۇلمان
ئۇممەتلىرىم، ئى سائادەتمەن سۇلۇك ئەھلىلىرى، شۇنى سەمىڭ-
لاردا مەھكەم تۇتۇڭلاركى، ئاللانىڭ ھۆكمىنى تۇتماقلىق ۋا-
جىپ، ئاللانىڭ ھۆكمى بويىچە ئىبادەتكە مەشغۇل بولماقلىق
پەرزدۇر. بىراۋ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن. «ئىسلام نېمى-
دۇر؟» دەپ سورىغاندا، جانابىي رەسۇلۇللا: «ئىسلام دېگەن
ئاللاغا شەك كەلتۈرمەسلىك، پەيغەمبەرگە شەك كەلتۈرمەسلىك،
كالامۇللاغا شەك كەلتۈرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز
زاكاتلارنى بېرىش، رامىزان روزىسى تۇتۇش» دەپ جاۋاب بەرگە-
نىكەن. ئاللانىڭ ھۆكمىنى تۇتماقلىقنى ئىرادەت قىلغان سائادەت-
مەن سۇلۇك ئەھلىلىرى بۇنداق ئاددىي جاۋاب ئاسارىتىدە قالسا
ھەق ۋىسالىغا زىنھار يېتەلمەس. مەسچىت دېگەن پەيغەمبەر ھۆك-
مى ئىرادىتىنىڭ ئىبادەتگاھىدۇر. گەرچە ئۇ ئاللانىڭ ئۆيى سانال-

سىمۇ خابگاھى ئەمەستۇر. خانىقا بولسا ئاللانىڭ ئۆيى - خابگاھدۇر. مەسچىتتە پەرز نامازلارنى ئۆتىمەكتىن ئۆزگە پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى بولماس. خانىقادا بولسا ئول پەرز نامازلارنى ئۆتىگەندىن سىرت ھەلقە - سۆھبەت سورۇنى قۇرغىلى، زىكرى - سامالارنى سالغىلى، ھەقتائالانىڭ ئىشقىدا جەررە تارتقىلى بولۇر. كىمەرسىكى خانىقادا ئاللانىڭ ھۆكمى ئىرادىتىدە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ ساما سېلىپ، كۆككە قول ئۇزىتىپ ئىلتىجا قىلسا، ھەققە ئاسان ئۇلىشۇر.

— ئول كەلىمىلەرنىڭ دەلىلى نېمە ئىكىن، ئىشان خان خوجام؟ — دېدى پالتۇ ئەئلەم قايىل بولمىغان ھالدا.

— دەلىلى شۇلكى، — دېدى ئىشان تېخىمۇ قىزىپ سۆزلەپ، — بىر مۇسۇلمان قوۋم مەسچىت ئۆزرە نامازغا مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرار ئەردى، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر مۇشرىك جوھۇت، مەسچىتتە نېمە پائالىيەت بولغانلىقىنى بىلمەك تەمەسىدە بوسۇغا ئاتلاپ كىردىلەر ۋە نامازغا مەشغۇل بولۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنى كۆرۈپ: «ھە، شۇنچىلىك ئىش ئىكەنغۇ» دېدىدە، يەنە بوسۇغا ئاتلاپ ئارقىسىغا ياندىلەر. مەھشەر كۈنى مۇنكىر - نەكىرلارنىڭ سوراقىدا ھېلىقى مۇشرىك ئۆزىنىڭ بىر نۆۋەت مەسچىتكە كىرگەنلىكىنى پاكىت كەلتۈرۈپ دەۋا قىلغان بولسىمۇ، مەسچىتكە كىرگەنلىكى نەزەرگە ئېلىنماي يەنىلا ۋەيلۇن دوزاخقا بەند قىلىندىلەر. ئەمما، بىر توپ سۇلۇك ئەھلى خانىقا ئۆزرە زىكرى - سۆھبەت، ھەلقى - ساماغا مەشغۇل بولۇپ، ئاللانىڭ نامىنى ياد ئېتىپ جەررە تارتىپ ئولتۇرار ئەردى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر مۇشرىك جوھۇت سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھەق ۋىسالىدا پەرياد ئۇرۇپ تارتىۋاتقان جەررىسىگە قىزىقىپ خانىقا بوسۇغىسىغا كەلدىلەر ۋە بوسۇغا ئاتلاپ كىرمەي بېشىنى خانىقاغا تىقىپ قارىدىلەر ھەمدە ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىۋاتقان جەررە - ساماغا كۆڭلى مايىل بولۇپ، بېشىنى



جەررە - ساما رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ لىڭشىتتىلەر. مەھشەر كۈنى ئول مۇشرىك، بېشىنى خانىقا ئىچىگە تىقىپ بىرنەچچە مەرتىۋە لىڭشىتقانىنىڭ ساۋابى ئۈچۈن خانىقانىڭ سىرتىدا قالغان تېنى ۋەيلۇن دوزاخقا بەند قىلىنىپ، خانىقا ئىچىگە كىرگەن بېشى جەننەتۇل رىزۋانغا كىرىشكە مۇششەرەپ بولدىلەر.

پالتۇ ئەئلەم ئىشاننىڭ كەلتۈرگەن بۇ دەلىلىگە قايىل بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىستېھزا بىلەن چايقىدى.

— ئاللىقانداق ھېكايەتنى دەلىل ئورنىغا دەستەكلىلى بولماس، ئىشان خوجام، شۇنىسى ھەرقاچان يادىلىرىدا بولسۇنكى، پەيغەمبەر دېمەكلىك، ئاللانىڭ بىتەھقىق ئەلچىسىدۇر. ئەۋلىيالار مەرتىۋىسى پەيغەمبەرلەر مەرتىۋىسىگە زىنھار تەڭلىشەلمەس.

— يېڭىلىشتىلا، پالتۇ ئەئلەم، شۇل تاپتا جانابلىرىدىن كۆپۈرلۈق كەتتى، دەرھال توۋا قىلسۇنلار، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان سۈر كۆرسىتىپ، — ئاللا خاسلىقى خوجىلارغا خاستۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا جانابىي ئاللا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا بىزنىڭ روھىمىزمۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئاللانىڭ سۆزىنى ئىشىتكەندۇر. پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋە - ئىقباللىرى بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋە - ئىقباللىرى باراۋەردۇر.

— بەرھەق! — دەپ دوست تارتتى ئىشان پىرىنىڭ تەرلەپ - تەپچىرەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن بىر گۇپپاڭچى سوپى، — ھەزرىتى سەئىدىل ئەزەم ئاپاق خان خوجىمىز ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەندىلەرگە پىرى نىجاتكار بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيادۇر.

— دەلىلسىز سەپسەتىگە توۋا قىلىش جايىز ئەمەستۇر، — دېدى پالتۇ ئەئلەم ھېلىقى گۇپپاڭچى سوپىنىڭ دوست تارتىشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — جانابىي ئىشان خان ھەزرەتلىرى ئول كەلىمىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرەر دەستۇر كالام ۋە ياكى ساھابـ

لەرنىڭ كىتاب - رىسالىلىرىدىن، ھەدىس - ھېكمەتلىرىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ بىزلەرنى قايىل قىلغايلا. ئىلىم - ھېكمەتنى خالىغانچە زىنھار بۇرمىلاپ بولماس. چۈنكى، ئىلىم دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتنىڭ شاراپىتىدۇر.

پالتۇ ئەئلەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھىدايىتۇللا ئىشان يېغىرى تاتىلانغان ئېشەكتەك چىچاڭشىپ كەتتى. مۇنازىرىلىشىۋەرسە تېخىمۇ رەسۋا بولۇپ، جامەدىكى تۇمەنلىگەن نامازخانلار ئارىسىدا يۈزىنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئۆكتەملىك بىلەن پالتۇ ئەئلەمگە تىل سالدى.

— بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكنىڭ سۆزلىرىنى يالغان دېمەكچىمۇسەن، ئى ئىمانسىز، پالتۇ ئەئلەم، پىرغا ئەگەشمەكتە يوق، پىرنى ئىنكار قىلىشتىن ھايا قىلساڭچۇ، مۇناپىق!

— كەچۈرگەيلا، ھەزرىتىم، — دېدى پالتۇ ئەئلەم ئىشاننىڭ ھاقارەتلىرىگە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، — شۇل تاپتا جامائەت ئالدىدا ھايادىن سۆز ئېچىپ تولىمۇ ياخشى قىلدىلا؛ ھايا دەپ ئىشتا، سۆزدە ئەدەپكە رىئايە قىلماققا ئەيتىلۇر. ھايا دىلنى روشەن قىلىدىغان بىر نۇركى، ئىنسان ھەر دائىم شۇل مەنىۋى نۇرنىڭ زىياسىغا موھتاجدۇر. شەرىئەت بۇيرۇمىغان، رەئىيەت ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلماقلىق، كىشىلەرنىڭ ئىززەت نەپسىگە تېگىدىغان غەيۋەت، سەپسەتە، سۆكۈش، يالغان گەپنى، ئەدەپسىز سۆزلەرنى سۆزلىمەك زور ھاياسىزلىقتۇر. يالغان سۆزلىگۈچىنى ئەل - رەئىيەت كاززاپ دەپ ئاتايدۇ. مۆھتەرەم ئىشان ھەزرىتىمنىڭ ئول كەلىمىلىرىنى تېخى يالغان دېگىنىم يوقتۇر. پەقەت كىتاب - ھەدىسلەردىن دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلدىم، خالاس. مۇنازىرە ئاڭلىغۇچىنى دەلىل - ئىسپات بىلەن قايىل قىلۇر. زىنھار زۇلۇم - ھاقارەت بىلەن قايىل قىلالماس. بايام پېقىرنى ئىمانسىز دەپ ھاقارەت قىلدىلا، «قۇر-



ئانى كەرىم» دە: «يالغاننى ئىمانى يوق كىشىلەر سۆزلەر» دېيىلگەن ھەم يەنە پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھى ۋەسسەللەم: «يالغاندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى يالغان ئىماندىن يىراقتۇر» دېگەنلەر. جانابىي ھەق يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى تەڭ باراۋەر قىلىپ ياراتمىشتۇر. مەنسەپ ۋە دۆلەتكە، كۈچ - قۇۋۋەتكە مەغرۇرلىنىپ بىراۋنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا تەئەررۇز قىلماق زۇلۇمدۇر. بىراۋنى ھاقارەت قىلماق چوڭ گۇناھلاردىندۇر.

— ساڭا ئوخشاش دەھرىي مۇرتەتنى ھاقارەت قىلماق گۇناھ ئەمەس، ساۋابتۇر، — دېدى ھىدايىتۇللا ئىشان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئەسلىدە بىزلەركىم قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكنىڭ قارغىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىڭ كېرەك ئەردى. ئەمدى ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە. ئىلاھىم ئۆزۈڭ بىلەن ئىسىمداش تىغ ئەسرارىدا ئۆلۈرسەن، ناپاك تېنىڭ پارە - پارە بولغاي.

ھىدايىتۇللا ئىشان پالتۇ ئەئلەمنى قارغاپ بولغاندىن كېيىن ئوغلى، قەشقەر ئەمىرى يەھياھ خوجىنىڭ ھەمراھلىقىدا سوپى نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يان ئىشىك ئارقىلىق ھېيتكاھ جامەسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ سوپى - دەرۋىشلەر ئەگەشتى.

ئەتىسى، شەنبە كۈنى، ھېيتكاھ جامەسىدە پالتۇ ئەئلەم قاتارلىق قەشقەرنىڭ بىر قىسىم ئاتاقلىق ئالىم - ئۆلىمالىرىنىڭ مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلدى. پالتا بىلەن چاناپ ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن بۇ جەسەتلەر كېپەن ئورنىدا تىكىلگەن خەسە خالتىغا بىر تاغار گۆشتەكلا قاچىلانغانىدى. مېيىت نامىزى ئوقۇشقا كەلگەن قەشقەر خەلقى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ۋەھشىيلىكتىن قاتتىق چۆچۈدى، زار - زار يىغلاپ ھازا ئېچىشتى. ئەمما، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەقلى كۆتە، ھوش - كاللىسى يوق خەلپە - سوپىلىرى، دەرۋىش - دىۋانىلى-

ـرى بۇ پاجىئەگە ئېچىنماقتا يوق:

«ماشايىخى مايان كەشفى كەرامەتها بىسيار تىزەست،
ئىن شەب ئاخىر بىسيار ئالىمانىراز بەتەر كۇشتەست»①.

دېيىشىپ ھىدايىتۇللا ئىشان پىرى بۇزرۇكىنىڭ كەشپۇ كارامىتىـ
نى داۋراڭ سېلىشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ پاجىئەنىڭ ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ «ھىجابۇل غەيب» دەپ ئاتىلىدىغان يوشۇرۇن كاللا
كېسەر جاللاتلىرىنىڭ جىنايەتلىك قىلمىشى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم
بىلمەيتتى. بىلگەنلىرىمۇ ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىـ
لالمايتتى.

## 5

سانجۇ قىشلىقى.
قاشاڭلىق بىلەن سوكۇلداپ مېڭىۋاتقان ئات ئۇستىدە ئېزىـ
لىپ ئولتۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرقىدىن خېلى ئۇزاق يەردىن
كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئانچە تەمتىرىمەيلا مەتشېـ
ـرىپ باينىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. باي
قورۇسىنىڭ قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق
ئىدى. بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىنىڭ مويسىپىتراق بىرى ئېتىنىڭ
چۇلۋۇرىنى يەنە بىر ھەمراھىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، بوسۇغىدىن
ئاتلاپ قورۇ ئىچىگە كىردى ـ دە، ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ
توۋلىدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! قەدەم يەتتى بالا يەتمىگەي!

---

① بىزنىڭ ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ كارامىتى ناھايىتى ئىتتىككەن، بىر غەزەپ قىلماق بىلەن بۇگۈن كېچە نۇرغۇن موللىلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ.



شۇ ھامان خىزمەتكار سۇپەت قىرىق ـ قىرىق بەش ياشلار
چامىسىدىكى بىر كىشى مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى.
— باي ھاجىم بارمۇ؟
— بار، ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىزكىن، مېھمان؟
— باي ھاجىمغا ئاستانىدىن بۇرادەرلىرى كەپتۇ دەپ خەۋەر
بەرسۇنلار، — دېدى مېھمان تولىمۇ تەكەببۇر قىياپەتتە. بىپەرۋا
تۇرقىدىن ئۇنىڭ قورۇ ئىگىسى بىلەن خېلىلا بۇرادەرچىلىكى
بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— خوش، بېگىم، بىردەم تەخىر قىلىشقايلا.
خىزمەتكار ساراي ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئانچە ئۆتمەي مەتـ
شېرىپ باي بىلەن بىللە چىقىپ كەلدى. چاچ ـ ساقاللىرى
تامامىي دېگۈدەك ئاقىرىپ خېلىلا قېرىلىق يەتكەن مەتشېرىپ باي
قارىماققا خېلىلا تىمەن كۆرۈنەتتى. ئۇ گۇمانخورلۇق چىقىپ
تۇرغان كۆزلىرىنى مېھمانغا بىرنەچچە دەقىقە تىككەندىن كېيىن،
تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغاندەك بولدى ـ دە، شۇبھە چىقىپ تۇرغان
چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈرتتى.
— قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي، بۇرادەر. ئاسمانـ
ـدىن چۈشتىلىمۇ، يەردىن ئۈندىلىمۇ؟
مەتشېرىپ باي ئاۋۋال دوستى بىلەن ئاندىن ئۇنىڭ دەرۋازا
ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئىككى ھەمراھى بىلەن قىزغىن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.
— قېنى، سارايغا مەرھەمەت قىلىشقايلا، ئەزىز ياراـ
ـلار، — دېدى مەتشېرىپ باي مېھمانلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ
قىلىپ.
مېھمانلار ھەشەمەتلىك بېزەلگەن سارايغا كىرىپ، تاۋار ـ
كۆرپىلەر ئۈستىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن پاتىھە
قىلىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈز سىيپاشتى. ئاندىن ئورۇنلىـ
ـرىدىن تۇرۇپ ساھىبخانا بىلەن قايتا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشـ

تى. ئۆنىڭغىچە يەنە بىر ياش خىزمەتكار مىس ئاپتۇۋا ـ چىلاپچى-
دا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ يېپەك لۆڭگە تۇتتى، ئاندىن
ھەربىر مېھمانغا بىر پىيالىدىن سىنچاي قۇيدى. سىنچايدىن كې-
يىن داستىخان سېلىپ بىرنەچچە پەتنۇس قەنت ـ گېزەك،
ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىش ۋە ئوخشىتىپ يېقىلغان قاتلىمىلار-
نى داستىخانغا تىزىۋەتتى.

— قېنى، ئەزىز يارانلار، مەززەگە بېقىشسىلا، — دېدى
مەتشېرىپ باي مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ.

مېھمانلار تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا قوللىرىغا ئوشتۇلغان
ناندىن بىر پارچىدىن ئېلىشتى ـ دە، خۇش پۇراق دورا ـ
دەرمەكلەر بىلەن دەملەنگەن چايغا بىر كاللەكتىن ناۋات سېلىپ
غىزالىنىشقا تۇتۇندى. ئۇزاق يول يۈرۈپ قورسىقى ئاچقان بۇ
مېھمانلار مەززىلىك پىشۇرۇلغان قاتلىمىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىـ-
شەتتى.

— خوش، ئاستانىدىكى يارانلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ —
سورىدى مەتشېرىپ باي مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە مىس چەينەك-
تىن چاي جىقلاپ قۇيغاچ.

— قەدىر ئەھۋال، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان چار ساقال
مېھمان جاۋاب بېرىپ، — مۇرتەت ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ سۇلۇك
تەقىبىدىن خاتىرجەملىك يوق. يەر يۈزىنى قۇرت ـ قوڭغۇزدەك
قاپلاپ كەتكەن سۇلۇكى ئىشقىيە خەرلىرىنىڭ ھاياسىز ھاڭراشلى-
رىدىن ھېچبىر ئارامچىلىق يوقتۇر. بۇ نۆۋەت سانجۇغا ھىجرەت
قىلىشىمىزنىڭ بائىسى شۇلكى، جانابىي بالاگەردان① پىر بۇزرۇ-
كىمىز دانىيال خوجامنىڭ دىدار ـ مۇلاقىتىدە بولۇپ، تەلىم ـ
پەرمايىشلىرىنى ئاڭلاشتۇر.

مەتشېرىپ باي مېھماننىڭ سۆزلىرىگە يا ئاق، يا كۆك دەپ

① بالاگەردان — بەندىلەرنى بالا ـ قازادىن ساقلىغۇچى.



جاۋاب قايتۇرماي جىملا ئولتۇردى. ساھىبخانىنىڭ ئۈندىمەي ئول-
تۇرغىنىنى كۆرگەن مېھمان بىتاقەتلىك بىلەن يەنە سورىدى:

— شۇل تاپتا جانابىي بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىز بىلەن
تېزرەك دىدار ـ مۇلاقەتتە بولساق دەيمىز.

— ھەزرىتى بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىزنىڭ پايە ـ قەدەم-
لىرى تېخىچىلا سانجۇغا يەتمىدى، — دېدى مەتشېرىپ باي پەرۋا-
سىزلىق بىلەن.

— بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئۆزى، — دېدى چار ساقال
مېھمان تەشۋىشلىنىپ، — ئىككى ئاي مۇقەددەم بالاگەردان پىرى-
مىز دەھبىتتىن بىزگە خەۋەر بېرىپ، سانجۇدا جەمئىي بولۇش
توغرۇلۇق پەرمايىش قىلغانىكەن.

— پىرى بۇزرۇكىمىزنىڭ ئول مۇبارەك پەرمايىشنامىسى
ھېلىمۇ يانلىرىدا بارمىكىن، بۇرادەرى ئەزىز؟

مەتشېرىپ بايىنىڭ تۇرقىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى
بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەلۋەتتە بار، — دېدى چار ساقال مېھمان ۋە سەللىسى-
نىڭ قېتىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ مەتشېرىپ بايغا
تەڭلىدى، — مانا قارىسىلا، بالاگەردان پىر بۇزرۇكىمىزنىڭ
مۇبارەك مۆھرىمۇ بېسىقلىق تېخى.

مەتشېرىپ باي خەتكە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن چىرايىدا
بىردىنلا خاتىرجەملىك كۆلكىسى جىلۋە قىلدى.

— قېنى مەرھەمەت قىلغايسىزلەر، ئەزىز يارانلار، — دېدى
مەتشېرىپ باي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — بالاگەردان پىرىمىز
شۇل تاپتا يولۇڭلارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

چار ساقال مېھمان بىرئاز تەئەججۇپلەندى.

— تېخى بايىلا ھەزرەتلىرى...

— ئەزىز يارانلار، زىنھار كۆڭۈللىرىگە ئالمىسۇنلار، —
دېدى مەتشېرىپ باي مېھمانلارغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ

تۇرۇپ، — مەلئۇن ئاپاق خوجىنىڭ خۇپىيە - پايلاقچىلىرىنىڭ ناپاك قەدەملىرى سانجۇغا قەدەر يەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەرنە ئىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىز ئۇل مۇبارەك پەرمايىشنى كۆرمىگۈچە ھەرقانداق ئادەمگە كۆرۈنۈش قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

— ھەق راست، ئېھتىيات قىلماقلىق ئەۋزەل.

— يارانتقان ئىگەم ئۇل بالاگەردان پىرىمنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

مېھمانلار شۇنداق دېيىشكىنىچە تاماققا قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

مەتشېرىپ باي ئۇلارنى ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان، چەت - چۆرىسىگە كۆز يەتكۈسىز باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بىر ئىمارەتكە باشلاپ كەلدى. قويۇق مېۋىلىك دەل - دەرەخلەر بىلەن قورشالغان بۇ ئىمارەتنى ئون قەدەم نېرىدىن ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.

— بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىز بىر ھەپتىدىن بېرى مۇشۇ يەردە ئىستىقامەت قىلغاچ سىز ئەزىز يارانلارنىڭ يولىغا قاراۋاتىدۇ، — دېدى مەتشېرىپ باي مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەچ، — قېنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلسۇنلار، مەخدۇمزادىمىز قازناقتا.

تاشقىرىدىكى ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ بىرئاز سەگەكلەشكەن دانىيال خوجا بوسۇغا ئاتلاپ كىرىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ خاتىرجەملىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بالاگەردان پىرىم.

مېھمانلار دانىيال خوجىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

قىسقا ياسىتۇۋالغان قاپقارا ساقاللىرى چىرايىغا ئالاھىدە



سۈر - سۆلەت بېغىشلاپ تۇرغان دانىيال خوجىمۇ بۇ ساداقەتمەن مۇرىتلىرىنى كۆرۈپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى. قازناقنىڭ ئىچىنى بىر پەس يىغا - زار قاپلىدى. ھېلىقى ئۈچ مېھمان دانىيال خوجىنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى، شايى يەكتىكىنىڭ پېشىنى ۋە سەدەپتىن كۆز قويۇلغان ئىشانچە كۈمۈش ئۈزۈك سېلىنغان قوللىرىنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ تۇرۇپ سۆيەتتى، سۆيۈپ تۇرۇپ يىغلايتتى، يىغلاپ تۇرۇپ نەچچە يىلدىن بېرى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى تەرىپىدىن تارتقان خورلۇقلىرىنى دادلايتتى. كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان دانىيال خوجا ئۇلارغا تەسەللى بەرگەچ ھەربىرىنى بىر قېتىمدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئىشان پىرىنىڭ شۇ دەرىجىدە كۆرسەتكەن ئەڭ ئالىي ھىممىتىدىن تەسىرلەنگەن بۇ ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ھاياجان ۋە چەكسىز بەختىيارلىقتىن ئېرىپ ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

ئۇلار ئۆپكىدىگىنىچە ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىشتى.

— خوش ئۇل مەلىكە مۆھتەرەم خان ئاغىچا بىلەن مۇلاقەت بولۇش ئىشلىرى قانداق بولدى، مەسۇم خەلىپەم؟ — سورىدى دانىيال خوجا سۆھبەتنى ئەسلىي مۇددىئاغا بۇراش مەقسىتىدە تېخىچىلا خىرتىلداۋاتقان چار ساقال مېھمانغا قاراپ.

— مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى بەتگۇمانىمىز، خان ئاغىچا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ گۇمانى بىلەن بىر يەردىن چىقتى، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى مەسۇم خەلىپە، — ئۆز ۋاقتىدا داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، مۇلاقەتتە بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئانچە ئىشەنمىگەنىكەنمىز. ئۆزى بىر ئاجىزە بولغىنى بىلەن تولىمۇ قەھرلىك مەزلۇم ئىكەن ئۇ.

شۇ تاپتا مەسۇم خەلىپىنىڭ كۆز ئالدىغا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن كۆرۈشكەن مەنزىرە بىرمۇبىر نامايان بولۇشقا باش-

لىدى.

شۇ كۈنى دانىيال خوجىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلدۇرۇپ، ئۆزد-
نىڭ ئايالى ئارقىلىق مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا خەت كىرگۈز-
گەن مەسۇم خەلىپە يەنە ئايالى ئارقىلىق جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋال-
دى. خەتتە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۆزىنىڭ جۇمە كۈنى ئاستانە
كوچىسىنى ئايلىنىشقا چىقىدىغانلىقىنى، شۇ ۋاقىتتا مەسۇم خە-
لىپىنىڭ ئـايـالچە كىيىنىپ، يـۈزىگە چـۈمپەردە سېلىپ،
مۇلازىم - كېنىزەكلىرى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، بىرلىكتە ھەرەم-
گە كىرىشىنى ئۇقتۇرغانىدى.

ئادەتتە جۈمە كۈنى ئاستانىدىكى يەتمىش ياشتىن يۇقىرى
بارلىق ئەركەكلەر جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىت، جامە-
لەرگە باراتتى. ئەگەر بۇ كۈنى ھىدايىتۇللا ئىشان خان خوجىنىڭ
ئاغىچا - شاھبانۇلىرى كوچا ئايلانماقچى، نەرسە - كېرەك سېتىۋ-
ۋالماقچى بولسا پۈتكۈل شەھەرگە جاكارچى چىقىراتتى - دە،
بارلىق سودىگەرلەر - تىجارەتچىلەر، ساراي، دۇكان - يايمىلى-
رىنى ئوچۇق قويۇپ قوياتتى. ئاغىچا - شاھبانۇلار بۇ ئىگىسىز
دۇكانلاردىن ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئىختىيارىچە
پۇل - پۈچەك تاشلاپ قوياتتى.

ئايال كىشى سىياقىدا ياسانغان مەسۇم خەلىپە جۈمە كۈنى
بىمالال ھالدا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ خىزمەتكارى قاتارىغا
قوشۇلۇۋالدى - دە، ھەرەمگە كىرىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشتى.

— جەننەتماكان خان ئاكامنىڭ بىئەجەل ئۆلۈمىدە ئەلۋەتتە
ئىشان خان خوجام ھەزرەتنىڭ قولى بار، — دېدى يۈزىگە نىپىز
قارا ھىلھىلە رومال سېلىۋالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەسۇم
خەلىپىگە ئىلتىپاتسىزلا قاراپ، — بۇنى مەخدۇمزادە دانىيال
خوجىلا ئەمەس، ئاستانىدىكى ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەملەرنىڭ



ھەممىسى بىلىدۇ. ئەمما، ھېچكىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقارغۇدەك
جۈرئىتى يوق. بىلمىدۇق، دانىيال خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ مۇددى-
ئاسى نېمىكىن؟

— جانابىي مۇرەببىلىرى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى - قانائەت
قىلماي، جانابىي خان ئالىيلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن
كېيىن، سەلتەنەتنى ئوڭچە ئىگىلىۋالدى، ھەتتا سەلتەنەت ئۈچۈن
نۇرغۇن ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىمۇ
ساق قويمىدى. بۇ ئەھۋالدا ئوردىدا جانابىي خان ئاغىچىدىن
ئۆزگە ئىشەنگۈدەك، مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ قىساس - ئىن-
تىقامىنى ئېلىشقا ھەمدەم بولغۇدەك بىرمۇ ئىشەنچلىك ئادەم
قالمىدى. بىلمىدۇق، خان ئاغىچىنىڭ بۇ قىساس - ئىنتىقامنى
ئېلىش مۇددىئاسى بارمىكىن؟

— مەرھۇم جەننەتماكان ئاكامنىڭ قىساسىنى ئېلىش مەن
ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
كەسكىنلىك بىلەن، — ئىشان خان خوجىنىڭ ئەجىلى ھامان
مېنىڭ قولۇمدا. ئەمما، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا زىنھار بولماس.
چۈنكى سەلتەنەت باشپاناھسىز قالسا ئەلدە تەپرىقىچىلىك، باش-
باشتاقلىق كۆتۈرۈلۈپ ئاۋام - رەئىيەت زۇلۇم، يوقسۇزلۇق
ئاسارىتىدە قالۇر. ئەزىز پەرزەنتىم ھەسەن خوجا تېخىچىلا كى-
چىك، سەلتەنەتنى ھازىرچە ئۇنىڭغا زىنھار تۇتقۇزغىلى بولماس.
ئالدىراقسانلىق قىلساق بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قايتىدىن
تىكلەش مۇددىئايىمىز سۇغا چىلىشار.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ مەسۇم خەلىپە
بىر ئاز ئۈمىدسىزلەندى.

— ئوردىدا خان ئاغىچا ئالىيلىرىنىڭ يېقىنلىرى يوقمىدۇر؟

— كەلگۈسىدە ھەسەن خوجىنى پەدەرىنىڭ ئورنىغا خان -
سۇلتان قىلىپ تىكلەش مۇددىئايىمىزنى قوللايدىغانلار يوقمۇ ئە-
مەس. لېكىن، ئۇلار ئانچە كۆپ ئەمەس، — دېدى مەلىكە

مۆھتەرەم خېنىم ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — شۇڭا، ھازىرچە
پۇرسەت ـ نۆۋەت بىز تەرەپتە ئەمەستۇر. دانىيال خوجا ھەزرە-
تىمگە مۇددىئايىمىزنى يەتكۈزۈپ قويسۇنلار. بىر مەزگىل پۇختا
تەييارلىق كۆرگەيمىز. ئاۋۋال تەسەررۇپىمىزدىكى سۇلۇكى ئىس-
ھاقىيە غازاتچىلىرى جەمئىي بولغاي. بۇل ھەقتە بىر قىسىم
يۇرت بەگلىرى بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدۇ پەيمانىمىز باردۇر. ۋاق-
تى كەلگەندە مەن ئوردا ئىچىدىن، سىلەر تېشىدىن تەڭ ھەرىكەت
قىلىمىز.

— خوش، بۇنى بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىزگە تامامى
يەتكۈزگەيمىز، — دېدى مەسۇم خەلىپە قايتىدىن ئۈمىدلە-
نىپ، — بۇيۇك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قايتىدىن تىكلەش بىز-
لەركىم سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭمۇ مۇددىئايىمىزدۇر.

— خەلىپەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرەمگە كىرمىكى تولىمۇ
خەتەرلىكتۇر، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، —
ئاغىچىلىرىنىڭ قولىغا دەستەك يېزىپ بېرەي، ھەرقاندىاق
ئىش ـ كۇشلەر بولسا بىمالال كىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەي.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، خان ئاغىچا، ئاللا ئىگەم
نىيەت ـ مۇددىئالىرىمىزغا يەتكۈزۈپ ئىشلىرىمىزنى ئاسان
قىلغاي.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر بوغچا
نەرسىنى مەسۇم خەلىپىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ ئاقچىلارنى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىز ئۈچۈن
خەج ـ خىراجەت قىلسۇنلار، قالغىنىنى ئاغىچىلىرى ئارقىلىق
ئاز ـ ئازدىن چىقارتىپ تۇرىمەن. دانىيال خوجامغا سالامىمىزنى
يەتكۈزگەيلا.

مەسۇم خەلىپە ئېغىر بىر بوغچا كۈمۈش تەڭگىنى قولتۇقىغا
مەھكەم قىستى ـ دە، قىلىن چۇمبەردىنى قايتىدىن بېشىغا سې-
لىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن خوشلاشتى. ئۇنى مەلىكە



قەسرىنىڭ باش غوجىدارى ھەرەمدىن چىقىرىپ قويدى.

— ئول مەلىكىنىڭ مۇرتەت ھىدايىتۇللا ئىشانغا ھالال جۈپ
بولۇشقا رازىلىق بېرىشىمۇ پۈتۈنلەي سەئىدىيە سەلتەنىتىنى ھالا-
كەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەردى، — دېدى مەسۇم خەلىپە-
نىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ بولغان دانىيال خوجا سۆز ئېلىپ، —
مەلىكىنىڭ مۇددىئاسى شۇ بولىدىغان بولسا، بىزمۇ سەئىدىيە
سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۇغ ـ شەددىسىنى كۆتۈرۈپ
چىقايلى. ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئۆزگە نىجات-
لىق يولى يوقتۇر.

ئۇلار مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن بىرلىشىپ ئاپاق خو-
جىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنىتىنى يوقىتىش ھەققىدە تۈن نىس-
پىگىچە پىلان تۈزۈپ چىقىشتى.

## 6

شاھنشىن.

توققۇز پايىلىك مەرمەر شاھ سۇپىدىكى ئالتۇن تەختتە گىدى-
يىپ ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خىيالچان كۆزلى-
رىدىن ئوي ـ خىياللىرىنىڭ ئاللىقاياقلارغا پەرۋاز قىلىۋاتقانلى-
قىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. شاھ سۇپىسىنىڭ ئىككى
تەرىپىدىكى مەخمەل كۇرسىلاردا قول قوۋۇشتۇرۇپ، خۇشامەت-
گۈيلۈق بىلەن ئولتۇرغان ئەمىرلەر ئىشان خوجىسىنىڭ چىرايىغا
تەمەگەرلىك بىلەن قارىشاتتى.

ئىشان خانلىق سەلتەنىتىدە ئولتۇرغان بۇ بىرنەچچە يىلدىن
بېرى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بىرئاز جۇدەپ قالغان، چاچ ـ
ساقاللىرىنىڭمۇ قارىسىدىن ئېقى كۆپىيىپ قالغانىدى. ئىشان بۇ

ئەپتىنى ھەر قېتىم ئەينەكتىن كۆرگىنىدە، ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە
ئۇھ تارتاتتى. ئوردا تېۋىپلىرىغا، ھۆكۈمالارغا قېرىشنىڭ ئالدى-
نى ئالىدىغان، ئاقىرىشقا باشلىغان چاچ - ساقاللارنى قارايتىدى-
غان، كۆندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىپ بارغان ئەرلىككە
قۇۋۋەت بولىدىغان دورىلارنى ياساشنى بۇيرۇيتتى. ئەمما، يۇم-
ران بوغا مۈڭگۈزى، بۆغا قېنى، كۈندە ئۈچ ۋاخ يەۋاتقان بۆغا،
ئۈلاي، جىگدىچوق ، باچكا، قۇشقاچ گۆشلىرى ئىشاننىڭ زەئىپ-
لىشىپ كېتىپ بارغان تېنىگە كار قىلمايۋاتاتتى. بىر قىسىم
تېۋىپلارنىڭ قىز بالا يۈرەكنى ياشارتىپ، بەدەنگە قۇۋۋەت بولى-
دۇ، قېرىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ دېگەن قىلچىمۇ ئىلمىي ئاساسى
بولمىغان ھۆكۈملىرىگە قارىغۇلارچە ئىشەنگەن ئىشان ھەرىمىنى
قىزلار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمما، ئارمانغا تۇشلۇق دەر-
مان يوق دېگەندەك نۇرغۇن قىممەت باھالىق قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ
كۈچى بىلەن ئاشۇ بەختى قارا قىزلارنىڭ قۇچىقىدا بىر كېچە
ياتقان ئىشان ئەتىسى تېخىمۇ روھسىز، جانسىز ھالدا ئورنىدىن
تۇراتتى، پۇت - قوللىرى تىترەپ كۆزلىرى چاپاقلىشاتتى. ئى-
شاننىڭ غېمى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە ياۋاش، قانائەت-
چان كۆرۈنگەن خەلق ئىشاننىڭ جۇڭغار خانىغا ھەر يىلى تاپشۇرى-
دىغان ھەددى - ھېسابسىز ئېغىر ئولپاننى ئۆز قەرەلىدە تاپشۇ-
رۇش ئۈچۈن ھەسسىلەپ سالغان ئالۋان - سېلىقلىرىغا چى-
دىماي، پات - پات قوزغىلاڭ كۆتۈرەتتى. تەييارتاپ
ئىشان - خوجىلار، خەلىپە - سوپىلارنىڭ قات - قات سېلىقى،
زۇلۇملىرىدىن خەلق ئاپاق خوجىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنىتىگە
نارازى بولۇشقا، ئىلگىرىكى سەئىدىيە سەلتەنىتىنى سېغىنىشقا
باشلىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ
توختىماي ئېلىپ بارغان قوتراتقۇلۇقلىرى سەۋەبىدىن پات - پات
يۈز بېرىدىغان قىرغىنچىلىقلار، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى-
نىڭ، باي - تۆرىلەرنىڭ، ئىشان - خوجىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت



قويۇش، مال - مۇلۇكلىرىنى بۇلاش - تالاش، ئۆلتۈرۈش ۋەقە-
لىرىمۇ ئاپاق خوجا ئۈچۈن يەنە بىر باش ئاغرىقى ئىدى. پۈتكۈل
ھەرەمنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئوڭچى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قاتتىق قوللۇقىدىن، كىيىم - كې-
چەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا خەج - خىراجەتلەردىن قىسىش-
لىرىدىن، مەلىكىلىك، خانزادىلىك ئېسىل نەسەبىنى پەش قى-
لىپ تۇرۇپ چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشلىرىدىن جاق تويى-
غان باشقا خانىش - بانۇلىرىنىڭ، ئاغىچا - توقاللىرىنىڭ داد-
خورلۇقلىرىمۇ ئىشاننىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى. شۇ
كۈنلەردە ئاپاق خوجا پادىشاھ بولۇشنىڭ سۇلۇك پېشۋاسى بولۇش-
تەك سەلتەنەت سورىغاننىڭ سۇلۇك تەۋرەتكەندەك ئۇنچە ئاسان
ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

«ئىلگىرىكى خان - سۇلتانلارمۇ مۇشۇنداق غەم - ئەندىشىدە
ياشىغان بولغىيمىتى. ئىنساپسىز جۇڭغار خان خوجامغا ھەر يىلى
ئەۋەتىدىغان ئولپاننى ۋاقتىدا يولغا سالمىسام تېخى خاپىلىق، ئول
خاپىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلماقمۇ تەس تېخى. شۇنداقلا غەزەپ
قىلسا يەجۇجى - مەجۇجى لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بۇل
سەلتەنەتنى مەندىن سويۇپ ئېلىپ، باشقا بىر كىمنى خان قىلىپ
تىكلەشكە ئاران تۇرىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئىرەن قابۇرغەدىن سۇل-
تان ئىسمائىلخاننى ئەكېلىپ قايتىدىن خان قىلىپ تىكلەپ قويام-
دۇ تېخى. ئول ئولپان - خىراجەت ئۈچۈن رەئىيەتتىن سېلىق
يىغمىساق تېخى خاپىلىق، ھەدېسە سۇلتان ئىسمائىلخان زاماند-
سىدا مانچىلىك پادىشاھلىق سېلىق تاپشۇراتتۇق، ئىشان خوجام-
نىڭ زامانىسىدا ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى، دەپ دادخورلۇق،
سەركەشلىك قىلغان، زۇلۇم سالساق جېنىدىن تويۇپ غەليان
كۆتۈرگەن. سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرتەتلىرىنىڭ قوتراتقۇلۇق قى-
لىپ تېرىغان خاپىلىقى ئۇنىڭدىن يامان. ئانچىكىم تەرغىباتلىرى
ئارقىلىق ئول نادان رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا ئاران

تۇردۇ. پۇتكۇل ئەلنى پىتنە ـ پاسات قاپلاپ كەتتى. سەلتەنەت
سۇرى بىلەن بېسىقتۇرماق بەسى مۇشكۇل بولماقتا...»
قايسىبىر ئەمىرنىڭ قاتتىق يۆتىلىپ كېتىشىدىن ئېسىگە
كەلگەن ئىشان دەرھال خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئاغزىغا قاراپ
تۇرغان ئەمىرلەرگە يۈزلەندى.

— خوش، جۇڭغار خان خوجام دەرگاھىغا يولغا سالىدىغان
خەج ـ خىراجەت، ئالباتلار[1]تەييار بولدىمۇ؟

— يوقسۇ، خان خوجا، — دېدى باج ـ سېلىق ئەمىرى
قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، قارا
مۇسۇلمان سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرتەتلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن
بىر قىسىم ئىمانى سۇس، گەدەنكەش ئازغۇنلار خان خوجامنىڭ
مۇقەددەس پەرمانىغا سەركەشلىك قىلىپ، ئالۋان ـ سېلىق تاپ-
شۇرۇشتىن باش تارتىپ غەليان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، سەلتە-
نىتىمىزنىڭ ھىمايىچىسى، يۆلەنچۈكى موڭغۇل خان خوجام دەر-
گاھىغا ئەۋەتىلىدىغان خىراجەتلەرنىڭ ئاران دېگەندە يېرىمى
تەق بولدى. كەم ـ كۈتىسىنى يىغىشقا لەشكىرىي دىۋان ھەم-
كارلىشىپ لەشكەر چىقارمىسا، جازا ـ جاساق دىۋانى ھەمدەمدە
بولمىسا، قالدى خىراجەتلەرنى پات يېقىندا تەييار قىلالماسمىز.

— زەڭگى باسقاقبېگىم تولا ئالدىرىتىۋاتىدۇ، — دېدى ھى-
دايىتۇللا ئىشان تەختنىڭ يېنىدىكى بوش تۇرغان شاھانە كۇرسىغا
ئېھتىرام بىلەن قاراپ قويۇپ، — بۇل ئىشلارغا لەشكىرىي دىۋان
بىلەن جازا ـ جاساق دىۋانى ھەمدەمدە بولسۇن. يارلىققا سەركەش-
لىك قىلغۇچىلارغا قىلچىلىك سىلە ـ رەھىم قىلماي كاللىسى
ئېلىنىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىنسۇن. ناۋادا ئۇل خەرج ـ
خىراجەتلەر ۋاقتىدا غەملەنمىسە جانابىي ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىگە
مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز.

[1] ئالبات — جۇڭغارىيىدىكى موڭغۇللارغا يەر تېرىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان
چاكارلار.



ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەمىرلەر
چايان چاققاندەك چۆچۈشتى. گەرچە ئۇلار ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ
بۇ دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان مەئىشەتلىرىدىن كېچىش
تەرغىباتىغا تەڭ دوست تارتىشىپ بېرىشكىنى بىلەن، ھەمىيىن-
دىن بىر تەڭگە پۇل خەجلەپ قالغان كۇنى ئىچى ئېچىشىپ، ئاشۇ
بىر تەڭگىنىڭ ئورنىنى ئون تەڭگە قىلىپ تولدۇرمىغۇچە كۆڭلى
ھەرگىز ئارامىغا چۈشمەيتتى. شۇڭا، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ
كەملەپ قالغان خەج ـ خىراجەتنى سەنلەردىن ئالىمەن دېگەن
مەنىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جان ـ ئىمانلىرى چىقىپ
كەتتى ـ دە، ھەر ئامالLARنى قىلىپ خەلقتىن سېلىقنى تولۇق
يىغىش نىيىتىگە كېلىشتى.

— خوش، سىرتتا قانداق گەپ ـ سۆزلەر بار؟ — سورىدى
ھىدايىتۇللا ئىشان ياتىشبېگىگە قاراپ.

— جانابىي ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى كوسا،
تاز چىراي ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھەرقايسى يۇرتلاردىكى
خۇپىيە ـ پايلاقچىلارنىڭ يوللىغان مەلۇماتىدىن قارىغاندا، قارغى-
لىق، سانجۇ، قاراقاش قاتارلىق يۇرتلاردا ئىسھاقىيەچى ئازمىلار-
نىڭ يىغىلىشلىرى كۆپىيىپ قاپتۇدەك، ئۇل يۇرتلاردىكى تەقىبنى
كۈچەيتىش خۇسۇسىدا يۇرت بەگلىرىگە مەلۇمەت يوللىدۇق.

— ئاستانىدىكى رەئىيەتنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— ئاستانىدىكى رەئىيەتنىڭ ئەھۋالى ھازىرچە خېلىلا تىنچ،
ئەمما قىبلىگاھىمنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، پەرمانلىرى بويىچە
ئەنبەدەن[1] قىلىنىپ دەرگاھلىرىدىن ھەيدەلگەن سوپى بابارەھىم
مەشرەپ[2] ئاستانە رەئىيىتى ئارىسىدا دەھرىي نەزمىلەرنى ئو-
قۇپ، خان خوجامغا ۋە ساداقەتمەن سۇلۇكىمىزگە تىل تەگكۈز-
مەكتە. ئەل ـ رەئىيەتنىڭ ئارىسىدا ئۇل رىياكار سوپىنىڭ ھۆر-

[1] ئەنبەدەن — ئاختا قىلىش جازاسى.
[2] بابارەھىم مەشرەپ — ئاتاقلىق ئىسيانكار شائىر شاھ مەشرەپ.

مەت ـ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئاشماقتا. ئاۋام ئۇنى شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا دەپ ئۇلۇغلاپ ئىخلاس قىلماقتا...

— شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا؟ — ئۆزىنى بىردىنبىر ئەۋلىيا ساناپ كەلگەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يۈرىكى ھەسەتتىن ئاچچىق ئېچىشتى، — ئۇل مۇرتەتنىڭ يازغىنى قانداق دەھرىي نەزمىلەر ئىكەن؟

ياتىشبەگ قوينىدىن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئاپاق خوجىغا ئۇزاتتى.

— ئۇل دەھرىي نەزمىلەردىن بىرنەچچىنى خۇپىيەلىرىمىز يېزىۋالغانىكەن، خان خوجام نەزىرىدىن ئۆتكۈزگەي.

— ئوقۇسۇنلار، — دېدى ئاپاق خوجا قاپىقىنى تۈرۈپ.

ياتىشبېگى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

خوجا، سەيىد، بەگۇ خان ـ سەردارىلەر بەركار ئىسە،
زۇلۇم تىغىن تىز ئىتەردە ھەربىرى نامدار ئىسە،
كاسەلەپ كەززاب شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار ئىسە،
كۇفر ئىلىگە مەشرەبىدەك رەھنەما پەيدا بولۇر.
......

— يەنە بارمۇ؟

شېئىرنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بۇ تەئەددىسىنى چۈشەنمىگەن ياتىشبېگى يەنە بىر پارچە شېئىرنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

مەن سالام قىلدىم ساڭا قىلغان ئىشاراتىڭ قېنى؟
مەردى ھەقنى بىلگەلى ئەمدى كاراماتىڭ قېنى؟
بولدى مەقبۇلىڭ سېنىڭ مەردۇتكى، ئەمدى ئىنتىزار،
يەتمىش ئىككى بەھىس ئېيتىپ ئالغان ئەماناتىڭ قېنى؟



ئىئتىمادى قال ئېتىپ قالدىڭ ئارا يوللاردا سەن،
تىنمايىن شامۇ سەھەر قىلغان تىلاۋاتىڭ قېنى؟
يەتتە مەرتە ھەج قىلىپ، مالىڭنى سەن تاراج ئېتىپ،
دەستىگىرى ئاخىرەت بولغان ساخاۋاتىڭ قېنى؟
بەس تەكەببۇر ئەيلەدىڭ قالدىڭ لەئىن ۋابەستەسى،
فەتھۇ نۇسرەت تاپقالى قىلغان مۇناجاتىڭ قېنى؟
جۇملە رەختى ئاخىرەت قىلدىڭ بۇ شەيتان ئەلچىسى،
دەفتەرى ئىشقىڭنى سىرىپ كەتكەن خىيالاتىڭ قېنى؟
......

— بولدى بەس!

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ ياتىشبېگى قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى. ۋەھىمە قاپلىغان شاھنىشىن سۈكۈتكە چۆمدى. قورقۇپ كەتكەن باشقا ئەمىرلەرمۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاشتى.

— بۇ مۇرتەتنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلماقتا يوق، يازغان نەزمىلىرىگە قارىمامدىغان، ھۇ دوزاخنىڭ تۇرۇۋسىغا تىللىدىن ئېسىلغۇر.

ئوردا ئەركانلىرى خان ئىشان ئاپاق خوجىسىغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن ئازكەم بىر يىل ئاۋۋال ئاتاقلىق شائىر مەشرەپ، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ھەرىمىدىكى بىر قىز بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالغان گۇناھى ئۈچۈن، ئىشان «پىرى بۇزرۇكنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويدى، پىرنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز تىكتى» دېگەن گۇناھ بىلەن جازالىنىپ ئاختا قىلىنىپ، سوپىلىق مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئوردا ھەم خانىقادىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ھىدايىتۇللا ئىشاندىن، ئىشقىيە سۇلۇكىدىن، سوپىلىقتىن ئىخلاسى قايتقان شائىر سوپى ـ دەرۋىشلەرنى، ئەھ-

لى سۇلۇكنى، ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئىنكار قىلىدىغان ئىسيانكار
شېئىرلارنى يېزىپ خەلق ئارىسىدا تارقاتقانىدى. بۇ ئىشتىن
ئوردا ئەركانلىرىنىڭ تولۇق خەۋىرى بار ئىدى. ئەمما، ھىداي-
تۇللا ئىشانغا قايسى يوسۇندا مەلۇمات يوللاشنى بىلەلمەي بېشىنى
ئىچىگە تىقىۋالغانىدى.

شۇ تاپتا تەختتە قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ئىشان-
نىڭ ئوي - خىياللىرى تىنچسىز ئىدى.

ئەنە، بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرىكى نەمەنگاندىن سوپى-
لىققا كامالەتكە يېتىشنى كۆزلەپ، قەشقەردىكى ھەزرەت خانىقا-
ھىغا كېلىپ ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان
مەشرەپ.

ھەزرەت خانىقاھىدىكى سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا چې-
چەنلىكى، سۆزمەنلىكى، نەزمە - مەسنەۋى تۇزەشتىكى چاققانلى-
قى، ئەھلى سۇلۇك تەلىماتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى ئۆتكۈرلۈ-
كى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئەتىۋار-
لىشىغا، ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن مەشرەپ.

باشقا خەلىپە - سوپىلار، مۇرىت - مۇخلىسلار ئىشاننىڭ
ھەربىر سۆزلىرى ئۈچۈن «پىرىمىنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەم-
رى»، «خۇدا ھەق، خوجام ھەق» دەپ قول باغلاپ تۇرسا،
مەشرەپ ساقال غىرىچلايتتى، ئۆتكۈر، مەنىلىك، ھەجۋىلىرى
بىلەن ئىشاننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتاتتى. ئۆزىگە چەكسىز
ئىخلاس باغلىغان بۇ ياقا يۇرتلۇق مۇرىتنىڭ ھەربىر ئىش -
ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى، خۇي - ئادەتلىرى ئىشانغا باشقىچە
يېقىشلىق تۇيۇلاتتى. ھەرقانداق جەررە - ساما سورۇنىغا مەشرەپ
قاتنىشىپ قالسا، خۇددى بىر پارچە ئوت - يالقۇن باشلاپ كەلگەن-
دەك بولەكچە قىزىتىۋېتەتتى. يېڭى - يېڭى نەزمىلىرى بىلەن
ھەلقە - سۆھبەت ئەھلىنىمۇ، ھىدايىتۇللا ئىشاننىمۇ ھاياجانغا
سالاتتى. شۇڭا، ئىشان، مەشرەپسىز ھەلقى - سۆھبەت سورۇن-



لىرىغا، ئىخلاسمەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ مېھماندارچىلىق-
لىرىغا بارمايتتى. شۇ تاپتا ئىشاننىڭ كۆز ئالدىدىن مەشرەپكە
مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئەنە، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، مەشرەپ قاتارلىق بىر توپ
سوپى - دەرۋىشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ باراتتى، دەرۋازىسى
ئالدىدا خىزمەتكارىنى ئۇرۇۋاتقان بايغا كۆزى چۈشتى. بۇ باي
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىدىن ئىدى. باي ئى-
شاننى كۆرۈپ، دەرھال ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى.

— ئى زاتىل ئەقتابىم، بۇ قۇل نېمە گۇناھ قىلدى؟ نېمە
ئانچە زۇلۇم سېلىپ ئازابلايسەن؟ — سورىدى ھىدايىتۇللا
ئىشان.

— جانابىي قۇتبىل ئەقتاب پىرى بۇزرۇكۇمغا مەلۇم بول-
غاي، — دېدى باي قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇ تۇزكور
قەلەندەر يۈز تەڭگىگە ئالغان ئارغىمىقىمغا توخۇ پوقى يېگۈزۈپ
ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

باينىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھىدايىتۇللا ئىشان بىرنېمە دەپ
بولغۇچە مەشرەپ ئالدىراپ سورى:

— ئاتاڭ بارمۇ، باي ئاكا؟

— ئاتام يوقتۇر، — دېدى باي مەشرەپنىڭ نېمە مەقسەتتە
بۇ سوئالنى سورىغانلىقىنى بىلەلمەي.

— نەگە كەتتى؟

— جەننەتماكان پەدەرىم ئۆلگەندۇر، ئاللانىڭ دەرگاھىغا
كەتكەندۇر.

باينىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ مەشرەپ يەنە ئالدىراپ سورىدى:

— ئېيتچۇ، باي ئاكا، يۈز تەڭگىگە ئالغان ئارغىمىقىڭ توخۇ
پوقىنى يەپ ئۆلۈپتۇ، ئۇنداقتا ئاتاڭ كىمنىڭ پوقىنى يەپ
ئۆلگەن؟

مەشرەپنىڭ كۈتمىگەن يەردىن قويغان سوئالغا باي قى-
زىرىپ - تاتىرىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ھىدا-

يىتۇللا ئىشان بولسا ئىچ - ئىچىدىن قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئەنە، ھەزرەت خانىقاسىدا جەررە - ساما قىزىماقتا. قولىغا مۆڭگۈز دەستىلىك ساپايىنى ئېلىۋالغان مەشرەپ ھالقا بولۇپ ئولتۇرغان سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ھىدايىتۇللا ئىشانغا قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىشان پىرنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن چەكسىز مېھرىبانلىقىغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، تەرىقەتتە كامالەتكە يېتىش، مەرىپەتنىڭ چوققىسىغا چىقىش ئىستىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىشان پىرنى مەدھىيىلەپ يازغان نەزمىسىنى ئوقۇماقتا:

روزى مىساق①كۈي دېدى، كۆيدۈم - ياندىم كۈل بولدۇم،
يولدا ياتقان خار②ئەردىم، نەزەر تاپتىم گۈل بولدۇم؛
جامى شاراپ ئىزلەدىم، بىھەمدۇللا مۇل بولدۇم،
بىر ئىگىسىز ئىت ئەردىم، ئىگەم تاپتىم قۇل بولدۇم؛
تۇتتۇم مەقام③ھەيرەتتىن④ مەندە ھەيرەت قالمادى.

تۇتتۇم پىرنىڭ ئىتەگىن ئاخىر يولغا باشلادى؛
يولدا قالغان گۇمراھنى⑤ ئاپاق غوجام خوشلادى؛
كىمكى كىردى بۇ يولغا ئۆزلۈكىنى⑥ تاشلادى؛
يارى يىلەن ئاھ ئۇرۇپ ئىككى كۆزىن ياشلادى؛
تىنماي ئايتاي ساناسىن⑦ خابى غەفلەت⑧ قالمادى.
......

① مىساق — ئادەم يارىتىلغان كۈن.
② خار — تىكەن.
③ مەقام — تۇرار جاي، ئورۇن.
④ ھەيرەت — ھەيران بولۇش.
⑤ گۇمراھ — يولدىن ئازغان.
⑥ ئۆزلۈك — مەنمەنلىك.
⑦ ساناسىن — ماختاش.
⑧ غەفلەت — غەپلەت ئۇيقۇسى، بىخەۋەرلىك، ئۇيقۇ.



شۇ تاپتا كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتۈۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشلەر ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يۈرىكىنى ھەرە چاققاندەك ئېچىشتۇرۇپ ئازابلايتتى. ئۇ مەشرەپنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزىنى مەدھىيىلەپ يازغان «ھەر نەپەسى مەندە بار، قىلدى مەدەت ئاپاق خوجام» رادىفلىق غەزىلى بىلەن بابا ياتىشبېگى ئوقۇغان شېئىرلىرىنى سېلىشتۇرۇۋىدى، ئىچى لىپمۇ لىپ زەھەرگە تولدى.

— كۆزدىن دەرھال يوقىتىش كېرەك ئۇل مۇرتەتنى!

ھىدايىتۇللا ئىشان كۆڭلىگە پۈككەن بۇ مەقسىتىنى قانداقسىگە ئۇنلۇك دەپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ۋەھىمە ئىلكىدە ئۇنلۇكرەك تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ئولتۇرغان ئوردا ئەركانلىرى دىڭگىدە چۆچۈشتى - دە، تەختتە گۈلىيىپ ئولتۇرغان خان ئىشانغا قورقۇمسىراپ قاراشتى.

7

ھەرەم.

«پەرىشتە قەسرى» دەپ ئاتىلىدىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ قەسرى ئاپاق خوجا ئىشان خانلىق تەختتە قايتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەخسۇس مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئاتاپ سالدۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن يېڭىلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ كاتتىلىقى، تام - تورۇس، دېرىزە - پەنجىرىلىرىنىڭ بېزىلىشىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى بىلەن باشقا خانىش - شاھبانۇلارنىڭ قەسرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. قەسرنىڭ تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى ھويلىلىرى پېشايۋانلىق بولۇپ، ئوتتۇرىدا چىرايلىق گۈللۈك، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك سۇ تولدۇرۇلغان، تېگىدىكى ۋە چۆرىسىدىكى رەڭدار مەرمەر تاشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆل، كۆلدە ئېتىلىپ سۇ چاچرىتىپ تۇرىدىغان فونتانلار

بار ئىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قەسرىنىڭ خىزمەتكار ـ
كېنىزەكلىرى، باشقا ئاغىچا خېنىم ـ شاھبانۇلار قەسرىنىڭ
خىزمەتكار ـ كېنىزەكلىرىدىن بىر ھەسسە كۆپ ئىدى.

ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فونتاننىڭ تۇۋىگە
جايلاشتۇرۇلغان، ئىككى ئادەم بەھۇزۇر ياتقىلى بولغۇدەك سە-
گۈنچەكتە پەي ياستۇققا يۆلەنگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قول-
دىكى بىر پارچە خەتكە قادالغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى. ئىككى
نەپەر كېنىزەك قىز سەگۈنچەكنىڭ گۈلدار شادىلىق توسۇقىدىن
تۇتۇپ يەڭگىل تەۋرىتەتتى.

«…ئاۋامنىڭ ئاھۇ زارى پەلەككە يەتتى. ئاپاق خوجا
خان ئىشاننىڭ زۇلۇم خەنجىرى سۆڭەككە پاتتى. ئى شانۇ
شەۋكەتلىك مەلىكە ئالىيلىرى زىنھار غاپىل بولمىسۇنلار-
كى، بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇ-
چۇن قىساس، ئادالەت شەمشىرىنى قولغا ئالىدىغان پەيت
كەلدى. بىزلەركىم سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكى پېشۋا-
سى بولمىش بالاگەردان پىر بۇزرۇكلىرى دانىيال خوجا،
مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا قاراشلىق قالدۇق. مۇرىتىل
ئىسھاقىيەچى غازىلار بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قايتىدىن
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادالەت زۇلپىقارىنى بىلەپ تەق
بولۇپ تۇرۇشماقتا…»

شۇ تاپتا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كاللىسىدا توختاۋسىز
جاراڭلاپ تۇرغان بۇ سادالار، بايام مەسۇم خەلىپىنىڭ ئايالى
ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان دانىيال خوجىنىڭ مەخپىي مەكتۇپىغا
يېزىلغان سۆزلەر ئىدى.

بۇ يىل ئون ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلى ھەسەن خوجى-
نى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئوغلى-



نى خان قىلىپ تىكلەپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە
كەلتۈرۈش ئارزۇسى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا
كىرگىنىگە قارىماي بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا باشلىغان ھەسەن
خوجا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۆزىگە بالاغەتكە يەتكەن ئون
ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلىق يىگىتلەردەك كۆرۈنەتتى. ئانىسىنىڭ
قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن جەڭبازلىق ماھارىتىنى كۆڭۈل قو-
يۇپ ئۆگىنىۋاتقان بۇ خوجىزادە سۇلۇك تەلىماتلىرىدىن كۆرە،
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ — ئانا تەرەپ جەمەتىنىڭ پېشۋالىرىدىن
سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سۇلتان ئابدۇللا-
خان قاتارلىق مەشھۇر ئىستېلاچى، ھۆكۈمدارلارنىڭ سەلتەنەتلىك
ھاياتىغا بەكرەك قىزىقاتتى. كەلگۈسىدە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇ-
رۇپ خان ـ سۇلتان بولۇش ئارزۇسىنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ
ئوردىدا پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان ۋەلىئەھدى ھەققىدىكى
تالاش ـ تارتىشلارنى ئاڭلاپ قالسا تۇرلۇك خىياللارغا غەرق
بولاتتى. ئۇدۇل ھەرەمگە كىرىپ ئانىسى مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىمغا دادخورلۇق قىلاتتى.

— ئاكام يەھياھ خوجىنى ۋەلىئەھدى بولغۇدەك، ئىشان
خان ئاتامنىڭ ئورنىغا ئىشان خان بولغۇدەك دېيىشىۋاتىدۇ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ناھايىتىمۇ ئامراق بىر نەرسىنى
بىراۋ تارتىۋېلىۋاتقاندەك غەزەپلىنەتتى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئوردىدىكى ئەمىرلەر.

— ئۇلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا قۇلاق سالمىسىلا، خوجى-
زادەم. مەنلا ھايات بولىدىكەنمەن، سەلتەنەتكە سىلى خان
بولىدىلا.

— ئىشان خان ئاتام ئاكامنى ۋەلىئەھدى قىلىپ بېكىتىپ
قالسىچۇ؟

— بۇ زىنھار مۇمكىن ئەمەس، قولۇمدا خان ئاتىلىرىنىڭ ماڭا بەرگەن تىلخېتى بار.

مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم تويدىن ئاۋۋالقى ئاشۇ تىلخەتنى پەش قىلىپ ئاپاق خوجىغا ئوغلى ھەسەن خوجىنى ۋەلىئەھدى قىلىپ ئېلان قىلىشنى بىرقانچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھىدايىتۇللا ئىشان ماقۇل دەپ قويۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر تېخىچىلا يارلىق چۈشۈرمەيۋاتاتتى.

شۇ تاپتا دانىيال خوجىنىڭ مەخپىي مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئولتۇرغان مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم يۇقىرىقى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ بىرئاز ئالدىراپ قېلىۋاتاتتى.

«توغرا، بۇ ئىشلارنى ئەمدى كەينىگە سۈرگىلى بولماس، ئاڭلىسام چوڭ ئاغىچىمۇ ئوغلى يەھياھ خوجىنى ۋەلىئەھدى قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم ئەمىرلەرنى ئارىغا سېلىپ ئىش تەۋرىتىپتۇدەك. ئىشاننىڭ مۇددىئاسىنى بىلمەك تولىمۇ تەس. دەرھال خوجىزادەمنىڭ ۋەلىئەھدىلىك يارلىقىنى يازدۇرۇۋالاي…»

مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمنىڭ خىيالىنى ئالدىراش كىرىپ كەلگەن ھەرەم غوجىدارى ئۈزۈپ قويدى.

— مۇھتەرەم خان ئاغىچا ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي.

مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم، تاغىسى سۇلتان ئىسمائىلخان دەۋرىدىلا ئاختا قىلىنىپ ھەرەمنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇلغان، ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ ئادەمگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.

— خوش، نېمە گەپ؟

— چوڭ ئاغىچا قەسرىنىڭ بىكاۋۇلى خىراجەت سوراپ كەپتۇ.

— دەپتەرگە پۈتۈپ قويۇپ بەلگىلىمە بويىچە بەرسۇنلار.

— بەلگىلىمە بويىچە ئېلىشقا ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىم سۇرمە سۈرۈلگەن قاپىقىنى سۈزۈپ.



— چوڭ ئاغىچا خېنىم ئۆزىگە، كېنىزەك ـ خىزمەتكارلىرىغا كىيىم تىككۈزىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يۇرتى شېھىتدۇڭدىكى دادىسى ئوبۇلھادىبەگنىڭ مازار ـ مەقبەرىسىنى قايتىدىن ياساتماقچىكەن.

— مازار ـ مەقبەرىسىنى قايتىدىن ياساتقۇزغۇدەك ئول سەھرالىق ئاغىچىنىڭ دادىسى قانچىلىك ئادەم ئىكەن شۇنچە، سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىپتىكەن. بەلگىلىمىدىن ئارتۇق بىر تەڭگە ئاقچا بېرىشكە زىنھار بولمايدۇ. شۇل تاپتا جۇڭغار خان خوجامغا ئولپان ئەۋەتىمىز دەپ، خەزىنە خېلىلا قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سالسۇنلار.

— چۈشەندۈردۇق، — دېدى ھەرەم خوجىدارى تەڭقىسلىقتا قالغان ھالدا، — ئەمما ئول بىكاۋۇل خوجام گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس.

— ئۇنداقتا قېشىمغا باشلاپ كەلسۇنلار.

ھەرەم خوجىدارى چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ ئاغىچا قەسرىنىڭ بىكاۋۇلىنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىچىك ئاغىچا خېنىم، ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟ — دېدى بىكاۋۇل مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمغا بىر ئېگىلىپ سالام بېرىپ.

«كىچىك ئاغىچا خېنىم» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسىلا جۇدۇنى تۇتۇپ قالىدىغان مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى.

— ئاغىچا خېنىمغا ئېيت، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ھازىر خەزىنىدە تۈزۈك ئاقچا قالمىدى. بەلگىلىمىدىن ئارتۇق خىراجەت بېرىلمەيدۇ. ئورۇنسىز تەلەپ قويۇپ تولا غەلۋە قىلمىسۇنلار.

— ھەرەمدە چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ پەرمانى دەخلىسىزدۇر، — دېدى بىكاۋۇل چوڭچىلىق بىلەن، — پەرمانبەردار

بولۇش بارلىق ھەرەم ئەھلىنىڭ بۇرچىدۇر. سەركەشلىك قىلىشقا زىنھار بولماس.

— ئېغىز غېرىچلىما، ئى ئىت بەچچە، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىردىنلا غەزەپلىنىپ، — كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىڭنى بايقاپ سۆزلە.

— بايقاۋاتىمەن، — دېدى ھاقارەتلەنگەن بىكاۋۇل چوڭ ئاغىچا خېنىمنى ھىمات قىلىپ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ئانچە كۆزگە ئىلماي، — شۇل تاپتا كىچىك ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن.

— كېلىڭلار، بۇ ئەدەپسىز مۇرتەتنى دۇمبالاڭلار، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپ.

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، ئاغىچا خېنىم، — دېدى بىكاۋۇل چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماستىن، — بىلىپ قويسىلا، مەن دېگەن چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ خاس مەھرىمى. سىلىنىڭ زۇلۇم قىلىش ھەققىلىرى يوق. سىلى ھەرقانچە پادىشاھ - خان جەمەتىدىن بولسىلىمۇ، يەنىلا كىچىك ئاغىچا، مەرتىۋىلىرى چوڭ ئاغىچا خېنىمدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

قەھرى - غەزەپكە كەلگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.

— كېلىڭلار، بۇ گەدەنكەش ئىتنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جەستىنى ھەرەمئاغىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!

ھەرەمنىڭ ئاختا قىلىۋېتىلگەن ياساۋۇللىرى شور پېشانە بىكاۋۇلنىڭ ئاللا - تۇۋىسىغا پەرۋامۇ قىلماستىن دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە قەسىرنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ كاللىسىنى ئالدى.

بۇ ئىش ھەرەمدە چوڭ بىر غوۋغا پەيدا قىلدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى سەۋەبلىك قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلارنىڭ ھاقارەتلىنىشگە ئۇچرىغانلىقىنى باھانە قىلىپ پۈتكۈل ئوردىنى بېشىغا كىيدى ۋە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تويدىن ئاۋۋال يېزىپ



بەرگەن تىلخېتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئوغلى ھەسەن خوجىنى ۋەلىئەھدە قىلىپ جاكارلاشنى تەلەپ قىلدى. ئامالسىز قالغان ھىدايىتۇللا ئىشان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ يارلىق جاكارلىدى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان چوڭ ئاغىچا خېنىم چوڭ ئوغلى — قەشقەر ئەمىرى يەھياھ خوجىنىڭ قېشىغا يامانلاپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئوردا بىلەن ھەرەمدە مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئىمتىيازى يەنە بىر قېتىم مۇستەھكەملەندى. ئىلگىرى ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرى كەلگۈسىدىكى خاننىڭ ۋالىدەسى بولمىش مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تەرەپكە ئېغىشقا باشلىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## قىساسكار خانىم

### 1

مىلادىيە 1694 ـ يىل، باھار.

ئاپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇپ بېزەلگەن شاھنىشىنىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىكى ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىرى، ئويۇق، تەكچىلىرى، تۈۋرۈكلىرى قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ كۆزنى چاقاتتى. خەلققە قاتمۇ قات زۇلۇم سېلىپ جۇغلىغان خەزىنىنىڭ ھەر يىلى موڭغۇل خانى غالدانغا ئولپان ئەۋەتىپ ئېشىپ قالغان قىسمىنى ھەشەمەتلىك ئوردا قۇرۇلۇشىغا، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا ئىشلەتكەنىدى. بىكار يەپ ۋۇجۇدىدىكى ھارام كۈچلىرىنى سىڭدۈرەلمىگەن سوپى ـ دەرۋىشلەر توختىماي جەررە ـ ساما سېلىشىپ سەكرىشەتتى، توۋلىشاتتى. ئاچارچىلىق، نامراتچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان خەلق ئاجىز ئىڭرايتتى، زارلايتتى.

پۈتكۈل سەئىدىيە ئىلكىدە ئىشان خانلىق سەلتەنىتى ھۆكۈم سۈرگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپاق خوجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەنئەنىۋى بايرام ـ مۇراسىملار — نورۇز، قارلىق تاشلاش، مايسا بايرىمى، ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى، ئورۇق سېلىش مۇراسىمى، بەزمە ـ مەشرەپ، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، دارۋازالىق، سارغايدى، چېلىشىش، چەۋگان، جەڭبازلىق ماھارىتى، مۇشائىرە كېچىلىكى··· قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي چەكلەنگەنىدى. توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، مېھماندارچىلىقلاردا ھەلقە ـ سۆھبەت، جەررە ـ سامالار قاينايتتى. ئاپاق خوجا خەلقنى بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن قول ئۈزۈپ تەركىدۇنياچىلىقتا ياشاشقا، بايلىق، گۈزەللىك، مەئىشەت، ئويۇن ـ تاماشا، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ تۇرالغۇ قوغلاشماسلىققا ئۈندىگىنى بىلەن، خەلققە قات ـ قات زۇلۇم سېلىپ، ئوردىنى بىر قېتىم ياساپ، رېمونت قىلىپ بېزەپ چىققانىدى. كۈندە دېگۈدەك ئېلىپ بېرىلىدىغان مول ئوردا زىياپىتى تام ـ تورۇسلىرىغىچە ئالتۇندىن ياسالغاندەك كۆرۈنىدىغان ھەشەمەتلىك شاھنىشىندا ياكى ئوردا بېغىدىكى قەسىر ـ سارايلاردا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. نەغمە ـ ناۋا، مەشرەپ ـ ئۇسسۇل، مۇشائىرە ـ ئىلمىي مۇنازىرىلەردىن مۇستەسنا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ زىياپەتتە، يېمەك ـ ئىچمەك تولىمۇ مول بولاتتى. ئوردا ئەركانلىرى تۈرلۈك تائاملارنى ئالدىدىن ئاشقۇچە يەيتتى، ئاپقۇرلاپ شارابلارنى ئىچەتتى. نەشە ـ بەڭلەرنى خۇماردىن چىققۇچە چېكەتتى ـ دە، ئاخىرىدا ساپايىلىرىنى جالداقشىتىپ چالغىنىچە ھۆكمەت ئوقۇپ، ساما سېلىپ، جەررە تارتىشاتتى. سەلتەنەتلىك شاھنىشىنىنىڭ خانىقاغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. خەلق ئاچ ـ زارلىقتا ئىڭرايتتى. ئوردا ئەركانلىرى خۇددى گېلىغا ھارام تۇرۇپ قالغاندەك جەررە تارتىشاتتى.

بۈگۈن ئوردا زىياپىتى ئەمدىلا باشلىنىپ تۇرۇشىغا، شاھنىشىنغا پالاقلاپ كىرگەن ھۆدەيچى ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قول باغلىدى.

— قۇتبىل ئەقتاب ئىشان خان خوجامغا مەلۇم بولغاي.

— خوش، — دېدى ئىشان ھۆدەيچىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ.

— قەشقەردىكى خوجىزادەم دەرگاھىدىن جىددىي مەلۇمات كەلدى.

— قېنى، خوش.

— خوجىزادەم يوللىغان مەلۇماتتا شۇنداق دېيىلىپتۇلەركى، ياغدۇدىكى جانابىي مازار پادىشاھى بۈزرۈك مەقبەرىسىنىڭ گۈمبىزى يەنە گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئەللىكتىن ئارتۇق ئۇستىكار - ئىشلەمچى قازاغا ئۇچراپتۇ.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى. دادىسى خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئىشاننىڭ مازار - مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلىغان بىر يىلدىن بېرى گۈمبەز قۇرۇلۇشى پەقەتلا ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتاتتى. بۇ قېتىمقىسى مەقبەرە گۈمبىزىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشى ئىدى. گۈمبەز ھەر قېتىم ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ئەل ئىچىدە تۈرلۈك پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ، ئاۋامنى خان ئىشان سەلتەنىتىگە قارشى چىقىشقا قۇترىتاتتى. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئاپاق خوجىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمۇ خېلىلا تۆكۈلگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ جاي - جايلاردا كۆپلەپ سېلىنىۋاتقان مازار، خانىقا ھاشىرىدىن جاق تويغان خەلق قاچقۇدەك جاي تاپالماي ئامالسىز لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

«بۇ زادى قانداق ئىشتۇر، ياراتقان ئىگەم بۇ مۇبارەك ئىشنى مەقبۇل كۆرمەيۋاتامدۇ - يا؟ جەننەتماكان مازار پادىشاھى پەدەر بۈزرۈكۈم چۈشۈمدە بېشارەت بەرگەن بۇ كاتتا ئىشنى ئاللاتائالا ئىگەمنىڭ مەقبۇل كۆرمەسلىكى زىنھار مۇمكىن ئەمەس. ھەق راست، ئۇزا كۈنى چۈشۈمدە جانابىي پەدەرى بۈزرۈكۈم تولىمۇ خاپا كۆرۈنگەندەك قىلىۋىدى، ئەسلىدە مۇشۇ كېلىشمەسلىكنىڭ بېشارىتى ئىكەن - دە. ئول مۇبارەك مەقبەرە گۈمبىزىنىڭ تۆتىنچى مەرتىۋە گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بەلكىم سەلتەنەت ئىشلىرىغا زىيادە مۇئەككەل بولۇپ مازار پادىشاھىمنىڭ ياتقان مۇقەددەس قەدەم جايىنى پات - پات تاۋاپ قىلىپ تۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلۇغلار بۇ كېلىشمەسلىكنى راۋا كۆرۈپ بېشارەت بەرگەندۇر. بارايى، قەدەم جاي، مۇقەددەس مازارنى تاۋاپ قىلاي، ئۇلۇغلاردىن مەدەت تىلەي. ئەمما... ئەمما... ھەزرەت مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى قەشقەرگە بارسام، بۇل سەلتەنەتكە كىمنى مۇئەككەل قىلسام بولۇر؟ ۋەلىئەھدى سەلتەنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟...»



ئاپاق خوجا چىگىش خىياللار ئىلكىدە دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان ئوردا ئەركانلىرىغا قاراپمۇ قويماستىن شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

— مازار پادىشاھى پىرى بۈزرۈكىمىزنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكلىرى خويمۇ بەلەن ئىش بولۇپتۇ، ئالىيلىرى، — دېدى ئاپاق خوجىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، — ئول مۇبارەك تاۋاپگاھنىڭ گۈمبىزىنىڭ ئۈدا ئۈچ مەرتەم توختىماسلىقى بىر كېلىشمەسلىكتىن بېشارەتتۇر. جانابلىرى پۈتكۈل ئەھلى سۇلۇك ئۇممەتلىرىنىڭ قۇتبىل ئەقتابىدۇر. ناۋادا بىرلا كەشپىيۇ كارامەت بىلەن ئول گۈمبەزنى مۇستەھكەم قىلسىلا ئەل - يۇرت ئارىسىدىكى پىتنە - پاساتلار بېسىقىپ، تەسەررۇپىمىز ئىچىدە ئىناۋەت - ئابرۇيلىرى ھەسسىلەپ ئاشقۇسىدۇر. ئۇنىڭسىزمۇ ئول مۇبارەك قەدەم جايىنى تاۋاپ قىلىش يوللىرى بار ئىدى. ئۇلۇغلاردىن، مازار - ماشايىخلاردىن مەدەت تىلىمەكلىكلىرى جايىزدۇر.

ئاپاق خوجىنىڭ ئاستانىنى، سەلتەنەتنى، تەختنى ۋاقىتلىق تەرك ئېتىپ قەشقەرگە بېرىشى، ئۆزۈندىن بېرى مۇۋاپىق پەيت

كۇتۇپ تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن
مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەم تېپىلىدى-
غان پايدىلىق پۇرسەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھىدايىتۇللا ئىشاننى
قەشقەرگە بېرىشقا ئۈندەپ ھەدەپ ماختاپ ئۈچۈرماقتا ئىدى.
— ئەمماكى، — دېدى ئىشان كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى
يوشۇرمايلا، — سەلتەنەت پاسىبانسىز قېلىپ، بىرەر كېلىشمەس-
لىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆڭلۈم بىقارارلىدۇر.
— زىنھار بىقارار بولمىغايلا، خان خوجام، ۋەلىئەھدىلىرى
بار ئەمەسمۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما ۋەلىئەھدى تېخى كىچىكتۇر. سەل-
تەنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇچىلىكى يوقتۇر.
— ۋەلىئەھدى جانابلىرى خان خوجامنىڭ پۇشتىپاناھىدۇر.
ھەزرىتىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارچە ئۇلۇغلۇق، ئەقىل ـ پاراسەت،
ئىلىم ـ ئىستىبدات، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئادالەت ۋە شاپائەت ئول
ۋەلىئەھدىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا تامامىي مۇجەسسەملەنگەندۇر، —
دېدى مەلىكە سۆزلەپ، — بۇ يىل ۋەلىئەھدىمىز ئون تۆت ياشقا
كىرىپ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى. خان خوجامنىڭ يولۋاس-
تەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، شىردەك سەلتەنەت سۇرۇۋاتقان
مۇشۇنداق ئاسايىشلىق زامانىسىدا ۋەلىئەھدىگە سەلتەنەت ئىشلى-
رىغا مۇئەككەل بولۇشنى ئۆگەتكەچ تۇرغىنىنىڭ، سەلتەنەت يو-
سۇنلىرىدىن خەۋەردار بولغاچ تۇرغىنىنىڭ پايدىسى باركى زىنھار
زىيىنى يوقتۇر. ئالىيلىرى خوجىزادىمىزنى ۋەلىئەھدە قىلىپ
يارلىق چۈشۈرگەندىكىن قىلچىلىك بىقارار بولماي، ئول سەلتە-
نەتكە پاسىبان قىلىپ، جانابىي مازار پادىشاھى پەدەرى بۇزرۇكى-
مىزنىڭ مەقبەرىسىنى خاتىرجەم تاۋاپ قىلغاي. ناۋادا خان خوجام
يەنىلا خاتىرجەم بولالمىسا، شۇنىمۇ سەمىگە سېلىپ قويماقچىمەن-
كى، ۋەلىئەھدىنىڭ بىزلەركىم خان ـ سۇلتانلار پۇشتىدىن بول-
غان، سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق يوسۇنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار



ۋالىدەسى باردۇر. گەرچە بىز بىر ئاجىزە بولساقمۇ ئۆز ۋاقتىدا
تۇمەنلىگەن لەشكەرلەرگە سەركەردە بولۇپ، جەڭگاھلاردا باھادىر-
لىق كۆرسەتكەنمىز. مەنمەن دېگەن باھادىرلار بىلەن يەكمۇ يەك
ئېلىشقانمىز. پۈتكۈل ئوردا ياساۋۇللىرىغا ئەمىر بولۇپ سىپاھ-
بەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغانمىز. بۇ ئىشلارنى خان خوجام تې-
خىچە ئۇنتۇپ قالمىغاندۇر دەپ ئويلايمەن.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھىدايى-
تۇللا ئىشان مىيىقىدا كۈلدى.
— مۆھتەرەم ئاغىچا خېنىمنىڭ ئول زاماندىكى باھادىرلىقى-
نى قانداقمۇ ئېسىمىزدىن چىقارغايمىز. ئول باھادىرلىقلىرىغا
قايىل بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئىشقى ـ پىراقلىرىدا كۆيگەنمىز،
جېنىم ئاغىچا.
ھىدايىتۇللا ئىشان شۇنداق دېدى ـ دە، ھاياجان بىلەن
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى باغرىغا باستى.
— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، خان خوجام، — دېدى مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىم ئىشاننىڭ مەيدىسىنى نازلىق بىلەن ئىتتىرى-
رىپ، — شۇ تاپتا ھەزرىتىمنى قەشقەردىكى چوڭ ئاغىچىلىرى
تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆزلىرىنى چارچىتىۋالمى-
غانلىرى ئەۋزەل.
— مەلىكەمنىڭ ئىشقى ـ پىراقى كاۋاپ قىلغان بۇل يۈرەك-
نى ئول ئاغىچا زىنھار سەگىتەلمەس. ۋىسال شارابلىرى بىلەن
قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويسىلا، مەلىكەم.
ھىدايىتۇللا ئىشان شۇنداق دېدى ـ دە، مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمغا تېخىمۇ بەك چاپلاشتى.
ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قەشقەرگە بېرىش قارارىغا كەلگەنلى-
كىدىن خاتىرجەم بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۆزىنى ئىشان-
نىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.
ئاپاق خوجا ئەتىسى ئەتىگەندە بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنى

شاھنىشىنىغا يىغىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرگە مازار پادىشاھى بۇزرۇك مەقبەرىسىنىڭ گۈمبىزىنى توختىتىش ئۇچۇن تاۋاپقا بارىدىغانلىقىنى، ۋەلىئەھدى ھەسەن خوجا نائىب خان بولۇپ، ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئۇنىڭ پەرمانىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى - دە، بىر قىسىم ئەمىر، سوپى - دەرۋىشلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 2

ھىدايىتۇللا ئىشانىنى قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خوشلىشىشقا چىققان ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئوغلى نائىب خان ھەسەن خوجىنى ئوردىغا قايتۇرۇۋېتىپ، خاس كېنىزەك - مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئالتۇنلۇق مازىرىغا كەلدى - دە، مەرھۇم ئۇلۇغ خاقان سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسىدىن باشلاپ ھەرقايسى خان - سۇلتانلارنىڭ قەبرىسىنى بىرمۇ بىر تاۋاپ قىلدى. ئاكىسى سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ قەبرىسى بېشىغا كەلگەندە ئۇزاققىچە سۇكۇتتە تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مەرھۇم ئاكىسىنىڭ جەسۇر، ئەمما ساددا تۇرقى، قامەتلىك گەۋدىسى، مۇزداۋان ئېتىكىدىكى جىلغىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى قاپسىۋېلىپ ئېلىپ بارغان ھەيۋەتلىك جەڭ، ئاستانىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش جەريانىدا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭلەر، سەئىدىيە خانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن تۈزگەن سۈلھى، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا ياتلىق بولۇشقا قىلغان نەسىھەتلىرى بىرمۇ بىر ئۆتتى. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مەلىكە مۆھتەرەم



خېنىمغا يالغۇز ئاكا بولۇپلا قالماستىن ھەم ئاتا، ھەم مەسلەكداش، ھەم سەپداش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىدە كۆز ياشلىرى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈشكە باشلايتتى، ھەر ئۆپكىدىگەندە تولغان قامىتى يەڭگىل ىسلكىنەتتى.

«ئى ئاكا، بۈيۈك سەلتەنەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىڭىزمۇ، ئاخىرى نامەردلەرچە قىلىنغان سۇيىقەستنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتىڭىز. شۇنچە يىللاردىن بېرى خۇن قىساسىڭىزنى ئېلىش، خاراب بولغان سەئىدىيە سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيت كۈتتۇم، ئاللاتائالادىن مەدەت تىلىدىم. ياراتقان ئىگەمگە نالە - زارىم يېتىپ تىلىكىم ئىجابەت بولغان ئوخشايدۇ. پات پۇرسەتتە جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكىمىز سۇلتان سەئىدخان ئائىلىسىدىن مىراس قالغان ئالتۇن تەخت سەئىدىيە جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. گەرچە مەن بىر مەزلۇم كىشى بولساممۇ بۇ ئۇلۇغ ئىشقا بەل باغلىدىم. ئاۋۋال ياراتقان ئاللا ئىگەمدىن، ئاندىن قالسا سىلەر — ئەجدادلارنىڭ روھىناتىدىن مەدەت تىلەيمەن...»

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ھەرەمگە قايتىپ كەلدى - دە، ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى، ھەرەمدىكى كېنىزەكلەرنىڭ باشلىقى زىبابۇۋىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

— ئاغىچىسى كېلەمدۇ ياكى ئۆزىمۇ؟ — سورىدى زىبابۇۋى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ئىمكان بار ئۆزى كەلگەي. ھەرەمنىڭ قاراۋۇللىرى زىنھار تۇيۇپ قالمىغاي. قاتتىق ئېھتىيات قىلسۇنلار.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، بىر چۇمبەردىلىك «بۇۋى»نى ئەگەشتۈرۈپ ھەرەمگە كىرگەن زىبابۇۋى ئۇدۇل

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى.

— ھۇجراڭلارغا چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، قىزلار، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم كېنىزەكلىرىگە قاراپ.

كېنىزەكلەر مەلىكىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلار چىقىپ كېتىشى ھامان بۇۋى سىياقىدا ياسىنىۋالغان مەسۇم خەلىپە چۈمبىلىنى ئېلىۋەتتى - دە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قايتىدىن سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاغىچا خېنىم، ئالتۇن بويلىرى سالامەت تۇردىمىكىن؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى مەلىكە سالامنى ئىلىك ئېلىپ، — قېنى ئولتۇرسىلا.

مەسۇم خەلىپە پەگاھدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدىن قايتا تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى - دە، مەلىكىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— خوش، دانىيال خوجامدىن خەت - خەۋەر بارمۇ؟ —سورىدى مەلىكە مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتماي.

— بالاگەردان پىر بۇزرۇكىمىز شۇ كۈنلەردە دەھبىتتە تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى مەسۇم خەلىپە، — خان ئاغىچا خېنىمنىڭ قانداق پەرمانى بارئىكىن؟

— كۈتكەن مۇراد - مەقسەتلىرىمىزگە پۇرسەت كەلگەندە ئول زاتى مۇبارەكنىڭ تولىمۇ يىراق يۇرتقا كېتىۋالغىنى ئوبدان بولماپتۇ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەپسۇسلانغان ھالدا.

— قانداق دەيلا، خان ئاغىچا خېنىم، — دېدى مەسۇم خەلىپە بىرئاز سەگەكلىشىپ.

— ئىشان خان خوجام ۋەلىئەھدىنى نائىب خان قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قەشقەرگە پەدەر بۇزرۇكىنىڭ



مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغاچ زىيارەتكە كەتتى. خەلىپەمگە مەلۇملۇق، خان خوجامنىڭ ئاستانىدىن ئايرىلمىقى ئاسان ئەمەس.

— بۇ راستتىنلا تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىكەن، — دېدى مەسۇم خەلىپە بىردىنلا روھلىنىپ، — بالاگەردان ئىشان پىرىمىز سانجۇدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا مۆھتەرەم ئاغىچا خېنىمنىڭ ھەرقانداق پەرمانىنى بەجانىدىل ئورۇندىشىمىزنى قايتا - قايتا جېكىلىگەن. گەرچە بالاگەردان پىرىمىز بولمىسىمۇ، بىزلەركىم مۇرىتىل ئىسهاقىيەچى غازىلار ھەم باردۇر. مەلىكە ئالىيلىرى خاتىرجەم بولغايكى، ھەرقانداق پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندىغايمىز.

— خان خوجامنىڭ ئەس - يادى مازار پادىشاھ بۇزرۇك مەقبەرىسىنى تېزرەك پۈتكۈزۈشتە، ئەمما جۇڭغار خان دەرگاھىغا ئەۋەتىدىغان ئولپان - سېلىق تولۇق غەملىنىپ بولۇنمىغانلىقى ئۈچۈن خەج - خىراجەتتىن قىسىلىپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ئىككى تۈمەن سەر سەئىدىيە كۈمۈش تەڭگىسى ۋە بەش مىڭ سەر ئالتۇن تەييارلاپ قويغانىدىم، جانابىي خەلىپەم ئول ئاقچىلارنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ خان خوجامغا ھەدىيە قىلغاي، — مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم گېپىنى توختىۋېلىپ مەسۇم خەلىپىدىن سورىدى، — مۇددىئايىمنى چۈشەندىڭمۇ، خەلىپەم؟

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسى چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى مەسۇم خەلىپە، — ئول ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن خان خوجامنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش تامامەن مۇمكىندۇر.

— خان خوجام توشقاندەك سەزگۈر، تۈلكىدەك قۇۋ، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قاتتىق ئېھتىيات قىلماقلىرى زۆرۈر. سەل - پەللا چاندۇرۇپ قويسىلا، ھەممە تىرىشچانلىقلىرىمىز بىكارغا كەتكەننىڭ ئۈستىگە پۇرسەت - نۆۋەتمۇ قولدىن كېتۇر.

— ئەلۋەتتە ئېھتىياتچان بولغايمىز، — دېدى مەسۇم خەلپە.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تولىمۇ نەپىس ياسالغان ساندۇقتىن شايى رومالغا ئورالغان ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تۈگۈچنى مەسۇم خەلپىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ ھىندىستانلىق سودىگەرلەردىن ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ئەكەلدۈرگەن ئۆتكۈر زوقۇم. ئاش - تائامغا، شاراب - شەربەتكە سېلىنسا ھېچقانداق غەيرىي پۇراق ۋە تەم پەيدا قىلمايدۇ، ئىمكان بار تېز ئىشلىتىشتىن ساقلانسۇنلار.

— خوش، — دېدى مەسۇم خەلپە تېخىمۇ بەك ئېگىلىپ.

— يەنە سورايدىغانلىرى بارمۇ، خەلپەم؟

— مەلىكە ئالىيلىرى تائامنى تەييارلاپ، ئاياقتا ئۇسۇپ ئالدىمىزغا ئەكېلىپ قويدى. ئول تائامنى پاك - پاكىز يەۋېتىشكە رىغبىتىمىز باردۇر، — دېدى مەسۇم خەلپە مەغرۇرلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھېلىقى تەييارلاپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بىرنەچچە بوغچا كىيىم - كېچەكلىرىگە قوشۇپ بىر ھارۋا سەدىقە - زاكات مال تەييارلىدى - دە، ئۇنى ھارۋىغا بېسىپ زىبابۇۋى ئارقىلىق ھەرەمدىن چىقىرىۋەتتى. ھارۋىدا خان ئاغىچا دەرگاھىغا زىيارەتكە كەلگەن «بۇۋى» چۈمبىلىنى چوڭقۇر سالغىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئوغلى نائىب خان ھەسەن خوجا نامىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ ئوردىدىكى ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ئەڭ ساداقەتمەن، يۇقىرى دەرىجىلىك قەلەمدار ۋە ئەلەمدار ئەمىر بەگلىرىدىن ئون نەچچىسىنى ئادالەت سارىيىغا كېڭەشكە چاقىردى.

— جانابىي ئەمىرلەر، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۆزلىرىنىڭ قانداق مۇھىم كېڭەشكە چاقىرىلغانلىقىنى بىلەلمەي



بەخىرامان تۇرغان ئوردا ئەركانلىرىغا قاراپ، — خان خوجام قەشقەردىن جىددىي يارلىق ئەۋەتىپتۇ. بۇ سەلتەنەتىمىزنىڭ لەشكىرىي ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىر - سىپاھلارغا خەۋەر قىلمىدۇق. نائىب خان شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن چاقىرىپ كېلىشكە چاپارمەن ماڭدۇردۇم. يارلىقتىن نائىب خان ئالىيلىرى كەلگەندىن كېيىن بىرلىكتە ۋاقىپلانغايمىز. ئۇنىڭغىچە بىرەر پىيالىدىن شەربەت ئىچكەچ ئولتۇرۇشقايلا.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان، خىزمەتكارلار ئالتۇن جاملارغا بېلىق كۆزى قىلىپ شەربەت قۇيدى - دە، ئەمىرلەرگە كۈمۈش پەتنۇستا ھۆرمەت بىلەن تۇتتى. ئۇلار بىرەر - ئىككى جامدىن شەربەت ئىچكەندىن كېيىن بەدەنلىرى بوشىغاندەك بولۇپ ئەسنەشكە باشلىدى. يەنە بىرەر جامدىن شەربەت ئىچكەندىن كېيىن تۇرغان جايىدىلا يىقىلىشتى. شەربەتكە سېلىنغان ئۆتكۈر زەھەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئەنە ئاشۇنداق تۇيدۇرمايلا ئالغانىدى.

جەسەتلەر ئالدىنئالا كۆرۈلگەن تەييارلىق بويىچە ئىنس - جىنغا تۇيدۇرماي يىغىشتۇرۇلدى. چوڭ ئىشقا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرىگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بۇ سۇيىقەستلىك پىلاننى ئوغلى نائىبخان ھەسەن خوجىدىنمۇ سىر تۇتقانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئوردىنىڭ لەشكىرىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقى بىر كۈندىلا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## 3

قەشقەر، ھەزرەت مازىرى.

كۈن تىكلەشكەن بولۇپ، تومۇز ئايلىرى باشلانماي تۇرۇپلا

هاۋا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ھەرقايسى يۇرتلاردىن ھەيدەپ كېلىن-
گەن مىڭلىغان ھاشارچىلار خۇددى چۇمۇلىلەردەك تىنىمسىز
ئىشلەيتتى. كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن، بەللىرى يادەك
ئېگىلگەن، ئورۇقلاپ قاقشال بولۇپ قالغان بۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ
چىرايى سولغۇن، ۋۇجۇدى ماغدۇرسىز ئىدى. يوغان زەمبىللەر-
دە لاي كۆتۈرۈۋالغان، دۇمبىلىرىگە سەككىز - ئوندىن كېسەك
ئېلىۋالغان، يوغان ئۇچى ئادەم بېلىدەك، ئىنچىكە ئۇچى يوتىدەك
ياغاچلارنى دولىسىغا ئېلىپ مۇكچىيىپ كەتكەن يىگىتلەر ھەربىر
قەدىمىنى خۇددى يەلكىسىگە تاغ يۈكلىۋالغاندەك دەلدۈگۈنۈپ ئالا-
تتى. دىلكالار، خارەتلەر، نەققاشلار تەرلەپ، ئۇسساپ كەتكەنلى-
كىگە قارىماي بارلىق ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاجايىپ ئىنچى-
كە، نەپىس ھۇنەر - سەنئىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن
بېرى جەررە - ساما سېلىپ ھەرە تارتىشماق ئۇسسۇلى ئويناپ
ھېرىپ كەتكەن، ھۆكمەت ئوقۇپ گاللىرى ئاغرىپ كەتكەن بىر
توپ - دەرۋىشلەر شەربەت كۆلىنىڭ بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسى-
دە ئارۋاڭ - سارۋاڭ يېتىشقىنىچە پىت بېقىشىۋاتاتتى. بولدى
دېگۈچە چەككەن بەڭنىڭ تەسىرىدە «ئىشقى - ئىشقى، جانابىي
ئاللانىڭ ئىشقى! ئىشان خوجامنىڭ ئىشقى!» دەپ كاركىراپ
توۋلىشاتتى.

بىرنەچچە ۋائىز گۈپپاڭچى سوپىلار ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى
غېجەك تارتىپتۇ دېگەندەك ئېغىر ئەمگەك ئازابىدا ئۇھ دېگۈچىلى-
كى قالمىغان ھاشارچىلار ئارىسىدا ئاۋازىنى بولدى دېگۈچە قويۇپ
بېرىپ ۋائىزلىق قىلىۋاتاتتى.

— خۇدايىتائالا ئەيتىپتۇلەركى: پىر دېگەن پەيغەمبەرگە
ئوخشاش، مۇرىت - مۇخلىس پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخ-
شاش، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاللادىن قانداق
ۋەھيي كەلگەن بولسا، پىرىمىز ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتاب ئاپاق
خان خوجىمىزغىمۇ شۇنداق ۋەھيي كەلمىشتۇر. خان خوجام



دەرگاھىغا كېلىپ، قول بېرىپ مۇرىت - مۇخلىس بولغۇچىلار-
نىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، جانابىي ئاللا ئۇنىڭ
بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇسىدۇر. ئۇل مازار پادىشا-
ھى پىر بۇزرۇكۇمنىڭ سىر مازارىغا كېلىپ، خالىس ئەمگەك
قىلغۇچىلارنىڭ يەتتە ئەۋلادىنى ئاغرىق - سىلاقتىن ساقلاپ،
ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن خالاس قىلغۇسىدۇر. مەقبەرە، خانىقا،
تۇنەكخانا تېمىغا بىر چاڭگال لاي، بىر تال كېسەك ياكى بىر
تال ۋاسا چاغلىق نەرسە ھەدىيە قىلغۇچىلارغا بىر مەسچىت، بىر
خانىقا، بىر كۆۋرۈك ياسىغاندەك ياكى بىر نۆۋەت ھەج تاۋاپ
قىلغاندەك ساۋاب يېزىلغۇسىدۇر.

— ھەق، راست، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە سۆز ئالدى يەنە
بىر ۋائىز سوپى، — ھەزرىتى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ئاپاق
خوجام شۇنداق ئېيتىدۇلەركى، بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتى-
سى شۈكۈر - قانائەتتۇر. سۇلۇك ئەھلى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈك-
رى قىلىشى كېرەككى، ياخشى يېمەك، ئېسىل كىيىنمەك،
ياخشى ئۆيلەردە تۇرماق، خاتۇن - ئايال زاتى لەززىتىگە بېرىل-
مەكتىن ئۆزىنى تارتمىقى لازىمدۇر. قىلغان ئىبادىتىگە تەمەننا
قويۇپ، ھەق نېسىۋە تىلىمىكى ناشۈكۈرلۈكتۇر. ھەزرىتى قۇت-
بىل - ئەقتاب ئاپاق خان خوجام شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇرلەر-
كى، چۆل باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپىدە بىر بوۋاي بىلەن
موماي ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلى كېچەيۇ كۈندۈز ھەق جامالىغا سېغى-
نىپ ئىبادەتتە ياشايدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ كەپىسى-
گە بىر ئەۋلىيا ھەزرەت خۇدايى قوناق بولۇپ چۈشۈپتۇ. ئەتىسى
ماڭار ۋاقتىدا: «ئى مۆئمىنلەر قانداق تەلەپ مۇددىئايىڭ-
لار بار؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇل تەقۋادارلار ئېيتىپتۇلەركى، «جا-
نابىي ئاللاتائالا ھەربىرىمىزنىڭ بىردىن تەلىپىمىزنى ئىجابەت
قىلسا ئىكەن.» ئەۋلىيا ھەزرەت ھەقنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇل
بەندىلەرنىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزۈپتۇ. جانابىي ئاللا ئېيتىپتۇلەر-

كى: «ئول بەندىلىرىم قىلغان ئىبادىتىگە ھەق نىسىۋە تەلەپ
قىلغۇچىلار ئىكەن، ناشۇكۇرلۇكى سەۋەبىدىن تەلەپ ئارزۇسىنى
ئىجابەت قىلسامۇ، ھال ـ ئەھۋالى زىنھار ياخشىلانماس.» شۇن-
داقتىمۇ ھېلىقى ئەۋلىيا پىر بۇزرۇكنىڭ قايتا ـ قايتا ئىلتىجا
قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، جانابىي ئاللا ئۇلارنىڭ بىردىن تەلى-
پىنى ئىجابەت قىلماقچى بولۇپتۇ. «ئى مۆئمىنلەر، جانابىي ئاللا
ھەربىرىڭلارنىڭ پەقەت بىرلا تەلىپىڭلارنى ئىجابەت قىلىدىغان
بولدى، — دەپتۇ ئەۋلىيا باياۋاندىكى ھېلىقى كەپىگە كېلىپ،
— قېنى تەلىپىڭلارنى دەرھال ئېيتىڭلار.» «مەن مەزلۇم كىشى
بولغانلىقىم ئۈچۈن جانابىي ئاللاغا بىرىنچى بولۇپ تەلىپىمنى
ئېيتىمەن، — دەپتۇ موماي، — ئى ئاللا، مېنى ئون ئالتە
ياشلىق ساھىبجامال قىز ھالىتىمگە كەلتۈر. مەن مۇنۇ قېرىنىڭ
كەپىسىدە ئەمەس، خان ـ سۇلتانلارنىڭ ھەرىرىمىدە پاراغەت كۆ-
رەي» دەپ تەلىپىنى بايان قىلىپتۇ. شۇ ھامان مومايىنىڭ تەلىپى
ئىجابەت بولۇپتۇ. مومىيىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كۆرگەن بوۋاي
ئاللاغا مۇناجات ئېيتىپتۇ. ئاشۇ ۋاپاسىز مومىينى بىر
مېكىجىنغا ئايلاندۇرۇپ، كەپىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇ-
شىنى تىلەپتۇ. شۇ ھامان بوۋاينىڭ تەلىپىمۇ ئىجابەت بولۇپ،
موماي كەپە ئالدىدا توڭگۇز سۈرىتىدە چىرقىرىغىنىچە پەيدا بولۇپ-
تۇ. ئاللاغا ئىلتىجا قىلىش نۆۋىتى كەلگەن ئوغۇل توڭگۇز سۈرە-
تىدىكى ئانىسىنى كۆرۈپ زار ـ زار قاقشاپتۇ ـ دە، ئاللادىن
ئانىسىنى ئەسلىدىكى موماي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تىلەپ-
تۇ. شۇ ھامان موماي ئەسلىي قىياپىتىگە كەپتۇ. خۇلاسە كالام،
گەرچە جانابىي ئاللا ئۇلارغا ئۈچ مەرتەم پۇرسەت بەرگەن بولسى-
مۇ، ئۇلار قىلغان ئىبادىتىگە مىننەت قىلىپ ئاللادىن ناشۇكۇر-
لۇك بىلەن ھەق ـ نىسىۋە تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھېچنېمىگە
ئېرىشەلمەپتۇ. ئى يارانلار، ئى سۇلۇك ئەھلى، شۇنى ئېسىڭلاردا
تۇتۇڭلاركى، بەندە ئۈچۈن شۇكۇر ـ قانائەتتىن ئارتۇق ئىبادەت



يوقتۇر. جانابىي ۋەلىيۇللا ئاپاق خان خوجىمىز «مېنىڭ ئەڭ
يېقىن ئۈممەتلىرىم شۇكرى ـ قانائەتكە يېقىن كىشىلەردۇر»
دېگەن.

— ھەق! ھەق! ھەق!...

يەنە بىر گۇپپاڭچى سوپى بار ئاۋازى بىلەن جەررە تارتقاندىن
كېيىن، قولىدىكى پولات ھالقىلىق، مۇڭگۇز دەستەكلىك ساپايى-
سىنى جالداقشىتىپ چالغىنىچە ھۆكمەت ئوقۇشقا باشلىدى:

باشىم تۇپراق، جىسمىم تۇپراق، ئۆزۈم تۇپراق،
كۆيدۈم، ياندىم بولالمادىم ھەرگىز ئاپئاق،
ھەق ۋەسلىگە يېتەرمەن دەپ روھىم مۇشتاق،
زەمزەم بولۇپ يەر ئاستىغا كىردىم مانا.

باشقا سوپى ـ دەرۋىشلەر ھۆكمەتكە ماسلىشىپ، جەررە
تارتىشقا باشلىدى.

ھۆم، ئاللا، ھۆم، ھۆم!
ھۇۋۋى، ئاللا ھۆم!

ئەي، مۆمىنلەر بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق،
چىن ئۆلسەن ھەرگىز بۇنىڭ يالغانى يوق،
كىم بىلمىسە، ۋەللاھ①، ئۇنىڭ ئىمانى يوق،
خوجام دەرگاھىنى تەرك ئەتكەن رەسۋا بولغاي.②
ھۆم ئاللا، ھۆم، ھۆم!
ھۇۋۋى ئاللا، ھۆم!

① ۋەللاھ — ئاللا نامى بىلەن قەسەمكى.
② بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

سوپی ـ دەرۋىشلەر ئىسسىقتا ئۇسساپ كەتكەنمۇ ياكى هۆكمەت ئوقۇپ، جەررە تارتىش خۇشياقمىدىمۇ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ، پاشىنىڭ غىڭشىغىنىدەك يېقىمسىز ئىدى. شۇ ئەسنادا هاشارچى يىگىتلەر ئارىسىدىن تولىمۇ جاراڭلىق هۆكمەت ئاۋازى ئاڭلاندى. يىگىتنىڭ ئاۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقىنى ۋەهىمە ـ پۇشايمان، تۈۋا ـ ئىستىغپار بولماستىن، بەلكى هېلىقى سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ هۆكمىتىگە بېرىلگەن يالقۇنلۇق جاۋاب ساداسى ئىدى. سوپى ـ دەرۋىشلەر هەيرانلىق ئىلكىدە بۇ ساداغا ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى:

هەق قۇللارى دەرۋىشلەر، هەقىقەتنى بىلمىشلەر،
هەققە ئاشىق بولغانلار، هەق يولىغا كىرمىشلەر،
هەق يولىغا كىرگەنلەر، ئاللاه دەپ يۈرگەنلەر،
هەقنى سۆيگەن ئاشىقلار، خالايىقتىن كەچمىشلەر،
دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر، جاهان مالىن ئالغانلار،
ئاچ كۆز قۇشتەك بولۇبان، ئول هارامغا پاتمىشلەر،
موللا مۇفتى بولغانلار، ناهەق دەۋا سورىغانلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار، ئول تامۇغقا[1] كىرمىشلەر؛
هارام يېگەن هاكىملار، رىشۋەت[2] ئالىپ يېگەنلەر،
بارماقىنى چىشلەبان قورقۇپ ـ قورقۇپ قالمىشلەر؟
تاتلىق ـ تاتلىق يېگەنلەر، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك يېگەنلەر،
ئالتۇن تەختتە تۇرغانلار تۇپراق ئاستىن قالمىشلەر[3].

سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ چىرايلىرى تاتاردى، زۇۋانى تۇتۇلۇپ كاللىسىغا هېچنېمە كەلمىدى. شۇ تاپتا ئاددىي تومپاي ئاۋام

① تامۇغ — دوزاخ.
② رىشۋەت — پارا.
③ بۇ كلاسسىك شائىر ئەهمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.



ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇ سادا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلماقتا ئىدى.
— ناشۇكرانە هۆكمەت! — دەپ خىرقىرىدى بىر سوپى.
— هەق راست، ئاپاق خان خوجامنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى مۇرتەتلەرچە نەزمە.
— ئاۋام ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان دەهرىيلەر قۇتراتقۇلۇق قىلماقچى.
سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ شىكايەتلىرىنى يەنە تەلقىن ساداسى بېسىۋالدى. بۇ قېتىم هاشارچىلار گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇپپا ئىككى مىسرا ئوقۇسا، يەنە بىر گۇرۇپپا ئىككى مىسرا ئوقۇيتتى. تەلقىن ساداسى هەيۋەتلىك گۈرۈلدەيتتى.

بېهىشت ـ دوزاخ تالاشۇر، تالاشماقتا بايان بار،
دەۋزەخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مەندە فىرئون، هامان بار.

بېهىشت ئايتۇر: نە دەرسەن، سۆزنى بىلمەي ئايتۇرسەن،
سەندە فىرئون بولۇرسە، مەندە يۇسۇپ كەنئان بار.

دەۋزەخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، بېخىل قۇللار مەندە بار،
بېخىللارنىڭ بويىنىدا ئوتلۇق زەنجىر ـ كىشەن بار.

بېهىشت ئايتۇر: مەن ئارتۇق، پەيغەمبەرلەر مەندە بار،
پەيغەمبەرلەر ئالدىدا كەۋسەرۇ هۇر غۇلمان بار.

دەۋزەخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، تەرسا، جوهۇت مەندە بار،
جوهۇت، تەرسا ئالدىدا تۈرلۈك ئەزاب سۇزان[1] بار.

① سۇزان — كۆيدۈرگۈچى.

بېھىشت ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مۆمىن قۇللار مەندە بار،
مۆمىنلەرنىڭ ئالدىدا تۇرلۇك نېمەت ئەلۋان بار.

دەۋزاخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، زالىم قۇللار مەندە بار،
زالىملارغا بېرۇرگە زەھەر - زوقۇم مەندە بار.

بېھىشت ئايتۇر: مەن ئارتۇق، ئالىم قۇللار مەندە بار،
ئالىملارنىڭ كۆڭلىدە ئايەت، ھەدىس، قۇرئان بار.

دەۋزاخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مۇناپىقلار مەندە بار،
مۇناپىقلار بويىنىدا ئوتدىن ئىشكەل - كىشەن بار.

بېھىشت ئايتۇر: مەن ئارتۇق، زاكىر قۇللار مەندە بار،
زاكىرلارنىڭ كۆڭلىدە زىكرى ئىلاھ سۇبھان بار.

دەۋزاخ ئايتۇر مەن ئارتۇق، بىنامازلار مەندە بار،
بىنامازلار بويىنىدا يىلان بىلەن چايان بار.

بېھىشت ئايتۇر. مەن ئارتۇق، دىدار كۆرمەك مەندە بار،
دىدارىنى كۆرسەتەرگە رەھىم ئاتلىق رەھمان بار[1].
......

سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئۇنى پۇتۇنلەي ئىچىگە چۇشۇپ كەت-
كەنىدى. مەردانە، جانلىق، ھاياتىي كۇچكە تولغان تەلقىن سادا-
لىرى ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتكەنىدى. بىر ئۆمۈر ئىشان
خوجىسىنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، مەدھىيىلەپ جان بېقىپ كەلگەن

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.



بۇ تەييارتاپ سوپىلار ئاددىي خەلق ئارىسىدا ئۆزگىچە ئېيتىلىۋات-
قان تەلقىن ساداسىدىن ھاڭ - تاڭ قېلىشقان، قۇلاقلىرىغا بىر
ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قېلىشقان، ھەسەتتىن ئىچى ئا-
داپ كېتىشكەنىدى.
— ئەي مۇرتەتلەر.
— ئىشان خان خوجامغا مەلۇم قىلماق كېرەك.
ئۇلار ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۇمۇلىدەك پىتىراپ
كېتىشتى.
شۇ تاپتا ھەزرەت قەسرىدىكى ھەشەمەتلىك خۇتبىخانىسىدا
ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈش بىلەن بەش مىڭ سەر ئالتۇننى ھەز-
رەت مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا خۇدايى ساۋاب ئىزدەپ ھەدىيە قى-
لىش ئۇچۇن، ئاسماندىن چۇشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ساخا-
ۋەتچىلەرنى قوبۇل قىلىۋاتقان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خۇشاللىق-
تىن قۇلىقى ئاغزىغا يەتكەن بولۇپ، ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇۋىس-
كىلەك قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۇپ كۆزلىرى چاقناپ
كەتكەنىدى.
— ئىنشائاللا ئاپاق خان خوجامنىڭ مۇبارەك جامالىغا قې-
نىپ، دىدار - مۇلاقەتتە بولۇش ئارزۇيىمىزغا ئەلھال بۇگۈن
يەتتۇك، — دېدى سودىگەر سىياقىدا ياسىنىۋالغان مەسۇم خەلپە
نامىسىز بارمىقىغا سېلىۋالغان قارا ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن
ئۈزۈكىنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ ئولتۇرۇپ، — ئول ئەرزىمەس
ھەدىيىلىرىمىزنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ئۇچۇن، ئۆزىمىزنى جەن-
نەتۇل مەئۋادا تۇرۇۋاتقاندەك بەختىيار سەزمەكتىمىز. بىز يۇرتمۇ
يۇرت كېزىپ نېسىۋە ئىزدەپ يۇرىدىغان خەق بولغانلىقىمىز ئۇ-
چۇن مازار پادىشاھى بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ مەقبەرىسىگە ئۆز قولى-
مىز بىلەن بىر چاڭگال لاي قويالمايدىغان بولدۇق. شۇل تاپتا
جانابىي ئىشان پىرىمىزنى ئارتۇقچە بىزەۋىتە قىلىشنى خالىمىساق-
مۇ، كىچىككىنە مۇددىئايىمىزنى ئېيتماي كۆڭلىمىز ئارام تاپال-

ـمايدىغانده‌ك تۇرىدۇ.

— ئى ساخاۋه‌تچى زاتىل ئه‌قتابىلىرىم، ئول مۇددىئايىڭىزلار-
نى تارتىنماي ئېيتقايسىزله‌ر، — دېدى ئىشان بۇ ساخاۋه‌تچىله‌رگه
زىياده ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

— ئىشان پىرىمىز مۇددىئايىمىزنى مه‌قبۇل كۆرۈپ قالسا،
زىياده رىيازه‌ت چېكىپ قالمىغاي ده‌پ يېقىنلا جايدا چېدىر -
بارگاھ تىككه‌نىدۇق. شۇل تاپتا يارانلىرىمىز خان خوجامغا ئاتاپ
قازان ئېسىپ ئولتۇرۇپتۇ. ناۋادا ئىشان پىرىمىزغا ماقۇل كه‌ل-
سه، ئول مۇساپىر خانىمىزغا بېرىپ بىر ۋاخ تائامغا هه‌مداستى-
خان بولۇپ به‌رسه، قۇتبىل ئه‌قتاب خان خوجامنىڭ مۇباره‌ك
قولى ته‌گكه‌ن تاۋاقلارنى ته‌ۋه‌ررۇك بىساتلىرىمىز قاتارىدا ئه‌زىز-
له‌پ ساقلىغان، ئۆزگه ئه‌لله‌ردىكى مۇرىت - مۇرشىد، يارۇ
بۇراده‌رلىرىمىزگه كۆرسىتىپ، ئۇلارنىمۇ خان خوجام غىزالانغان
ته‌ۋه‌ررۇك تاۋاقتا غىزالىنىش به‌ختىگه مۇششه‌ره‌پ قىلغان بول-
ساق، ئالەمچە ساۋاب ۋه به‌ختكه نائىل بولغان بولار ئىدۇق.

قاتتىق هاياجانلانغان ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ ته‌كلىپكه ده‌رهال
قوشۇلدى.

— هاته‌م سۈپه‌ت زاتىل ئه‌قتابلىرىمنىڭ بۇ ته‌له‌پ - ئىلتىجا-
لىرىنى نائۈمىد قالدۇرۇشقا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ قېنى
يول باشلىسۇنلار.

ھىدايىتۇللا ئىشان موللا ساقى، موللا نه‌قى قاتارلىق ئىككى
خه‌لىپىسىنى سه‌رمازار قۇرۇلۇشىدىكى ئىشله‌مچىله‌رنى نازاره‌ت
قىلىشقا قالدۇرۇپ، يىگىرمىگه يېقىن سوپى - ده‌رۋىشلىرىنى
ئه‌گه‌شتۈردى - ده، توقۇپ ته‌ييارلاپ قويغان ئاق ئارغىمىقىغا
مىندى، مه‌سۇم خه‌لىپه ھىدايىتۇللا ئىشانغا بولغان چه‌كسىز سادا-
قىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاق ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا
سالدى - ده، هه‌زره‌ت قه‌سرىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى
ئېرىق بويىغا تىككه‌ن چېدىرغا قاراپ يول ئالدى.



ئۇلار يېتىپ كه‌لگه‌نده خىزمه‌تكارلار گۆشنى پىشۇرۇپ،
پولۇنى دۈمله‌پ ته‌ييار بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇلار مه‌سۇم خه‌لىپى-
نىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بويىچه ھىدايىتۇللا ئىشان-
نى كۆرۈش بىله‌نلا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاۋۋال ئاق ئارغىماقنىڭ
ئۈزه‌ڭگىسىگه، ئاندىن ئىشاننىڭ مه‌سه - كالاچ كىيىۋالغان پۇتى-
غا، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىغا، تونىنىڭ پېشىگه، ئاخىرىدا قولىغا
سۆيدى، تالىشىپ تۇرۇپ قولىغا سۇ به‌ردى - ده، ئوتتۇز ئاده‌م
بىمالال سىغقۇده‌ك چوڭلۇقتىكى چېدىرغا باشلىدى. هه‌شه‌مه‌تلىك
بېزه‌لگه‌ن چېدىر بۇ ساخاۋه‌تچى سودىگه‌رله‌رنىڭ كاتتا باي - زه‌ر-
دار ئىكه‌نلىكىنى نامايىش قىلىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

مه‌سۇم خه‌لىپه هه‌مراهلىرىنى يېقىن كه‌لتۈرمه‌ي، ھىداي-
تۇللا ئىشان بىله‌ن هه‌مراهلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆزى داستىخان سال-
دى - ده، داستىخاننى تۈرلۈك قه‌نت - گېزه‌ك، يه‌ل - يېمىشله‌ر
بىله‌ن كۆمۈپ تاشلىدى، ئارقىدىن يۇمشاق پىشۇرۇلغان پاقلان
گۆشى كه‌لتۈرۈلدى.

— ئى هاته‌م سۈپه‌ت زاتىل ئه‌قتابىم، — دېدى ھىدايىتۇللا
ئىشان قولىغا پاقلاننىڭ ئالدى قولىنى ئېلىپ تۇرۇپ، —
سىله‌رمۇ كېلىڭلار هه‌مداستىخان بولايلى.

— نېمه‌تلىك ئاپاق خان خوجامنىڭ ھىممىتىگه هه‌ش-
قاللا، — دېدى مه‌سۇم خه‌لىپه قول باغلاپ تۇرۇپ، — شۇل
تاپتا ئانھه‌زرىتىم بىله‌ن هه‌مداستىخان بولۇشنى چه‌كسىز ئارزۇلى-
سامىمۇ، ئه‌مما بىر مه‌رته‌م بولسىمۇ خىزمه‌تلىرىده بولۇش پۇرسى-
تىنى زىنھار قولدىن به‌رگۈم يوق. شۇڭا، قۇتبىل ئه‌قتابىم
بىمالال مه‌ززه‌گه باققايلا. هه‌زره‌تلىرىدىن ئاشقان تائاملارنى ته‌ۋه‌ر-
رۇك بىلىپ، سه‌په‌ر جه‌ريانىدا مه‌ززه قىلىپ يه‌ۋالغايمىز.

هه‌رخىل خۇش پۇراق دورا - ده‌رمه‌كله‌ر بىله‌ن ئۆتكۈر
زه‌هه‌ر سېلىپ پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى تولىمۇ مه‌ززىلىك پىش-
قانىدى. ھىدايىتۇللا ئىشان پاقلاننىڭ ئالدى قولىنى ئالتۇن

ساپلىق بەكىسىدە شىلىپ پاك - پاكىز يەۋەتتى. مەسۇم خەلپە ئۆز قولى بىلەن جىقلاپ تۇرغان جانان پىيالىدىكى پۇراقلىق دورا - دەرمەك چاينى توختىماي سۇمۇرۇپ تۇردى. ئاخىرىدا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا ئالتۇن تاۋاقتا، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ياغاچ تاۋاقتا ئۇلاي گۆشى بېسىلغان پولۇ تارتىلدى.

مەسۇم خەلپە بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ توختىماي سۆزلەيتتى. ھەربىر جۈملە سۆزىدە ھىدايىتۇللا ئىشاننى ماختاپ ئۇچۇراتتى. ئۆزىنىڭ مەككە، باغدات، دەمەشق، بۇخارا، ھىرات، كەشمىر، كابۇل··· قاتارلىق شەھەرلەردە سودا - سېتىق قىلىش جەريانىدا ئاپاق خوجىنىڭ ئالەمشۇمۇل نامىشەرىپىنى، ھۆرمەت تەرىپىنى ئاڭلىغانلىقى، نۇرغۇن ئەھلى سۇلۇك مۇرىتلىرىنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ جامالىنى سېغىنىپ، ياد ئېتىپ، دۇئا - تەلەپلەردە بولۇپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەيتتى. بۇ سۆزلەر ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قۇلىقىغا بەئەينى ئالتۇن قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى، ئاڭلىغانسېرى ھاياجانلىناتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان پولۇدىن ئۈچ كاپام ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن بارغانسېرى يۇرىكى قىزىپ، ئۇسساپ كېتىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە:

— يۇرەككە مۇزدەك ياققۇدەك شەربەت بارمىدۇر، ساخاۋەتچى؟ — دېدى مەسۇم خەلپىگە قاراپ.

مەسۇم خەلپە دەرھال خىزمەتكارلىرىغا توۋلىدى:

— دەرھال شەربەت كەلتۈرۈڭلار.

مۇز پارچىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان يوغان بىر چىنە ئانار شەربىتىنى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتكەن ھىدايىتۇللا ئىشان بىرئاز سەگىدىگەندەك بولدىيۇ، ئارقىدىنلا تېخىمۇ بەك ئۇسساپ كەتتى. خىزمەتكارلار شەربەتكىمۇ زەھەر سېلىۋەتكەنىدى. بىردىنلا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يۈز تېرىلىرى قىمىشىپ، كۆزلىرى تورلاشتى، تىلى سەمرىپ ئاغزى پەقەتلا گەپكە كەلمىدى.



نۇرغۇن قۇۋلۇق، شۇملۇق، سۇيىقەستلەرنى قىلىپ ئادەتلەنگەن ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بىردىنلا يۈرىكى قاتتىق ئاغدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى، تامىقىغا، چايغا، شەربەتكە زەھەر سېلىنغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىلەن پۇت - قولى ماغدۇرسىز، تىلى زۇۋانسىز ئىدى. ئۆلۈم دەقىقىلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئىشان ھەرقانچە تىرىشىپمۇ تىلىنى كەلىمە شاھادەتكە كەلتۈرەلمىدى - دە، بىر يانغا قىيسايغىنىچە گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ داستىخانغا دۈم چۈشكىنىچە سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن مەسۇم خەلپە قول باغلاپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— ھەممىسىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار.

مەسۇم خەلپە شۇنداق دېدى - دە، ئۆزى ئەڭ ئاۋۋال ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ گېلىغا پىچاق سۇردى. ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگىنىگە ئىشەنچى قىلالمىغان مەسۇم خەلپە جەسەتنى قايتىدىن بوغۇزلاۋاتاتتى.

## 4

ئاستانە.

ئاپاق خوجىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشى ھامان، ئوردىدىكى بىر قىسىم يېقىن، ئىشەنچلىك ئەمىرلەر بىلەن ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بارلىق چوڭ - كىچىك ئوردا ئەركانلىرىنى شاھنىشىنغا جىددىي كېڭەشكە چاقىردى.

دادىسى ئىشان خان خوجىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى
ئاڭلىغان نائىب خان ھەسەن خوجا تەختتە مىشىلداپ ئولتۇراتتى.
بېشىغا ئوراپ قويغان ئاق سەللىسى بىلەن ئۈچىسىدىكى قارا
رەڭلىك ھازىدار تونى بىرئاز چوڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.
تەختنىڭ يېنىغا قويۇلغان شاھانە كۇرسىدا ئولتۇرغان مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىم بېشىغا نېپىز قارا ھىلھىلە رومالنى چۈمبەل
قىلىپ سېلىۋالغان بولۇپ، يىغلىغان ياكى يىغلىمىغانلىقىنى بىل-
مەك تەس ئىدى، قارا نىمچىسىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان ئال-
تۇن كەمىرىگە بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئەينى يىللاردا سۇلتان
ئابدۇللاخان ھەدىيە قىلغان ئالتۇن ساپلىق خەنجەرنى ئېسىۋالغان
بولۇپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىم ئاشۇ تۇرقى بىلەن ئەينى يىللاردىكى ئوردا
مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان
ۋاقتىدىكى جەسۇر قىياپىتىنى ئەسكە سالاتتى. شاھنىشىنغا كې-
ڭەشكە چاقىرىلغان ئەمىرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھىدايىتۇللا
ئىشاننىڭ مۇسىبىتىدىن تېخىچە خەۋەرسىز بولغاچقا، نائىب خان
ھەسەن خوجا بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئۈچىسىدىكى
ھازا كىيىمىنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قېلىشقانىدى. خوجىزادىنىڭ
توختىماي مىشىلداپ ئولتۇرۇشىدىن بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز
بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلىشىپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشاتتى.
— جانابىي ئەمىرلەر، — دەپ سۆز باشلىدى مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ تولۇق يىغىلىپ بولغانلى-
قىنى كۆرۈپ، — ھەممىلىرىگە مەلۇمكى، شۇ كۈنلەردە بۈيۈك
سەلتەنىتىمىز بېشىغا ئارقىمۇ ئارقا كېلىشمەسلىكلەر كېلىۋاتى-
دۇ. جانابىي ئىشان خان خوجام جەننەتماكان مازار پادىشاھى
بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىش ھەمدە سەر مازار
قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇددىئاسىدا ئاستانىدىن ئايرىل-
غاندىن كېيىن، خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەكلا ئون نەچچە



ئەمىر - سىپاھبەگ غايىب بولۇپ كەتتى. ئول ئەمىرلەرنىڭ
دېرىكىنى تېخىچە ئالالماي تۇرغان ۋاقتىمىزدا باشىمىزغا يەنە بىر
ئەشەددىي بالا - قازانىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. جانابىي
ئىشان خان خوجام ھەزرەتلىرى نامەلۇم سودىگەر سىياقىدا ياسى-
نىۋالغان دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇر قاتىللارنىڭ مىكىرلىك سۇيى-
قەستىگە ئۇچراپ قازا قىلىپتۇ...
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۆپكى-
دەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەختتە ئولتۇرغان نائىب
خان ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ھازا ئاچتى. بۇ ھازىغا بارلىق ئوردا
ئەركانلىرى قېتىلدى.
— ئاھ مۇرەببىم! سىز بىلەن كۈندۈزنىڭ قۇياشى ئۆچتى-
غۇ، كېچىنىڭ تولۇنى يىتتىغۇ، سەلتەنەتنىڭ تۈۋرۈكى سۇندى-
غۇ، ئاجىزەڭىزنىڭ يۈرەك - باغرى تىلغاندىغۇ...
— ۋاي ئاتام، ئۇچسام قاناتىم ئاتام، يۆلەنسەم تېغىم ئاتام،
بۆلەنسەم بۆشۈكۈم ئاتام...
— سەلتەنىتىمىزنىڭ رەھنەماسى ئاپاق خوجام.
— سۇلۇكىمىزنىڭ يولباشچىسى ئىشان خوجام.
— قايسى مەلئۇن قەست قىلدى، ئىشان، خان خوجام.
— ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز، ئىشان پىرىم.
......
شاھنىشىننىڭ ئىچى ھازا قوشاقلىرى بىلەن گۈرۈلدەيتتى.
ئوردا ئەركانلىرى بىر - بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلغىنىچە ئۆز-
لىرىنى يەرگە تاشلايتتى، چاچ - ساقاللىرىنى يۇڭداپ ھۇ تارتىپ
يىغلايتتى.
ئەمىرلەرنىڭ ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ھېس
قىلغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قارا دىۋانبېگىگە قاراپ قولىنى
شىلتىدى. مەلىكىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن دىۋانبېگى ھازا
ئېچىۋاتقان ئەمىرلەرنى ۋارقىراپ يۈرۈپ مىڭ تەستە توختاتتى.

— خەپ شۇك، جانابىي ئەمىرلەر سەۋرى قىلغاي.

ئەمىرلەر ئاستا - ئاستا يىغىدىن توختىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئۆپكىدىگەن، خىرتىلدىغان، مىشىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بالاغا سەۋرى، قازا رىزا، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ، — مۆھتەرەم جانابىي ئەمىرلەر، سەۋرى قىلغاي.

نائىب خان ھەسەن خوجا يىغىدىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئوغلىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ مەھرەملىرىگە ئەمر قىلدى:

— كېلىڭلار، نائىب خان ئالىيلىرىنى قەسرىگە ئاپىرىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار.

مەھرەملەر ھەسەن خوجىنى يۆلەشتۇرگىنىچە شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىشكەن ئەمىرلەر مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەستىن، ئاپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كەتتى.

— خان خوجامنىڭ قاتىلىنى تېپىشىمىز كېرەك.

— شۇنداق، ئۇل مۇلھىد مەلئۇنلارنى تۇتۇپ كېلىپ قايناۋاتقان ياغقا بېسىپ جازالاش كېرەك.

— چوقۇم ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەرنىڭ قەستى بۇ.

— راست ئېيتتىلا، ئەمىر جانابلىرى، ئۇل ئىسھاقىيەچى مۇرتەتلەرگە قىلچىلىك سىلە - رەھىم قىلماي يەتمىش پۇشتىغىچە قىرىپ تاشلايلى.

— ئاھ قۇتبىل ئەقتاب ئاپاق خان خوجام.

— ئۇل ئىسھاقىيەچى توڭگۇزلارغا رەھىم - شەپقەت قىلغىنىمىزنىڭ جازاسى بۇ.

— ئاپاق خان خوجامدىن بۇنداق ئاسان ئايرىلىپ قالارمىز



دېمەپتىكەنمىز.

— داغدا قالدۇققۇ مانا.

— سەلتەنىتىمىز باشپاناھسىز قالدىغۇ مانا.

— بۇنداق قاراپ تۇرۇۋەرمەيلى، تەقسىرلىرىم، دەرھال قولىمىزغا ياراغ ئالايلى.

— لەشكەرلەرنى ھازىرلاندۇرايلى.

— قەشقەردە يەھياھ خوجام بار ئەمەسمۇ؟

— يەھياھ خوجام دەرگاھىغا بېرىپ مۇشاۋىرەت قىلايلى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سەۋر قاچىسى بىردىنلا تاشتى.

— خەپشۇك، جانابىي ئەمىرلەر، گەپ بولسا بىر - بىرلەپ بايان قىلىڭلار. باشباشتاقلىق قىلغۇچىلار جاساققا تارتىلىدۇ.

ئەمىرلەر تەختىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا قاراپ بىر ئاز پەسكويىغا چۈشۈشتى.

— خان ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى بىر ئەمىر ئالدىغىراق چىقىپ، — شۇل تاپتا جەننەتماكان ئاپاق خان خوجامنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تەسەررۇپىمىزدىكى بارلىق سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرتەتلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەيمىز.

باشقا ئەمىرلەرمۇ بەس - بەستە چۇرقىراشتى.

— شۇنداق، قەشقەرگە بېرىپ چوڭ خوجىزادە يەھيا خوجام بىلەن بۇ خۇسۇستا كېڭەش قىلغايمىز.

— خان ئاغىچا ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولسۇنلار، خان خوجامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ پاك روھىناتىنى ئەمىن تاپقۇزغايمىز.

— كىمكى باشباشتاقلىق قىلىدىكەن ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپ ۋارقىرىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ، — خان خوجام قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا ۋەلىئەھدى ھەسەن خوجامنى نائىب خان قىلىپ سەلتەنەتكە مۇئەككەل قىلغان. شۇل سەۋەبتىن قەشقەرگە بېرىپ چوڭ خوجىزادەم بىلەن

سەلتەنەت ئىشلىرىنى كېڭىشىش ھاجەتسىز. ھازىردىن باشلاپ
خان يارلىقىنى ھەسەن خوجا چۈشۈرىدۇ. يارلىققا بويۇنتاۋلىق
قىلغۇچىلار مەرھۇم ئىشان خان ئالىيلىرىنىڭ ۋەسىيىتىگە قارشى
چىققۇچىلار قاتارىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى دەسلەپتە سۆز قىلغان ئەمىر
ئانچە قايىل بولماي، — نائىب خان خوجام ئالىيلىرى تېخى
كىچىك، سەلتەنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمىكىن.
— كېلىڭلار، مەرھۇم خان خوجامنىڭ ۋەسىيىتىگە قارشى
چىقىپ، نائىب خانغا ھاقارەت قىلغان مۇنۇ ئەدەپسىز ئەمىرنىڭ
كاللىسىنى ئېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىم.

شۇ ھامان ھەر ئېھتىمالغا قارشى شاھنىشىننىڭ ئەتراپىنى
قورشاپ تۇرغان ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرى مىرزا
سۇلتانبەگ بىر توپ ياساۋۇللارنى باشلاپ كىردى-دە، ھېلىقى
ئەمىرنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى. شاھنىشىن-
نىڭ ئىچى بىردىنلا گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئوردىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئاللىقاچان قو-
لىغا ئېلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلغان يەھياھ خوجا تەرەپدارىدى-
كى ئەمىرلەر كۈتۈلمىگەن بۇ دەھشەتتىن ئەس-ھوشىنى يوقى-
تىشتى.
— جەننەتماكان پىرى بۇزرۇكىمىز ئاپاق خان خوجامنىڭ
ۋەسىيىتى بىزلەركىم مۇرىت-مۇخلىس، ئەمىر-بەگلىرى
ئۈچۈن مۇقەددەستۇر، — دەپ قول باغلاپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مەسلەكدىشى، ئاستانە ئەمىرى مىر-
زا ئەلىمشاھ، — نائىب خان ئالىيلىرى بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ
قانۇنلۇق ۋەلىئەھدى — خان خوجىسىدۇر. خان خوجام ئالىيلى-
رى تېخى كىچىك بولسا قېشىدا ھەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە
يەتكەن، بۈيۈك سەئىدىيە خانلار نەسەبىدىن بولغان باھا-



دىر ۋالىدەسى خان ئاغىچا خېنىم ھەم باردۇر. بىز خان خوجام
بىلەن جانابىي پادىشاھ خېنىمنى ھەقىقىي سەلتەنەت پاسىبانى دەپ
بىلگەيمىز. ھەربىر پەرمان-يارلىقنى مەرھۇم ئاپاق ئىشان خان
خوجامنىڭ يارلىقى دەپ بىلىپ بەجانىدىل پەرمانبەردار
بولغايمىز.
مىرزا ئەلىمشاھنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان، مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىم تەرەپدارىدىكى ئەمىرلەر بىر ئېغىزدىن مەلىكە مۆھتە-
رەم خېنىمغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.
— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى، زىنھار غەزەپ قىلمىغايلا،
مەرھۇم خان خوجامنىڭ مۇسىبىتىنى نەزەردە تۇتۇپ سەلتەنەت
ئىشلىرىنى ئەلا بىلگەيلا.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھېلىقى ئون نەچچە نەپەر ئەمىرنى
يوشۇرۇن قەتلە قىلغاندىن كېيىن، ئوغلى نائىب خان ھەسەن
خوجا نامىدىن يارلىق چۈشۈرۈپ ئۆلارنىڭ مەنسەپ-مەرتىۋىسى-
نى ئوردىدىكى ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئېلىپ بەرگەنىدى.
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەرنىڭ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا كۆر-
سىتىۋاتقان ھۆرمەت-ئىتائىتىنى كۆرۈپ باشقا ئەمىرلەر يەنە
بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى.
— يارلىق! — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مىرزا دىۋانى-
نىڭ ئەمىرىگە قاراپ، — مىرزا ئەلىمشاھ جانابلىرى بىلەن
مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم ھەزرەتلىرى قەشقەرگە بېرىپ جەننەتما-
كان خان خوجام ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ
قىلغاي، قەشقەرنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرى يەھياھ خوجىزادەمگە
تەسەللى بەرگەي. باشقا بارلىق ئوردا ئەركانلىرى ئەتىدىن باشلاپ
كۈندە ئۈچ ۋاخ قارا دىۋان مەھكىمىسىگە كېلىپ رويخەتتىن
ئۆتكەي. ھەرقانداق ھانەيى سەۋەبلەر بىلەن يارلىققا خىلاپلىق
قىلغۇچىلار جاساققا تارتىلىدۇ. رەھمەتلىك خان خوجىنىڭ قاتىل-
لىرى تۇتۇلۇپ تولۇق تەھقىقلەنمىگۈچە، ئۆز ئالدىغا باشباشتاق-

لىق قىلىپ، گۇمان بىلەن ئۆزگە سۇلۇكتىكىلەرگە زۇلۇم سال-
غۇچىلار، ئۆلۈم - يىتىم ۋەقەسى پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ بىردەك
كاللىسى ئېلىنىدۇ. لەشكىري دىۋان قارىمىقىدىكى بارلىق سەر-
كەردىلەر بىرمۇ لەشكىرىنى ئاستانە سىرتىغا ئاچىقمىغاي. زۆرۈر
لەشكىري ئىشلار بولۇپ قالسا، خان خوجام بىلەن كېڭىشىپ
ئايرىم پەرمان چۈشۈرگەيمىز. ئاۋامنىڭ خاتىرجەملىكىنى، ئاس-
تانىنىڭ تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بۈگۈندىن باشلاپ شامدىن
بامداتقىچە ئاستانە كوچىسىدا كېچىسى يول يۈرۈش قاتتىق مەنئى
قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلارغا ئامانلىق دىۋانى بىلەن ئاستانە ياتىش
مەھكىمىسى مەسئۇل بولغاي. پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار زىن-
دانغا مەھكۇم، — مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن
كېيىن گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — پۈتكۈل ئەل - يۇرت
مەرھۇم جەننەتماكان خان خوجامغا ماتەم - مۇسىبەت تۇتقاي.
توي - تۆكۈن، ھېيت - ئايەملەر نەغمە - ناۋاسىز ئۆتكۈزۈلگەي.
رەڭدار ئېگىن كىيىلمىگەي، شېرىن - سۇخەن سۆزلەر، چاقچاق
- لەتىپىلەر تەرك ئېتىلگەي. باراۋەت - مەئىشەتلەر چەكلەنگ-
ەي. بىر يىل خۇسۇسەن ھەرقايسى يۇرت - ئايماق، كوچا -
رەستە، دەڭ - ساراي، رابات، قەلەندەرخانىلارغا جاكارچى چىقى-
رىلغاي.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا پەرمانبەردارمىز.
خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى سالامەت بولغاي.

ئەمىرلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ شاھنىشىندىن ئايرىلدى.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئوغلى ھەسەن خو-
جىغا «خوجا مەھدى»① دېگەن سەلتەنەت نامىنى بېرىپ تەختتە
رەسمىي ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۆزى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ
سەلتەنەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

① خوجا مەھدى — يول باشلىغۇچى خوجا.



## 5

ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرى
خوجا يەھيا قەشقەر دىيارىغا مۇسىبەت جاكارلىغان بولۇپ، قەشقەر
شەھىرىنىڭ كوچا - رەستىلىرىدە سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى-
نىڭ، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مۇسىبىتىگە
ئاتاپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرى، ھۆكمەتلىرى، جەررە تارتىپ
ھۇ - ھۇۋلاشلىرىدىن ئۆزگە ئاۋازلار ئاڭلانمايتتى. سودىگەرلەر،
ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، چار بازارچىلار،
ئاشپەز، ناۋاي، سامسىپەزلەر، كاۋاپچىلار ئىلگىرىكىدەك ماللى-
رىغا خېرىدار چاقىرىپ تۋۋلاشمايتتى. ئالارمەنمۇ، ساتارمەنمۇ
سۈكۈتلۈك پەس ئاۋازدا سودا قىلىشاتتى. ئاق رەڭدىن ئۆزگە
رەڭلەردە كىيىم كىيگەن، ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا سۆزلەشكەن، چى-
رايىدا كۈلكە - تەبەسسۇم پەيدا قىلغان كىشىلەر كۆزگە چېلىق-
سىلا، شەھەردە ئىتنىڭ قۇرتىدەك مىغىلداپ كەتكەن خۇپىيە -
پايلاقچىلار، يايى - دورغىلار، مىرشەپ - پاششاپبەگلەر كۆرگەن-
لا يەردە ئۇرۇپ - سوقۇپ دۇمبالايتتى، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ
زىندانغا تاشلايتتى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، دادىسى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ
ئىشانغا ئاتاپ ياساتقۇزغان ھەشەمەتلىك، كاتتا مەقبەرىگە ئۆزىنىڭ
بۇنچە ئالدىراپ دەپنە قىلىنىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلاپ باقمىغان-
دى. مانا ئەمدى يېڭىدىن ياسىلىپ پۈتكەن بۇ كاتتا
مەقبەرە سان - ساناقسىز سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ تاۋاپ-
گاھىغا ئايلانغانىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە مىڭلىغان سۇلۇ-
كى ئىشقىيە مۇرىتلىرى ۋە ئاددىي ئاۋام قەشقەر شەھىرىنىڭ
تۆشۈك دەرۋازىسى ئارقىلىق ياغدۇدىكى ھەزرەت مازىرىغا ئاقات-
تى. باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ

تاۋاپچىلارنىڭ هازا قوشاقلىرىدىن، ياقا يىرتىپ يىغلاشلىرىدىن
هەزرەت مازىرى لەرزىگە كېلەتتى. بۇ مۇڭلۇق، هەيۋەتلىك،
تەسىرلىك يىغا ساداسى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ، كىشىلەر-
نىڭ ئىختىيارسىز دىققىتىنى تارتاتتى. هەزرەت مازىرىنى تاۋاپ
قىلىپ هەپتە ـ هەپتىلەپ ئۆيىگە قايتمىغان ئىخلاسمەن مۇرىتلار
مەقبــەرە ئەتــراپىــدا توپا ـ چاڭلارغا كۆمۈلۈپ يېتىشاتتى.
هىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ئەۋلىيالىقى، كۆرسەتكەن كەشپىيۇ كارا-
مەتلىرى هەققىدە كۆنىگە نەچچە خىل هېكايەت، رىۋايەتلەر توقۇ-
لاتتى ۋە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ئەتراپقا تارقىلاتتى. بۇ
هېكايە ـ رىۋايەتلەرنى ۋائىز سوپىلار ئاغزى تېلىپ، ئۇنى پۇتۇپ
كەتكۈچە يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ سۆزلەيتتى.
قاش قارايغان مەهەل. قەشقەر ئەمىرى خوجا يەهيانىڭ خاس
هۇجرىسىغا ئون نەچچە نەپەر ئىشەنچلىك، يېقىن كىشىلىرى
جۇغلانغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مەلىكە مۆهتەرەم خېنىم هىدا-
يىتۇللا ئىشانىنىڭ مۇسىبەت ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشكە ئەۋەت-
كەن ئوردا شەيخۇلئىسلامى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەممۇ بار ئىدى.
دادىسىغا قارىلىق تۇتۇپ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئۆستۇرۇۋەتكەن
خوجا يەهيانىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن ئىدى. يىغىدىن قىزد-
رىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى سۆهبەتداشلىرىغا ئۈمىد بىلەن
تىكىلگەنىدى.
— كىچىك خوجىزادىنىڭ ۋەلىئەهدى بولۇشىدا جەننەتماكان
ئاپاق خان خوجامىنىڭ ئانچە رايى يوق ئەردى، — دەپ ئوتقۇيرۇق-
لۇق قىلىۋاتاتتى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم ئېچىتىپ سۆزلەپ، —
كىچىك ئاغىچا مەلىكە مۆهتەرەم خېنىم دېگەن جادىنىڭ غوۋغاسى-
نى بىسىش ئۈچۈنلا ئىنىلىرى هەسەن خوجىنى ۋەلىئەهدى دەپ
يارلىق چۈشۈرگەن. ئەزەلدىن تارتىپ ۋەلىئەهدىلىك بىر شاهزادە
ياكى خوجىزادىگىلا باقىمەندە بولغان ئەمەس.
— ئارى، — دەپ گەپ ئارىلىدى موللا ساقى خەلىپە، —



شەيخۇلئىسلام هەزرەتلىرى راست ئېيتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا جەننەت-
ماكان پىرى بۇزرۇكۋارىمىز يەهيا خوجامنى قەشقەرنىڭ نائىب
ئەمىرلىك مەنسىپىگە تەيىن ئەتكەندىمۇ ۋەلىئەهدىلىك يارلىقىنى
بىللە چۈشۈرۈش مۇددىئاسى بار ئەردى. كېيىن كىچىك ئاغىچى-
نىڭ بېشەملىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، غەلۋىسىدىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن كىچىك خوجىزادىنى ۋەلىئەهدى قىلدى. جانابىي ئاپاق
خان خوجام هايات بولغان بولسا ئول يارلىقنى بىكار قىلىشى
تۇرغانلا گەپ ئىدى. مۇشتۇمدەك بىر بالىنىڭ خان خوجا بولۇپ
سەلتەنەت تەختىدە يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرمىقى بە-
سى مۇشكۇلدۇر. چۈنكى، كىچىك خوجىزادە سەلتەنەت ئىشلىرى-
غا كۆپ خامدۇر.
— جەننەتماكان ئاپاق خان خوجامىنىڭ سەرمازار زىيارىتىنى
ئىختىيار ئېتىپ ئاستانىدىن ئايرىلار چاغدا ئول كىچىك خوجىزا-
دىنى نائىب خان دەپ جاكارلاپ، تەخت ـ سەلتەنەتكە مۇئەككەل
قىلىشى تولىمۇ خاتا بولغان، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم
گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ خۇسۇستا ئوردىدا كېڭەش بولۇن-
مىغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ ئۆز مۇددىئايىمىزنى بايان قىلىشقا ئامال-
سىز قالغان ئەردۇق. هالا بۈگۈنكى كۈندە تەختنى بىر مەزلۇمە
بىلەن بىر بالىنىڭ ئوڭچە ئىگىلىۋېلىشىنى ئويلىمىغانىكەنمىز.
— ئول ئون نەچچە نەپەر ئەمىر ـ سىپاهبەگنىڭ غايىب
بولۇپ كېتىشى قانداق ئىشتۇر، هەزرەتلىرى، — گەپكە قوشۇق
سالدى موللا نەقى خەلىپە، — ئويلاپ باقسام، ئول ئەمىرلەرنىڭ
تۇيۇقسىز يەر يۇتۇپ كەتكەندەك غايىب بولۇپ كېتىشى بەكمۇ
غەلىتەدۇر. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ جانابىي سۇلتانۇل مۇهەققىقىن
ئاپاق خان خوجامىنىڭ قەستكە ئۇچراپ شېهىت بولمىقى تېخىمۇ
غەلىتە. مانا ئەمدى ئول ئانا ـ بالىنىڭ ئوردىنىڭ يۇقىرى مەن-
سەپ ـ مەرتىۋىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، سەلتەنەت تەختىدە
ئىنساپسىزلىق بىلەن ئولتۇرمىقى تېخىمۇ چوڭ غەلەتتۇر. بۇل

ئىشلارنىڭ تېگىدە چوڭ بىر سىر - ئەسرار بارمىكىن دەيمىنا؟

— بىزنىڭ گۇمانىمىزمۇ، كۆڭلىمىزدىكى شەكمۇ ھەم شۇنداقتۇر، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم، — ئەمماكى بۇل غەلەتلەرنى ئوردىدا ھېچكىم تىلغا ئېلىشقا پېتىنالماس. چۈنكى، پۈتكۈل سەلتەنەتنىڭ ئەمىرىكەبىرلىك مەنسىپى تېخىچىلا ئۇل جادى مەزلۇمەنىڭ قولىدا تۇرماقتا. ئوردا ياساۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ ئەمىرلىكىنىمۇ ئۇل خۇنخور ئاغىچا ئاكىسى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان لەشكەرلىرى ئارىسىدىن لەشكىريي دىۋانىنىڭ سەركەردىلىكىگە كۆتۈرۈلگەن مىرزا سۇلتانبەگنى تەيىن ئەتتى. ئوردا ھازىر ئۇل دەھرىي ئەمىرنىڭ قورۇقچىلىقىدا تۇرماقتا. ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەلىمشاھ جانابلىرى بولسا ئەزەلدىن ئۇل جادى ئاغىچىنىڭ يېنىنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار ھازىر خان ئاغىچا كىمنى ئاس دېسە شۇنى ئاسىدۇ، كىمنى چاپ دېسە شۇنى چاپىدۇ. قىلچىلىك ھايا قىلىشمايدۇ. باشقا ئەمىر - بەگلەرنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ. شۇل تاپتا ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا بولدى.

— ئەزەلى قىسمەتتىكى خانلىق ئۇدۇم بويىچە پەدەر قازا قىلغاندىن كېيىن سەلتەنەتكە چوڭ ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ پاسىبان بولمىقى جايىزدۇر، — دېدى موللا ساقى خەلپە، — ئاپاق خان خوجىمىز قازا قىلغان بىلەن بىزلەركىم زاتىل ئەقتابلىرى تېخى ھاياتتۇرمىز. خانلىق تەختتە چوڭ خوجىزادىمىز ئولتۇرمىسا زىنھار قايىل بولماسمىز. بۇل ئىشلاردا خوجىزادەم ھايا قىلىپ ئولتۇرمىغاي.

— پەدەرى بۇزرۇكىمىزنىڭ مۇبارەك تېنى تېخى سوۋۇغىنى يوق. بول ئەھۋالدا سەلتەنەت داۋاسى قىلسام ئەل - يۇرت ئارىسىدا پىتنە پەيدا بولۇپ سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقىغا دەخلى يېتىپ قالۇرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى يەھيا خوجا.

— زىنھار ئىككى تايىن بولمىغايلا، خوجىزادەم، — دېدى



موللا نەقى خەلپە، — ئىككىنچى ۋالىدەلىرى مەزلۇم كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنىلىرى ھەسەن خوجا سەلتەنەت ئىشلىرىغا تولىمۇ خامدۇر. ئايال كىشى بىلەن كىچىك بالا پاسىبان بولغان ئەل - يۇرت ئاسانلا خاراب بولۇر. ئاۋامنىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۇر. شۇل سەۋەبتىن ئاتا مىراس ئۇل سەلتەنەتنى ئۆز تەسەررۇپلىرىغا ئالماقلىرى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم، — موللا نەقى ھەزرەتلىرى ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى. ئۇل سەلتەنەت جانابىي خوجىزادەمگىلا خوپ كېلۇر. ئۆزگىلەرگە زىنھار ياراشماس. شۇڭا، خوجىزادەم سۈكۈت قىلمىغاي. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقمىغان بىلەن كېيىن پۇشايمان پايدا بەرمەس. ئۇل سەلتەنەتنى خاھى ياخشىلىق، خاھى يامانلىق بىلەن قوللىرىغا ئالماقلىرى لازىمدۇر.

يەھيا خوجا بۇ دەۋەتلەرنى ئاڭلاپ بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ تەختنى تارتىۋېلىپ دادىسىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇسى بار ئىدى. ئەمما، خانلىقنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغان ئۆگەي ئانىسى مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمغا يەھياھ خوجىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قارشى چىققۇدەك مادارى يوق ئىدى. بۇ تەرەپلىرىنى تولۇق چۈشەنگەن يەھيا خوجا ئامالسىزلىقىنى يوشۇرمىدى.

— ئۇنداقتا بۇ ئىشلارنىڭ بىرەر ياخشى تەدبىرى بارمىدۇر؟

— ئەلۋەتتە باردۇر، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم بومبا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سەلتەنەتنىڭ لەشكىريي ھوقۇقى بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇل مۇددىئايىمىزنى خۇپىيانە ئەمەلگە ئاشۇرغايمىز.

— ئى شەيخۇلئىسلام ھەزرىتىم، ئۇل تەدبىرنى ئېنىقراق بايان قىلسۇنلار، — دېدى يەھيا خوجا.

— جەننەتماكان ئاپاق خوجامنىڭ قىرىق نەزىرىسىگە ئۇل

خوجا مەهدى بولمىش ئىنىلىرىنى تەكلىپ قىلغايمىز. ئىنىلىرى
بۇ تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالسا پەدەر بۇزرۇكنىڭ تۇپراق ـ مەقبەرد-
سىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە چوقۇم كېلىدۇ. ئەلۋەتتە
ئىككىنچى ۋالىدەلىرى ئارزۇلۇق خوجىزادىسىنى يالغۇز يولغا
سېلىپ قويۇشقا خاتىرجەم بولالماي ئۆزىمۇ بىللە كېلىدۇ...
— ناۋادا خان ئاغىچا خوجا مەهدىخان ئالىيلىرىنى قەشقەرگە
بېرىشتىن توسۇپ قالسىچۇ؟ — دەپ مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەمنىڭ
گېپىنى بۆلدى موللا ساقى.
— ۋالىدە خېنىمنىڭ مەھدىخان خان خوجامنى پەدەر بۇز-
رۇكنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىشتىن توسۇپ قېلىشى زىنهار
مۇمكىن ئەمەس، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم چورتلا هۆ-
كۇم چىقىرىپ، — چۈنكى، بىرىنچىدىن، خوجا مەھدىخان ئالىي-
لىرى ئۈچۈن پەدەر بۇزرۇكنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلىش،
قىرىق نەزىرىسىدە تۇرۇپ رىزالىق بېرىش، خەتمىقۇرئان ئوقۇش
پەرزەنتلىك بۇرچىدۇر. ئۇنى بۇل نىيىتىدىن هېچكىم توسۇپ
قالالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، خان ئاغىچا خېنىم ئوغلىنى بۇ چوڭ
ئىشتىن توسۇپ قويسا ئوردا ۋە ئەل ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات پەيدا
بولۇشتىن ۋايىم يەيدۇ. شۇڭا، توسۇپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالماي-
دۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇل خان ئاغىچىنىڭمۇ مۇرەببىسىنىڭ تۇپ-
راق بېشىنى تاۋاپ قىلىش يولى باردۇر. ئەلۋەتتە، ئوغلىنى
توسۇپ قالالمىغانىكەن، ئۆزىمۇ چوقۇم بىللە كېلىدۇ. شۇل
سەۋەبتىن ئۇلار سەرمازار زىيارىتىگە كېلىشتىن زىنهار باش
تارتالماس. ئۇلار سەرمازارغا كەلدىمۇ بولدى، چوڭ خوجىزادەم-
نىڭ سەلتەنەتنى تەسەررۇپىغا ئالمىقى خۇددى بېشىدىكى سەللد-
سىنى ئالغانغا ئوخشاش ئاسانلا ئىشتۇر.
— ئۇنداقتا ئۇلارنى سەلتەنەتنى چوڭ خوجىزادىگە ئۆتۈنۈپ
بېرىشكە مەجبۇرلايمىزمۇ، هەزرىتىم.
— ئەلۋەتتە ئىشلارنى چىرايلىق پۈتكۈزگەيمىز. مىسالەن



ئېيتايلۇق، ۋالىدە خان ئاغىچا تەختنى چوڭ خوجىزادەمگە بېرىش-
كە كۆنسە، كىچىك خوجىزادەم قەشقەرنىڭ نائىبى ۋە ئەمىرلىك
مەنسىپىدە ئولتۇرۇپ ۋالىدەسى بىلەن خاتىرجەم تىرىكچىلىك
قىلىدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا كۆنمىسە زۇلۇم قىلىشقىمۇ رىغبىتىمىز
باردۇر. خۇلاسە كالام، خان ئاغىچا خېنىم بىلەن مەهدى خوجام-
نى ئوردىدىن، لەشكەرلىرىدىن، يانتاياق بولۇۋاتقان ئەمىرلىرد-
دىن ئايرىپ قەشقەرگە كەلتۈرەلىسەكلا، ئۇل مۇددىئايىمىزنى
هەر باب بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغايمىز. گەپ چوڭ خوجىزادەمنىڭ
هايا ۋە رەھىمدىللىكنى تەرك ئېتىشىگە باغلىق.
— جانابىي زاتىل ئەقتاب غازىلىرىمىزنىڭ هىممىتىگە سې-
غىندۇق، — دەپ قوشۇلدىغانلىقىنى بىلدۈردى يەھياھ خوجا.

## 6

ئاستانە. ئوردا لەشكىرى دىۋانىنىڭ كېڭەشخانىسى.
كات سۇپانىڭ[1] ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان شاهانە كۆرپىدە مەلد-
كە مۆهتەرەم خېنىم چىرايىغا سۇرلۇك تۈس بېرىپ ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ نېپىز قارا هىلھىلە چۈمبىلىنىڭ تېگىدىكى چىرايلىق
قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، مۇهىم بىر مەسىلە ئۈس-
تىدە چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراد-
تى. بۇ مەخپىي كېڭەشكە جىددىي چاقىرتىلغان ئوردىنىڭ يۇقى-
رى دەرىجىلىك ئون نەچچە نەپەر قەلەمدار ـ ئەلەمدار ئەمىرلىرى
تاپىسىدا قويۇلغان كۇرسىلاردا مەلىكە مۆهتەرەم خېنىمنىڭ ئاغزد-
غا قاراپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەلىكە
مۆهتەرەم خېنىم قولىدىكى ئىككى پارچە خەتكە قايتىدىن نەزەر

[1] كات سۇپا — ئاستى ساندۇق، ئۈستى كارىۋات شەكىللىك ياغاچ سۇپا.

تاشلىدى. قەشقەردىن كەلگەن ئىككى پارچە خەتنىڭ بىرى يەھياھ
خوجىنىڭ دادىسى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قىرىق نەزىرسىگە ئۆگەي
ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى تەكلىپ قىلىپ يازغان مەكتۇپى ئىدى.
يەنە بىرى بولسا ئاستانە ئەمىرى مىرزا ئەلىمشاھنىڭ مەلىكە
مۆھتەرەم خېنىمغا خۇپىيانە ئەۋەتكەن جىددىي مەلۇماتى ئىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تەكلىپنامىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن
بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، مىرزا ئەلىمشاھنىڭ مەلۇماتنامىسىگە
قايتا نەزەر تاشلىدى.

«... خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن مەھدىخان خوجام
ئالىيلىرى دانا ۋە ئاگاھ بولسۇنلاركى، چوڭ خوجىزادەمنىڭ
پەيلى بەكمۇ يامان تۇرىدۇ. ئۇل ناشۇكۇر خوجىزادە ئاپاق
ئىشان خان خوجامنىڭ ۋەسىيىتىگە قارشى چىقىپ، مەھدى-
خان خوجامنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇشىغا قايىل بول-
ماي، تەختنى تارتىۋېلىش قەستىگە چۈشۈپتۇ. ئوردا شەي-
خۇلئىسلامى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم ھەزرەتلىرى چوڭ
خوجىزادىگە بۇل خۇسۇستا كۆپ تەدبىر - تەلىم بېرىپتۇ-
لەر. خۇپىيەلىرىمىزنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن بىلىشى-
مىزچە، جانابىي پادىشاھ خېنىم ئالىيلىرى بىلەن مەھدىخان
خوجام ئالىيلىرىنى مەرھۇم خان خوجامنىڭ قىرىق نەزىر-
سىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، چىرايلىقچە سەلتەنەتنى
ئۆتۈنۈپ بېرىشسىلە، قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنى مەھدىخان
خوجامغا بېرىدىغان، ئەگەر نارازى بولۇشسىلا، زۇلۇم قى-
لىپ سويۇپ ئالىدىغانغا ئەھدۇپەيمان قىلىشىپتۇ.

مۆھتەرەم پادىشاھ خېنىم ئالىيلىرى، شۇل تاپتا مەھ-
دىخان خوجام بىلەن ئىككىلىرىنى قەشقەرگە كەلمىسىلە
دېيەلمەيمەن. چۈنكى، بۇل نەزىرگە داخىل بولۇشمىسىلا،
ئۇل ناشۇكۇرلەرنىڭ ئوشۇقى سىيا چۈشىدۇ - دە، ئاۋام

ئارىسىغا پىتنە - پاسات تارقىتىپ، ئەل - رەئىيەتكە سەلتە-
نەتنى ئىشەنچسىز قىلىپ قويىدۇ. بەلكىم، بۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ ئاۋامنى سەلتەنەتكە قارشى چىقىشقا قوزغىشىمۇ
مۇمكىن. بۇ تولىمۇ دەھشەتلىك بىر ئاقىۋەتتۇر. ناۋادا
قەشقەر تامان كېلىشسىلە، تېخىمۇ چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل
قىلغان بولىدىلا. ئۇل پەيلى بۇزۇقلاردىن زىنھار سىلە -
رەھىم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەستۇر...»

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىككى پارچە خەتنى ئەمىرلىرىگە
ئۇزاتتى:

— جانابىي ئەمىرلەر، ئاۋۋال مۇنۇ ئىككى پارچە مەكتۇپنىڭ
مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولسۇنلار.

ئەمىرلەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قاتتىق چۆچۈشتى.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۇل نەزىرگە بارمىغىنى
تۈزۈك.

— چوڭ خوجىزادەمنىڭ پەيلى بۇزۇلغان بولسا، مۇۋاپىق
تەدبىر قوللانغايلا، ئالىيلىرى.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇل نەزىرگە بارمىسا ئەل -
يۇرتتا پىتنە پەيدا بولۇشى چوقۇم.

— كىم بىلىدۇ، ئۇل رىياكارلار خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىغا
قەست قىلىشنى پىلانلاۋاتامدۇ، تېخى؟

ئەمىرلەردىن ئۈنۈملۈك تەدبىر چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەت-
كەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قول ئىشارىسى قىلىپ ئۇلارنى
سۆزدىن توختاتتى.

— سىزلەردەك ۋاپادار، ساداقەتمەن ئەمىرلىرىمنىڭ ھامىي-
لىقىدا گەرچە مەزلۇم كىشى بولساممۇ بۇل سەلتەنەتنى قولۇمغا
ئېلىپ، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى بىمالال تۇتۇپ تۇرماقتىمەن.
شۇل تاپتا مەن مەرھۇم خان خوجامنىڭ قىرىق نەزىرسىگە بېرىش

قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، سىلەر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن سەلتەنەت ئىشلىرىدىن قىلچىلىك غېمىم يوق.

— ئالىيلىرى، بۇ بەكمۇ خەتەرلىكتۇر، ئويلىنىپراق بىر قارارغا كەلگەيلا.

— قەشقەرگە بېرىشتىن ئۆزگە تەدبىر يوقتۇر. چوڭ خوجىزادەمنىڭ تەكلىپىنى نائۈمىد قالدۇرۇپ بولماس. جانابىي ئەمىرلىرىم پەرمانىمغا قۇلاق سالغاي. ئۈچ مىڭ خىللانغان لەشكەر ئاۋامچە كىيىنىپ ئۈچ باھادىر سەركەردىنىڭ باشچىلىقىدا مەن بىلەن بىللە ماڭىدۇ. قالغان خان لەشكەرلىرى ماتەم تونلىرىنى كىيىپ ئوردا ياساۋۇللار ئەمىرى مىرزا سۇلتانبەگنىڭ ئەمرۇل ئۆمىرالىقىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە سەرمازارغا ئون چاقىرىم يىراقلىقتا چېدىر - بارگاھ قۇرۇپ پەرمانىمنى كۈتىدۇ. قالدى ئىشلارغا ئايرىم پەرمان چۈشۈرىمەن.

× ×

قەشقەر ئەمىرى خوجا يەھيانىڭ ئوردىسى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن كېلىپ، ئۈچ مىڭغا يېقىن ئاستانە ئاھالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىگە كىرمەي ئۇدۇل ھەزرەت مازىرىغا چۈشكۈن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ خوجا يەھيا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىدا تۇرالمايلا قالدى.

— ئەجەب ئۇدۇل شەھەرگە كىرمەي سەرمازارغا جايلىشىپتىغۇ ئۇل جادى، — دېدى يەھيا خوجا كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ.

— ئارتۇقچە بەتگۇماندا بولمىسىلا، خوجىزادەم، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — خان ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇدۇل خان خوجامنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ ھازا ئېچىشى قائىدە - يوسۇنغا مۇۋاپىقتۇر. ئەتە چاندۇر-



ماي بىرقانچە ئەمىرلەرنى ئەۋەتىپ ئوردىغا تەكلىپ قىلغايلا. ئۇل مەزلۇمە ئوغلىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرسىلا مەقسەت - مۇددىئالىرىمىز ئاسانلا روياپقا چىقۇر.

ئەتىسى يەھيا خوجىنىڭ ئون نەچچە ئەمىر - بەگلىرى تۆتتىن ئات قېتىلغان ئىككى شاھانە مەپىنى ئېلىپ تۆشۈك دەرۋازىسى ئارقىلىق ھەزرەت مازىرىغا چىقتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئوغلى خوجا مەھدىخان بىلەن ئۇلارنى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مەقبەرىسى قېشىدا قوبۇل قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەھدىخان خوجام ئالىيلىرى.

ئەمىرلەرنىڭ ھۆرمەت سالىمىنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئېتىبارسىزلا قوبۇل قىلدى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— نائىب ۋە ئەمىر خوجىزادىمىز، پادىشاھ خېنىم ئالىيلىرى بىلەن مەھدىخان خوجام ئالىيلىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە بىزلەركىم قەشقەرنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنى ئەۋەتتى.

— خوجىزادەم بىتابمىدى؟

— يوقسۇ، پادىشاھ خېنىم ئالىيلىرى.

— بىرەر مۇھىم ئىشى بارمىدى - يا؟

— يوقسۇ...

— ئۇنداقتا خوجىزادەمگە بېرىپ ئېيتسۇنلار، مەن بولسام ئۇل خوجىزادەمنىڭ ئىككىنچى ۋالىدەسىدۇرمەن. بۇ يەردە خوجىزادەمنىڭ ئىنىسىلا ئەمەس، پۈتكۈل سەلتەنەتنىڭ خان خوجىسى ھەم باردۇر. ئەسلىدە خوجىزادەمنى خېلى تەربىيە كۆرگەن، ئوردا قائىدە - يوسۇنلىرىغا پىششىق دەپ ئويلايتتىم. ئالدىمىزغا ئىستىقبالغا چىقمىغىنىنى ئاز دەپ، سىلەر ئەمىرلەرنى ئالدىمغا ئەۋەتكىنى نېمىسى، خوجىزادەم خالىسا ئۆزى كېلىپ تەكلىپ

قىلسۇن، خالىمىسا ئۇمۇ مەيلى. بىز مەرھۇم خان خوجامنىڭ
مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپ ئاستانىگە قايتقايمىز.

ئەمىرلەر شۇمشەيگىنىچە قەشقەر شەھىرىگە قايتىشتى ۋە
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۆزلىرىنى ئېقتىماي ـ تېمىتماي
يەھيا خوجىغا يەتكۈزدى.

خوجا يەھيا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مىرزا باراتئاخۇن ئەئ-
لەمگە قارىدى:

— بۇ ... بۇ ... قانداق بولغىنى، ھەزرەتلىرى...

مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم ئەمىرلەردىن سورىدى:

— خان ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟

— چىرايى تولىمۇ سولغۇن، مەھدىخان خوجام بىلەن بىللە
جەننەتماكان ئاپاق خان خوجامنىڭ مەقبەرىسىدە دۇئاگۇيلۇق قى-
لىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاستانىدىن ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن تاۋاپچىلارچۇ؟

— ئۇلارمۇ تاۋاپ ـ تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل. غەيرىي ئەھۋال
يوق.

— بۇ خاتۇن سەلتەنەت ئىگىسى مەن دەپ چوڭچىلىق قىلغان
گەپ. زىنھار باشقا خىياللادا بولمىغايلا، خوجىزادەم، — دېدى
مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم، — ئەسلىدە قائىدە ـ يوسۇن بويىچە
ئول ۋالىدەلىرىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقىش يوللىرىمۇ بار
ئەردى. بۇل ئەمىرلەرنى سالامغا ئەۋەتىپ خاتا قىلىپتۇق. ئەتە
ئۆزلىرى خاتىرجەم بېرىپ ئوردىغا تەكلىپ قىلسىلا. زىيادە سادا-
قەتلىرىنى بىلدۇرۇپ ئىشەندۇرسىلە، قىلچىلىك گۇمان قوزغىمى-
سىلا، تەكلىپلىرىنى رەت قىلىشقا پەقەتلا پۇرسەت بەرمىسىلە.

ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم ۋە بىر
قىسىم ئەمىر ـ بەگلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ھەزرەت مازىرىغا چىققان
يەھيا خوجا ھەزرەت قەسرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈش-
تى ـ دە، قەسرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاق سۆزۈك چىرايى بىردىن-



لا تاتىرىپ كەتتى. قەسرىنىڭ ئىچىگە تولۇق قوراللانغان لەش-
كەرلەر تولۇپ كەتكەندى. قەسرىنىڭ ھويلىسىغا يوغان بىر داش
قازان ئېسىلغان بولۇپ، لىق تولدۇرۇلغان ياغ پۇرۇقلاپ قايناۋا-
تاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولىدا جان
قالمىدى.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىدىن ئىجازەت. قەشقەر ئەمىرى
يەھيا خوجا بىلەن ئوردا شەيخۇلئىسلامى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم
قوبۇلغا كىرگەي.

پەرمانچىبەگىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن ئۇلار دىڭگىدە چۆچۈش-
تى ـ دە، بىر ـ بىرىگە ئالاقزادىلىك بىلەن تەلمۈرۈشتى. شۇ
تاپتا ئۇلار ئۈچۈن قەسرىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە يول
يوق ئىدى. قوراللىق لەشكەرلەر قەسرىنىڭ دەرۋازىسىنى توسۇ-
ۋېلىشقانىدى.

ئۇلار پەرمانچىبەگكە ئەگىشىپ ئىچكىرىكى قەسرگە كىر-
دى. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان شاھانە كۆرپىدە مە-
لىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن خوجا مەھدىخان سەلتەنەت بىلەن
ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى يۈزدىن ياساۋۇل
قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بۈتتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. بۇ ھەيۋەت-
لىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم سىرقى-
رىدى، ئەزايىنى يامغۇردەك قارا تەر باستى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋالىدە خان ... يا ... ياق، خانىم
پادىشاھ ئالىيلىرى.

قاتتىق ۋەھىمىدىن يەھيا خوجىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، سا-
لام ـ سەھەتنىمۇ قاملاشتۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنىڭ ئىپادىسىز، سۇرلۇك چىرايىغا قاراپ تېخىمۇ بەك
ھودۇقتى ـ دە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنىڭ پاسىبانى مەھدىخان خوجام ئا-
لىيلىرىغا سالام بەرمەي قاراپ تۇرىسىزغۇ، جانابىي نائىب

ئەمىر؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خوجا يەھيانى «خوجىزادەم» دەپ ئاتىماستىن، «نائىب ئەمىر» دېگەن سۆزنى تەئەددى بىلەن ئېيتىپ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ تەئەددىسىنى ئاڭلاپ ئەسلىدىنلا قورقۇنچاق يەھيا خوجا تېخىمۇ بەك ھودۇقتى ـ دە، ئالدىغا بىر قەدەم چامدىغىنىچە ئىنىسى مەھدىخان خوجىغا قاراپ قول باغلاپ ئېگىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەھدىخان خوجام، ياراتقان ئاللا ئىگەم ئەزىز تەنلىرىنى سالامەت قىلغاي.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يەھيا خوجىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— گۇناھلىرىنى بىلەمىلا، نائىب ئەمىر.

— ئازماس ئاللا، بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرگەيلا، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى خوجا يەھيا چىپ ـ چىپ تەرلەپ.

— بىزلەر شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلىرىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلسەك، ئالدىمىزغا ئىستىقبالغا چىقماقتا يوق، نەدىكى چۈپرەندە ئەمىرلەرنى سالامغا ئەۋەتىلە. بىز مەزلۇم كىشى بولساقمۇ ئايدالادا قوندۇق، سىلى شەھەردە، ئوردا ھەرەملىرىدە بەخىرامان پاراغەت كۆردىلە. ئېيتسىلاچۇ، جەننەتماكان ئىشان خان خوجام ھەزرەتلىرى قانداق قازا قىلدى؟

— سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان قىساسخور مۇرتەتلەر قەستلەپ...

— ئول چاغدا سىلى نەدە ئىدىلە، نائىب ئەمىر؟

— مەن ... مەن ...

— پەدەرلىرىنىڭ ھالىدىن، ئامانلىقىدىن خەۋەر ئالماي ھەرەملىرىدە كۆڭۈل ئاچتىلا، شۇنداقمۇ؟

— بۇ ... بۇ ...



— دېمىسىلىمۇ كۆڭۈللىرىدىكى ناشۇكۇر مۇددىئالىرى بىزگە ئاللىقاچان ئايان. سىلى ئىنىلىرى ھەسەن خوجىنىڭ ۋەلىئەھدى بولغانلىقىدىن نارازى ئىدىلە. پەدەرلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىش ئالدىدا ئىنىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا نائىب خان قىلىپ سەلتەنەتكە مۇئەككەل قىلغانلىقىدىن قورساقلىرىدا غۇم ساقلىدىلا. شۇنىڭ بىلەن سەلتەنەت ۋەسۋەسىسىدە قالغان كۆڭۈللىرىدە پەدەرلىرىگە ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا بولۇپ، بۇ شۇم سۇيىقەستنى پىلانلاپ چىقتىلا، شۇنداقمۇ؟

كۇتۇلمىگەن بۇ تۆھمەتتىن يەھيا خوجىنىڭ ۋۇجۇدى تىكەنلەشتى، مېڭىسى غوڭۇلداپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى، يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقۇپ، تىلى گەپكە كەلمىدى.

— گەپ قىلمايدىلىغۇ، نائىب ئەمىر، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم يەھيا خوجىغا ئويلىنىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي، — پەدەرلىرىنى كۆزلىرىدىن يوقاتقاندىن كېيىن، ئەجەل خەنجەرلىرىنى بىزلەركىم ۋالىدەلىرى بىلەن ئىنىلىرى مەھدىخان خوجا ئالىيلىرىغا توغرىلىدىلا، بىزنى پەدەرى بۇزرۇكلىرىنىڭ قىرىق نەزىرىسىگە تەكلىپ قىلىشلىرى بىر باھانە. ئەمەلىيەتتە بىزنى قەشقەرگە ئالداپ ئەكېلىپ سەلتەنەتنى تارتىۋالماقچى. قارشىلىق كۆرسەتسەك، خۇددى پەدەرى بۇزرۇكلىرىنى بوغۇزلاپ تاشلىغاندەك بوغۇزلىۋەتمەكچى. قانداق، كۆڭۈللىرىدىكىنى تاپتىممۇ، نائىب ئەمىر؟

نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەن يەھياھ خوجا ئىختىيارسىز يەرگە تىزلاندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، چىشلىرى كارسىلدايتتى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن سۇيىقەستلىك پىلانىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى. ئەسلىدىنلا توخۇ يۈرەك يەھيا خوجا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئارقىمۇ ئارقا قىلغان تىل ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدى.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىگە مەلۇم بولغاي، يەھيا خوجامغا ئۇۋال بولدى، خوجىزادەمنىڭ زىنھار ئۇنداق خىيالى يوقتۇر، — دېدى مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم تىترەپ تۇرۇپ.

— يەھيا خوجامنى ئاقلاش باھانىسىدە ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرماقچىمۇ سىلى، ھەزرىتىم؟ — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەمدى نەزىرىنى شەيخۇلئىسلامغا ئاغدۇرۇپ، — ئېيتسىلاچۇ، سىلىنى قەشقەرگە خوجىزادىنى بىزگە كۈشكۈرتۈپ سۈيىقەستلىك پىلان تۈزۈشكە ئەۋەتكەنمىدىم؟ مەرھۇم ئىشان خان خوجامنىڭ ۋەسىيىتىگە قارشى چىققان گۇناھلىرىدىن تېنىۋالماقچىمۇ سىلى؟

مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، بېشىغا كەلگەن بۇ بالا ـ قازادىن ئاسانلىقچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ گەپ قىلماي گۆشىيىپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئاسىي ئەمىر بىلەن ئارتۇقچە دەتالاش قىلىشنى لايىق كۆرمىگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ياساۋۇللارغا قاراپ تۇۋلىدى:

— كېلىڭلار، بۇ رىياكار ئەمىرنى ئاپىرىپ ياغقا بېسىڭلار.

مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم پەرماننى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى، چانىقىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ قويۇق ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ياساۋۇللار ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە قازان بېشىغا ئاپاردى ـ دە، دەس كۆتۈرگىنىچە پورۇقلاپ قايناۋاتقان ياغقا تاشلىدى. دەقىقە ئۆتمەي داشتىن لاپپىدە ئاسمان ـ پەلەك ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئەتراپنى كاۋاپ پۇرىقى قاپلىدى.

بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يەھيا خوجا ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە يىلىندى.

— مېنى كەچۈرسىلە، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى، مېنى



ئول مىرزا باراتئاخۇن ئەئلەم ھەزرەتلىرى ئازدۇرۇپتۇ. مەرھۇم پەدەرى بۇزرۇكۇمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن گۇناھىمدىن كەچكەيلا.

— ئى ئازغۇن، پەيلى بۇزۇق، ئەقىلسىز خوجىزادەم، سىز قايسىبىر نەسەبىڭىزنىڭ ئېسىللىقىغا بىزلەردىن سەلتەنەت تالاشىسىز؟ ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ قايسىبىر بابائىي بۇزرۇكىڭىز خان ـ پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەن؟ پەدەر بۇزرۇكىڭىز ئىشان خان خوجا بولسا ئەسلىي زاتىدىن بىزلەركىم سەئىدىيە خان ـ سۇلتانلىرى نەسلىدىن بولمىش خانۇخاقانلارغا دۇئاگۇيلۇق قىلىپ ئۆتكەن كەلگۇندىلەرنىڭ پۇشتىدىن ئەمەسمىدى؟ پەقەت بىزلەركىم سەئىدىيە مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىشان خانلىق سەلتەنىتىدە پاسىبان بولۇپ ئولتۇرالىغان ئەمەسمىدى، ۋالىدەڭىز بولسا مەركىت شوردۆڭلۈك زاتى پەس سەھرا تۆرىسىنىڭ ئاجىزەسىدۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق خانلىق دەۋاسىنى قىلمىقىڭىز بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟

— شەپقەت قىلغايلا، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى، بىز قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئۆمۈر بويى ئول ھەزرەت سەرمازارىدا دۇئاگۇيلۇق قىلىپ ئۆتۈشكە رازىمەن.

— نېمە؟ ئۆگەي ئوغلىنى ئوردىغا پاتۇرماي مازاردا ۋەتەن تۇتقۇزۇپ، زاتى پەس قەلەندەرلەر تەبىقىسىگە پالاپتۇ دېگەن بەتنامغا قالدۇرماقچىمۇ مېنى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مەقسىتىنى بىلەلمىگەن يەھيا خوجا بىچارىلىك بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— ھىممەتلىرىگە سېغىنىمەن، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى.

— ھازىرچە ئوردىلىرىغا قايتىپ تۇرسۇنلار، — مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىر چەتتە پەرمان كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ ئەمىر قىلدى، — خوجىزادەمنى ئۈزىتىپ قويسۇنلار.

يەھيا خوجا يەڭگىل بىرنى تىندى ـ دە، قايتا ـ قايتا
تەشەككۇر ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تەزىم ـ ئېھتىرام بىلەن
كەينىچىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ تاشقىرىقى سارايغا ئەمدىلا چىقىپ
تۇرۇشىغا، ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن كەينىدىن ئەگىشىپ چىققان
سەركەردە ئاي شەكىللىك قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋال ـ
دى ـ دە، يەھيا خوجىنىڭ بوينىغا زەرب بىلەن چاپتى. يەھيا
خوجا بىر مۇدھىش شەپىنى سېزىپ بولغۇچە تېنىدىن ئاجرىغان
بېشى يەرگە تورۇكلاپ چۈشتى، باشسىز تېنى خارتىلداپ ـ
خارتىلداپ جان بەردى.

شۇ ئەسنادا ھەزرەت قەسىرىگە بىر توپ ئاتلىق لەشكەرلەر
توپا توزۇتقىنىچە چېپىپ كەلدى ـ دە، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن
چۈشتى. بۇلار مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ يەھيا خوجىنىڭ
قەشقەردىكى ئوردىسىنى قىرغىن قىلىشقا ئەۋەتكەن لەشكەرلىرى
ئىدى. لەشكەرلەر باشلىقى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى دەرۋازا ئالدىدىكى
قاراۋۇلغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇدۇل ئىچكىرى سارايغا كىردى ـ
دە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا سالام بەردى.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، يەھيا خوجى ـ
نىڭ جەددى ـ جەمەتىدىن ئۇچىنچى خوجىزادىسى ئەھمەد خوجى ـ
دىن باشقىلىرى تامامىي قىرىپ تاشلاندى.

— ئۇل ئەھمەد خوجىچۇ؟

— ئۇنى موللا ساقى خەلپە قوغداپ قېچىپ كەتتى. ھەرقان ـ
چە قوغلاپمۇ يېتەلمىدۇق.

سەلتەنەت ئۇچۇن كەلگۈسىدىكى ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن
قۇرۇتۇپ تاشلىماقچى بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەپسۇس ـ
لانغان ھالدا پىچىرلىدى:

— ئەتتەڭ! ...



## 7

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ پەرمانىغا بىنائەن نائىب ۋە
ئەمىر يەھيا خوجىنىڭ ھەرىمىدىكى قىرغىنچىلىقتا يەھيا خوجى ـ
نىڭ ئاغىچا ـ توقاللىرى، خوجىزادە ـ خانزادىلىرىدىن تارتىپ،
ھەرەم خىزمەتكارلىرىغىچە تامامىي قىرىپ تاشلانغانىدى. بۇ دەھ ـ
شەتلىك پاجىئەدىن چۆچۈگەن قەشقەر شەھىرى خۇددى تېلىقىپ
كەتكەن بوۋاقتا ئوخشاش ۋەھىمىلىك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.
تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان
سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراش ـ
تى ـ دە، خانىم پادىشاھنىڭ غەزەپلىك پەيلىدىن قورقۇپ
دەۋا ـ دەستۇر قىلىشقا پېتىنالماي، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا مۆكۈ ـ
نۇپ پاناھداشتى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ھەزرەت مازىرىدا ئاپاق خوجىنىڭ
قىرىق نەزىرسىنى بىرىپ بولغاندىن كېيىن ئوغلى مەھدىخان
خوجا ۋە مىرزا ئەلىمشاھ، مىرزا سۇلتانبەگ قاتارلىق
سەركەردە ـ ئەمىرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ۋەھىمە ئىلكىدە چۆل ـ
دەرەپ قالغان قەشقەر شەھىرىگە دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەل ـ
دى ـ دە، نائىب ۋە ئەمىر ئوردىسىغا جايلاشتى. قەشقەر شەھىرى ـ
نىڭ ئاۋات كوچا ـ رەستىلىرىدە، مەسچىت ـ خانىقا ئالدىلىرىدا
داش قازانلارنى ئاستۇرۇپ قەشقەر خەلقىگە ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە
نەزىر ئېشى بەردى. نامرات ئائىلىلەرگە، تۇل خوتۇن، يېتىم
ئوغۇللارغا، مىيىپ ـ مەجرۇھ كىشىلەرگە خەزىنىدىن خىراجەت
ئاجرىتىپ سەدىقە ـ نىياز تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئاھالى ـ
سىنىڭ ۋەھىمىسى بېسىلىپ، يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشتى.
كوچا ـ رەستىلەردە، تۆرلۈك بازارلاردا سودا ـ سېتىق،
ئىلىم ـ بىرىم، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تۆرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپ ـ
لەر يەنە قايتىدىن جانلاندى. ئەمما، ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى

يەنىلا تۇتۇق، كۆزلىرى ۋەھىمىلىك ئىدى، پىچىرلىشىپ سۆزلەشەتتى، كۇسۇرلىشىپ سودا قىلاتتى. يۈرىكى چىقىپ كەتكەن شەھەر ئاھالىسى تۇيۇقسىز ئىشەك ھاڭراپ سالسىمۇ قورقۇنچتىن دىر - دىر تىترەيتتى، قاچقىلى جاي، مۆكۈنگىلى تۆشۈك ئىزدەيتتى. پەقەت كوچا - رەستىلەردە خانىم پادىشاھنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈۋاتقان جاكارچىلارنىڭ ئاۋازىنى، تىۋىلدىۋازنىڭ ۋەھىمىلىك جاراڭلاشلىرىنىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى.

— ئەييۇھەنناس! قەشقەرنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق، چوڭ - كىچىك ئامۇخاسلىرى قۇلاق سالغايسىزلەر، — دەپ ۋارقىرىشاتتى جاكارچىلار قولىرىدىكى مىس تىۋىلدىۋازنى چېلىپ تۇرۇپ، — ساخاۋەتلىك، مېھرىبان، شەپقەتلىك خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى شۇنداق پەرمان جاكارلايدۇكى، ئەل - يۇرتنىڭ تىنچلىقى، ئاۋام - رەئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى، بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈرلۈك سۈلۈك - مەزھەپ تەرغىباتلىرى قاتتىق چەكلەندىلەر. بارلىق سۈلۈك ئەھلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۈلۈك ئېتىقادىدا خۇدايى ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولسۇنلاركى، سۈلۈكتىن مۇستەسنا ئاۋامنى سۈلۈككە كىرىشكە زىنھار زورلىمىغاي. ئاق تەقىيلىك ئىشقىيەچىلەر، قارا تەقىيلىك ئىسھاقىيەچىلەر ئۆزئارا نىزا - ئاداۋەتلىرىنى يۇيۇشۇپ ئىناق، ئىجىل، ئىتتىپاق ئۆتكەي. ئول ئىككى سۈلۈكتىكى مۇرىت - مۇرشىدلاردىن كىمدەكىم نىزا - ئاداۋەت تۇگمىنىگە قايتىدىن سۇ باشلاپ، جەڭگى - جېدەل پەيدا قىلسا، بىردەك ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغاي. ئول جېدەل - ماجىرالارغا باشچىلىق قىلىپ، چوڭ غەليان پەيدا قىلغۇچىلار يەتتە جەمەتىگىچە قىرىپ تاشلانغاي، ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلارمۇ ئامۇخاس، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سېلىڭلار! ئول پەرماننى ئۇلۇغ دەپ بىلىڭلار!

جاكارچىلار ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي ۋارقىرايتتى،



پەرماننى ئاڭلىغان سۈلۈكى ئىشقىيە مەزھىپىدىكى ئاق تاغلىق مۇرىتلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ھەسرەتلىنەتتى، ئاھ ئۇراتتى. ئاپاق خوجا بىلەن يەھياھ خوجىنىڭ ھالاكىتىدىن خۇشاللىنىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سۈلۈكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن قىساس ئېلىشقا چىشلىرىنى بىلەپ، قىلىچ - توقماقلىرىنى تەييارلىشىپ تۇرغان سۈلۈكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى خانىم پادىشاھ سەلتەنىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك كۈتكەن يېرىدىن چىقمايۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىشاتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى قەشقەرنىڭ نائىب ۋە ئەمىرى، قەلەمدار - ئەلەمدار مەنسەپدارلىرىنى قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئەمدى ئاستانىگە قايتىش تەرەددۇتىگە چۈشكەنىدى. نائىب، ئەمىر ئوردىسىغا يىغىلغان قەشقەرنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك ئەمىرلىرى خانىم پادىشاھ بىلەن مەھدىخان خوجامنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن قول باغلاپ تۇرۇشاتتى.

بېشىغا ئالتۇن دۇبۇلغا كىيىپ، كۈمۈش ساۋۇت ئۈستىدىن قارا مەخمەل لىباس چىگىۋالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاشتېشى كەمىرىگە ئېسىۋالغان ئالتۇن ساپلىق خەنجىرىنى ئوڭ قولىدا تۇتۇۋالغىنىچە سۇرلۇك ئولتۇراتتى.

شۇ ئەسنادا ھۆدەيچى كىرىپ كەلدى - دە، تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قول باغلىغىنىچە بېشىنى ئەگدى:

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، مەسۇم خەلىپە ئىسمىلىك بىر كىشى ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

«مەسۇم خەلىپە» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاش بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ چىرايلىق قوشۇملىرى تۈرۈلدى.

«ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بولغۇچە ئۆزى كەپتۇ - دە، ئېھ

تەڭرىم! كۆڭلۈمدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەندىشەمنىمۇ خالاس قىلغى-
نىڭغا مىڭ شۈكرى.»

— جانابىي ئەمىرلەرنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت! — دېدى
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، ئاندىن ھۆدەيچىگە قاراپ ئەمىر قىل-
دى، — ئول مەسۇم خەلىپىنى ئىچكىرىكى سارايغا باشلىسۇنلار.
مىرزا ئەلىمشاھ جانابلىرى بىلەن سەركەردە مىرزا سۇلتانبەگ
قوبۇلدا ھەمراھ بولغاي.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

قەشقەر ئەمىرلىرى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا ھۆرمەت -
ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ قوبۇلخانىدىن چىقىپ كېتىشتى.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن مەسۇم
خەلىپە شۇ كۈنى قاچقىنىچە تاشمىلىققا[1]چىقىپ يوشۇرۇنغانىدى.
يەھيا خوجا، دادىسىنىڭ قاتىلىنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ئۆ-
تەڭ، لەڭگەر، يول ئېغىزلىرىغا كۆپلەپ لەشكەر تۇرغۇزغانلىقى،
قەشقەرگە تەۋە يۇرتلارنى خۇپىيە - پايلاقچىلار، دورغا - يايد-
لار، تىڭتىڭچىلار قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاستانىگە قايتالمى-
غانىدى. شۇ ئارىلىقتا ئوغلى ھەسەن خوجىنى تەختتە تۇرغۇزۇپ،
ئۆزى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىمنىڭ قەشقەرگە كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ تاش-
مىلىقتىن مىدىرلىمىغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن يەھيا خوجىنى
بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۆلتۈرگەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ
يا ئىشقىيە سۇلۇكىنى، يا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى ياقلىماي، سەل-
تەنەتنى سۇلۇكتىن مۇستەسنا تۇتۇش ھەققىدە چۈشۈرگەن پەرما-
نىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بۇ
پەرمانى ئۇنىڭغا چوڭ بىر ۋاپاسىزلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭچە
بولغاندا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، سەلتەنەتنى

---

① تاشمىلىق — ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر يېزا.



قولىغا ئالغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى-
لەرنى ئەتىۋارلىشى، پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى دەھرىي
ھاكىمىيەتكە، ئىسھاقىيە سۇلۇكى يولباشچىسى بولۇشى، ئىسھا-
قىيە سۇلۇكىنىڭ پىر ئەزەمى دانىيال خوجىنى دەھبىتتىن تەك-
لىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئوردىدا يۇقىرى ئابرۇي - ئىن-
ئاۋەتكە، مەنسەپ - مەرتىۋىگە ئىگە قىلىشى كېرەك ئىدى.
شۇڭا، ئۇ بۈگۈن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بىلەن ئۇچۇق سۆزلى-
شىش، ئۇنى ۋاپاغا جاپا قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن
ئوردىغا كەلگەنىدى. ئۆزىنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سەلتەنىتى-
نىڭ تۆھپىكارى، نىجاتچىسى دەپ ھېسابلىغان مەسۇم خەلىپە
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمدىن ئالىدىغان ئىنئاملارنى، كاتتا ھۆر-
مەت - ئېھتىرامنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شالۋاقلىرى ئېقىپ
كەتكەنىدى.

مەسۇم خەلىپە ئىچكىرىكى سارايغا كىرىپ تۆردىكى شاھانە
كۇرسىدا تولۇق جەڭ كىيىمى كىيىپ سۇر - ھەيۋە بىلەن ئولتۇر-
غان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنى كۆرۈپ بىرئاز ھودۇقتى، ئەمما
تېزلا ئېسىنى يىغىۋالدى - دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سالام
بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاغىچا خېنىم، ئالتۇن بويلى-
رى ئېسەنمىكىن؟

— ھۇ تەربىيە كۆرمىگەن ئەدەبسىز بەتبەخت! — دەپ
بىردىنلا ۋارقىرىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قېشىدا ئۆرە
تۇرغان مىرزا ئەلىمشاھ غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ، — سەن
خان ئاغىچا دەپ كىمىڭنى مازاق قىلىۋاتىسەن. بۈيۈك سەئىدىيە
سەلتەنىتىنىڭ بۈزرۈكۋارى خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا
تىلىڭنى چاينىغۇدەك يۈرىكىڭ قاپتەك بار ئىكەنغۇ سېنىڭ.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن مەسۇم خەلىپە چايان چاققاندەك
چۆچۈدى - دە، پېشانىسىدىن يۇرۇدە تەر تەپچىرەپ چىقتى.

ھەيرانلىق، گاڭگىراش ئىلكىدە كۆزلىرىنى شاھانە كۆرسىغا تىكتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم گويا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇراتتى، چىرايلىق شەھلا كۆزلىرىدىن ۋەھىمىلىك سوغۇق نۇر يالتىرايتتى. مەسۇم خەلىپىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنمەنچىلىك، تۆھپە، ئىنئام، تەمە ۋەسۋەسىلىرى بىردىنلا غايىب بولدى ـ دە، ئىختىيارسىز موكلا يۈكۈندى.

— گۇناھىمدىن كەچكەيلا، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى.

— سۆزلە، نېمە گېپىڭ بار؟

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئىلتىپاتسىز سورىغان سوئالى مەسۇم خەلىپىنى تېخىمۇ بەك گاڭگىراتتى.

«تۇۋا، خان ـ پادىشاھلار شۇنداق ئاسان ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتەمدىغاندۇر، ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ئىككى تۈمەن سەر كۈمۈش بىلەن بەش مىڭ سەر ئالتۇننى بېرىپ ئاپاق خوجىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان خان ئاغىچا خېنىم شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەجەب تونۇماسلىققا سېلىۋالدىيا؟ ئاۋۇ ئەمرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى كۆرمەمدىغان تېخى...»

— بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىز دانىيال خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزەي دەپ...

— قايسى دانىيال خوجا ئۇ؟ — سورىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا دانىيال خوجىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش كار قىلمىغاچقا مەسۇم خەلىپە تېخىمۇ بەك ئىزتىراپقا چۈشتى، ئەمما ھېلىمۇ ھەم ئۆزىنى تۆھپىكار ھېسابلايتتى. ئاشۇ تۆھپىسى بىلەن سەلتەنەتتىن ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ھامىيلىق قىلىشنى، سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ تىلىنى چايناپ ئولتۇرۇشتىن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىشنى ئەۋزەل كۆردى.



— خان ئاغىچا... ياق ... خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، بالاگەردان پىرى بۇزرۇكىمىز دانىيال خوجامنىڭ مەدەت بېرىشى، سۇلۇكى ئىسھاقىيە غازىلىرىنىڭ جان پىدالىق كۆرسىتىشى بىلەن ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن قىيامەتلىك ئەغيارلىرى بولمىش ئۇل مۇرتەد ئاپاق ئىشان خان خوجىنى زوقۇم جان قىلىپ ۋەيلۇن دوزاخقا يوللىدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ تۆھپىمىز ئۈچۈن بىزلەركىم سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى دەھرىي سەلتەنەتنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ھۆرمەت ـ ئىززەت كۆرسىتىشگە نائىل بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، جاكارچىلاردىن خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىدۇقكى، بۈيۈك تەسەررۇپلىرىدا سائادەتمەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىز ئازغۇن ئىشقىيە سۇلۇكى بىلەن ئوخشاش تەقىب قىلىنىپتۇ...

— مىرغەزەپ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەسۇم خەلىپىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئىشان خان خوجامنىڭ جېنىغا قەست قىلغان مۇنۇ قاتىلنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭلار!

مەسۇم خەلىپە بىردىنلا ئەندىكتى، قورقۇنچتىن پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئويلىمىغان يەردىن بېشىغا كەلگەن بۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشىنى قويمىغانىدى. ئۇ ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ سۆرەپ كېتىپ بارغان جاللاتلارنىڭ چاڭگىلىدا تېپىرلىغىنىچە ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى.

— خان ئاغىچا خېنىم، ئۆۋۋال قىلمىسىلا، ھەرنە قىلساق سىلىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن قىلغانمىز. خۇدادىن قورقسىلا، بالاگەردان پىرىمىزنىڭ غەزەپ ـ قارغىشىدىن...

شۇ كۈنى چۈش مەھەل بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاستانىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئولتۇرغان، تۆت ئات قېتىلغان شاھانە مەپىنىڭ ئالدىدا يۈز نەپەر

ئاتلىق ياساۋۇل يول ئېچىپ ماڭاتتى. مەپىنىڭ ئارقىسىدا مەھدەخان خوجا، مىرزا ئەلىمشاھ، سەركەردە مىرزا سۇلتانبەگ ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققان قەشقەرنىڭ ئەمىر - بەگلىرى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر توپ ئاتلىق ياساۋۇللار بار ئىدى.

شاھانە مەپىدە ئولتۇرغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەپىنىڭ يان تەرىپىدىكى پەنجىرىسىگە تۇتۇلغان شايى پەردىنى قايرىۋېتىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن بېشىنى تۆۋەن سىلىشىپ قول باغلاپ تۇرۇشقان قەشقەر خەلقىگە، ھەشەمەتلىك ۋە ئاددىي كۆرۈمسىز ئىمارەتلەرگە نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى.

تۇيۇقسىز خالتا كوچىدىن مۇڭلۇق تەلقىن ئاۋازى ئاڭلاندى. تەلقىن ئاۋازى بارا - بارا چوڭ كوچىغا قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى:

بۇ دۇنيادا پادىشاھ مەن دەپ كۆكسىن كەرگەن،
ھەم ئالدىدا كۇرسى قويۇپ خىمە① قۇرغان،
نەچچە مىڭلاپ خىل ھەشەم چېرىك يىغقان،
ئەجەل كەلسە بىرسى ۋاپا قىلماس ئەرمىش②.

تەلقىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بىردىنلا دىققىتىنى تارتتى - دە، مەپىكەشنى جورۇپ توختاتتى. شۇ ئەسنادا چاچلىرى ئۆسۈپ تېقىمىغا چۈشكەن، بېشىغا كۇلا، ئۇچىسىغا قۇراق جەندە كىيگەن، ئۆشنىسىگە خۇرجۇن ئارتقان يالاڭ ئاياغ، ئاتمىش - يەتمىش ياشلار ئەتراپىدىكى بىر دەرۋىش پولات ھالقىلىق، مۇڭگۈز دەستەكلىك ساپايىسىنى جالداقشىتىپ چالغىنىچە

① خىمە — چېدىر.
② بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.



چوڭ كوچىغا چىقىپ كەلدى - دە، بەخىرامان ھالدا تەلقىن ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى:

نەچچە مىڭلاپ چېرىك يىغقان خانلار قانى؟
بۇ ھېكمەتنىڭ ھەربىرى گۆھەر كانى.
ۋاپاسى يوق، بىۋاپادۇر دۇنيا فانى؟
غاپىل ئادەم كۆرۈپ ئىبرەت ئالماس ئەرمىش①.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم مەپىنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىگە ئەمىر قىلدى:

— ئاۋۇ دەرۋىشكە بىر ھەميان تىللا سەدىقە بېرىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.

— خوپ، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى!

سەركەردە دەرھال ئاتتىن چۈشتى - دە، ئارقىدىكى ھارۋىدىن بىر ھەميان تىللا ئېلىپ، ھېلىقى دەرۋىشنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئال، دەرۋىش، خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىگە دۇئا قىل.

دەرۋىش تىللالارنى ئېلىپ بىرنەچچە دەقىقە قولىدا دەڭسەپ تۇرغاندىن كېيىن، ھەميانىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، تىللالارنى ئالقىنىغا تۆكۈپ، ئەتراپىدىكى ئادەملەر توپىغا چېچىۋەتتى. كىشىلەر جىرىڭلاپ تۇرغان تىللالارنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن ئۆرتۆپە بولۇشتى. دەرۋىش قۇرۇق ھەميانىنى خۇرجۇنىغا سالدى - دە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مەپىسىگە شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، ساپايىسىنى جالداقشىتىپ چالغىنىچە يەنە خالتا كوچىغا كىرىپ كەتتى.

① بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.

بۇ دۇنيادا يۈگۈرۈك ئاتقا مىنگۈچىلەر،
ھەركۈن جەڭدە مۇبازىرلىق[①] قىلغۇچىلار،
ئالماس ـ پولات، ئۆتكۈر قىلىچ چاپقۇچىلار،
ئەجەل كەلسە بەگ ۋە خانى قويماس ئەرمىش[②].

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم دەرۋىشنىڭ ئارقىسىدىن بىر هازا قاراپ تۇردى ـ دە، ئاندىن مەپىكەشنى مېڭىشقا ئەمر قىلدى. شۇ كۈنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قۇلىقىدا دەرۋىشنىڭ ئېيتقان تەلقىن ئاۋازى خېلى ئۇزاققىچە جاراڭلاپ تۇردى. ئۇ مەپىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈرەتتى، پات ـ پات ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى.

## 8

ئاپاق خوجا بىلەن يەھيا خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ ئۆچەككە كىرىۋالغان قۇرت ـ قوڭغۇزدەك جىمىپ كەتكەن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرى، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سەلتەنەتنى سۇلۇكتىن مۇستەسنا تۇتۇش، تۇرلۇك سۇلۇك تەرغىباتلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى پەرمانىغا بىر مەزگىل سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن جانلىنىپ كېتىشتى. ئۇلار دەسلەپتە خۇپىيانە سۇلۇك تەرغىباتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، كېيىن ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقتا ئۆتتى. مۇرىتىل ھىدايەتچىلەرنى قايتىدىن تەشكىللەپ سەلتەنەت بىلەن پۈت تېپىشىشكە ئۆتتى. ئۇلار ھەلقى ـ سۆھبەت، زىكرى ـ ساما سورۇنلىرىنى خانىقا، مازار، تۇنەكخانىلاردىن كوچا ـ رەستىلەرگە، توي ـ

① مۇبازىرلىق — يەكمۇ يەك جەڭگە چۈشكۈچى.
② بۇ كلاسسىك شائىر ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرى.



تۆكۈن سورۇنلىرىغا، مەسچىت ـ جامەلەرگە يۆتكەپ، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ خەلقنى خانىم پادىشاھ سەلتەنىتىگە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈشكە كىرىشكەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئەل ئارىسىدا تۇرلۇك ئەپقاچتى گەپلەر كەڭرى تارقالغانىدى. تۆت ئادەم جۇغلاشقانلىكى يەردە بۇ پىتنە ـ ئىغۋالار خۇددى قار پومزىكىدەك دومىلىغانسېرى يوغىناپ كەتكەنىدى.

— قۇتبىل ئەقتاب ئاپاق خان خوجامنى خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى ئۆلتۈرۈپتىمىش.

— ئىشان پىرىمىزنىڭ ئېشىغا سېلىنغان زەھەرنى خانىم پادىشاھ ھىندىستاندىن ئەكەلدۈرگەنىكەن.

— زەھەرنى ئاشقا سالماپتىكەن، شورپىغا ساپتىكەن.

— ياق، شەربەتكە ساپتىكەن.

— ئاھ جەننەتماكان ئاپاق خوجام.

— ئول خانىم پادىشاھ ئاكىسى سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئالىيلىرىنىڭ قىساسىنى ئالماقچىكەن.

— ئاپاق خوجام سۇلتان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنىكەن.

— ياق، ئىشان خوجام ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

— ئاھ ۋەلىيۇللا پىرى بۇزرۇكىمىز.

— خۇدا جەننەتۇل رىزۋاندىن ئورۇن بەرگەي، ئىلاھىم.

— ئىشان پىرىمىز تولىمۇ مېھرىبان، شاپائەتلىك ئادەم ئىدى.

— ئادەم ئەمەس، ئەۋلىيا ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئىدى.

— تۇتقان ھاسىسى چىنار بولۇپ كۆكلەيتتى.

— قارغىشىغا ئۇچرىغان ئادەم تىن تارتماي ئۆلەتتى.

— يەر يۇتاتتى.

— خانىم پادىشاھنىڭ خان خوجىمىزنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈشىدە رازىلىقى يوق ئىمىش ئىكەن.

— تاغا، ئاكىلىرىنىڭ ئۆچ ـ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇتبىل ئەقتابىمىزغا ياتلىق بولغانىكەن.

— ئىشان پىرىمىزنى هامان بىر كۈنى ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتىكەن.

— هۇ جادى پادىشاه خېنىم.

— ئازازۇل پادىشاه خېنىم.

— چوڭ خوجىزادەم يەهيا خوجامنىمۇ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، يارانلار.

— هۇ جاللات پادىشاه خېنىم.

— مەزلۇم خەلق سورىغان يۇرت چۆل قالار ئىمىش.

— توپان بالاسى باسارمىش.

— يەهيا خوجامنىڭ هايات قالغان خوجىزادىسى ئەھمەد ئىشان خوجامغا سەلتەنەتنى ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولاتتى.

— ئول جاللات خېنىمدىن ئۇنداق ئىنجا ئۆزلۈكىدىن زىنهار كەلمەس.

— شۇنداق ئاپاق خان خوجامنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا.

— يەهيا ئىشان خوجامنىمۇ ئۆلتۈرگەن تۇرسا.

— خوتۇن ـ بالىلىرىدىن تارتىپ، دېدەك ـ خىزمەتكارلىرىغىچە تامامىي قىرىپ تاشلىغان تۇرسا.

— خۇدا جاجاڭنى بېرەر، خۇنرىز جاللات خېنىم.

— ئىشان خوجامنىڭ قىساسى تۇتۇپ، قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن، جاللات خېنىم.

— ئى سۇلۇك ئەهلى، ئاپاق خوجامنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا تەرەددۇت قىلغايمىز.

— ئەھمەد خوجامنى ئەكېلىپ خان ئىشان قىلىپ تىكلىگەيمىز.

— پىر بۇزرۇكنىڭ خۇن ـ قىساسىنى ئېلىشقا نىيەت قىلمىغان مۇرىت ـ مۇخلىس مۇنكىر مۇناپىقتۇر.



— يەتتە ئەۋلادىنى دوزاخقا سۆرىگىسىدۇر.

— ئول جاللات خېنىمنى يوقاتماي تۇرۇپ سۇلۇك تەقىبىدىن زىنهار قۇتۇلالماسمىز.

— سۇلۇكىمىز ئۈچۈن...

— ئىشان پىرىمىز ئۈچۈن...

—خان خوجامنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن.

— ئۆلسەك شېهىت...

— هايات قالساق غازى.

— ئامىن!

— ئامىن!

مۇرىتىل هىدايەتچىلەرنىڭ بۇ تەرغىبات، پىتنە ـ ئىغۋالىرىدىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئۇدۇللۇق خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ئەمما، قۇترىغان قاۋاندەك تەلۋىلەشكەن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئاددىي خەلق بىلەن قارشىلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەمدىلا قولىغا ئالغان سەلتەنەتنىڭ ئۇلىغا دەز كەتتۈرمەسلىك ئۈچۈن چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

بۇ پىتنە ـ ئىغۋالار بىر قىسىم ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سەلتەنىتىگە بولغان ئىشەنچ ـ ئېتىقادىنى خېلىلا تەۋرىتىپ قويغانىدى. ئوغلى مەهدىخان خوجا تېخى كىچىك بولغاچقا بارلىق ئېغىرچىلىق، باش ئاغرىقى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ ئاران تەسلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرگەن سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ كېچە ـ كېچىلەپ كىرپىك قاقمايتتى. سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنىڭ، قەساسخورلارنىڭ قەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالاهىدە بۇيرۇتۇپ ياساتقان جەڭ كىيىمى بىلەن ئۇخلايتتى. خۇدادىن ئوغلى مەهدىخان خوجىنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇپ سەلتەنەتنى مۇستەقىل قولىغا ئېلىشىنى، ئۆزىنى بۇ ۋەزنى تاغدىن ئېغىر روهىي بېسىم-

ـدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەيتتى.
ئۆزىنى يالغۇز، ئاجىز ھېس قىلغان مەلىكە مۆھتەرەم خې-
نىم ئاخىرى ئاكىسى — چالىشنىڭ نائىب ئەمىرى شاھزادە
ئابدۇمۆمىن ئاقباشخاننى ئوردىغا كېلىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا
ھەمدەمدە بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى.

«… قەدىرلىك سىڭلىم خانىم پادىشاھ ئالىيلىرى، —
دەپ يازغانىدى شاھزادە ئابدۇمۆمىن ئاقباشخان سىڭلىسىغا
يازغان جاۋاب خېتىدە، — ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ
تولىمۇ ئىزتىراپ چەكتىم. شۇل تاپتا قانىتىم بولسا قېشى-
ڭىزغا دەرھال ئۇچۇپ بېرىپ خەستە كۆڭلىڭىزگە تەسەللى
بەرسەم، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ھەمدەملەشسەم، ئول رىيا-
كار، ئاسىيلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ كۆڭلىڭىزنى ئەمىن تاپ-
قۇزسام دەيمەن.
سىزدەك ئەر ھىممەتلىك، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كاما-
لەتكە يەتكەن باھادىر سىڭلىمنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز
پەخىرلىك ھېس قىلىمەن. سەئىدىيە سەلتەنىتىنى قايتىدىن
تىكلەش ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىڭىزدىن جەننەتماكان
بابائى بۇزرۇكلىرىمىز — سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئاب-
دۇرەشىدخان، سۇلتان ئابدۇرەھىمخان ۋە شىجائەتلىك تا-
غىمىز سۇلتان ئابدۇللاخان، سۇلتان ئىسمائىلخان، جەننەت-
ماكان ئاكام مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، شۇنداقلا جەننەت-
ماكان پەدەرىمىز سۇلتان سەئىد باباخان قاتارلىق ئەجدادلى-
رىمىزمۇ چەكسىز پەخىرلىنىدۇ. سىز ئول بابائى ئەجدادلى-
رىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپ، شانۇ شەۋكەتلىك نام ـ
ئابرۇيىنى قوغداپ قالدىڭىز.
……
شۇل تاپتا ئەشەددىي ئەغيارىمىز جۇڭغار خانى، بۈيۈك



چىڭ تەسەررۇپىنىڭ خاقانى بوغدىخان[1]بىلەن قاتتىق جەڭ
قىلماقتا. ئول موڭغۇل خانى بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى
بوغدىخان بىلەن بولغان ئۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بۈيۈك سە-
ئىدىيە تەسەررۇپىمىزغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەن بىلەن،
ئۇرۇش خىراجىتىنى غەملەش ئۈچۈن، زېمىنىمىزغا ھامان
بىر كۈنى باستۇرۇپ كەلمەي قالمايدۇ. چالىش تەسەررۇپى-
مىزنى قوغداشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. شۇڭا، دۈشمەننىڭ
تەسەررۇپ قىلىشىنى توسۇپ، ئەل ـ يۇرتنى بالا ـ قازادىن
ساقلاش ئۈچۈن قورۇقچىلىق قىلىشنى، ئاستانىگە بېرىپ
سەلتەنەت ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇشتىن ئەۋزەل دەپ قاراي-
مەن. بۇ ھەقتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمنى ئىلگىرى
ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىمدا خېلى ئېنىق بايان قىلغانمەن…
ئى باھادىر سىڭلىم. ئىلگىرىكى جاسارەت، غەيۇرلۇ-
قىڭىزنى قايتىدىن ئۇرغۇتۇڭ. ئوردا ئەركانلىرىغا بولغان
تەقىب ـ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىڭ. زىنھار غاپىل بول-
ماڭ، سەل ـ پەللا گۇمان پەيدا قىلغان ئەمىرلەرگە شەپقەت
قىلماڭ. ئىشەنچ قىلغان ئەمىرلەرنى ئەتىۋارلاڭ.
ئول ئاسىي ئىشان ـ خوجىلارغا قىلچىلىك سىلە ـ رە-
ھىم قىلمىغايسىز. شۇنى ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭكى،
قىلىچىدىن قان تامدۇرۇشنى بىلمىگەن خان ـ سۇلتان
زىنھار سەلتەنەت سۈرەلمەيدۇ. مەنكىم ئاكىڭىز بۇ يەردە
سىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولۇپ، سەلتەنەتنى ياتلارنىڭ ئا-
يىغىدىن مۇھاپىزەت قىلغايمەن…»

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاكىسى شاھزادە ئاقباشخاننىڭ
مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قايتىدىن ئىشەنچكە تولدى. ھەرقايسى

[1] بوغدىخان — چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاقانى كاڭشىنى دېمەكچى.

يۇرتلاردىكى نائىب ئەمىر ـ بەگلەرگە سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلى-
رىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى، تەرغىباتلىرىنى قاتتىق تەقىب
قىلىش، قارشىلاشقۇچىلارنى قاتتىق جازالاش خۇسۇسىدا قايتا
يارلىق چۈشۈردى. ئىشەنچسىز، ساداقەتسىز دەپ قارىغان بىر
قىسىم ئەمىرلەرنى ئورنىدىن تازىلىدى ياكى مەنسەپ دەرىجىسىنى
تۆۋەنلەتتى.

بۇ ئىش سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ غۇۋغاسىنى تېخىمۇ
ئەدىتىۋەتتى. ھەرقايسى يۇرتلاردىكى سۇلۇك مەسئۇللىرى، يۇقى-
رى ئىناۋەتكە ئىگە خەلىپە ـ سوپىلار ئاستانىگە كېلىپ ئوردا
ئالدىغا جۇغلاشتى ـ دە، ئەتراپىغا مىڭلىغان مۇرىتلىرىنى يىغىپ
خانىم پادىشاھدىن ھېساب ئالماقچى بولدى. ھەددىدىن ئاشقان
ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى بۇ خەلىپە ـ سوپىلارنىڭ پەيلى تولىمۇ
يامان ئىدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم شاھنىشىندا جىددىي كېڭەش
چاقىردى.

— ئول سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ مۇددىئاسى نېمە ئىكەن،
ئەمىر جانابلىرى؟ — سورىدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاستانە
ئەمىرى مىرزا ئەلىمشاھقا قاراپ.

— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى
مىرزا ئەلىمشاھ ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ
مۇددىئاسى ئەل ئارىسىدىكى ئاشۇ پىتنە ـ ئىغۋالار بىلەن ئوخ-
شاش. ئاپاق خان خوجام بىلەن يەھيا خوجامنىڭ خۇن دەۋاسىنى
قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەھيا خوجامنىڭ ئۇچىنچى خوجىزادى-
سى ئەھمەد خوجامنى رەسمىي يوسۇندا ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى
ئەزىمى دەپ ئېتىراپ قىلىپ قەشقەرنى سۆيۈرغال قىلىپ بېرىشنى
تەلەپ قىلىش، يەنە…

مىرزا ئەلىمشاھنىڭ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆ-
رۈپ، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:



— يەنە قانداق تەلىپى بار ئىكەن؟

— ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، ئالىيلىرى.

— ئېيتسۇنلار، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاپىقىنى
تۈرۈپ.

— يەنە… يەنە …، — مىرزا ئەلىمشاھ بىرنەچچە دەقىقە
دۇدۇقلىغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇلار ئالىي-
لىرىنى تەخت ـ سەلتەنەتنى ئەھمەد خوجامغا ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن
دەۋاتىدۇ…

— بەتبەخت مۇناپىقلار!

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم غەزەپ بىلەن تۇرۇپ كەتتى. ئوڭ
قولىنى ئالتۇن توقىلىق كەمىرىگە ئېسىۋالغان ئالماس ساپلىق
شەمشەرگە ئۇزاتتى.

— غەزەپ قىلمىغايلا، ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا ئەلىمشاھبەگ
دىر ـ دىر تىترەپ. شۇ تاپتا ئۇ مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ
ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ئۆزىنى چېپىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ
قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئول ئاسىيلارنىڭ پەيلى راستتىنلا شۇنداق يامانمىدۇر،
ئەمىر جانابلىرى، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چىشلىرىنى
غۇچۇرلاتقان ھالدا.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئۇلار پەيلىدىن ياندۇرغاندەك
ئەمەس.

— مەرھۇم ئىشان خان خوجامنىڭ يۈزىنى قىلىپ شۇ چاغقۇ-
چە ئول ئاق تاغلىق سوپى ـ دەرۋىشلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ
كەلدۇق، — دېدى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئوردا ئەركانلىرىغا
قاراپ، — ئەمما ئۇلار سىلە ـ رەھىم قىلغاننى پەقەتلا بىلمىدى.
سەركەردە مىرزا سۇلتانبەگ!

— لەببەي، ئالىيلىرى!

لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسار ئەمىرىكەبىرى، قوشۇمچە

ئوردا ياساۋۇللار دىۋانىنىڭ ئەمرى مىرزا سۇلتانبەگ دەس ئور-
نىدىن تۇرۇپ بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى.
— لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئول خەلىپە - سوپىلارنىڭ بىرد-
ىنمۇ قاچۇرۇۋەتمەي تۇتسۇنلار.
— پەرمانبەردارمەن، ئالىيلىرى.
بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە سەركەردە مىرزا سۇلتانبەگ
شاھنىشىنغا ئالدىراش كىردى - دە، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا
مەلۇمات يوللىدى.
— خانىم پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. ئول رىياكار
خەلىپە - سوپىلارنىڭ ھەممىسى ھەپسىگە ئېلىندى.
— جەمئىي قانچە ئادەم؟
— بىرمىڭ ئەللىك ئالتە ئادەم.
— قېنى، جانابىي ئەمىرلىرىم، مەن بىلەن يۈرۈڭلار.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم شۇنداق دېدى - دە، تەختتىن
چۈشۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ مەق-
سىتىنى بىلەلمىگەن ئەمىرلەر دەمبەس قەدەم بىلەن ئارقىسىدىن
ئەگەشتى.
ئاستانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە، ئوردا بېغىدىن
ئېقىپ چىققان سۇدا كىچە - كۈندۈز توختىماي چۆرگىلەپ تۇرد-
ىغان ئىككى تاش تۈگمەن بار ئىدى. بۇ تۈگمەنلەردە مەخسۇس
ئوردا ھەرىمدىكىلەرنىڭ يېمەكلىكى ئۈچۈن ئۇن تارتىلاتتى.
مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سەركەردە مىرزا سۇلتانبەگكە بۇيرۇپ
ھېلىقى مىڭدىن ئارتۇق ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى خەلىپە - سوپىلار-
نى مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ ئەكەلدۈردى - دە، ئۇلارنىڭ قېنىنى
تۈگمەننىڭ نورىغا ئېقىتىپ تۇرۇپ بوغۇزلاشقا پەرمان بەردى.
شۇ ھامان لەشكەرلەر پۈت - قولى مەھكەم چۈشەلگەن
خەلىپە - سوپىلارنى بىر - بىرلەپ تۈگمەننىڭ غولدىسىغا ئېقد-
ۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىغا ئەكېلىپ ياتقۇزدى. بەش نەپەر جاللات



ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېرىققا توغرىلاپ گېلىغا پىچاق سۇرۇشكە باش-
لىدى. ھەر قېتىم پىچاق سۇرۇلگەندە سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ
گېلىدىن شارقىراپ ئېتىلىپ چىققان قانلار تۈگمەننىڭ غولدىسىغا
چۈشۈۋاتقان سۇنى قىپقىزىل بوياپتتى. قىپقىزىل سۇ تۈگمەننىڭ
غولدىسىغا چۈشۈپ چاقپەلەكنى تېخىمۇ تېز ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.
ئېغىر تۈگمەن تېشى بىر خىل رىتىمدا چۆرگىلەپ، سۇكەندىن
چۈشۈۋاتقان ئۇگۇتنى ئېزەتتى، ئاپئاق ئۇن توزۇندىلىرى خامپىغا
تەكشى چېچىلاتتى. تۈگمەننىڭ چېقىلدۇرغۇچىسى بولسا بىر
خىل رىتىمدا تاقىلدايتتى. بوغۇزلىنىۋاتقان ئىشان - خەلىپىلەر
كەلىمە شاھادەت ئېيتىشقىنىچە ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى. شۇ
دەقىقىدە ئىككى تاش تۈگمەن قىپقىزىل قاندا چۆرگىلەۋاتاتتى.
بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن،
تاماشا كۆرۈشكە چىققان ئاستانە ئاھالىسى، بىر قىسىم لەشكەرلەر
ۋە ئەمىرلەر كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋېلىشقانىدى. مەلىكە مۆھ-
تەرەم خېنىمنىڭ مەڭزىدە قېتىپ قالغان ئىككى تامچە ياش
تۈگمەننىڭ نورىدىن چۈشۈۋاتقان قاننىڭ شولىسىدا خۇددى بىر
جۈپ قىزىل مەرۋايىتتەك جۇلالايتتى.

## 9

«مىڭ خوجا پاجىئەسى» دىن كېيىن سۇلۇكى ئىشقىيە مۇ-
رىتلىرى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىمىپلا
كېتىشتى. ئاندا - ساندا يۈز بېرىپ تۇرغان سۇلۇك ماجىرالىرىغا
نىسبەتەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈز-
دى - دە، قايسى سۇلۇكتىكىلەرنىڭ ھەق، قايسى سۇلۇكتىكىلەر-
نىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ ئولتۇرماي، ھەر ئىككى سۇلۇك-
تىكى جېدەلخور خوجا - ئىشان، مۇرىت - مۇخلىسلارنى ئوخ-

شاشلا ئۆلۈمگە بۇيرۇدى ياكى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم سەلتەنىتىدە نىسپىي تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەمما، ئەل ئارىسىدىكى «خانىم پادىشاھ» دېگەن ھۆرمەت نامىنىڭ خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن «جاللات خېنىم» دېگەن ھاقارەت نامىغا ئالماشقانلىقىدىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم زىنھار خەۋەرسىز ئىدى. ئوردا ئەركانلىرى بولسا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمغا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىشكە پەقەتلا جۈرئەت قىلالمىدى.

مىلادىيە 1698 ـ يىل كۈز.

ئاستانىنىڭ گورباغ رەستىسىگە جايلاشقان، ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىر قورۇنىڭ قازنىقىدا بىر ـ بىرىدىن بەستلىك كەلگەن ئالتە ئادەم باشلىرىنى بىر يەرگە يېقىن ئەكېلىشىپ، چىلىمغا بېسىپ سالغان نەشىنى نۆۋەت بىلەن چېكىشكىنىچە پىچىرلىشىپ دېگۈدەك سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئوتتۇز ئالتە ـ ئوتتۇز يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بايۋەچچە سۈپەت بىرىگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. تولىراق شۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالاتتى. تەلەپپۇزىدىن ئۇلارنىڭ دولان ـ مەكىت قوۋمىدىن ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ مەكىت شېھىتدۆڭلۈك ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇرىتىل ھىدايەتچىلەر ئىدى. ھېلىقى بايۋەچچە سۈپەت بەستلىك، قارىمۇتۇق كەلگەن، قوي كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، قاشلىرى توم ۋە قارا، ئوڭ مەڭزىدە روشەن تارتۇقى بار يىگىت ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شېھىتدۆڭدىكى قېيناغىسى ئابدۇغوپۇربەگنىڭ چوڭ ئوغلى ھىلەك بايۋەچچە ئىدى.

— پىر بۇزرۇكىمىز ئەھمەد ئىشان خوجام قەشقەرگە كېلىپ خانلىق سەلتەنىتىدە ئولتۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىپ بولدى، — دېدى ھىلەك بايۋەچچە چىلىمىنى يېنىدىكى ھەمراھىغا ئۇزىتىپ



تۇرۇپ، — ھەممە ئىش بىزگىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى، بۇرادەرلەر، ئول ئازازۇل جاللات خېنىمنى ئۇجۇقتۇرساقلا، خوجىزادىمىز قەشقەرگە كېلىپ خانلىق سەلتەنىتىدە ئولتۇرىدۇ، ئول چاغدا بىزلەر بىردىن يۇرتقا بەگ بولۇپ، مەنسەپدارلىق كۇرسىدا ئولتۇرىمىز ـ دە، تەقىپ قىلىنغان سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىمىزنىڭ تۇغ شەددىسىنى قايتىدىن جەۋلان قىلدۇرۇپ، جەننەتماكان قۇتبىل ئەقتاپى پىر بۇزرۇكىمىز ئاپاق ئىشان خان خوجىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمىز.

— ئاپاق خوجىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بايۋەچچىمىز سۇغا دېسە سۇغا، ئوتقا دېسە ئوتقا چۈشكەيمىز، — دېدى نەشە تەسىرىدە شىركەيىپ بولغان ھەمراھلىرى مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ.

— غوجام رازى، خۇدا رازى...

— مۇھەممەد مۇستافا ئەلەيھى ۋەسەللەم رازى.

تۈن كېچە، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئاستانە كوچىلىرى جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. كوچا ـ رەستىلەردە ئادەم زاتى كۆرۈنمەيتتى. كوچا چارلىغۇچىلار، جېسەكچىلەرمۇ ئارامگاھلىرىغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. قايسىبىر خالتا كوچىدىن ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ چىققان ئالتە كۆلەڭگە ئوردا سېپىلىغا قاراپ تېز ـ تېز ئىلگىرىلەيتتى. غۇر ـ غۇر كېچە شامىلىدا ئۇلار بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىشكەنىدى.

ئۇلار كۈندۈزدە چاندۇرماي نىشان قىلىۋاتقان ئوردا سېپىلىنىڭ ھەرەمگە يېقىن تەرىپىگە كېلىپ توختىدى ـ دە، بىرىنىڭ گەجگىسىگە بىرى دەسسەپ، سېپىل تېمىغا مەھكەم چاپلاشقىنىچە ئادەمدىن شوتا ياسىدى. ئەڭ ئۈستىدە تۇرغان ھىلەك بايۋەچچىنىڭ بويى سېپىل ئۈستىگە يېتىشكە يەنە ئىككى گەز قالغانىدى. ئۇ يۈزىنى سېپىل تېمىدىن ئاستا ئاجرىتىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە

قارىدى. ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇز كۆرۈن-
مەيتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا باش ئۈستىدىكى سېپىل قوختىسىنى
خىرە - شىرە ئىلغا قىلدى. ئاۋايلاپقىنا قويىنىدىن ئىككى خەنجەر-
نى ئالدى - دە، سېپىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغاندىن كېيىن خەنجەرنى
سېپىلنىڭ تېمىغا زەرب بىلەن غاچ - غاچ سانجىپ سېپىلنىڭ
قوختىسىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى ۋە قوختىنىڭ تۆشۈكىگە
مەھكەم گىرە سېلىۋېلىپ، بىر يۇلقۇنۇپلا سېپىلنىڭ ئۈستىگە
چىقىۋالدى. ئاندىن بويىندىن ئۆتكۈزۈپ سول مۈرىسىگە ئېسىۋال-
غان بىر يۆگەم مەشۇت ئارقاننى بويىندىن ئېلىپ بىر ئۇچىنى
سېپىلنىڭ قوختىسىغا باغلىدى - دە، بىر ئۇچىنى تۆۋەنگە ساڭ-
گىلاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە شېرىكلىرى ئارقانغا مايمۇندەك
يامىشىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى.
قاراۋۇللار ئاللىقاچان سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىلارغا
كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۇلار سېپىل ئۈستىدە شەپە چىق-
قارماي مېڭىپ ھەرەمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى - دە، يەنە
ئاشۇ مەشۇت ئارقاننى سېپىلنىڭ قوختىسىغا باغلاپ سىيرىلىپ
پەسكە چۈشتى. شەپە چىقارماي مېڭىشقىنىچە ھەرەمنىڭ ئىچىدى-
كى چاققانغىنا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاقنىڭ قېشىغا كېلىپ
توختىدى. ھىلەك بايۋەچچە بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاچ ئەتراپنى
تىڭشىغاندىن كېيىن، بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ ئوغرى مۈشۈكنى دو-
راپ ئۈچ قېتىم مىياڭلىدى. دەقىقە ئۆتمەي ئۇن نەچچە قەدەم
نېرىدىن مۈشۈكنىڭ ئىككى قېتىم مىياڭلىغان ئاۋازى كەلدى.
ئۇلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ خاتىرجەملىك بىلەن تىن ئېلىشتى. بىر
پىيالە چاي ئىچكۈچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر
قارا كۆلەڭگە كېلىپ توختىدى - دە، پەس ئاۋازدا سورىدى:
— ھىلەك بايۋەچچىمۇ؟
— ھەئە، بىز.
— نېمانچە كېچىكىپ كەتتىڭلار؟



— كوچا - كويلار بېسىقسۇن دەپ بىرئاز ساقلاپ قالدۇق.
ئول جادى ھازىر نەدە؟
— گۈلشەن سارىيىدىكى خابگاھىدا.
— كىرمەك ئوڭايمۇ؟
— ئىشىكلەرنى تامامىي دېگۈدەك ئېچىۋەتتىم.
— يول باشلىسىلا ئەمىسە.
ئۇلار يەڭگىل قەدەملەر بىلەن شەپە چىقارماي ئالغا ئىلگىرى-
لىدى. ئاغۋات مۇرىتىل ھىدايەتچىنىڭ دېگىنىدەك گۈلشەن سا-
رىيىنىڭ دەرۋازىسى تاقالمىغانىدى. ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ئاغۋات،
جېسەكچىلەرگە تۇيدۇرماي تاشقىرىقى ۋە ئوتتۇرا سارايدىن ئۆت-
كەندىن كېيىن، ئون قەدەم ئۇزۇنلۇقتىكى بىر دەھلىزدىن ئۆتۈپ
ئىچكىرىكى سارايغا قەدەم باستى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ
ھۇجرىسى مۇشۇ سارايدا ئىدى. ئىچكىرىكى سارايغا كىرىش بىلەن
ئۇدۇل تەرەپتىكى بىر ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن غۇۋا شام يورۇقى
كۆرۈندى. ھېلىقى ئاغۋات ئۇلارنى شام يورۇقى بار ئۆينىڭ
ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۇلار ھۇجرا
ئىچىگە كىردى. شامداندا بىر تال شام پىل - پىل يېنىپ،
ھۇجرا ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. يەردىكى گىلەمدە ئىككى
كېنىزەك ئوڭ - تەتۈر يېتىشقىنىچە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.
تۆردىكى نەقىشلىك شاھانە كارىۋاتتا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم
يەڭگىل پۈشۈلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئىككى تال بىلەك-
تەك توم ئۆرۈمە چېچىنىڭ بىر تىلى كۆكرىكى ئۈستىدە خۇددى
يىلاندەك سويلاپ ياتاتتى. يەنە بىر تال چېچى قاشتېشىدەك سۇ-
زۇك بويىنىنىڭ تېگىدە قاتلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار دەقىقە ئىچىدە
كۆزلىرى ئارقىلىق ئىشارە قىلىشىۋالدى - دە، ئىككىسى ھېلىقى
ئىككى كېنىزەك قىزنىڭ قېشىغا، قالغان تۆتى مەلىكە مۆھتەرەم
خېنىمنىڭ قېشىغا كەلدى. يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا قارىشىۋالغاند-
دىن كېيىن، خۇددى توشقانغا ئېتىلغان بۆرىدەك تەڭلا تاشلاندى.

قاتىللارنىڭ قوللىرىدىكى خەنجەر غۇۋا شام يورۇقىدا سوغۇق يالتىراپ كەتتى. ئىككى كېنىزەك بىرلا قېتىم ئۇرغان خەنجەر زەربىسىدە جان تەسلىم قىلغانىدى. ئەمما، ھىلەك بايۋەچچىنىڭ ئۇرغان خەنجىرى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ كۆكرىكىگە ئۆتمەي توختاپ قالدى. قاتتىق زەربىدىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم چۆچۈپ ئويغاندى، پۇت - قوللىرىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرغان بەستىلىك تۆت گەۋدىگە غەزەپلىك چەكچەيدى. ھىلەك بايۋەچچىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى تۆگە تاپىنىدەك يوغان ئالقىنى بىلەن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. مەلىكە باسماققا چۈشكەن تۇشقاندەك تىپىرلايتتىيۇ، لېكىن پۇت - قولىنى پەقەتلا مىدىرلىتالمايتتى، ئاغزى، بۇرنى مەھكەم ئېتىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن گەپ قىلىش تۇگۇل نەپەس ئالمىقمۇ قىيىنلىشىپ قالغانىدى.

— يا پىرىم، ئەجەب پىچاق ئۆتمەيدىغۇ بۇ جادىغا، — دېدى ھىلەك بايۋەچچە سۇر باسقان ھالدا چىپ - چىپ تەرلەپ.

ئۇ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئاق يىپەك كۆڭلىكىنىڭ كۆنجىكىدىن تۇتۇپ كۈچ بىلەن يىرتتى - دە، ھەيرانلىقتا چەكچىيىپلا قالدى.

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم خانىم پادىشاھلىق سەلتەنىتىگە چىققاندىن كېيىن كېچىلىرى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېھتىيات تەدبىرى كۆرۈپ جەڭ كىيىمى بىلەن ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇ يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كۈمۈشتىن ياسالغان كۆكرەك دالدىلىغۇچىنى كىيىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن بايا ھىلەك بايۋەچچىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان ئەجەل خەنجىرى ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىگە ئۆتمىگەنىدى.

ئېغىر يارىلانغان شىردەك، قىمىر قىلالمىغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم بارلىق قەھر - غەزىپىنى كۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەنىدى. مەلىكىنىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە



شۇنداقلا قارىغان ھىلەك بايۋەچچىنىڭ ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ۋەھىمە قاپلىدى، يۈرىكى تېخىمۇ بەك سېلىپ كەتتى، خەنجەر تۇتقان قولى تىترىدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم بېسىۋالغان ھەمراھلىرى ئۇنى ئالدىراتتى.

— چاققان بولسىلا، بايۋەچچە.

ھىلەك بايۋەچچە قولىغا قايتىدىن ماغدۇر يىغدى - دە، خەنجەرنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك بويىنىغا جان - جەھلى بىلەن سۇركىدى. شۇ ھامان ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق قان ھىلەك بايۋەچچىنىڭ يۈزىنى قىپقىزىل بويىدى. خەنجەر مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ گېلىنى كېسىپ يۇلۇنىدا توختىغانىدى. مەلىكە جان ئاچچىقىدا بىرنەچچىنى خارتىلداپ قاتتىق تېپىچەكلىدى. قاتىللار ئۇنىڭ پۇت - قولىغا كۈچى يەتمەي قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. ھىلەك بايۋەچچە خەنجەرنى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ يۇلۇنىغا يەنە ئىككى قېتىم ئۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن تولۇق ئاجراتتى.

ئىست! ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ سەئىدىيە خانلىقىدا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز مەرگەنلىكى ۋە جەڭبازلىق ماھارىتى بىلەن نۇرغۇن سەركەردىلەرنى قايىل قىلىپ، جەڭلەردىكى باھادىرلىقى بىلەن دوستلىرىنىمۇ، دۈشمەنلىرىنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغان، سەئىدىيە خانلىقىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن تىنىماي كۈرەش قىلغان بۇ بۈيۈك ھەربىي سەركەردە، جاسارەتلىك دۆلەت ئەربابى، ئۇلۇغ ئايال ھۆكۈمدار شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئالتە نەپەر نەشكەش، نامەرد سوپى - ئىشاننىڭ قولىدا پاجىئەلىك ئۆلۈپ كەتتى.

# خاتىمە ئورنىدا

«جاللات خېنىم» نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلىدىن بولغان نەۋرىسى ئەھمەد خوجا يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى ئىشان خان خوجا دەپ جاكارلىدى.

سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان چالىش ئەمىرى شاھزادە ئابدۇمۆمىن ئاقباشخان چالىشتىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئاستانىنى قولىغا ئالدى ـ دە، سىڭلىسى مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەھمەد خوجىغا قارشى قەشقەرگە لەشكەر تارتتى.

بۇ چاغدا مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ سۈلۈك تەقىبىگە ئامال قىلالماي سانجۇ، خوتەن تەرەپلەردە يوشۇرۇن ھالدا سۈلۈكى ئىسھاقىيە تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن دانىيال خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئاستانىگە كەلدى ـ دە، ئىسھاقىيە سۈلۈكىدىكى مۇرىتلىرىنى جۇغلاپ، ئاقباشخاننىڭ قەشقەردىكى ئىشقىيە سۈلۈكىدىكى ئىشان خوجىلارغا قىلغان جازا يۈرۈشىگە ھەمدەمدە بولدى.

بىر قېتىملىق جەڭدە ئاقباشخان ئېغىر يارىلىنىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلدى. دانىيال خوجا ئۆزىنى يەكەندە ئىشان خان خوجا دەپ جاكارلاپ تەختتە ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن سەئىدىيە خانلىقى پارچىلىنىپ، يەكەندە سۈلۈكى ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكى قاراتاغلىق خوجا ـ ئىشانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دانىيال خوجا خانلىقى؛ قەشقەردە سۈلۈكى ئىشقىيە مەزھىپىدىكى ئاق تاغلىق خوجا ـ ئىشانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان



ئەھمەد خوجا خانلىقى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇلار ئۆز تەسەررۇپىدا غەيرىي سۈلۈك ـ مەزھەپتىكى خەلقنى مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، دەھشەتلىك ئۇسۇلدا قىيناپ ئۆلتۈردى ۋە پات ـ پات لەشكەر تارتىشىپ قىرغىنچىلىق قىلىشتى، بىھۇدە ئۆلۈم ـ يېتىم ھەسسىلەپ كۆپەيدى. خەلق بۇ تۈگىمەس جەڭگى ـ جېدەل، بالا ـ قازا دەستىدىن قاڭغىر قاقشىدى، ئاھ ئۇردى، بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتتى.

بۇ ھالەت تاكى مىلادىيە 1713 ـ يىل يازدا، غالدان بۆشۈكتۇخان ھالاكىتىدىن كېيىن[1] جۇڭغارلار تەختكە چىققان سېۋىن ئاروبدان، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم تەختكە چىقىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى خانلىق دەپ جاكارلاپ، موڭغۇللارغا بايقۇت قىلىپ، ئاپاق خوجىنىڭ قورچاق خانلىقى دەۋرىدە بېكىتىلگەن ئولپانلارنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان جەڭدە ئاجىزلاپ كەتكەن ئىقتىسادىنى ئوڭشۇۋېلىش مەقسىتىدە سەئىدىيە تەسەررۇپىغا قىرىق مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم بېسىپ كىرگۈچە داۋاملاشتى.

پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىنى تولۇق ئىلكىگە ئېلىپ مۇستەقىل ئىشان خانلىق ھاكىمىيىتى تىكلەشنى مەقسەت قىلغان ئەھمەد خوجا موڭغۇللار بىلەن پۈتكۈل خەلقنى قوزغاپ جان پىدالىق بىلەن ئېلىشتى ھەمدە دانىيال خوجىغا خەت يېزىپ، ئۇنى جۇڭغارلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا ئۈندىدى.

لېكىن، دانىيال خوجا ئەھمەد خوجىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلماي ئۆزىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوينىغا ئاتتى ـ دە، جۇڭغار خانى سېۋىن ئاروبدان بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ ئەھمەد خوجا بىلەن جەڭ قىلدى.

---

① غالدان 1697 ـ يىل باھاردا چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدا قاتتىق يارىلىنىپ ئۆلگەن.

بۇنىڭدىن ئوتتۇز بەش يىل ئىلگىرى سۇلۇكى ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ پىرى ئەزىمى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) ئۆزىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قانداق ۋەيران قىلغان بولسا، ئوتتۇز بەش يىلدىن كېيىن سۇلۇكى ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ پىرى ئەزىمى دانىيال خوجىمۇ ئۆزىنى يەنە جۇڭغارلارنىڭ قوينىغا ئاتتى.

بۇ پاجىئەلىك تارىخنىڭ ناھايىتىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇ بولدىكى، دانىيال خوجىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئەھمەد خوجىنى مەغلۇپ قىلغان جۇڭغار خانى سېۋىن ئاراۋدان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، دانىيال خوجىنىمۇ تۇتقۇن قىلدى - دە، ئەسىرگە چۈشكەن ئەھمەد خوجا بىلەن بىللە قاماپ، جۇڭغارىيىدىكى ئوردىسى ئىرەن قابۇرغەگە ئاپىرىپ نەزەربەند قىلدى ۋە سەئىدىيە ئېلىگە ئىلىدىكى جۇڭغار خانى غالدان بۆشۈكتۈخاننى دوراپ قورچاق خان قويماي، ھەرقايسى شەھەرگە بىردىن موڭغۇل سەركەردىسى بىلەن بىر بۆلەك موڭغۇل لەشكەرلىرىنى قالدۇرۇپ، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى.

مىلادىيە 1727 - يىلى دادىسى سېۋىن ئاراۋداننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ جۇڭغار خانى بولغان غالدان سېرىننى نەزەربەندتە تۇرغان دانىيال خوجا چەكسىز ساداقىتى بىلەن تەسىرلەندۈردى - دە، ئاپاق خوجىنىڭ زامانىسىدا يىلىغا يۈز مىڭ سەر كۈمۈش قىلىپ بېكىتىلگەن ئولپاننىڭ ئورنىغا، يىلىغا تۆت يۈز مىڭ سەر كۈمۈش ئولپان تاپشۇرۇش، ئالباتلار - غالچا يىگىت، غالچا چوكاننىڭ سانىنى كېمەيتمەسلىك شەرتى بىلەن سەئىدىيە ئېلىگە قايتىدىن قورچاق خان بولدى.

1998 - يىل ئاپرېل
2001 - يىل ئاۋغۇست، يەكەن.



مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: ئابدۇشۇكۇر كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# جاللات خېنىم

(تارىخىي رومان)

**ئاپتورى: ياسىنجان سادىق چوغلان**

مۇھەررىرى: ئەركىن ئىبراھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم،
باسما تاۋىقى: 29.75، قىستۇرما بېتى: 20
2003 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 228 — 08354 — 7/I
تىراژى: 1—5000
ئومۇمىي باھاسى (2 قىسىم): 52.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز